ئابلەت جۇمە تۇپراق

# بەخت يولى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ياش يازغۇچى، كۆزگە كۆ-
رۈنگەن مۇخبىر ھەم مۇھەررىر
ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 -
يىل 4 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيە-
سىدىكى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆ-
تەگلىك كەنتىدە قول ھۈنەرۋەن
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ ئۆز
يۇرتى ۋە مارالبېشى ناھىيىسى-
نىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا تولۇق-
سىز - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەرنى پۈتكۈزگەن، 1985 - يى-
لىدىن 1988 - يىلغىچە شىن-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر
تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە ئىش-
تىن سىرت ئوقۇغان.
ئابلەت جۇمە تۇپراق1985-
يىل 1 - ئايدىن ھازىرغىچە
«قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلەۋاتى-
دۇ. ئۇ بۇ جەرياندا 3000 پار-
چىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە،
ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خا-
تىرە، شېئىر، ھېكايە، نەسر،
ئىلمىي نەزەرىيۋى ماقالىلەرنى
يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جا-

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# بەخت يولى

تەشكىللىگۈچى: ئىبراھىم سەمەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

幸福之路/阿布来提·居玛 著.一喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.12

ISBN 7-5373-1470-5

Ⅰ.幸... Ⅱ.阿... Ⅲ.①中国共产党一模范共产党员一生平事迹一喀什地区一维吾尔语(中国少数民族语言)②先进工作者一生平事迹一喀什地区一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①D263②K820.845.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第150199号

责任编辑:齐曼古丽·阿吾提
责任校对:阿尔祖故丽·斯迪克

# 幸福之路

作者:阿布来提·居玛·土普热克

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
新疆彩印胶印厂印刷
880×1230毫米 1/32 开本 11.5 印张 8 插页
2006年7月第1版 2006年10月第2次印刷
印数:5000—7500 定价:19.80元




ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى
ۋاڭ لېچۇەن ئابلىز نۇرەككە مۇكاپات بەرمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

你们及有关方面的同志们做了大量有意义的工作，同时取得了很好的成绩。阿不力孜·买买提老人一家的先进事迹十分感人，社会反响强烈。希望你们挖掘更多类似作品，加大宣传，进一步推动我区民族团结进步事业。

2006.6.2

ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىپىك ئىش ئىزلىرى تولىمۇ تەسىرلىك بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. سىلەر ۋە ئالاقىدار تەرەپلەردىكى يولداشلار بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭلار. سىلەرنىڭ كۆپ خىل ژانىر، ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى











بايقاش


















0998—6017925

www.uyghurkitap.com


寒假作业




ئۆسۈپ يېتىلىش



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


















# غەمخورلۇق
















www.uyghurkitap.com




بەخت







www.uyghurkitap.com




新疆民政








شادلىق








社会各界捐助阿布力孜老人情况通报会


捐 给


二万元




祝贺小阿依不拉克康复出院
文明单位
文明医院










www.uyghurkitap.com









# مۇندەرىجە


سۆيگۈ ........................ 1

سۈبھىدىن بالقىغان سۆيگۈ ............ 2

ئىنسانپەرۋەرلىك قانداق نۇرلاندى ........ 70

سەمىمىيەت .................... 74

ئۆزۈلمەس روھ .................. 75

بىلىم ـ ۋاپادارلىق ............... 98

ئالتۇن رەڭلىك تار كوچا ............ 99

قەدىرلەش تۇيغۇسى ............... 133

پەرىشتە ئانا .................. 134

بايلىق يولى .................. 151

بەخت يولى ................... 152

ئىشەنچ چوققىسى ................ 177

تىلسۇزاقتىكى سەركەردە ............ 178

سەۋر ـ تاقەت .................. 210

تۇزاندىكى گۈل ................. 211

كۆلكە ۋە يىغا .................. 227

www.uyghurkitap.com


«گۈلخان» دىكى سۆيگۈ ............ 228
ئىنسانلىق بۇرچ ............ 253
مەۋجۇتلۇق بىباھا ............ 264
ماھىيەتلىك مەخپىيەتلىك ............ 273
ھۈنەر ــــ گۈل ئۈنەر ............ 274
ئۆزىنى چۈشىنىش ............ 293
بازاردىكى چۈش ............ 294
بەخت ئىزدەش ............ 310
ئېھ، بەخت ............ 311
چىرايىڭىزدا ............ 332
ئادەم ئەسلىدىنلا گۈزەللىك ئىلكىدە ............ 333
نىيەتنىڭ ئەلالىقى ............ 345
سەمەندىن باشلانغان يول (1) ............ 346
كەڭ ئالقان ............ 346

# سۆيگۈ

سابادىن تۇتاشتى بىر ئوت، ئەقدە،
يېپىلدى ھەتتاكى تاغلار ۋەسلىگە.
ئەجرىدىن بىر گۈلخان ياندى- ئۆچمىدى،
يەتكۈزدى سۆيگۈنى باھار پەسلىگە.

سۆيگۈنىڭ چېكى يوق، باھاسى چەكسىز،
تاغلارنى قىلىدۇ گۈلباغ، گۈلىستان.
يارىلار سۆيگۈدىن سانسىز قەھرىمان،
جان بېرەر ئەلنى دەپ قىلماس پۇشايمان!

ئەل ئۇلۇغ، ئەر دېمەس بەرمىسە ئوزۇق،
مىڭ كۆز بار بىر ئىشقا باھاسى دانا.
كۈلىدۇ بۇ ئالەم سۆيگۈدىن ئەبەد،
سۆيگۈدە نۇرلىنىپ چوغلىنار رەنا.

قەھرىمان ئەل ئوغلى، قەلبىدە غۇرۇر،
روھىدا خىسلىتى يارىلار بۈيۈك.
دەۋرىمىز ياراتتى ئابلىز نۇرەكنى،
غايىسى ئۇلۇغۋار، ئىش ئىزى يېتۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سۈبھىدىن بالقىغان سۆيگۈ

## يېڭى ناخشا

بۇلتۇر كۈزدىن بۇيان ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ ئوڭدىن كەلدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەرەز قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. نېمىلا بولسۇن، ئۇ يېقىندىن بۇيان ئوڭ كېلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خۇشال ئىدى.

يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان ئابلىز نۇرەك بىرنەچچە ئىشقا بەك ھاياجانلاندى، سۆيۈندى. قەلبىنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان سۆيۈنۈش، ھاياجان ۋە بەخت جىلۋىسى ئورىۋالدى. ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى خۇشاللىق ۋە بەخت، ئاسايىش ۋە ئامەت كېلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ روھىي كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنى تېنى تازىلىنىپ، ھەرىكەتلىرى بىردىنلا جانلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق روھىي ھالەت ئۇنىڭ ئايغىنى يېنىك، قەلبىنى تازا قىلىپ قويدى. چىرايىدىكى تەبەسسۇملۇق جىلۋە ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلدى. سەزگۈر، چېچەن ئايبۇلاق دادىسىغا شۇنچىلىك ئامراقلىقى بىلەن بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن سەزدى، ئۇ دادىسىنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى سىيلايتتى، مەڭزىگە توختىماي سۆيەتتى...

بوۋاي ئۇنى ھەر قېتىم مەكتەپكە ئاپىرىپ قايتىپ كەلگەندە، قەلبىنى بىر خىل ئېغىر ئازاب ۋە ئەپسۇسلۇق چۇلغايتتى. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ يارامسىزلىقىدىن كۆرەتتى. ئايبۇلاقنىڭ ئاشۇ كېسىلى ئۇنىڭغا، ئائىلىسىگە، مەكتەپ، ھەتتا پۈتۈن سىرىقبۇيا خەلقىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەندەك، بۇ ئازاب ئايبۇلاقنىڭ جىسمانىي ئازابى بولۇپلا قالماستىن، روھىي ئازابى، كىشىلىك بەختسىزلىكى بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قىزىنىڭ ھەر قېتىملىق كېسەل ئازابىنى نومۇس ئازابى دەپ بىلەتتى، ئۇ قان-

چىلىك ئۆرتەنسۇن بەزى ئىشلارغا زادىلا قۇربى يەتمىدى، كۆرمىلىك خىيال، تۈمەنلىگەن پىلانلارنى قىلىپ باقتى، يالۋۇرۇش، يىغلىنىش ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ ئازابى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ، ھەسرەت چېكىپ، خۇدىنى بىلمەي قالغان چاغلارمۇ بولدى. بەزىدە شۇنداق خامۇش، مەيۇس ۋە بىتاب بولۇپ قالاتتى. كىچىك قىز ھازىر ھېچ ئىشنى بىلمەي ئۆتىدۇ، ئۇ چوڭ بولسا، تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويسا ئۇ چاغدىكى ئازابلىرى قانچىلىك بولار ـ ھە؟ ئاھ خۇدا، شۇ قىزنىڭ بەختىنى بەرگەيسەن، نارىسىدە بىگۇناھنى ئازاب ۋە نومۇسنىڭ دەردىنى تارتىشتىن يىراق قىلارسەن؟... ئۇنىڭ نىدالىرى سەككىز ـ توققۇز يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى، دەردىنى، ئازابىنى ۋە ھەسرەت، نىدالىرىنى بېسىپ بۈگۈنگىچە ياشىشىغا ئاشۇ بىچارە، بىگۇناھ قىزنىڭ تەقدىرى سەۋەب بولغاندەك قىلاتتى.

يېڭى يىل ئۇنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشلىرىنى بىردىنلا يوققا چىقىرىدىغاندەك، ئۆزى ئويلىغان، تەشنا بولغان، ھەتتا پۈتۈن ئائىلىسى تەلپۈنگەن كۈنلەرنى ئاپىرىدە قىلغاندەك قىلاتتى، ئاشۇ كەچۈرمىشلەر مانا ئەمدى بارا ـ بارا ئۇنىڭغا كۈچ ۋە مادار ئاتا قىلىۋاتقاندەك قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇق ـ ئەۋلادى، ئەل ـ جامائىتى خۇرسەن ئىدى.

بىراق، ئابلىز نۇرەك ھەممە ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بولۇشىغا، يەنى قىزى ئايبۇلاقنى داۋالىتىپ ساقايتىپ بىر پۈتۈن ئادەم قىلىپ كېلەچەكتە كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يارىتىپ ياشاشتەك پۇرسەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئارزۇسىنىڭ بىردىنلا ئەمەلگە ئېشىپ كېتىشىگە يەنىلا ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ نەچچە يىللىق كەچۈرمىشلىرى ۋە ماڭغان يوللىرى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئۇ ئويلىغاندەك بولۇپ كەتمىدى، خىيال رېئاللىقنى، ھېسسىيات ئەمەلىيەتنى ئۆزگە بويسۇندۇرالمىدى، ئەمما ئاشۇ ھېسسىي تۇيغۇ ئۇنىڭ يولىنى، ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى يورۇتۇپ، ئۇنىڭ چىقىش يولى تېپىشىغا، داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە مەنىۋى كۈچ بەخش ئېتىپ كەلدى. ئۇنى تالماس ئىرادىگە، سۇنماس مەنىۋى كۈچكە ئىگە قىلىپ كەلدى. ئۇ قىزىنىڭ ھامان ساقىيىشىغا، ھامان ئازابلىق كۈنلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ، خۇشال كۈنلەرنىڭمۇ يېتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلاپ كەلدى. شۇڭا، ئۆمرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇزاق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، يەنە بىر ئارزۇسى ساغلام بولۇش، كۈچ ـ مادارلىق بولۇش ئىدى، ئۇ ساق بولسا ئېتىزدا ئىشلىيەلەيتتى، ئېتىزدا ئىشلىيەلىسە دېھقانچىلىق-تىن مول ھوسۇل ئېلىپ پۇل تاپالايتتى، پۇل تاپالىسا قىزىنى داۋالىتىپ ساقايتىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرالايتتى... ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇنىڭ چىقىش يولى ئىدى. ھالال ياشاش، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاشقا شۈكۈر- قانائەت قىلىش، غۇرۇرىنى، ئەقىدە- ئىخلاسىنى يەرگە ئۇرمايدىغان روھى بىلەن باشقىلارنىڭ غۇدۇراشلىرى، تاپا ـ تە-نىلىرى، يات كۆرۈشلىرىگە پەرۋايى پەلەك ھالدا خاس تۇرمۇشىنى، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ جەھەتتىمۇ ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ھېچكىمدىن تىل قىسىنچىلىقى يوق ئىدى، مانا بۇ ئۇنىڭ روھىي غالىبىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى قىلماقچى بولغان بارلىق ئىشلارنى بىمالال، ئۆزىنىڭ خائىشى بويىچە قىلىش ئىشەنچىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىشى ئىدى.

ئۇ كىملەرنىڭدۇ ئالدىدا قىسىلىشلىرىنى ئويلىسا، كۆڭلى بىر قىسىم بولغان چاغلارمۇ بولغان، لېكىن ئۇ كېيىن ھېس قىلدىكى، قىزىنى داۋالىتالماسلىقتەك قى-يىنچىلىق ئالدىدا، ئۆزىنىڭ قىزى ئالدىدا شۇنچىلىك قىسىلغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭمۇ يامان ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھەم-مە تەرەپنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش زۆرۈرىيىتىنى سەزدى. ئۇ شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى، قىزى بارا ـ بارا چوڭ بولدى، مانا ئەمدى ئۇ خېلى ـ خېلى ئىشلارنى بى-لىپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ چوڭ، مۇھىم ئىشلارنى بىلىدۇ، ئۇ شۇ چاغدا تېخىمۇ ئازابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇھ تارتىپ ئاغرىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ كى-چىككىنە ئاغرىنىشى بوۋاينىڭ نەزىرىدە ھەممە ئەجىرلىرىنى، ئازابلىرىنى، بەخت ۋە شادلىقلىرىنى كۆمۈپ تاشلىماي قالمايتتى. شۇڭا ئۇ، جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلمى-سا بولمايتتى. ئۇ ئىشنى نەدىن باشلىسا بولار، قانداق قىلسا بولار ؟...

بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيال بىلەن ئۇمىد ئىدى. نېملا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ رېئال-لىق ئىچىدىكى ھەقىقەتىمۇ ئاز- تولا بولىدۇ، دېگەندەك كىشىلەر ئۇنىڭ نۇرانە قەلبى-نى، سەممىي ـ ساداقىتىنى، پاك ـ دىيانىتىنى، ئىنسانىي تۇيغۇ ئىچىدىكى سەدەپتەك ئىنسانلىق تۇيغۇسىنى كۆردى، تونۇدى، بىلدى ۋە چۈشەندى ! ھېسداشلىق، ھايا-جانلىق تەشەككۈرلەر ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە، ئىلھام ۋە مەدەتكە تولدۇردى. مانا بۇ ئابلىز نۇرەكىنىڭ يېڭى يىلىنىڭ سوۋغىسى، يېڭى يىلىنىڭ يېڭى ناخشىلىرىنى

ياڭرىتىدىغان مۇقەددىمىسى ئىدى.

دېگەندەك، يېڭى يىلنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا ئاشۇ ناخشىنىڭ ساداسى يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ يارقىن، تولىمۇ جەسۇر، تولىمۇ يېقىملىق ناخشا ئىدى.

خوش، ئۇ نەدىن كەلگەن ناخشا؟

قارا قىشنىڭ سوغىقى ئەدەپ كەتكەن بولسىمۇ، كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن ھېيت ـ ئايەم، بايرامنىڭ بەزمە، كۆلكىسى كىشىلەر قەلبىگە كىرىۋالغان سوغۇقنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. 2006 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەنى خەنزۇلارنىڭ يۈەنشاۋ بايرىمى ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىگە بەخت خوشاللىقى ئېلىپ كەلدى. بۇ يالغۇز ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىگە بەخت خۇشاللىقى، بەخت شادلىقى ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يۇرتىغا ـــ يېڭىئاۋات كەنتىگە، سېرىقبۇيا بازىرىغا تەنتەنە تۇيغۇسى، قۇتلۇقلاش ساداسى ئېلىپ كەلدى. دەل شۇ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئايبۇلاقنىڭ كېسەللىنى ئۇزۇل ـ كېسىل داۋالاپ ساقايتىشقا مەسئۇل بولغانلىقىنى قارار قىلغانلىق خۇش خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان غەمخورلۇقىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىمۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى، شۇڭا بۇ خۇش خەۋەر شۇ ھامان بىر يېڭى ئىش، بىر يېڭى ناخشا بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالدى. سېرىقبۇيا، يېڭىئاۋات كەنتى شادلىققا تولدى، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئائىلىسى شادلىققا تولدى. ئابلىز نۇرەكنى بىلىدىغان، تونۇيدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئايبۇلاقنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغان، سالامەتلىكى ۋە بەخت ـ كېلەچىكىگە سەمىمىي نىيەت بىلەن ياخشى تىلەك تىلەيدىغان ھەر بىر كۆڭۈل ئىگىسى شادلاندى، خۇشال بولدى. تەنتەنە سادالىرىدىن مۇستەسنا بۇ كۆڭۈللەرنىڭ شادلىقى، ئالقىشى، چىن ھېسسىياتى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ھەيران قالدۇردى، ھەتتا خۇشال قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىكى تېرەك، سۆگەت، مېۋىلىك دەرەخلەرگە قونغان قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزگەندەك، تەنتەنە قىلغاندەك قىلاتتى، چۈنكى ئايبۇلاق ئۇلارغا قىشتا دان چېچىپ بەرگەن، يازدا تال ـ باراڭ ئاستىدا سۇ قۇيۇپ بەرگەن. ئۇلار بۇنى بىلىدۇ، ئايبۇلاققا شادلىق، سالامەتلىك تىلەشنى بىلىدۇ!...

www.uyghurkitap.com

ئابلىز نۇرەكنىڭ كونا ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى غەم ناخشىلىرى، ئازاب ناخشىلىرى ئىدى، ئۇ ناخشىلار ئەمدى كەلمەسكە كەتتىمىكىن، بارا ـ بارا غايىب بولماقتا ئىدى. بۈگۈن ئابلىز نۇرەك خۇشاللىق ناخشىسى، بەخت ناخشىسىغا شېرىك بولدى، بۇ ئۇنىڭ يېڭى ناخشىسى ئىدى. بۇ ناخشا ئۇنىڭ خىيالىنى، ھەتتا جىسمىنى مۇئەللەقتە پەرۋاز قىلدۇردى، ئۇ بەختنى، ئاسايىشنى قايتىدىن سەزدى، ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئۈمىدىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنى ھاياجان ۋە بەخت يېشى چۇلغىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىمىدۇ؟ ئازاب تارتسا تېخى يىغلىغان، خۇشال بولسا تېخى يىغلىغان؟ ئەمما، بۇ ئىككى يىغىنىڭ ئارىلىقىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى...

شۇ چاغدا ئۇ كونا ناخشىلارنى، ئۆزى ئىلگىرى ئوقۇغان ھېلىقى ناخشىلارنىمۇ ئەسكە ئالدى. بۇ ئادىمىيلىك تۇيغۇ، ئادىمىيلىك پەزىلەت ئىدى. ئۇ بىرنى كۆرۈپ بىرنى ئۇنتۇپ قالسا، بىرگە ئىگە بولۇپ يەنە بىرنى تاشلىۋەتسە بولمايتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بۇنىڭدىن سەككىز ـ توققۇز يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار مارجاندەك تىزىلىپ بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

## ئاي گۇۋاھ، چولپان گۇۋاھ

سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى ھاۋا تىنچىق، ئەمما كەچلىرى باشلانغان سالقىن سەھەرگە يېقىن تېخىمۇ ئىللىق بولۇپ قالاتتى. 1997 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئابلىز نۇرەك ئەتىگەن سائەت 5:00 بولماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئوغلىنىڭ تېخىچە ئېتىزلىقتىن كىرمىگەنلىكىنى بىلىپ جىددىيلىشىپ قالدى. ئاخشام ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىمجان كۈزگى بۇغداي تېرىيدىغان كەنجى قوناق ئورنىغا سۇ تۇتقىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ قولىغا كەتمەننى ئالدى ـ دە، دەرۋازىدىن پەم بىلەن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئايالى تۇنساخان ھويلىدا پەيدا بولدى:

ـــ نەگە ماڭدىڭىز؟

ـــ ئابدۇرېھىمجان كەلمەپتۇ، سۇ تۇتقان يېرىگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بىلىپ كېلەي.

ـــ يائاللا، قېرىغاندا ئىشىڭىزنى قىلىپ تۇرسىڭىز، ھېلىغىچە كېلىپ قالىدۇ، غەم

قىلمىسىڭىز مۇ بولىدۇ، ئۇمۇ كىچىك بالا ئەمەس، ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلىشنى خېلى بىلىدۇ، قىلالمىسا ئۆگىنىدۇ، ئەنسىرەپ نېمە كەپتۇ... ھەمىشە سىز قىلىپ بېرىپ، جاھانغا تۇۋرۇك بولۇپ بېرەمتىڭىز...

— ھەي، سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى، بالا ئەمەسمۇ ؟ كېچىچە كىرمىسە، ئەنسىرىمەي بولامدۇ ؟

— باغرىڭىز بەك يۇمشاق سىزنىڭ زادى!

— سىزمۇ شۇنداق دەيسىز، بالىغا باغرىڭىز مەندىن يۇمشاق!...

— مەيلى بارسىڭىز بېرىڭ، ئاۋايلاپ ماڭارسىز، مېنى ئەنسىرەتمەي پاتراق كېلەرسىز! خۇداغا ئامانەت ئەمىسە...

— مەن بىر بېرىپ كېلەي، كۆڭلۈم بىر ئىشنى تارتىپ تۇرىدۇ شۇ تاپتا...

بوۋاي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى، موماي كالا ـ قويلىرىغا يەم ـ بوغۇز بېرىش ئۈچۈن ئېغىل تەرەپكە ماڭدى.

بوۋاي ئەتراپقا قارىدى، ئاي غەربكە پەسلەشكە باشلىغان بولسىمۇ، تال - تال كۈمۈش نۇرلىرىنى ئايانماستىن تۆكمەكتە ئىدى، ئۇ شۇنداق تولۇق، شۇنداق جەلىپكار كۆرۈنەتتى، چولپانمۇ بىر چوڭ مەرۋايىتتەك چاقناپ، كائىنات ھۆسنىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، زېمىنغا مېھىر بىلەن نۇر ياغدۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. نەلەردىندۇر خورازلارنىڭ چىللاشلىرى، ھارۋىلارنىڭ تاراقلىشى، ھايۋاناتلارنىڭ ئالتاغىل ھاڭراش، كىشنەشلىرى، ئاپتوموبىللارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. سالقىن، ساپ ھاۋا ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى يېنىكلىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلدى. ئۇ ئىشكى ئالدىدىكى چوڭ تاشيولغا چىقتى. تاشيولدىكى ھەممە نەرسە ، ھەتتا ئاپتوموبىللارنىڭ ئىزلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئېنىق، شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە ئون قەدەم مېڭىپلا يولنىڭ ئورمان بەلبېغىغا يېقىن تەرىپىدە بىرنەرسىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى كۆردى.

— نېمىدۇ ئۇ ؟ يولۇچىلارنىڭ بىرەرنەرسىسى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — بوۋاي شۇنداق ئويلىدى ۋە ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا باردى، ئۇ چوڭ بىر سومكا ئىدى. ئۇ سومكىغا ئېڭىشتىيۇ، چۆچۈپ كەتتى. سومكا ئىچىدە بىر بوۋاق بەخىرامان ياتاتتى. ئۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، دەمال خۇدىنىمۇ يوقاتتى، كېيىن ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا قارىدى . ئەتراپ تىنچ، ئادەم ياكى باشقا نەرسە يوق. ئۇنىڭ خىيالى شۇنداق پاراكەندە بولدى، بۇ تاسادىپىيلىق ئۇنى دەمال گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ نەپسى

سىقىلدى، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، جىددىيلىشىپ كەتتى، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ ئۈنى بىئارام قىلغىلى تۇردى...

— تۇنساخان، هوي تۇنساخان ! چاقىردى بوۋاي بىرئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، — بۇ يەرگە چىقىڭ !

— ۋاي نېمە بولدى، نېمە ؟

— بولۇڭ چاققان، مەيەردە بىر بالا تۇرىدۇ...

تۇنساخان پالاقلىغان پېتى يېتىپ باردى.

— ۋاي قانداق ئىش بۇ ؟ كىم تاشلاپ قويغاندۇ بۇ بالىنى! هۇ جۇۋاينىمەكلەر، نارەسىدىنى تاشلىۋەتكەن ئەبگارلارنىڭ جاجىسىنى خۇدا بەرسۇن!— دېدى هاڭ - تاڭ قالغان تۇنساخان ئانا سومكا ئىچىدە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ. ئۇنىڭ تىل - دەشناملىرىنى ئۆزىدىن باشقا هېچكىم ئاڭلىمىدى، ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخ، زېمىندىن باشقا هېچبىر نەرسە كۆرمىدى!

ئانا بالىنى قولىغا ئالدى. بالا هېچ نەرسىدىن بىخەۋەر هالدا پوش - پوش تىنىپ، شېرىن ئۇيقۇدا لەززەت سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى، بالىنىڭ يۈزى ئوچۇق، قالغان جايلىرى مەهكەم يۆگەپ تېڭىۋېتىلگەنىدى.

ئۇلار بالىنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، سۇپا ئۈستىگە ياتقۇزدى، ئانا بالىنىڭ يۈزىگە قولىنى يېنىك تەگكۈزۈۋىدى، بالا ئويغاندى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قويۇپ، بىردىنلا جىمىپ كەتتى، هېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوقتەكلا ئويقۇغا كەتتى. بۇ هال ئۇلارنىڭ باغرىنى خۇن قىلىۋەتتى.

— كىمنىڭ بالىسىدۇ بۇ ؟

— ۋايتاڭ، كىم تاشلىۋەتكەندۇ، قايسى تاش يۈرەك مۇشۇنداق قىلغاندۇ ؟

— پىلانلىق تۇغۇتتىن قېچىپ مۇشۇنداق قىلغاندۇ ههقاچان!

— بەلكىم، هەي، مۇشۇنداق بىر بىگۇناھ نارەسىدىنى تاشلىۋېتىشكە قانداقمۇ يۈرىكى چىدىغاندۇ ؟

— ئادەملەر رەهىمسىزلىشىپ كەتتى... بوپتۇ ئەمدى! بۇنىڭمۇ پېشانىسىدە كۆرگۈلۈكى باردۇ، كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. بۇ بالىنىمۇ خۇدايىم بېرەر، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساپ بەرسە، بالام دەپ كېلىپ قالار، كەلمىسە، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، قانداق قىلاتتۇق. باش قاتۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، هازىرچە

بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىز مانا!

ــــ شۇنداق قىلمايمۇ نېمە چارە. ھەي تاشلىۋېتىشكە قانداقمۇ يۈرىكى چىدىغاندۇ، ئادەم تۇرسا بۇ ؟ ياكى ئىت ـ مۈشۈكنىڭ كۈچۈكى بولمىسا...

ــــ بوپتۇ، خۇدايىم بىزگە مۇشۇ بالىنى تېپىۋېلىشنى نېسىــــپ قىپتۇ. بۇمۇ پېشانىمىز، ــــ دېدى قەلبى زېدە بولغان تۇنساخان ئانا تەسەللى تاپقاندەك، ــــ جاھاندا ئادەمدىن ئۇلۇغ ، بالىدىن پاكىز نېمە بار. پۇشۇقۇنمايلى، تاڭ ئاتسا بىر گەپ بولار...

ــــ ھەي ـ ھەي، ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرى شۇنداق تاش يۈرەك بولۇپ كەتتى. بالىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، بالىنىڭ مېھرىنى بىلمەيدۇ. بۇ چوقۇم ياش بالىلارنىڭ ئىشى ياكى بولمىسا كېۋەز تەرگىلى كەلگەن ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشى...

پەرەزلەر ھەر خىل بولسىمۇ، ھېچبىرىنىڭ ئاساسى يوق ئىدى، بوۋاينىڭ كۆڭلى بەكمۇ پاراكەندە، خىيالى مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك ئىدى. ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ دىلى كۆيەدى، ئازابلاندى، پۈتۈن بەدىنى ئۆرتىنىپ جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلدى...

ــــ قىز بالىكەن، بۇ بالىغا تېخى ئاق شېكەر، سۈت پاراشوكى، ئېمىزگە، كېيدۇرىدىغانغا ئىككى ئىشتان قوشۇپ يۆگەپ قويۇپتۇ، ــــ دېدى تۇنساخان ئانا بالىنى كونا يۆگەكتىن يېشىندۈرۈپ بولغاندا، ــــ ھەي نائەھلىيلەر، ھەي نائەھلىيلەر، بۇنىمۇ تايىنلىق قوشۇپ يۆگەپ قويمىساڭچۇ ؟ تۇققۇزئاي، تۇققۇز كۈن قىينىلىپ قورساق كۆتۈرۈپ، مىڭ بىر جاپادا قىينىلىپ تۇغقان پۇشتۇڭنى تاشلىۋېتىشكە يۈرىكىڭ چىدىغان تۇرۇقلۇق، بۇ نەرسىلەرنى قوشۇپ يۆگەپ قويۇشقا قانداقمۇ چىدىغانسەن ؟! قىز بالا بولغاچقا تاشلىۋەتكەن گەپ ، قىز دېگەن ئالتۇن... بالاڭ يوق جېنىڭ يوق، قىزىڭ يوق، ئىزىڭ يوق!

تۇنساخان ئانا غۇدۇرىغان ھالدا بالىنىڭ ئاغزىغا ئىلمان چاي قۇيدى، ئاندىن سۈت پاراشوكىدىن تەڭشەپ ئىچۈردى. قىزچاق خېلىدىن بېرى ئاچ قالغاندەك غۇرتۇلدىتىپ ئەمدى.

ــــ بىرنېمە يېمەي يىغلاپ تۇرۇۋالىدىغان جاھىل بالا بولسا، يىغلاپ بىزگە كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتەتتى، ئىشتەيلىك قومۇچاقكەن بۇ تېخى !

ئابلىز نۇرەك يەنە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى، ئۇ كىملەرنىڭدۇ بالا ئىزدەپ كېلىپ قېلىشىنى كۈتكەندەك ئەتراپقا قارىدى، بىرمۇ ئادەم يوق، تاڭ بايىقىدىن بەكرەك سۈ-

زۇلگەن، شەرق ئۇپۇقى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئاي يىلەن يۇلتۇز شۇنداق نۇر-لۇق، جۇلالىق چاقناپ تۇراتتى... ئۇلار ئابلىز نۇرەككە بىر گۇۋاھ، بىر ساقلا گۇۋاھ دېگەندەك قىلاتتى. سۇبھىدىكى بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى تېخىمۇ سەزگۈر، تېتىخىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدۈردى.

ئۇ ئۆيگە كىرگەندە بالا يەنە ئۇخلاپ قالغانىدى. ئەر ـ خوتۇن دېيىشكە گەپ تا-پالمىغاندەك ئولتۇرۇشتى، كېيىن ئۇلار ناشتا قىلدى. ئۇلارنىڭ باغرى ئاشۇ بالا ئۇ-چۇن كۆيۈۋاتاتتى، ئاشۇ بالىنىڭ مۇناپىق، نامەرد، غۇرۇرى يوق ئاتا ـ ئانىسىغا غە-زەپ ياغدۇرۇپ كۆيمەكتە، ئۆرتەنمەكتە ئىدى، ئەمما ئۇلار نېمە دېيىشىنى، دەمال قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغانىدى. شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر نۇر ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سىرغىپ چىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلاپ، ئاشۇ بىگۇناھ، نا-رىسىدە بالىنىڭ مېھرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بولغانىدى.

دۇنيادا ئادەم بىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان سىرلار ۋە ۋەقەلەر شۇنداق كۆپ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ماھايىتىنى ئاشكارىلاپ كە-شىلەرنى سۆيۈندۈرسە، يەنە بەزىلىرى سىرلىق پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. ئابلىز نۇرەكنىڭ بالا تېپىۋېلىشى سىرلىق ئىش بولمىسىمۇ، ئەجەبلىنەرلىك ئىش؛ سىرلىق يېرى، بالى-نىڭ نېمە سەۋەب بىلەن، قانداق ئادەملەرنىڭ تاشلىۋەتكەنلىكى ئىدى. ساددا، تول-مۇ ئاق كۆڭۈل بۇ كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيدىغان ئىشلارمۇ دەل مۇشۇ ئىش، شۇنداقلا ئادەمنى ھايۋان ئورنىدا تاشلىۋەتكەنلىكىدەك يىرگىنچلىك تەقدىر ۋە ئاشۇ ۋەھشىي ئاتا - ئانىلارنىڭ پاجىئەسى ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئازابىنى مەيلى روھىي جەھەت-تەن بولسۇن، مەيلى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن ھامان تارتىدۇ، ھامان پۇشايمان قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت خاس چۈشەنچە بولدى.

ئابلىز نۇرەك ئۇ ئىشلاردىن كۆرە، بالىنىڭ ھالىغا بەكرەك نەزەر سالدى. بالىنىڭ ئاقسۇزۇككە مايىل چىرايى، ئاپئاق يۈزلىرى، بولاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلاتتى، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە قۇربى يەتمەيدىغان ئادەملىكى ئۇ-نى ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈشكە، ئىچ ـ ئىچىدىن غەمخان بولۇشقا دەۋەت قىلاتتى، ئۇ ئۆزى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئىچكى تۇيغۇ، مەنىۋى مايىللىق ئوچاقلىرىدا بالىغا كۆڭ ساناپ ئامراق بولۇپ قالدى، ئۇ بالىنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ ھەمراھ، مەڭگۈ بىرگە ئۆتىدىغان يۆلەكى بولۇپ قالىدىغاندەك بىردىنلا سەگەكلىشىپ قالدى. راستىنلا

شۇنداق بولسا، ئۇ قىزلىق ھاياتىغا ھەم ئاۋارىچىلىك، ھەم ھەمدەمچى بولۇپ قالاتتى. ئۇ چوڭ بولسا ئۆزى تارتقان ئاۋارىچىلىكلىرىنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ئۆزلىرىنى باقىدۇ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بىراق، بۇ بەكمۇ يىراقتىكى ئىش، ھازىر بالىنىڭ ھەممە ھاجىتىنى راۋا قىلمىسا بولمايدۇ. قىزىغاندا بۇ ئىش ئۇنىڭ بارلىقىنى يەپ كېتىشى، قۇربان قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ رازىمىدۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قەلب قاتلاملىرىنى ئىزدەپ باقتى، قىزىپ كۆردى. ئۇنىڭدا بىر خىل تەلپۈنۈش، قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت، مېھرىبانلىق مەۋجۇت ئىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئۈچىنچى كۈنى بوۋاق بىردىنلا يىغىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭغا ھېچ ئىش كار قىلمىدى. بىئاراملىق، تەشۋىش ۋە جىددىيلىك پۈتۈن ئائىلىنى ساراسىمىگە سالدى. ئەرنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلسۇن ؟ ئانا بارلىق كۈچىنى، مېھرىنى تۆكۈپ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلدى، پەپىلىدى، بەزلىدى... ئاخىر ئانا بالىنىڭ ھەممە ئەزايىغا قاراشقا باشلىدى، بالىنىڭ قورسىقى ئېسىلىپ كەتكەن. بەلكىم، بالىغا بىرنەرسە زىيان قىلغاندۇ ؟ بىراق، ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى، ئانا ئاقىۋەت بالىنىڭ چوڭ تەرەت يولىغا قارىدى :

— ئاھ خۇدا، نېمە كارامەت بۇ ئەمدى ؟! — دېدى ئانا بىردىنلا داد ـ پەرياد توۋلاپ.

— نېمە بولدى ؟

— بالىنىڭ مەقئەت يولى پۈتەي ئىكەن. ۋاي خۇدايىم، ئېسىم قۇرۇسۇن، نېمىشقا قاراپ باقمىغاندىمەن ؟ قانداق قىلارمەن ئەمدى ؟

— ئاپلا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، دوختۇرلار بىر ئامالىنى قىلار ؟ مەن ھارۋىنى قوشاي، بۇنداق يىغلاۋەرسە بالىنىڭ جېنى قىيىلىنىپ كېتىدۇ. ئاشقازىنى ياكى ئۈچەيى يېرىلىپ بىرنەرسە بولۇپ قالمىسۇن !

## «قىزىق نۇقتا» دىكى پاراڭ

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئابلىز نۇرەكنىڭ بالا تېپىۋالغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار «قىزىق نۇقتا»غا ئايلاندى. مەھەللىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئالايىتەن ئۇنىڭ تېپىۋالغان بالىسىنى كۆرۈپ باقماقچى، راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ

باقماقچى، راست بالا تېپىۋالغانمۇ ياكى بىرەر بالىسىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە خىلاپلىق قىلىپ تاپقان بالىسىنى ئاشۇنداق پەم ئىشلىتىپ بېقىۋالدىمۇ؟ بۇنى بەكلا ئېنىقلىغۇسى كەلدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بالىنى دەسلەپكى ئۈچ كۈنىدە باشقا ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەن ۋە بىلىندۇرمىگەنىدى، كونا قاراش بويىچە ئالغاندا، بالا بۇغۇلۇپ بىرقانچە كۈنگىچە تۇغۇت بېقىلىۋاتقان ئۆيگە كىملەرنىڭدۇ كىرىشى مەنئى قىلىنىپ، بالا بىلەن ئانىغا كۆز تېگىپ چەتنەپ قېلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ گەرچە خۇراپىي قاراشتىن كېلىپ چىققان ئىش بولسىمۇ، مەلۇم ئىلمىي ئاساسىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، بالا بىلەن ئانا يۇقۇملىنىپ قالماسلىقى، ھەم بەخىرامان ئارام ئېلىپ، مۇھىتقا ماسلىشىۋېلىشى، كۈچ - مادارىغا كېلىۋېلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، تۇنساخان ئانا بىلەن ئابلىز نۇرەكمۇ بالىنى دەسلەپتە ھەتتا ئائىلىسىدىكى بالا - چاقىلىرىغىمۇ كۆرسەتمىدى، بىلگەنلەرگىمۇ سىرتتا دەپ يۈرمەسلىكنى تاپىلىدى. بىراق، كىچىك بىر ئىش يۈز بەرسە بىردەمدە پۇر كېتىدىغان ئاشۇ مەھەللىدە ئابلىز نۇرەكنىڭ بالا تېپىۋېلىپ بېقىۋاتقانلىقى ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. بىراق، كىمدۇر بىرى ئۇ بالىنىڭ پارىڭىغا «خىزىر تاشلاپ بەرگەن بالا ئىكەن» دېگەن ئۆسەك گەپنىمۇ قوشۇپ تارقاتتى. بۇ سىرلىق ۋە جەلپكار ئۇچۇر كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك غۇلغۇلا ۋە قىزىقسىنىشنى پەيدا قىلدى.

— ھەي ئابلىز ئاكا، «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلغان ئىشلىرى ئاندىن ئارتۇق» دەپ، مانا ئەمدى بالا تېپىۋېلىپ باقتىڭمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا شۇنداق بولدى.

— قىزىڭ ياكى ئوغۇللىرىڭدىن بىرەرسىنىڭ ئارتۇق تۇغۇپ قويغان بالىسىنى يولغا تاشلاپ قويۇپ، تېپىۋېلىپ بېقىۋاتامسەنيا؟

— قاملاشمىغان گەپ قىلما، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن، ئۇكام. سەن شۇنداق دېسەڭ، باشقا ئادەم نېمىدەر؟

— چاقچاق قىلدىم، رەنجىمە. بالا دېگەن ئالتۇن، بەزىلەرنىڭ بالىسى يوق زارلايدۇ، بەزىلەرنىڭ بالىسى كۆپ يەنە ئازلىق قىلىدۇ. سەن بالىغا كۆيۈمى بار ئادەم، كۆيۈملۈك بولغاچقا، خۇدايىم يەنە ساڭا بېرىپتۇ، خۇدايىم سۆيگەننى سۆيىمەن دەپتىكەن، سەن بالىنىڭ قەدرىنى قىلىشنى بىلىسەن، بالىنى چىن دىلىڭدىن سۆيىسەن، بوپتۇ، بېقىپ قويىمامسەن، قېرىغىنىڭدا سۇ، ئوتۇن توشۇپ، ئاش - تامىقىڭنى ئېتىپ

بېرىپ باقار!...

— ھە ، شۇنداق قىلار ، يا قىلماس.

— خۇدايىم بەرسە، ئۇرايىم چىدىماپتۇ دېگەندەك، بەزىلەرنىڭ كۆتى ئېچىشىپ، ئارقاڭدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ جۇما!

— بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولامتى...

— شۇ ـ شۇ. لېكىن، بالىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دەپ قويۇپراق باقارسەن جۇما، سەن قىينىلىپ بېقىپ، چوڭ قىلغاندا ئاتا۔ ئانىسى چىقىپ، بالامغا مانچە پۇل بېرىسەن دېسە، ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلمسۇن ؟

— شۇ چاغ كەلگەندە بىر گەپ بولار، ئىگىسى چىقسا، مەنمۇ گەپ قىلىپراق بې۔ رەرمەن. بولمىسا ئۇستۇمدىن ئەرز قىلار شۇ!

— ھەي، بۇ كەمنىڭ ئادەملىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. قىسما ـ قىسما پىلانلارنى قۇرۇپ، سەندەك ـ بىزدەك ياۋاشلارنى بوزەك قىلسام، پۇل ئۇندۇرۇۋالاملا دەيدۇ. قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قاپقانغا دەسسەپ سالمىغىن جۇما!

ھەر خىل گەپلەر ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسى بار بو۔ لۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىر قىسمىلىرىنىڭ تېگى بار ئىدى. بۇنداق چاغدا ئابلىز نۇرەكنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كېلەتتى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى، بىراق ئۇ ئۆ۔ زىنى تۇتۇۋېلىپ لايىقىدا جاۋاب بېرەتتى، بولمىسا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن دە۔ تالاش كېلىپ چىقىپ ئارىلىقتا زىددىيەت، ماجىرا پەيدا بولاتتى. يەنە بەزىلەر مۇ۔ شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ قاتتىق كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تېخىمۇ تې۔ رىكتۈرۈش ئۈچۈن ئۇچۇن گەپ كوچىلاپ، گەپ تېپىپ، سۇخەنچىلىك قىلاتتى. بۇنداق گەپلەر بالىنى بىر قېتىم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ كەلگەندىن كېيىن، تې۔ خىمۇ ئاۋۇپ كەتتى.

— بالا باقىمەن دەپ، جېنىڭنى قىينىغۇچە سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ياتساڭ بول۔ مامدۇ، ئابلىز ئاكا ؟ — دېدى شۇ مەھەللىدىكى بىر ياش دېھقان مەسخىرە ئا۔ رىلاش، — ئاڭلىسام ، بالا باقىمەن دەپ بالاغا قاپسەن. قېرىغاندا ئارامخۇدا ياشاپ ئۆلۈشنىڭ غېمىنى قىلساڭ بولماسمىدى، قارا، نېمىمۇ قىلارسەن!

— ساڭا نېمە ئېغىرى كەلدى، بالىنى باقسام مەن باقتىم، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ساڭا ئېسىلىۋالمىغاندىن كېيىن، ئۇمچىڭنى ئىچ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماي!

— قانداق قىرىسەن، ھوي، ئىچ ئاغرىتىپ ، ياخشى گەپ قىلسا خاپا بولىدىكەنـ
سەنغۇ ؟ گەپ قىلمىدىم، بولدىما، خەخچۇ سېنى بالا بېقىۋېلىشتىكى مەقسىتى باشـ
قا... «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا » دېگۈدەك، سەنمۇ بىكار چىلا بالا باقامسەن ؟ ئاڭـ
لىسام، ھېلىتىن بالىنى باقالماي دوختۇرخانىغا چېپىپ يۈرۈپسەنغۇ ؟ قىرىغاندا بالا
باقماق شۇنداق تەس. ھازىر تۇغۇلغان بالىلار سەن بالا چوڭ قىلغان چاغدىكى بالىـ
لىلارغا ئوخشىمايدۇ قارا، ئىلگىرى زاغرا بىلەن باققان بولساڭ، ھازىر بۇلىماق بەرمـ
سەڭ ئاشۇنداق قورسىقى ئاغرىپ قالىدۇ، ئۆلۈپمۇ قالىدۇ تېخى!

— ئىشىڭنى قىل، بىكارمۇسەن، ماڭ مېنىڭ ئاغزىمنى تاتىلىماي، مەھەللەڭگە
بېرىپ ئۆگزەڭگە چالما ئات.

ئارىدىن بىر – ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئابلىز نۇرەك بىر ئىشنى ئويلىنىپ قالدى.
شۇنىڭ بىلەن ئابلىز نۇرەك ۋېلسىپتىنى مىنىپ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە باردى ،
بازارنىڭ شۇ چاغدىكى كاتىپى ھەم خەلق ئىشلار خىزمىتىنىڭ رىياسەتچىسى قادىر
ئابدۇللا بىر قاتار ئىشلارنى تەپسىلىي سورىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

— ئابلىزكا، سەنمۇ بىلىسەن، پىلانلىق تۇغۇت ئىشى ئويىنىشىدىغان كىچىك ئىش
ئەمەس، سەن پىلانلىق تۇغۇتتىكىلەرگىمۇ بۇ ئەھۋالنى دەپ قوي، بۈگۈن – ئەتە
تەكشۈرىمىز، بالا بېقىپسەن، كىمنىڭ رۇخستىنى ئالدىڭ، رەسمىيىتىڭ قېنى ؟ بالا
زادى كىمنىڭ ؟ ئاتا – ئانىسىنى تاپسەن، بولمىسا پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغان
دەپ 5 — 6 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەيسەن، دېسە بېشىڭنى قاشلىشاڭ بولمايدۇ،
تۇغقان ئادەمنى چىڭ تۇتماي، باققان ئادەمگە ئېسىلىۋالىدىغان ئادەملەر جىق، ئەسـ
لىدە تۇغۇپ تاشلاپ قويىدىغان ئاشۇنداق ئادەملەرنى چالما كېزەك قىلسا ياكى ئۆـ
لۈم جازاسى بەرسە ئازلىق قىلىدۇ. ئادەملەر ئوخشىمايدۇ؛ بىر بالىنى بېقىۋېلىشمۇ
ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاتالماقتا بالا بولغان بىلەن، كېلەچەكتە
سەن – بىزگە ئوخشاش ئادەم. ئادەمنىڭ ھاياتى، تەقدىرى بىلەن ئويناشسا بولمايـ
دۇ، مەنمۇ ئاتا – ئانىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقاي، بىر مەزگىل كۈتەيلى، چۈنكى
قانۇندا ئالتە ئايغىچە بالىنىڭ ئىگىسى چىقمىسا، ئاندىن باشقىلارغا بېقىۋېلىشقا رەسمـ
يەت ئۆتەپ بېرىلىدۇ، دېيىلگەن. يەنە بىرى، ھەر ھالدا كېيىنلىكىنى نەزەردە تۇـ
تۇپ، ساقچىخانىغىمۇ مەلۇم قىلىپ قوي، ياخشى ئىشنى قىلىمەن دەپ، كېيىن بۇ
ئىش يامانغا ئۆزگىرىپ قالسا، ساڭا جاپا سالىدۇ. بىر ھېسابتا خۇدايىم بېرىپتۇ ساڭا،

بالنى ئوبدان باق!

ئابلىز نۇرەك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىغا، بازارلىق ساقچىخانىغا بېرىپ ئەھۋال-نى دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېقىپ تۇرۇڭ، كېيىن بىر گەپ بولار، بىز خەۋەر تاپ-تۇق دېيىشتى.

ـــ بالىنىڭ بىر ئېيىپى باركەن دېدىڭما، ئابلىز ئاكا؟ ـــ دەپ سورىدى ساقچى-خانىدىكى بىر ساقچى.

ـــ ھەئە، شۇنداق.

ـــ ئۇنداق بولسا غەم قىلماي بېقىۋەرمەمسەن، ئاتا ـ ئانىسى شۇنى كۆرۈپ، بىز-گە يۈك بولىدىكەن دەپ تاشلىۋەتكەن گەپ. ئەمدى مەڭگۈ بالىنى ئىزدەپ كەلمەي-دۇ. جاپاغا سەن قاپسەن. بوپتۇ، بېقىپ قويمامسەن، چوڭ بولسا ئەسقاتار.

ئابلىز نۇرەكنىڭ كۆڭلى سەل تىنندى، بىراق ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن چىگىش سوئال كىرىۋالغانىدى. بىر تۇرۇپ تەقدىرنىڭ بۇ چاقچىقىغا ھەيران قالسا، بىر تۇ-رۇپ تووۋا قىلدىم، بەرگەن كۈنۈڭگە شۈكۈر دەپ كۆڭلىنى ياسايتتى.

كۈنلەر كەينى ـ كەيندىن ئۆتتى، قىزچاقنىڭ چىرايى سوزۇلۇپ، ئۇنىڭ خەن-زۇ پۇشتى ئىكەنلىكىمۇ ئايرىلدى. مەھەللىدىكى بىر قىسىم ئايالار بالا بېقىۋاپسىلەر دەپ بىردىن ـ ئىككىدىن كىرىپ مۇبارەكلەپ، بالىنى كۆرۈپ، ئەركىلىتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى.

بەكمۇ ساۋابلىق ئىش قىپسىلەر، ـــ دېدى بەزىلەر، ـــ ئادەمنىڭ ئادەمدە ھەققى بار، ئادەمگە ئادەم كۆيمىسە، ئالتۇن چىچىپ بەرسىمۇ بىكار. خۇدايىم بۇ بالىنى سى-لەرگە نېسىپ قىلىپ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا مېھرىنى ساپتۇ، دىلى ناپاكلار تاشلى-ۋەتسىمۇ، سىلەرگە ئوخشاش دىلى پاكلارغا ئۇچراشتۇرۇپتۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ سى-لەرگە بەرگەن ئامانىتى، ئۇنى قەدىرلەپ چوڭ قىلساڭلار ساۋاب تاپىسىلەر، خۇدايىم بەختىنى بەرسە، ھەمساتتىلا چوڭ بولىدۇ. رىزقىنى ئاللا بېرىدۇ. نېمە غەم، ئۇ بالىدا نېمە گۇناھ...

ـــ بەزىلەر بۇ ئىشىمىزنى توغرا تاپمايۋاتىدۇ، قاراڭ، تاشلىۋەتسەك، بولامتىكى.

ـــ ھە دەڭ، كىم نېمە دېسە قولىقىڭىزنى يۇپۇرۇۋالسىڭىز، ئىش تۈگەيدۇ، گەپ دېگەن بولىدۇ ئەمدى!

بۇ شۇ مەھەللىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەسەللى سۆزلىرى ئىدى،

ئەمما بۇنىڭ چىن ، ھەقىقىي گەپ بولۇپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى، ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان كۆڭلىدە خېلى ياخشى ئادەملەر، كۆڭلىمىز يېقىن دېگەن بىرنەچچە ئايالمۇ ئارقىسىدىن گەپ قىلىپ، پىتنە تېرىپ يۈردى. ئۇلاردىن بىرى گەپ ئارىسىدا تۇنساخان ئانىغا:

— بېقىۋالغان بالىڭىز خەنزۇنىڭ تاشلىۋەتكەن بالىسىكەنغۇ؟ تازا ساۋاب تاپىپسىز - دە! — دېدى.

بۇ گەپ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ تىللىغۇسى، چىچىغا ئېسىلىپ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ تىترەپ كەتتى، بىراق ئابلىز نۇرەكنىڭ «باشقىلار گەپ قىلسىمۇ ئارتۇق گەپ قىلماڭلا، خەق بىلەن جېدەللىشىپ قالماڭلا» دېگەن گەپلىرى يادىغا كېلىپ، ھەممە غەزىپى بېسىلىپ كەتتى.

— نېمانداق گەپ قىلىسىز؟ مەن سىزنى خېلى بىر ئادەم دېسەم، ئەجەب كۆڭلۈمنى رەنجىتتىڭىزا؟ — دېدى ئۇ ئاخىر.

— رەنجىمەڭ، ئاغزىم ئىتتىكلىك قىلىپ قالدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا ئىككىنچى مۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولماڭ، باشقا قۇسۇرچى، كوت - كوت ئاياللارغىمۇ دەپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن نەدە شۇنداق گەپ قىلسا، شۇ ئادەمنى بوغمەن ياكى ساقچىغا بېرىپ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن.

بۇ كەسكىن رەددىيە شۇ كۈنلا مەھەللىگە تارقىلىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەر قىسما كەمسىتىش نەزەرىدىكى گەپلەرنى قىلمايدىغان بولدى.

## ئايغا نەقىل ئايبۇلاق

بالىغا ئىسىم قويىدىغان چاغدىمۇ تالاش - تارتىش بولدى.

ئەسلىدە بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندە، بەش كۈندە ، پەقەت بولمىسا يەتتە كۈندە ئىسمى قويۇلۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئابلىز نۇرەك ئاكىنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقى ۋە بالىنىڭ ھېلىقى كېسىلىنى داۋالىتىش جىددىيچىلىكى تۈپەيلىدىن،

بالىغا ئىسىم قويۇشقا ۋاقىت چىقمىدى. قىزچاق خەنزۇ بالىسى بولسىمۇ مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئابلىز نۇرەك مۇشۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، تۇنساخان ئانىدىن قايسى ئىسىمنى قويۇشنى ئويلىغانلىقىنى سورىدى.

— مەنمۇ بىلمىدىم، قايسى ئىسىمنى قويساق بولار بۇ بالىغا!

— تۈنۈگۈن نېمىدەپ ئەركىلەتتىڭىز، قولىقىمغا يېقىملىق بىر ئاڭلىنىۋىدى، ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ئاي يۈزلۈك، بۇلاق كۆزلۈك قىزىم، دېگەندىمەن شۇ!

— شۇنداق دېدىڭىز، ئايبۇلاق قويساق قانداق دەيسىز ؟

— قويايلى، ئايبۇلاق بولسۇن!

— بۇنىڭدا ئاي سۈپىتى، بۇلاق ئىسمى بولاتتى، بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىسىم ئىدى. ئىسىمنىڭ ئۆزىدىن مەلۇمكى، بۇلاق توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن قان بولۇپ ئاقىدىغان سۇنى كۆرسەتسە، ئاي تۈننى يورۇتۇپ، كائىناتنى نۇرلاندۇرۇپ، مەۋجۇداتلارغا رەڭ ئاتا قىلىدىغان پلانېتنى كۆرسەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە مەھەللە جامائىتى نامازدىن يانغاندا ئابلىز نۇرەك مەھەللىنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ، بالىغا ئىسىم قويدى. ئىمام ئەزەن چىللاپ، بالىنىڭ قولىقىغا ئىسمىڭىز ئايبۇلاق بولدى، ئاللا سىزگە يار بولسۇن، ساغلام چوڭ بولۇپ، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ سىزگە قىلغان ئەجرىنى قايتۇرۇڭ... دەپ ياخشى تىلەك، ياخشى ئارزۇلارنى تىلىدى. كېيىن ئۇ، مۇنداق دېدى:

— ئابلىزخان، سىزگە خۇدايىم بەرگەن بالا بۇ. ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، چۇشەنمەيدۇ، سىزنىڭ بۇ بالىدا رىزقى ـ نېسىۋىڭىز بار، بۇ بالىنىڭمۇ سىلەردە رىزقى ـ نېسىۋىسى بار. ئاللادىن بى تەقدىر قىل تەۋرىمەيدۇ دەپ، بۇ بالىنىڭ چىرايى بەكمۇ نۇرلۇق، پېشانىسى كەڭ ئىكەن، چوڭ بولسا بەخت ـ تەلىيى بار بالا بولغۇدەك، يېتىمنىڭ ئاتىسى خۇدا دېگەن گەپ بار. بالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار، ھەمىشە چوڭ بولىدۇ، يېتىمنىڭ كۆڭلى نازۇك كېلىدۇ. بۇ ئىشنى بالىدىن يوشۇرماڭلار، خەق يامان، دەپ قويىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ قىزىڭىز سىزنى باقىدىغان، سىزگە ۋاپا قىلىدىغان، ئەلگە يارامىلىق بالا بولىدۇ...

ئىمامنىڭ بۇ رىغبەتلىرى ئابلىز نۇرەك ئاكىنىڭ قەلبىنى بۆلەكچىلا شادلىققا تولدۇردى، ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، بىر قانچە كۈندىن بۇيانقى كۆڭۈل غەشلىكى بىراقلا غايىب بولدى. بىراق، ئائىلىدىكى بەزى پاراڭلار ئۇنىڭ قولىقىغا ئاندا ـ ساندا كىرىپ قالدى، بالىلىرى ئوچۇق دېيەلمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇلار قىسمەن نارازىلىقىنى دادىسى ئالدىدا دېيەلمىگەن بولسىمۇ، باشقا جايلاردا ئاشكارىلاپ قويۇشقانىدى، ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئاتا ـ ئانىسىغا ساداقەتمەن، ئىتائەتچان بولغاچقا، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ قانداقلىكى ئىشى بولسا ئۇلار قوللاپ، ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساشنىمۇ بىلەتتى. بەزى ئىشلىرىغا دەمال قارشى چىقسىمۇ، كېيىن توغرىلىقىنى چۈشىنىپ يەتسە، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئابلىز نۇرەك ئاكا بالىلىرىنى يىغىپ:

ــ ئايبۇلاقنى بېقىۋالدۇق، ئۇ مېنىڭ سىلەرگە ئوخشاش بالام، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى سىڭلىڭلار قاتارىدا كۆرۈپ باقسىلەر، بېشىنى سىيلاپ، ئاتىدارچىلىق قىلىسىلەر! يات كۆرسەڭلار مەن سىلەردىن رازى بولمايمەن. بالىنى بېقىش بىزگە نېسىپ بولدى. تۇرمۇشىمىز قىيىن بولسىمۇ خۇدا ئۆزى ئاسان قىلار، كۆپ يېمىسەك ئاز يەمىز، ياخشى كىيمىسەك، بارىنى كىيەمىز، يېرىم تىلىسا يامامىز، كونىرىسا يۇيارمىز. قىزىمىزنىڭ پېشانىسىدە ياخشى كۈنلەر بولسا، بەختى ئېچىلىپ قالسا ئۇنى كۆرەرمىز. لېكىن، بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، مېنىڭ دىلىمنى رەنجىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار. مەيلى مەن ياشاي، مەيلى مەن ئۆلەي، مۇشۇ گېپىمنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەڭلار! بۇ ئاناڭلار بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۈمىدى! ــ دېدى.

ــ گېپىڭىزنى ئاڭلايمىز، دادا. بىراق، مۇشۇ بالا سىز، بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەرمۇ كېيىنچە...

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ھېلىقى كېسىلى بولمىسا مەيلىتتىغۇ!

ــ كېسىلى بولمىسا، ھەر كىم باقىدۇ جان بالىكام دەپ.

ــ سىز شۇنداق دەيسىز، دادا، مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، سىزنىڭ بالا باققۇڭىز بولسا، بىزنىڭ بالىلاردىن بىر ـ ئىككىنى بېقىۋالسىڭىز بولىدىغۇ؟ بۇنىڭىسىزمۇ نەۋرە ـ چەۋرىلەر ئازمۇ؟

— ئۇنداق دېسەڭ، دادام ئۇنامدۇ ؟ بۇ بالا خەنزۇنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە ئاپىرىپ تاشلاپ بەرسەكلا ئىش پۈتەتتى، نېمە قىلسا شۇلار قىلسا بولاتتى. ئۇلار بىر كىمگە بېقىۋېلىشقا بېرەمدۇ، ساناتورىيىدە باقامدۇ، مەيلىتى، ئۇنداق قىلماي، چىلىڭ چاپلىشىۋېلىپ، بالام دەپ بالام بولۇپ قالدى مانا ئەمدى.

— دادام پارتىيە ئەزاسى، شۇڭا بۇنداق ئىشتا مەيلىگە قويۇپ بەرسە بولمايدۇ. ئاپىرىپ تاشلاپ بېرىش ئادەمنىڭ ئىشىمۇ ئۇ ؟

— مەيلى ئەمەسما ؟ ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى، بالا ساقايمىسا تارتقۇلۇقنى بىز تارتارمىز، ئۇ چاغدا كىم ئىگە بولىدۇ بىزگە، دەرد تۆكسەڭ ئۆزۈڭ بېقىپسەن، ئۆزۈڭ ئىگە دەيدۇ شۇ!

— ھازىر قايسىبىر پارتىيە ئەزاسى دادامدەك قىلىدۇ، دادامدەك پارتىيىنىڭ گېپىنى گۆھەر بىلىپ قەدىرلەيدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن، باي بولۇش ، پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ كەتتى ، پارتىيە ئەزاسى بولامدۇ - بولمامدۇ نېمە پەرقى. ھازىر پۇل بولسا، ئاز - تولا ھوقۇق بولسىلا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق، باشقىلارنىڭ قىينىلىپ ئۆلۈشىمۇ يوللۇق... دادام پارتىيە ئەزاسى بولغىنى بىلەن جاپا تارتىشقا پارتىيە ئەزاسى بولغان ئادەم. پېنسىيىگە چىقىۋىدى، كىم يوقلىدى، كىم ھاشىرىڭنى كۆتۈرەيلى ، ساڭا ئېتىبار بېرەيلى دېدى. شۇنداق جاھان بۇ ؟ ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق...

— مەن پارتىيە ئەزاسى بولاي - بولماي ئوخشاشلا ئادەممەن. پارتىيە ئەزاسى بولغىنىم گۇناھ ئەمەس. باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا موھتاج ئەمەسمەن. نېمە دېگىنىڭ ئۇ، ۋىجدان بىلەن گەپ قىل!...

— ياق، دادا، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، مېنىڭ ئىچىم ئېچىشىدىغان يېرى، نەدىكى بىر ئادەملەر پارتىيە ئەزاسى، كادىر بولۇۋېلىپ، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، گېپى چوڭ، ساڭا ئوخشاش ساداقەت بىلەن، خالىس نىيەت بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ، ئاندىن گەپ قىلسا بولمامدۇ دەيمەن، ھە دېسە، ئۆزىنىڭ نەپسىگە چوغ تارتقان...

— ئۇنداق دېمە، ئادەم دېگەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەن شۇنداق كۆنۈپ قاپتىمەن. نام - مەنپەئەتنى دېسەك بولمايدۇ. بۇ بالىنى بېقىشىمۇ تەمە - ئاتاق ئۈچۈن ئەمەس.

— بۇنى بىلىمىز، دادا. كۆڭلۈڭنى چۈشىنىپ تۇرىمىز. لېكىن، شۇ...

— بولدى، باشقا گەپنى قوي، باشقا جايدىمۇ دەپ يۈرمە، خەق كىچىك گەپتىن يوغان گەپنى توقۇپ چىقىرىدۇ. ئايبۇلاقنى بېقىش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى، بىـ مىشقا دېسەڭلار، ئادەمنىڭ ئادەمدە ھەققى بولىدۇ، بۇ بىر بىچارە، ئاجىز. ئادەم ئادىمىيـ لىك ھېسسىياتى بىلەن ئادەم، ئادەمگە كۆيۈمى يوق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بولمايـ دۇ. ھاياتىمدا نۇرغۇن ياخشى ئىشنى قىلدىم، دەپ ئويلايمەن، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بۇ باـ لىنى بېقىپ قاتارغا قوشالىسام، كۆڭلۈم ئارامغا چۈشەر، دەپ ئويلايمەن. مەيلى كىم بولسۇن، مەندەك قىلىدۇ، ئۇ ھېچ نەرسىسى يوق بىچارە بالا. يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىـ ساڭ، خۇدا مۇراد ــ مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ دېيىدىغان گەپ بار. ھازىر ئويلىسام دۇنيادا قىزىمىزدەك بىچارە، ئاجىزدىن يەنە بىرى يوق ئىكەن. مەيلى سىلەر نېمە دەڭلار، خەق نېمە دېسۇن، ئايبۇلاق بىزنىڭ بالىمىز. مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، بالىنى چوڭ قىلىمەن، بۇ ئاناڭلار بىلەن ئىككىمىزنىڭ نىيىتى!

— دادا، سىز بىزنى خاتا يولغا باشلىمايسىز، بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ ! قاچانىكى بىرەر ئىش يۈز بېرىپ، قىينىلىپ قالسىڭىز، بىزنى چاقىرىڭ، داۋالىتىشقا پۇل يەتمىسە، تاپقىنىمىزنى بېرىمىز!

بۇ بالىلارنىڭ ئاخىرقى ئورتاق ساداسى ئىدى.

## گۈگۈمدىكى سۈكۈت

شۇنداق، ئايبۇلاقنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بار بولدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق بىر ئاـ دەمنىڭ ئاتا ــ ئانىسى بولىدۇ : كىشىلەرنىڭ ئەلمساقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئاتاـ ئانىسى ئاتاقتىكى ئاتا ــ ئانىسى بولماستىن، رېئاللىقتىكى ئاتا ــ ئانىسىدۇر، يەنى بېـ قىپ چوڭ قىلغىنى ھەقىقىي ئاتا ــ ئانىسىدۇر. چۈنكى، تۇغقان ئاتا ــ ئانىسى بولسىـ مۇ ۋەياكى ئۇنىڭ شۇ بالىغا مىڭ پاتمان مېھرى بولسىمۇ، ئۇنى ئاش ــ نان، كىيىمـ كېچەك بېرىپ، ئەقىل ــ ئىدراكقا ئىگە قىلىپ باقمىسا، ئۇ ھەقىقىي ئاتا ــ ئانىسى ئەـ مەس، بەلكى تۇغقان ئاتا ــ ئانىسى، ئاتاقتىكى ئاتا ــ ئانىسى بولۇپ قالىدۇ. پەقەت ئۇنى باققان، چوڭ قىلغان ۋە ئاتا ــ ئانىلىق مېھرىنى ئايانماي تۆكۈپ، سۆيىدە ئېـ قىپ، ئوتىدا كۆيۈپ باققان ۋە چوڭ قىلغان ئاتا ــ ئانىسىلا ھەقىقىي ئاتا، ھەقىقىي

ئانا بولۇپ يارىلىپ كەلدى. ئايبۇلاقنىڭ ئەنە شۇنداق ھەقىقىي ئاتا ـ ئانىسى دەل ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانا ئىدى. ئايبۇلاقنىڭ فامىلىسىمۇ ئايبۇلاق ئابلىزغا مۇقىملىشىپ قالدى. ئۇ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە تەبىئىي رەۋىشتە ئاشۇنداق ئاتىلىدىغان بالىغا ئايلاندى.

ئەمما، بىرنەرسە نۇرغۇن ئادەمگە سىرلىق، تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى. بۇ سىر ئايبۇلاقنىڭ تۇغۇپ تاشلىۋەتكەن ئاتا ـ ئانىسى زادى كىم ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئابلىز نۇرەك ئۈچۈن بۇ مۇھىم ئىش بولمىسىمۇ، مەھەللىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىپ تۇرغان ۋە ئاخشاملىرى مەھەللە دوقمۇشىدا تۇرۇپ پاراڭ سېلىشقانلىرىدا تالىشىدىغان « قىزىق نۇقتا » ئىدى. بۇرۇن پەيدا بولغان « قىزىق نۇقتا »لار بىر ـ بىرلەپ بېسىقىپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن پەيدا بولغان بۇ «قىزىق نۇقتا» پارىڭى ئاسانلىقچە تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى، بەلكى ئاۋۇپ كەتكەنىدى.

ئابلىز نۇرەك مارالبېشى ناھىيىسىدىكى سېرىقبۇيا بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق يېڭىئاۋات 18ـ كەنت 3ـ مەھەللىدىن بولۇپ، دېھقان كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن پارتىيە، خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنى، شۇنچە يىل داۋامىدا سەممىيەت بىلەن ئىشلەپ، سەممىيەت بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى خېلى ئەتراپلىق چۈشىنەتتى. ئۇ ئايبۇلاقنى تېپىۋېلىپ بېقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوبرازىدا ھەر خىل قاراش ۋە پىكىر ئىختىلاپى پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنى يامان ئالىدىغان، يامان كۆرىدىغان قاراشتا بولمىدى. ئۇلار دېگۈدەك بىچارە ئايبۇلاققا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى بىلەن ئايرىم قۇرۇق گەپ ۋە ئۆزلىرىدە پەيدا بولغان بولمىغۇر ھېسسىياتلىرىدىن ۋاز كەچتى. ئەمما، ئايرىم كىشىلەرنىڭ پەرەزلىرىگە نەزەر سالغاندىمۇ ئايرىملىرىنى ئاساسى يوق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. بۇنى چۈشىنىشتە بەزى گەپلەرنى سەل يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى.

بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئاۋۋال 90 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي كىشىلەرگە سېرىقبۇيا بازىرى بەرپا بولغىلى 200 نەچچە يىل بولدى، بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل ئاۋۋال مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدىن بۇ يەرگە پادا باققىلى كەلگەندە، ھەممە يەر يۇلغۇن، چۈچۈكبۇيىلىق جاي ئىكەن، دەپ ھېكايە قىلىپ يۈرگەنىدى. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار ئىدى، چۈنكى بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل

ئاۋۋال بۇ يەردە بۇك ـ باراقسان كۆكلەم بولغىنى بىلەن ئېكىنزار يوق ئىدى، مۇنبەت تۇپراق بولغىنى بىلەن ھازىرقىدەك قايناق ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى يوق ئىدى. بۇ يەرنى ئەينى زاماندىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بايقاپ، ئوۋ ئوۋلاش، چارۋا مال بېقىنىش يولى بىلەن تەدرىجىي ئاچقان، ئولتۇراقلىشىپ تۇرالغۇ، ئېكىنزارلىقلارنى بەرپا قىلىنغان، تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلەر بۇ يەرگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كۆچۈپ بارغان ۋە ئاۋات، قايناق بولغان سېرىقبۇيىنى بەرپا قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدىن بارغان كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تارتىش، جەلپ قىلىش داۋامىدا كۆپىيىپ ئۆزلىشىپ، سېرىقبۇيا رونىنى ۋە سېرىقبۇيىدىن ئىبارەت گۈزەل ماكانىنى قۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. قوينىكەڭ بۇ تۇپراق 200 نەچچە يىلدىن بۇيان، سانسىز كىشىلەرنى نېمەتلىرى بىلەن باقتى ۋە سېخىي قوينىدا پەرۋاز قىلىش، پاناھلىنىش پۇرسەت ـ ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. بۇ تۇپراق يەنە ئۆزىگە خاس خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكىنى ياراتتى، يەنى پاراسەتلىك، ۋاپادار، تىرىشچان، كۆيۈملۈك يېڭى ئەۋلادلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردا ئەقىل ـ ئىدراك، كەڭ قورساقلىق، بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ھەمەنەپەس بولىدىغان ئەلسۆيەرلىكنى يېتىلدۈردى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، باشقا ھەرقانداق جايدا پۇت دەسسىگۈدەك يەر تاپالمىغان ئادەممۇ بۇ يەردە قومغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كېتەلەيدۇ. يۇرتىدىن ئازار يېگەن بايلار، تىجارەتتە كامال تاپىمەن دەيدىغان كاتتىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ يەرگە توپلانغان، ئۇلار ھەم دەردمەنلەر، ھەم پۇل ـ مالغا كۆكسى ـ قارنى توق كىشىلەر بولغاچقا، مۇساپىرلارغا، دەردمەنلەرگە ھېسداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۆلەيتتى، ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنى پاناھىغا ئېلىپ قوغدايتتى. ھالبۇكى، بازار ئېگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن شۇنداق كۆيۈملۈك كىشىلەر چىقىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئەتكەسچى، قىمارۋاز، مۇشتۇمزور لۈكچەكلەرمۇ چىققان. سېرىقبۇيىلىقلار سودا ـ سېتىققا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكى جايلارنىڭ دېڭىز بويىدىكى داڭلىق شەھەرلىرى، تەرەققىي قىلغان رايونلىرىدا تۈركۈملەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئېقىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىش جەريانىدا سانائەت مەھسۇلاتلىرى، يەن ـ تېخنىكا ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، رايون تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ

تۇرتكىلىك رول ئوينىدى. XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرى جايلاردىن بىر قىسىم خەنزۇ ئىشلەمچىلەرنى باشلاپ كېلىپ، سى-رىقبۇيىدا ئولتۇراقلاشتۇرۇش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا ئىگى-لىك يارىتىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ ئاھالىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز ـ ئازدىن كۆپەيدى. سىرىقبۇيىلىقلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئالدىن باي بولغان نۇرغۇن سودى-گەرلەر ۋە دېھقانلار ئۇلارنى ئىشلەمچىلىككە، ياللىنىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ھەم ئۆزى نەپ ئالدى، ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بەردى. ئۇلار سىرىقبۇيىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر تەرەپلىمە تولۇقلاش كۈچى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق گۈللىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلدى. بۈگۈنكى كۈندە سىرىقبۇيا قايناق بازارغا، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە، مەمۇرىچىلىققا تولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەرۋايىت دېگەن سەلتەنەتلىك نامغا ئىگە بولدى. بۇ گەپنى تىلغا ئالغاندا، « ئەقىدە ئىزلىرى » ناملىق كىتابتىكى مۇنۇ قۇرلارغا نەزەر تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ :

« سىرىقبۇيىنىڭ نامى ئۇلۇغ، شۇ نامغا لايىق خەلقى ئېسىل، نېمەتلىرى مول. بۇ يەردە پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق سىرىقبۇيا بازىرى، دۇنياغا مەشھۇر چۇچۇكبۇيا باي-لىقى، چۆل ـ باياۋاننىڭ گۈلتاجى توغراق ئورمىنى بايلىقى بار. ئۇنىڭدا يەنە 40 مىڭدىن ئارتۇق تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز نوپۇس، 6800 ئائىلە، 19 كەنت، تۆت ئاھالە كومىتېت، 72 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 100 مىڭ مو تەبىئىي توغراق، 22 مىڭ مو مې-ۋىلىك باغ قاتارلىقلار بار. ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى، سەي ـ كۆكتات، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت زامانغا مۇناسىپ تەرەققىي قىل-غان ئىگىلىك قاتارلىقلار بۇ بازاردىكى تىجارەت ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ماھىر كىشى-لەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلىنىپ، باياشاتلىق، پاراۋان-لىق ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ بەرگەن.

بۇ بازاردا تىجارەت، سودا ـ سېتىق ھەرقانداق شەھەر ـ بازارلاردىن جانلىق ئىدى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ بۇ يەردىكى تەرەققىي قىلغان كەسىپلەردىن ئىدى، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرققىياتى ئوخشاش يېزا ـ بازارلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن، باغ ـ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كۆلەملىشىشى، كەسىپلىششمۇ يېزا ئى-

www.uyghurkitap.com

گىلىك، بازارلىشىش ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى كۆزىر تۈرگە ئايلان-
غان، بۇنداق ئەۋزەل شارائىت بۇ بازارنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىدە
بولسۇن ياكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەرەق-
قىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە بولسۇن، غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، دەۋر قاي-
نىمىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە نۇرلىنىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇ-
ڭا، بۇ بازاردا سانائەت بولمىسىمۇ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقانداقىنى تاپقىلى بو-
لىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆزىر مەھسۇلاتلىرىنىمۇ مۇشۇ بازاردىن كىرىپلا تاپقىلى بولى-
دۇ. ئەمما، بۇ يەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنى تولىمۇ سەزگۈر قىلىپ قو-
يۇۋاتقان بىر ئىش ـــ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىدى، بولۇپمۇ ئېقىپ يۈ-
رىدىغان تۇراقسىز نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىش
قىيىن بولۇۋاتاتتى. »

ئايبۇلاق تېپىۋېلىنغان يىلىمۇ نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر جاي ـ جايلاردىن سىرىقبۇ-
يا بازىرىغا كەلگەنىدى. ئۇلار بازاردىكى بايلارنىڭ كەنت ـ مەھەللىلەردىن ئالغان
يەرلىرىنى تېرىش، كېۋەزلىرىنى تېرىشىپ بېرىشكە ياللانىدى، بەزىلىرى يەر ھۆددە
ئېلىپ تېرىش بىلەن شۇغۇللانىدى. ئالدىنقى يىلى كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر
قىسىم خەنزۇ ئىشلەمچىلەر ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن
دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلىشىپ، يەرلىكلىشىپ قېلىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ
مۇشۇ بىرقانچە يىلدا سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، بازار قورۇلۇشى
ۋە ئولتۇراق ئۆي قورۇلۇشى ئېقىپ يۈرىدىغان تۇراقسىز نوپۇسنى جەلپ قىلىپ،
ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تايانچ كۈچلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئاساس سالدى.
مۇشۇ جەرياندا بازارغا ئەسكى بىلەن ئوبدان تەڭ كىرگەندەك، ئۇلار ئارىسىدىكى
ئەسكىلەرمۇ جەمئىيەتكە بىسىم پەيدا قىلىشتىن چەتتە قالمىدى.

ئايبۇلاقنىڭ تەقدىرى ۋە پاجىئەسىمۇ بىر قاتار ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
پەيدا بولغان، ئۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ۋەياكى ئېزىپ قېلىشتىن بولغان ئىش ئە-
مەس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ خەنزۇ پۇشتىدىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغا-
نىدى. ئابلىز نۇرەكىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكى ھەربىر ئەزامۇ بۇنى بىلىپ يەتكەنىـ-
دى. بىراق، ئۇلار ئايبۇلاقنىڭ دادىسىنىڭ قانداق ئادەم، ئانىسىنىڭ قانداق ئانا ئىـ-
كەنلىكىنى، قانداق ئۇسۇل ـ چارە بىلەن تۇغۇپ، قانداق پىلان ـ ئوي بىلەن تاش-

لىۋەتكەنلىكىنى، تاشلىۋېتىشكە قانداق چىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ يەشكىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر سىر ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئابلىز نۇرەك بالىغا كۆيۈنۈپ، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولغاندا، يۈرىكىنى ئاختۇرۇپ كۆردى ۋە ئاشۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ مەڭگۈ سىر بولۇپ قېلىشىنى، ئۇنىڭ ئېچىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇنىڭ قەلبىنى گۈگۈمدەك بىر خىل تۇمان ۋە ئىنزىراپ ئوراپ تۇرغاندەك، ئۇ بۇ گۈگۈمدىن قۇتۇلۇشقا ئامالى يوقتەك يۈرگەنىدى. ئۇ بۇ ئىشقا سۈكۈت قىلغان، سەۋر قىلغان، ئۇنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى تەمە قىلغانىدى. ھېلىقى مۇقەددەس ئارزۇ نۇرلانغاندا، ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى، قەلبىدە ئۇزاقتىن بۇيان گۈڭگا بولۇپ تۇرغان نەرسىنىڭ بىردىنلا يوقالغانلىقىنى سەزدى.

# ئايىبۇلاققا تىل چىقتى

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايىبۇلاق ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئاتا - بالىلىق مېھىر - مۇھەببەت ئۇلارنىڭ روھىنى، سۆز - ھەرىكەتلىرىنى مەھكەم چىرماپ كەتتى.

ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانا ئۇنىڭغا شۇنداق ئامراق ئىدى، باغرى كاۋاپ بولۇپ كۆيەتتى. بالا ئۈچۈن بۇنداق سەكپارە بولۇش ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل ئىچكى ئامىل ۋە ئەزەلدىن بار بولغان ئادەت بولسىمۇ، بۇ بالا ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىلى باشقىچە، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك ياناتتى. شۇڭا، بالا ھەر قېتىم يىغلىسا، كېسەلنىڭ ئازابىغا دۇچار بولسا تېپىرلايتتى، بالا بىلەن تەڭ يىغلايتتى، بالا ئارام تېپىپ ئۇخلىسا ئارام تاپقاندەك بولاتتى، كىچىك زىناقلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرسا كۈلەتتى. ئارامخۇدا بولۇپ قالغان كۈنلىرىدىمۇ بالىنىڭ ھېلىقى كېسىلى قوزغىلىپ قالارمۇ، دەپ غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئېسەنكىرەيتتى، قىشنىڭ قەھرىتان كېچىلىرىدە، يازنىڭ تومۇزىدىكى دىمىقلىرىدا، ئانا بالىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، كېسىلى قوزغىلىپ قالغان كۈنلەردە بىرقانچە كۈن ئارام ئالماي، ئۇنىڭ دەردىگە، ئازابىغا شېرىك بولۇپ ياش تۆكەتتى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا مىننەت قىلمايتتى، ئۇلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى، جاپاسى ۋە ئازابلىرى ئۇلار تارتمىسا بولمايدىغان ئىش-

نەك كۆنۈك ۋە ئادەت خاراكتېرلىك ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئانا بىلەن ئاتا ئارام تاپقان كۈنلەردە بالىنىڭ كەچمىشلىرىنى، ئۆزلىرىگە كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىكلىرىنى ئەسلەپ، چوڭ بولسا بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەر دېمەستىن، بالا ئاق ـ قارىنى پەرق قىلىپ چوڭ بولغۇچە كېسىلى ساقىيىپ، بېجىرىم ئادەملەردەك ياشىسا، بىزدىن رەنجىمەس ئىدى ! دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ئايبۇلاق ئۇلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنەتتى، شۇنداق ئومۇماق ئىدى. ئۇلار بالىنى بىردەم كۆرمىسە، كۆرگۈسى كېلەتتى، سېغىناتتى. « بالام ئايبۇلاق، ھەي ئايبۇلاق ئۇششۇق » دەپ توۋلاشلىرى، ئەركىلىتىشلىرى باشقا بالىلىرىنى ھەيران قالدۇراتتى.

ــــ دادام بىلەن ئانامغا ئايبۇلاق بولسىلا بولىدۇ، باشقىسى بىلەن كارى يوق، ئايبۇلاق ئۆز بالىسى، بىز ئۆگەي بالىسى... ــــ دەپ چاقچاق ئارىلاش گەپ كوچىلاپ قوياتتى چوڭ بالىلىرى بەزىدە . ئەمما، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى، ئەقىدىسىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا، بالىلار ئۇلارنىڭ قىرلىقىدىكى بو خۇشلۇقىدىن رازى، خۇشال ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بوۋاي بىلەن موماينىڭ ئۇنى قىلىدىغان، ئۇنى قىلىشلىك كېرەك، بۇنى قىلىشلىك كېرەك، پالانى بىلەن ئۇنداق قىل، پۇستانىنى بىرنەرسە دېسەن... دەيدىغان زەردە گەپ، تەنبىھ ـ نەسىھەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بىر ئىش بولدى. بالىلار دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قېرىغاندا ئايبۇلاققا ئەرمەك بولۇپ، كۆڭۈل خۇشلۇقى تاپقانلىقىدىن سۆيۈنەتتى.

ئابلىز نۇرەك ئەسلىدىنلا بالىغا باغرى كۆيۈك، بالا دېسە جان دەيدىغان ئادەم ئىدى. ياۋاش، مۇلايىم تۇنساخان ئانىمۇ« بالام يوق، جېنىم يوق، بالام بار جېنىم بار، بالام بار، مەن بار، بالام بار نېنىم بار » دەيدىغان ئانىلاردىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئابلىز نۇرەكمۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا مەيلى غۇربەتچىلىك يىللىرىدا بولسۇن، مەيلى پاراۋان كۈنلەردە بولسۇن، بالىلىرىنىڭ تەقدىرى، بەختى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ كەلدى، يېمەي يېگۈزدى، كىيمەي كىيدۈردى. ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزىنى ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇتالمىغان بولسىمۇ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىش يولىدا قاتتىق تەر تۆكتى. كوپىراتسىيىلىشىش يىللىرىدا ئۇلار بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا كەتمەن ـ تاغار كۆتۈرگەن ھالدا بالىلارنى باقتى. ئۆزى ئاچ قالسىمۇ تاپقان-

تەرگەنلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تىقىپ قويۇپ، بالىلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشىنىڭ كويىدا بولدى. نامراتلىق، غۇربەتچىلىك يىللىرىدىمۇ بالىلىرىنى ئاچ قويمىدى، بىر تېرە، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالسىمۇ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ، گەجگىسىدە قايناپ قالسىمۇ، كۈچسىز يېمەكلىك، قاتتىق ئەمگەك، قىيىن ياشاش شارائىتى ئۇلارنى نابۇت قىلىۋېتەي دېسىمۇ ۋايىسماي، دادىلماي، بالىلىرىم يېۋالسۇن، بالىلىرىم تويۇۋالسۇن، دەپ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسىسىنى ئۇلارغا بەردى. ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىزغىنلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى قەدىر ـ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئابرۇيىنى ئۆستۈرگەنىدى. ئۇ شۇ ۋەجىدىن، 1957 ـ يىللاردا كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، ئۇ شۇنچە يىللار داۋامىدا پارتىيىگە، خەلققە سادىق بولغان، رەھبەرلىك خىزمىتى، تەشكىلىي خىزمەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە سەممىي، راستچىللىق بىلەن ئىشلەشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان، ئەينى يىللاردىكى جاپالىق كۈنلەردىمۇ بالىلىرىنى باقىمەن دەپ، باشقىلارنىڭ، كوللېكتىپنىڭ نەرسىلىرىگە زىيان سالمىغان، پەقەت ئۆزىگە تەۋە بولغان خاس تەئەللۇقاتى بەدىلىگە بالىلارنى قاتارغا قوشۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. ئايبۇلاققا بولغان مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈشمۇ ئەنە شۇنداق بولدى، بۇنى مەھەللىدىكى ھەربىر كەنت ئەزاسى، ھەربىر رەھبەر ئوبدان بىلەتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئايبۇلاق دەسلەپ ئۆملىدى، كېيىن تەمتىم ماڭدى، بۇ ئىشلار بۇ ئائىلىگە كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن خۇشاللىق، ياخشىلىق، يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئابلىز نۇرەك ئاكا بازاردىن بىر كىچىك غالتەك هارۋا ئېلىپ بەردى، ئايبۇلاق قۇرۇق ئېمىزگىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، ھېلىقى ھارۋىنى سۆرەپ يۈرۈپ مېڭىشنى ئۆگەندى، ئۇ بارا ـ بارا ئۆزى ماڭىدىغان، تاماقنى ئۆزى يەيدىغان بولدى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا ئانا، دادا دەپ تىل چىقىشقا باشلىدى. بوۋاي بىلەن مومايمۇ ئۇنىڭغا ئۇ ـ بۇ گەپلەرنى تەكرار دېگۈزدى.

ـــ ھەي ئادەم، ـــ دېگەن ئىدى بىر قېتىم تۇنساخان ئانا ئابلىز نۇرەكتىن سادىلىق قىلىپ، ـــ قىزىمىزغا ئۇيغۇرچە تىل چىقارمۇ، خەنزۇچە تىل چىقارمۇ ؟

ـــ ماۋۇ خوتۇننى! قايسى تىلنى ئۆگەتسە شۇ تىل چىقىمامدۇ...

ـــ قايسى تىلنى ئۆگەنسە بولار ؟

ـــ سىزنىڭچە، قايسى تىل بولسا ياخشى بولار ؟

www.uyghurkitap.com

— ئۇيغۇرچە بولسا بەلەن بولىدۇ. خەنزۇچە ئۆگىنىمىز دەپ نەگىمۇ بارىمىز ئەمدى ؟

— ھازىرقى دەۋرنىڭ شارائىتىغا باققاندا، خەنزۇچە ئۆگەنسە ياخشى بولاتتى، بىراق، بۇنىڭ ئامالىنى قىلىش ئاسان ئەمەس.

— چوڭ بولغاندا ئۆگىنىۋالار، ھازىر بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگەنسۇن.

— بۇ گەپچە، كۆڭلىڭىزنىڭ بىر يېرىدە گۇمان باركەن ـ دە، خەنزۇنىڭ بالىسى دەپ.

— كىم خەنزۇنىڭ بالىسىكەن ؟ بۇ مېنىڭ بالام! ئۇنداق دېسىڭىز باققان ئەجرىمىز بىكار بولۇپ كېتىدۇ. سىزدىن قاتتىق خاپا بولۇپ قالىمەن! بۇ بالامنى بېقىپ چوڭ قىلىمىز دەپ ئاز جاپا تارتتۇقمۇ بىز!...

— مەن دېمەن...

— بولدى ـ بولدى. سىز دېيسىز، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى بىلسۇن دېيسىز. مەن دەپ قويااي، بالىنىڭ ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى!

— ماقۇل ـ ماقۇل، ئۇنداقتا سىزنى ئانا ، مېنى ئاتا دېسۇنمۇ ياكى ئاپا ـ دادا دېسۇنمۇ ؟

— ئانا، دادا دېسۇن، ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ شۇنداق ئاتاپ كەلگەن، ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئاتاش.

## ئايبۇلاق خەنزۇ تىلىدا ئوقۇسۇن

ئايبۇلاق چوڭ بولدى، مەكتەپ يېشىغىمۇ يەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا شۇنداق راۋان، تاتلىق سۆزلەيتتى، ئۇيغۇر تىلى ئۇنىڭ ئانا تىلى بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇنى مەكتەپكە بېرىشتە ئايرىم ئىختىلاپلار بولدى.

— ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇسۇن، ئۇنى خەنزۇ تىلىنى ئۆگەن دەپ قىينىمايلى،— دېدى تۇنساخان ئانا، — نەچچە يىلدىن بۇيان كېسەلنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ ، ئەمدى يەنە بوپو ـ مۇپو دەپ بالىنىڭ كاللىسىنى چاچمايلى، خەنزۇنىڭ خەتلىرى سايىدەك ئىلمەك ـ چىلمەك قىيىن خەتلەركەن.

— ھازىر ئېقىۋاتقىنى خەنزۇچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغانلارمۇ خەنزۇچىنى،

خەنزۇچە خەتنى بىلمىسە، كادىر بولالمايدۇ. دادام ئايبۇلاقنى داشۆگىچە ئوقۇتماقچىغۇ؟ شۇڭا بىز قىينالساقمۇ، بالا قىينالسىمۇ خەنزۇچىدا ئوقۇتايلى!

بۇ ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىدە بولۇنغان بىرنەچچە قېتىملىق پاراڭنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئابلىز نۇرەكنىڭ قارىشىدا كېيىنلىكىنى ئويلىسا، خەنزۇچىدا ئوقۇتۇش زۆرۈر ئىدى. ئەمما، بالىغا كىمنىڭدۇر ئىگە بولۇپ، مېنىڭ بالام دەپ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان تۇيغۇمۇ بار ئىدى…

2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ، ئابلىز نۇرەك ئايبۇلاقنى سېرىقبۇيا بازارلىق خەنزۇ 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى، ئۇ بۇ چاغدىمۇ ئۆزى بىلىدىغان ۋە پەرەز قىلىپ پەملىگەن بىرمۇنچە ئىشنى، ئاۋارىچىلىك ۋە بىسەرەمجانلىقلارنى ئويلىدى، ئۇ ئۆيىدىن تۆت كىلومېتىر يىراق جايدىكى مەكتەپكە بالىنى ئاپىرىشى، ئەكېلىشى، غىزالاندۇرۇشى، ھېلىقى كېسەللى قوزغىلىپ قالسا، بىرتەرەپ قىلىشى، داۋالىتىشى، ئۇ ئىشلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بار يەردە ھېلىقى كېسەللى قوزغىلىپ قالسا باشقا بالىلار زاڭلىق قىلىشى، كۆزگە ئىلماسلىقى، كەمسىتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئىشلار بالىغا ئېغىر روھىي ئازاب ۋە جىسمانىي ئازاب كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئويلىغانسېرى بوۋاينىڭ غەملىرى ئېشىپ كەتتى. ئويلىسا ـ ئويلىسا ئىشنىڭ ئاخىرى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى، ئاخىر نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمەن دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقىدەك تارتارمىز تارتقۇلۇقنى دېگەن يەرگە كېلىپ، غەملىرىنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ قويۇش قارارىغا كەلدى. ئويلىسا، قانچان ئايبۇلاقنى بېقىۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بىر كۈنمۇ ئاراملىق بولماپتۇ، ھەر كۈنى ئىككى قېرى بالىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرى، كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى تارتىپ، يېڭىپ كەپتۇ، يەنە نېمىگە قارىسۇن؟ يەنە تارتسا شۇنچىلىك تارتار، بار نەرسىنى كۆمۈپ كۆمگىلى، يوشۇرۇپ يوقاتقىلى بولامتى؟

ئابلىز نۇرەكنىڭ ئايبۇلاقنى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتىدىغانلىق گېپىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلىشتى:

— خەنزۇ بالىنى بېقىۋېلىپ تازا ساۋابلىق ئىش قىلدىڭىز. ھېچكىمگە بەرمىسە، خۇدايىم سىزگە بېرەر! بالىنى ئەمدى خەنزۇچىدا ئوقۇتماي ئۇيغۇرچىدا ئوقۇتۇڭ،

بىرى، بالا ئۇيغۇرغا خاس ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. كېيىنلىكتە بالا ئۇيغۇرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرىدۇ، توي قىلسىمۇ ئاسان ئەپلىشىپ قالىدۇ. خەنزۇچىغا بەرسىڭىز بالا خەنزۇغا ياكى ئۇيغۇرغا تەۋە بولماي، ئارىلىقتا قالسا، سىزغۇ ئۆلۈپ كېتەرسىز، بالا قانداق قىلىدۇ، قېرىسىمۇ ئەر ئالماي، ئولتۇرۇپ قالسا، ئازاب بولىدۇ. بالىغا ئازاب بولۇپ قالسا، سىزنىڭ قىلغان ئەجرىڭىز بىكار كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە مەكتەپ مەھەللىگە يېقىن، بېرىپ ـ كېلىشتە قىيىنىلىپ قالمايدۇ، سىزمۇ قېرىغاندا بالىنى ئاپىرىپ ـ ئەكېلىمەن، دەپ ئاۋارە بولمايسىز؛ يەنە بىرى، بالىنى ئۇيغۇرچىدا ئوقۇتۇش بىلەن دىنىي جەھەتتىنمۇ ساۋاب تاپىسىز، ئانچە ـ مۇنچە دىنىي ساۋاقىنمۇ ئوقۇتۇپ قويۇڭ، بۇنىڭ ساۋابى ئاخىرەتتە بەك كاتتا بولىدۇ.

— خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئابلىز نۇرەك كەسكىن قىلىپ، — ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھەم ئانا تىلىدىن ئايرىلغان بالا. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئانا تىلىدا ئوقۇشىغا توسقۇنلۇق قىلسام بولمايدۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئۆز ئىشىڭىز، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىرنەرسە دېيىش ھەققى يوق، بىز دەيمىز، ھەر ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىمايمۇ بولمايدۇ. كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن مۇستەھكەم ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك.

— بۇنداق گەپنى قويۇڭ ، مەنمۇ كېيىنلىكىنى ئويلىمىغان يەردە ئەمەس.

— خاپا بولسىڭىز مەيلى، چۈنكى بىز سىزگە ئوخشاش ئىش قىلالمىدۇق، نېمە دېسىڭىز ، سىزنىڭ ھەق. ھەر ھالدا ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بالىنى بېقىشىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئادالىنىپ كەتتى...

— تەنە گەپ قىلماڭ، سىز...

— گەپ قىلمىدىم ئەمەسە.

— باشقىسىنى قويۇپ تۇراي، بۇ بالا چىن مەندىكى قان ـ قېرىنداشلىرىدىن غايىبانە ئايرىلغان، ئەمدى ئەقىل ھوشىنى تاپقاندا، ئانا تىلىنى ئۆگىنىپمۇ بولسا كۆڭلى سۇ ئىچمىسە بولامدۇ؟ مەن جاپا تارتساممۇ، قىزىم ئۆز بەختىنى تاپسا، شۇ ماڭا ئەڭ چوڭ راھەت.

كىشىلىك جەمئىيەتتە مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەتسىزلىك، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، خۇراپىيلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت

www.uyghurkitap.com

بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ شۇ خىل رەۋىشتىكى تەشۋىشلىك، تەنە ئارىلاشقان گەپ ـ سۆزلىرىدىنمۇ ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق قاراش، يەكۈنلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ شۇ دەۋر قارىشىدىكى ئۇقۇمى ۋە تەربىيىلىنىشى، چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى ئارقىلىق نامايان بولۇپ، ئۇلار دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يامان، ئەسكى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭغا قانداق قاراش مەسىلىسى بولسىمۇ، كىم قانداق دېسۇن، نېمە دېسۇن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ، ئىش ـ ھەرىكىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. ئابلىز نۇرەك ئۈچۈن ئالغاندا بۇ گەپلەرنىڭ ئەكس تەسىرى بولسىمۇ، بىر قاراشتىنلا ئۇنى توغرا دېگىلى بولمايتتى، ئۇ پەقەت بۇ ئادەملەرنىڭ شۇنداق ئاغزى، شۇنداق دېگۈسى كېلىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى پىسەنتىمگە ئېلىپ كېتىشمىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ خۇلاسە قىلسا بولاتتى، ئۇ ھەم شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى، ئىشىنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى. دەل شۇنداق قىلغانلىقتىن، جەمئىيەتتىكى يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئابلىز نۇرەكنىڭ تولۇق ئىزھار قىلىشقا قادىر بولالمىغان يۈرەك سۆزلىرىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ بالا ھەققىدىكى ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز چاقىرىق خاراكتېرىدىكى گەپلىرى باشقىلارنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈردى، بولۇپمۇ ئايبۇلاقنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىرلەشكەندە، شۇنداق قاتتىق تەسىر قوزغىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ بىر خەنزۇ قىزنى بېقىۋالغانلىقىنى تولىمۇ ھەيرانلىق بىلەن كوچىلاپ سوراپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ياغدۇردى. بالىنىڭ ئوقۇشىدىن خاتىرجەم بولۇشىنى، قېتىرقىنىپ ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋەدە بېرىشتى. بۇ ئىش ئابلىز نۇرەكنىڭ نۇرغۇن بولمىغۇر، غەملىك خىياللىرىنى ۋە ئەندىشىلىرىنى يوق قىلىۋەتتى، ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدى، تەسەللى تاپتى ۋە قىزىنىڭ ياخشى ئوقۇپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتتى. ئۇ بەكلا سۆيۈندى.

## دەككە ۋە دەشنام

كونىلاردا « نىيەت ھەممىدىن ئەلا » دەيدىغان گەپ بار. شۇنداق، نىيەتنىڭ قانداق بولۇشى بىر ئىشنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئابلىز نۇرەكىنىڭ نىيىتىنىڭ شۇ قەدەر پاكلىقى ۋە ئەلالىقىنى ئۇنىڭ ئايىۋلاق ئۇچۇن تۆلىگەن ھەربىر بەدىلىدىن كۆرگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ھەربىر كىتىبىدە نىيىتىنىڭ ھەربىر جۇلاسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ئايىۋلاقنىڭ مەكتەپكە كۆزنۈپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى، تۇنىساخان ئانىمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇ قەدەر غەم يېيىلگەن ۋە باللار بوزەك قىلارمۇ، ئۇرارمۇ، خەت بىلمىسە، خەنزۇچە گەپلەرنى چۈشەنمىسە، مۇئەللىم بىرنەرسە دەپ يىغلىتارمۇ، كېيىسلى قوزغىلىپ قالسا قانداقمۇ قىلار ؟ دېگەندەك ئويلار بىلەن نەچچە كۈنگىچە غەم يەپ يۈردى، كىمدۇر بىرى خەۋەر ئېلىپ كېلەمدىكىن دەپ قۇلقى مەكتەپ تەرەپكە سەمە بولۇپ يۈردى. بىراق، بىرقانچە كۈنلەرگىچە ئۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىدى، بەلكى قىزىدىن باللار بىلەن شۇنداق چىقىشىپ ئوينىغانلىقىنى، مۇئەللىمنىڭ دەرسنى بەكمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۆزى يازغان خەنزۇچە خەت، گەپلەرنى قىزىقىسىنىپ سۆزلەپ بەردى، مانا بۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارامىغا چۈشۈردى.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئايىۋلاق ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى، مانا ئەمدى ئانا شۇ ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ، بىر خىل ئالدىراشلىق ھېس قىلىدى، يەنە تېخى قىزىنىڭ كېرەككە كېلىپ قاتارغا قوشۇلۇپ، ئىش قىلىشقا يارىغۇدەك بولۇپ قالغانلىقىنىڭمۇ ئەسلىدە كىچىك ئىش ئەمەسلىكىنى سەزدى. ئۇ تۆشۈك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، قازان ـ قومۇشنى يۇيۇشۇپ، داستىخان سېلىپ، چاي قاينىتىپ، ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈپ تازىلىشىپ بېرەتتى، كالا ـ قويلارغا سۇ، يەم ـ بوغۇز بېرىشىپ بېرەتتى. ئۇ تۇرمۇشتا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلانى خۇددى بېجىرىم، جانلىق سەھرا باللىرىدەك قىلاتتى، بولۇپمۇ جىسمانىي ئىشلارنى قىلىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى، شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىلغانلىرىنى ياندۇرماقچى بولغاندەك، بىردىنلا كېرەككە كېلىپ، بۇ ئىككى قېرىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پوت بولۇپ قالغانىدى. ئاتا بىلەن ئانا بۇنىڭغا رازىمەنلىك ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى... مانا ئەمدى ئۆيدە بىر ئادەم، ھەتتا ھەممە ئادەم كەم بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئانا ئۇنىڭ مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئويناپ ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى، يومىداقلىشىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىپ ، توپاـ تەرەت كىرگەنلىكىنى، ھەتتا بۇرۇنلىرىدىن قان ئېقىتىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ قىيما ـ چىيما قىلىشىپ كىرگەن ئىشلىرىنى ئەسكە

ئالدى. ئۇلار ئەنە ئاشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن قوشنىلار بىلەنمۇ بىرقانچە قېتىم قېيىدىشىپ، تەگىشىپ قالدى، كېيىن ئۇلار بالا ئارىسىغا كىرىپ ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشنىڭ ئۆز يۈزىگە ئۆزى توپا چاچقان بىلەن ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ يەنە كېلىشىپ قالدى، چۈنكى ئاشۇ ئۇرۇشقان بالىلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر يەردە ئوينايدۇ، بۇ خۇددى ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدىغاندەك، بالىلارنىڭ ئۇرۇش- جېدەللىرىگە بالىلار ئۆزلىرى چىدايدىغان گەپ ئىكەن...

ئايبۇلاقنىڭ چىرايىدىكى خاس كۆرۈنۈشىدىن خەنزۇ پۇشتى ئىكەنلىكىنى ئىتراپ قىلمىسا، راۋان گەپ ـ سۆز، خۇلق ـ مىجەزىدىن ئۇنىڭ خەنزۇ پۇشتىلىقىنى ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ شۇقەدەر ئۆزلىشىپ كەتكەن ۋە سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئۇنى ھەر پەيشەنبە كۈنى بولىدىغان بازارغا ئېلىپ باراتتى، ھەر خىل نازۇنېمەتلەرنى ئېلىپ بېرەتتى، سامسا، گۆش، مانتا قاتارلىقلاردىن قالدۇرماي ئېغىز تەگكۈزەتتى . مەھەللىدىكى توي- تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ سورۇنلىرىغا ئېلىپ باراتتى. ياخشى نەرسە تاپسا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى يېمەي يانچۇقىغا سېلىپ ئاپىرىپ ئۇنىڭغا يېگۈزەتتى. ھەمىشە يېڭى، چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىپ، ياساندۇرۇپ كۆز ـ كۆز قىلاتتى.

دەل ئاشۇ ئىشلار قاتارىدا ئۇنىڭ كېسلى قوزغىلىپ قالغان چاغلاردىكى جاھىللىقلىرى، چاچقۇنلۇقى، ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىماي بولۇشىغا ۋارقىراپ، بىشەملىك قىلىشلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنداق چاغدا موماي ئازاب ۋە تارتقان جاپالىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، قايناپمۇ كېتەتتى، ھەتتا شۇنداق ئاچچىقى كېلىپ: «ئادەم بالىسى باقساڭ، ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسى باقساڭ، ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر» دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ مېنى نېمانچە قىينايسەن، قىيناپ ئۆلتۈرەمسەن؟ جېنىم بالام، مېنى قىينىما، ئۆزۆڭنىمۇ قىينىما، قارا، مەن خۇش بولاي» دەپ دادلىنىپ كەتكەن ۋە يىغلاپ دەردىنى چىقارغان كۈنلىرىمۇ بولغان، بۇ گەپلەرنى ئاچچىقىدا چىدىماي دەپ سېلىپ كېيىن يەنە پۇشايمان قىلغانىدى.

ئاشۇ بىر قاتار ئىشلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا بالىنى بېقىۋالغىلى ناھايىتى ئۇزاق زامان بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. كۆنۈكۈپ قالغان كۆڭۈل تۇنساخان ئانىنى بەكمۇ بىئارام قىلدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مەكتەپكە ئۆزى بېرىپ، قىزىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ كېلىدىغان، يۇشۇرۇنچە ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆزنىتىپ كېلىدىغان بولدى. ئابلىز نۇرەك بولسا ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش، كەچتە قىزىنى بەزىدە ۋېلىسىپىت بىلەن ، بەزىدە ئېشەك ھارۋىسى بىلەن مەكتەپكە ئاپى-رىپ- ئەكېلىپ، كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرالىدى. لېكىن ،ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ، بولۇپمۇ ئېتىز ئىشلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەلگەنلىك-تىن، ۋاقىت قىسلىقى يۈز بەردى، قىشتا قىزچاقنى بىخەتەر ئېلىپ بېرىپ، بىخەتىيەر ئېلىپ كېلىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى، شامالداپ قالمى-سۇن، زۇكام بولمىسۇن دەپ، ئۇنى شۇنداق چۆمكەيتتى، يازدا ئىسسىق ئۆتمىسۇن دەپ ، ئۇزۇقلىنىشنى ياخشىلايتتى. ھېلىقىدەك كېسىلى قوزغىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى زىيادە كۆپ بولۇپ كېتەتتى، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا نۇرغۇن جەبىر - جاپا داۋالغۇپ ئەگىپ يۈرەتتى ۋە بىر كۈنمۇ ئارام بەرمەي كەلدى. بۇنى بىلىدىغان ئۇنىڭ بىر قىسىم كۆڭلى يېقىنلىرىنىڭ ھېسداشلىقى كۆپ قېتىم قوزغال-دى، ھەتتا مۇنداق پاراڭلارنىمۇ قىلدى :

— جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلىڭ، چوقۇم ئالقىشقا سازاۋەر بولماي قالمايسىز، سىزنىڭ ئىشىڭىز ناگان - ناگاندا بىر ئۇچرىمىسا، ئالدىراپ ئۇچرىمايدۇ. ھۆكۈمەت-مۇ قاراپ تۇرمايدۇ، سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىز بەك ساۋابلىق ئىش. ھۆكۈمەتتىن يار-دەم تەلەپ قىلسىڭىزمۇ قۇرۇق قالمايسىز.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىمەن ؟ بىر بالىنى باققۇچىلىكىم بار. مەن بىر بالىنىڭ ھال-دىن خەۋەر ئالالماي، باشقىلارغا يېلىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم.

— ئۇنداق دېگەن گەپ ئەمەس. بىز دەيمىز ، كۆپ تۇكۇرسە كۆل تولىدۇ. بالى-نىڭ كېسىلى خەتەرلىك كېسەل ئىكەن، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالاتمىسىڭىز ،كېيىن كو-نىراپ قالسا، داۋالاپ ساقايتىش تەس بولىدۇ، شۇڭا دەيمىز، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا دې-سەڭ، بازارلىق پارتكومغا بېرىپ مەلۇم قىلساق، ئۇلارنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ قالسا بىر گەپ بولۇپ قالار دەيمىز شۇ...

— مەن بالىنى باشقىلاردىن نەرسە ئۈندۈرۈش ئۈچۈن باقمىغان. ئۆزۈم پۇل تېپىپ داۋالتىمەن، كېيىن ئوبدان پۇل بولۇۋاتىدۇ ، ھازىر خېلى تىرىلىپ قالدۇق. بالىلارمۇ قاراپ تۇرمىدى. تەشكىلمۇ بەزىدە ئۆزى بىر ئىش قىلىپ، بىرقانچە قېتىم پۇل يىغىش قىلىپ بەردى، ئەمدى يەنە قانداقمۇ تەشكىلگە دەۋىرىشكە يۈزۈم چىدايدۇ.

— پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى سىزگە بەرگەنگە تۇگەپ كېتەمتى ؟ بەرسە ئېلىپ

تۇرسىڭىز، تۈگىسە دەپ تۇرسىڭىز بولىدۇ، يىغلىمىسا ئەمچەك سالامدۇ؟ باشقىلار سىزگە ئوخشاش خەنزۇنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلسا، داۋراڭ سېلىپ قەھرىمان بولىدۇ. سىز ئۇنداق قىلىشقا قېرىق ئىكەنسىز، دېسىڭىزمۇ كېتىدۇ، دېمىسىڭىزمۇ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە دەپ، ئېلىپ تۇرسىڭىز، قەدرىڭىز بولىدۇ.

— بۇنداق گەپنى يەنە بىر يەردە قىلىپ سالسىڭىز بولمايدۇ. نېمە گەپ بۇ پۇل ئېلىش دېگەن؟ سىز مەندەك قىلغان چاغدا شۇنداق قىلىڭ. مەن بۇنداق يۈزى قېلىنلىقنى قىلالمايمەن.

— مەن يۈزى قېلىن ئىكەنمەن-دە!

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. بىز دېھقان بولساقمۇ ۋىجدانىمىز بىلەن ياشايمىز. ماڭا تەلىم بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ...

— ياخشى كۆڭۈل بىلەن گەپ قىلىۋاتسا... خاپا بولسىڭىز، گەپ قىلمىدىم ئەمىسە.

— بۇنداق گەپنى قىلماڭ، مەن بالىنى ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن، بىر كىم ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلاردىن تامەيىم يوق. لېكىن، بىر گەپنى دەپ قوياي، بالىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، تەقدىر پېشانىسىدە بولسا، ئۇنىڭغا ئامالىم يوق، بولمىسا قانداق قىلىشنى، قانداق بېقىشنى ئۆزۈم ئوبدان بىلىمەن!

مۇنداق پاراڭلار ئۇنىڭ تونۇشلىرى ئارىسىدا پات - پات بولۇپمۇ قالاتتى، بەزىدە بۇ پاراڭ تېمىدىن بەكمۇ چەتنەپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇ يەردىكى ئۇ ئىش، بۇ يەردىكى بۇ ئىش، ئۇنىڭ بىر ئىشى، بۇنىڭ بىر ئىشى ھېكايە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. لېكىن، بۇنداق پاراڭنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى تولا چاغلاردا بايقىدەك قېيىداش، رەنجىش بىلەن ئاياغلىشاتتى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بۇنداق گەپ بولسىلا، تېمىنى باشقا گەپ، باشقا ئىشقا بۇرىدى، كۆپلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۇلارنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى يېنىكلىتىش بولسىمۇ، ئابلىز نۇرەكىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن رەددىيە، دەككىلىرى تەكرار بولۇۋەرگەندىن كېيىن، ئاشۇ ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭدىن رەنجىپمۇ يۈرۈشتى.

ئابلىز نۇرەكىنىڭ خىيالىدا بەزى ئىشلارنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن - تىنىمسىز ئىشلەۋېرىش ئارقىلىق بارلىققا كېلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كىملەرنىڭدۇ ئايىۋۇلاق ئۈچۈن خالىس ياردەم قىلىپ قويۇشىنى كۈتۈشتەك خائىش بولمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ

بىرىدە ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇلنىڭ بارلىققا كېلىشى قىلىشى ئىدى. باشقىلاردىن ھېلىقىدەك ياردەم تىلەش، ھۆكۈمەتكە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىش ئۇنىڭ نەزىرىدە چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئىشى ھېسابلىناتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ كېتەتتى، غۇرۇرى دەپسەندە بولۇپ، ئىززەت ـ نەپسى خورلىنىپ، روھىي جەھەتتىن ئازاب تارتاتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ شۇنچە يىلدىن بۇيان تارتقان جاپاسىنى، ئەجرىنى كۆمۈپ تاشلايتتى. ئۇ بۇنى بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىسىمۇ، باشقىلاردىن نېسۋە تەمە قىلىش بىچارىلەرنىڭ ئىشى، ئەرلەرنىڭ ئەمەس، ھۇرۇنلارنىڭ ئىشى دەپ قارايتتى. دېھقانغا خاس كەڭ قورساقلىق، مەردانىلىك، كۆزى توقلۇق، باشقىلار ئۇچۇن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىغان خۇسۇسىيەت ۋە سەمىمىي ھالاللىق بەدىلى بىلەن ئۆزىنى خارلىقتىن يىراق قىلىدىغان ئەنئەنىۋى روھ ئۇنىڭغا ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇش، سىگنال بېرىپ، يول كۆرسىتىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئادىمىيلىك سالاپەت، پەزىلەت ۋە ئادىمىيلىك غۇرۇرىنى ساقلاپ قالاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق تېۋىنىشتىن خالىي ھاياتنى ئادەمگە خاس ئادىمىيلىك دەپ قارايتتى. بۇ ھەم ئەنئەنىۋى روھ، ھەم مەڭگۈلۈك ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاشۇ غۇرۇرى ئايبۇلاقنى پۈتۈن جەمئىيەتكە «سازايى» قىلىشتىن توسوپ تۇراتتى.

## سەھەردىكى تاسادىپىيلىق

2005 ـ يىل 2 ـ ۋە 3 ـ ئايدا، سىرىقبۇيىغا ئائىلە يوقلاش، چوڭلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن بېرىشقا توغرا كەلدى. بۇ ھەممە جايىنى ئالدىراشچىلىق، بولۇپمۇ ئەتىيازلىق تېرىقچىلىقنىڭ ئالدىراشچىلىقى قاپلاپ كەتكەن چاغ بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئالدىراشچىلىقىنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ يۈرۈشەتتى. مەنمۇ ئايبۇلاق ئوقۇۋاتقان خەنزۇ 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئۆيىمىزدىن ھەر كۈنى سەھەردە بازارغا چىقىش ياكى ئېتىزغا بېرىشنىڭ غېمىدە پالاقلاپ يۈردۈم. بىر كۈنى سەھەردە تۇساتتىنلا 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ياشانغان ئادەمنىڭ بىر خەنزۇ قىزغا:

— قىزىم، خۇداغا ئامەت، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالما ـ ھە؟ جې-

دەللىشىپ قالساق، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن جۇمۇ!... — دېگەن گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭە ، دادا. سىز دېگەندەك قىلىمەن، ئەجەبمۇ ئەنسىرەيدىكەنسىز مەندىن ؟

قىزچاقنىڭ ئەركە ئارىلاش قىلغان گەپلىرى دەسلەپ مەندە ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلمىدى. بىراق، قىزنىڭ چىرايىنىڭ خەنزۇغا شۇ قەدەر ئوخشايدىغانلىقى تەسىر قىلدى ـ دە، مەندە گۇمان پەيدا بولدى. ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى گېپى بىلەن ساپ خەنزۇغا خاس چىرايى مەندە بىر خىل زىددىيەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. بۇ مۇرەككەپ تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات مېنىڭ ئاخبارات سەزگۈرلۈكۈمنى قوزغىدى. ئەتىسى دەل شۇ چاغدا مەن يەنە ھېلىقى بوۋاينى مەكتەپ ئالدىدىكى يولدا ئۇچراتتىم، ئۇنىڭ بىلەن ئەتەي كۆز بېقىشىپ سالاملاشقان بولدۇم. بىراق، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى قىزچاق يوق ئىدى، بۇگۈن ئۇ قىزنى بالدۇرلا سىنىپىغا ئەكىرىپ قويغاندەك تۇراتتى... ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، مەن بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىۋېتىپ، بايىقى بوۋاينىڭ ھېلىقى قىزچاقنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ قېتىم مەن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن قىزنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ ھەقىقىي خەنزۇ قىزى ئىدى...

كەچتە مەن ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، سىڭلىمنىڭ ئېرى مۇھەممەت روزىدىن سورىدىم، ئۇ سېرىقبۇيا خانجەمەتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، سېرىقبۇيا بازىرىدا تونۇمايدىغان ئادىمى، بىلمەيدىغان ئىشى يوق دېيەرلىك ئىدى. مەن ھېلىقى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزى توغرىسىدا كۆرگەنلىرىمنى دېۋىدىم، ئۇ سۆزلەپلا كەتتى :

— ۋاي ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئابلىز نۇرەك، 18 ـ دادۈيلۈك، ئاۋۇ قىزبالا ئۇنىڭ تېپىۋېلىپ بېقىۋالغان قىزى... ئۇ ئادەم بۇ قىزنىغا بەك ئامراق، ئۆزى بىر نامرات بولسىمۇ، ئاشۇ قىزنى داۋالىتىمەن دەپ نۇرغۇن چىقىم تارتتى، قىزنىڭ چوڭ تەرەت يولى پۈتەيكەن دەڭە، ۋاي، بەك ئاۋارە قىلىدىغان ئەسكى كېسەل ئىكەن، بۇ ئادەم نەچچە يىلدىن بۇيان تاپقان پۇلىنى سەرپ قىلىپ، بالىنى داۋالىتىپ بەك قىيلىنىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ بالىنى بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىدۇ، ئۆيى ئاۋۇ بىر يەردە، شۇنداق بولسىمۇ، قېرىغاندا قېرى مەن دېمەي، ھەر كۈنى بالىنى ئۆزى توشۇپ يۈرۈپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ چىدىغىنىغا باشقا ھەرقانداق ئادەم

چىدىمايدۇ دەگە...

بىز بۇ ھەقتە ئۇزاق پاراڭلاشتۇق ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلماي خالىس قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاتتىق تەسىرلەندىم.

— مۇمكىن بولسا بىر تەشۋىق قىلىپ قويسا بولىدىغان ياخشى ئادەم ئىدى، قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس، بىراق بۇ ئادەم قىلغان ئىشنى بىرەر يەردە دەپ، دوكلات قىلىپ يۈرمىگەچكە، كۆپ ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ. سىلەر گېزىتتە شەخسلەرنى تونۇشتۇرغاندا، پالانى يەردە مۇكاپاتلانغانمۇ ـ يوق دەپ تۇرۇۋالىدىكەنسىلەر، ئۇ- بۇ يەردە مۇكاپاتلانغان بەزى ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشى بۇ ئادەمنىڭ ئىشىنىڭ بىرسىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. شۇنداق بولسا بەك تەشۋىق قىلىپ كېتىسىلەر، ھەقىقي ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنى تەشۋىق قىلىدىغان بولسا مۇشۇ ئادەمنى تەشۋىق قىلسا گېزىتىمۇ ئىناۋەت تاپاتتى .

— راست ، بۇ ئادەمنىڭ ئىشىغا مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم، سىز دېگەندەكلا بولسا تەشۋىق قىلىپ قويسا بولىدىكەن. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى قەشقەر شەھرىدىكى تازىلىق ئىشچىسى قەمبەرنىساخان بىر تاشلاندۇق خەنزۇ قىزبالىنى تېپىۋېلىپ، بېقىپ چوڭ قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى، باشقا جايلاردىمۇ مۇشۇنداق تېپىۋېلىنىپ بېقىلىۋاتقان نۇرغۇن بالىلار بار، بۇ خىل بالىلارنى بېقىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا كادىرلارمۇ بار. بىراق، بۇ ئادەمدەك كېسەلچان بالىنى باققان ئادەمنى تېخى ئاڭلاپ باقمىدىم . مېنىڭچە، بۇ ئائىلىدە بىر تىپ قىلىشقا مۇناسىپ ئىش ئىكەن.

— ئاڭلىسام، بۇ ئادەم ئىلگىرى كەنت كادىرى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە، پېشقەدەم دېھقان كومپارتىيە ئەزاسى . بۇ بالىنى بېقىش جەريانىدا بەك جاپا تارتىپتۇ، لېكىن باشقىلار ياردەم قىلىمىز دېسە قوبۇل قىلىپ كەتمەيدىكەن، شۇڭا نەچچە يىلدىن بۇيانمۇ كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ خەنزۇ قىزنى بېقىۋالغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەن، يېقىندىن بۇيان، بالىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بەرگەندىن كېيىن كۆپرەك كىشى بىلىپ ھېسداشلىق قىلىدىغان بولدى. مەكتەپلەردە ئەمدىلەتىن بۇ ئادەمنىڭ ياخشى گەپلىرى بولۇۋاتىدۇ. سىرىقبۇيا ئوقۇتۇش رايونىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت ئەخەت ھەرقايسى مەكتەپ مودىرلىرى يىغىنىدىمۇ ئايىبۇلاققا ياردەم قىلىشنى بىرقانچە قېتىم تەكىتلەپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى...

— نۆۋەتتە پارتىينىڭ «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدد-يىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ قانات يېيىۋاتىدۇ، پارتىينىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىمۇ تەرەپ ـ تەرەپتە باشلاندى، بۇ ئادەم پارتىيە ئەزا-سىكەن، هازىرقى پائالىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلسا بو-لىدىكەن. يېنىمىزدىكى ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشتە بۇ ئالاھىدە تىپ قىلىشقا ئەرزىگۇ-دەك ئادەم ئىكەن ...

مەن سەل هاياجانلىنىپ قالغانىدىم، چۈنكى بۇنداق ئالاھىدە تىپلارنىڭ چىقىپ قېلىشى ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. نەچچە يىللىق ئاخبارات خىزمىتىدىكى تەجرىبە ۋە سەزگۈرلۈك نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا، تىپ قىلىپ تاللاشقا لايىق دەپ قارىغانىدىم.

— سىزنىڭ گېپىڭىزچە، گېزىتتە تەشۋىق قىلىمىز دېسەك ، قوشۇلمايدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— بەلكىم ئۇنداق دېمەس، ئۇ بەك بەلەن ئادەم.

— ئۇنداق بولسا سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، ماقۇل دېسە، مەن كېلەر-مەن، ياكى سىز بىر ئامال قىلىپ تەپسىلىي ماتېرىيالىنى خاتىرىلەپ يېزىپ ماڭا يەت-كۈزۈپ بېرەرسىز.

— كېيىن بىلدىمكى، ئابلىز نۇرەك ئاكا ئۆزىنى تەشۋىق قىلدىغان ئىشقا سەل ئىككىلىنىپتۇ، مېنى تەشۋىق قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. مەن ئۆزۈم قىلىدىغان ئىشنى قىلدىم، بۇنىڭ يازغۇدەك يېرى يوق دەپتۇ. بىرئاز چۈشەندۈرۈشتىن كېيىن، ماقۇل دېگەن يەرگە كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەندە ئۇنى قېزىش، يېزىش قىزغىنلىقى قوزغالغان بولسىمۇ، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ۋاقتىدا بارالماسلى-قىمنى تەزەردە تۇتۇپ، مۇھەممەت روزىغا ماتېرىيال ئېلىش، ئەۋەتىشنى هاۋالە قىل-دىم. دېگەندەك ئۇ ماڭا 30 نەچچە بەتلىك قول يازما ئەۋەتىپ بەردى، مەن شۇ چاغدا ئابلىز نۇرەكنىڭ خەنزۇ قىزچاقنى بېقىۋېلىش ئىشلىرىنى تەپسىلىي يېزىپ، ئۇنى گېزىتكە بېرىدىغانلىقىمىزنى، بۇنىڭ ئۇچۇن ماقالىنى يېزىپ بولغاندا، بازارنىڭ تامغۇ بېسىپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ئىشتىن بازار باشلىقى ياكى بازارلىق پارت-كومنىڭ شۇجىسىنىڭ خەۋەر تېپىپ قېلىشىنى تاپىلىغانىدىم. مۇھەممەت روزى بازار-لىق پارتكوم شۇجىسى جيا تىڭيىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى

ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى مەنمۇ تولۇق بىلىمەن، گېزىتتە تەشۋىق قىلىدىغان ئىش ياخشى بوپتۇ، مەن قوللايمەن. ياردەم قىلىدىغان ئىش بولسا ياردەم قىلىمەن، 6 ـ ئايدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيىدىن پايدىلىنىپ، ئابلىز نۇرەكنى تەشۋىق قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن... دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قوزغاش رولىنى ئويناپتۇ. جيا تىڭيى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي مۇھەممەت روزىدىن ماقالىنىڭ گېزىتكە چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم سوئىلەپ، پاتراق چىقىشىنى ئۈمىد قىپتۇ. مۇھەممەت روزى بۇ گەپنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، مەن ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماتېرىيال ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردۈم، ئۇ مېنىڭ دېگىنىمدەك بەك ئەتراپلىق ماتېرىيال ئاپتۇ. مەن ماتېرىيالنى كۆرۈش جەريانىدا بەزى جايلارنىڭ كەملىكىنى بىلىپ، تېلېفون قىلىپ قايتا ـ قايتا سوراش، ئېنىقلاش ئارقىلىق پاكىتلارنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ چىقتىم. بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئاددىي، ئەمما تەسىرلىك ئىشلىرىدىن قاتتىق ھاياجانلاندىم، بۇگۈنكى كۈندىكى بۇنداق بىر ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ سەممىيەت بىلەن قىلغان ئىشلىرى، ساددا، ئەمما ئاجايىپ ئالىجانابلىقىنى سەزدىم، پۇل ھەممىگە قادىر دەپ قارىلىۋاتقان، ھەممە كىشى پۇل ئۈچۈن ۋىجدان، ئار نومۇستىن كېچىۋاتقان، ئەخلاق ۋە دىيانەت جەھەتتە ئۆزىنى بولغاۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنىلا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بارلىقى قەدىرلەشكە ۋە قەددىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ روھى بىلەن باشقىلارغا ئىلھام بېرىش زۆرۈرىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن كومپيۇتېر ئالدىغا بېرىپ، بىر كېچە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ، «ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممەت قانداق يارالدى؟» ماۋزۇلۇق ئوچېركنى يېزىپ چىقتىم. بۇ 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىدى. بۇ ماقالە «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈندىكى 2 ـ بېتىگە بىر پارچە سۈرەت بىلەن يېرىم بەت قىلىپ ئېلان قىلىندى.

## بوۋاي بىر ئاز ئىككىلەندى

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جياتىڭيى ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن 18 ـ

كەنتكە بېرىپ، ئابلىز نۇرەكنى ئالايىتەن يوقلاپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئايبۇلاقنىڭ ئوقۇش، سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىز سېرىقبۇيا بازىرىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، سىزنىڭ روھىڭىزدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك، بىراق بىز سىزنى بالدۇر بايقىيالمىدۇق، بۇ بىزدىكى يېتەرسىزلىك دەپ قارايمەن... ھەرقانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا دەڭ، بىز ياردەم قىلىمىز. سىزگە پارتىيە، ھۆكۈمەت غەمخورلۇق قىلىدۇ. كېلەر ئايدا سىزنىڭ ئىش ئىزلىرىڭىزنى بازار بويىچە تەشۋىق قىلىپ، باشقىلارنى سىزدىن ئۆگىنىشكە چاقىرماقچىمىز. قىزىڭىزنى داۋالىتىشقا پۇل بولمىسا، مېنى ئىزدەپ بېرىڭ، مەن ئامالىنى قىلىپ بېرىمەن، خەلق ئىشلار ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي....

— رەھمەت جىيا شۇجى، رەھمەت! — دېدى ئابلىز نۇرەك ھاياجان بىلەن. ئۇ يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، پۈتۈن ئەزايىغا ئوت كەتكەندەك، ئاپئاق ئۇچتەك ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، كېيىن ئۇ مۇنۇلارنى ئاران - ئاران دېيەلىدى،— جىيا شۇجى مېنىڭ سىزگە، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئېغىرچىلىق سالغۇم يوق، بالا مېنىڭ ، ئاغرىپ قالسا داۋالىتىش، تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. بالىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم قۇربىم يەتكەن دائىرىدە قىلىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقىمەن. ماڭا قىلىدىغان ياردەمنى مەندىن تۇرمۇشى نامرات دېھقانلار بار، شۇلارغا قىلىسىڭىز. مەن دېھقان، تۇرمۇشۇم بىرقەدەر نامرات بولسىمۇ، ئۇنداق ئىشلارنى راستىنلا بېتىم كۆتۈرمەي قالىدىكەن.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ بۇ گەپچە، سىزنىڭ بىزدىن رەنجىپ قالغان يېرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنداق بولسا دەڭ، بىز تۈزەتسەك بولىدۇ...

— ياق - ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ مېنىڭ خۇيۇم، باشقىلاردىن تەمە قىلماي ياشاش مېنىڭ مىجەزىم ، ئاتا - بوۋامدىن شۇنداق ئادەتلىنىپ قالغان ئىكەنمەن. بۇ جاھىللىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ!...

— مۇنداق دەڭ، كونا ئادەتنى تاشلاڭ، ھازىرقى زامان قانداق زامان، كونىنى تاشلايمىز، يېڭىدىن ئىش باشلايمىز. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. مەن سىزگە بازارلىق پارتكومنىڭ نامىدىن گەپ قىلىۋاتىمەن. سىز جاھىللىق قىلماي، مەن دېگەندەك قىلىڭ. بىزنىڭ ياردەم بېرىشىمىزگە سىز ئىككىلەنسىڭىزمۇ بىز ئىككىلەنمەيمىز. بىزگە ماسلاشمىسىڭىز بولمايدۇ. سېكرېتار قېنى سىز.

بوۋاينىڭ ئىشىغا سىز ئىگە بولۇڭ، قىلىدىغان ياردەم بولسا سىز ئارقىلىق ئۇۋاقلىقى، ئىددىيىسىنى ھەل قىلىڭ... — كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى، — سىزدىكى روھ تەبىئىي پېتىلگەن روھ، دەل ئاشۇ روھ بىز تاپالماي يۈرگەن ۋە ئېرىششنى تەققەززا قىلىپ يۈرگەن روھ. سىزنىڭ شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىڭىز باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىز بۇنداق روھنى ئۆز ئورنىمىزدىمۇ بولسا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، زور كۆپ سانلىق كىشىلەردە يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولمساق بولمايدۇ...

— جيا شۇجى مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى، مېنى بەك خۇش قىلدىڭىز. راستىنى دېسەم ، سېكرېتارمۇ ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلدۇ، قىزىم ئاغرىپ قالسا پۇل يىغىپ ياردەم قىلدۇ. لېكىن، باشقىلاردىن پۇل يىغىپ، ماڭا بەرسە خەق توغرا چۈشەنمەي قالىدىكەن، غۇرۇرۇمغا تېگىدىكەن، شۇڭا ...

— مەن دەۋاتقان ئىش بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، خەقنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇنى سىز چۈشىنىڭ، بىز ھەر تەرەپتىن كۈچ چىقىرىپ قىزىڭىزنى ۋاقتىدا داۋالاتمىساق، ئۇنىڭ كېسىلى سەل قارايدىغان كېسەل ئەمەس. سىز ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزىڭىز چىقىپ كېتەلمەيسىز. سىز- بىز پارتىيىنىڭ كادىرى، بىر - بىرىمىزگە مەسئۇل بولمىساق، بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنمىسەك، بىر - بىرىمىزگە ياردەم بەرمىسەك بولمايدۇ...

شۇ ئىشتىن كېيىن بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جيا تېگىنىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 5 - ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلدى. مۇناسىۋەتلىك خادىملار بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىندى. ئالدى بىلەن ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سەييارە تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پائالىيەتتە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە مائارىپ فاڭجېن - سىياسەتلىرى بىرقەدەر كەڭ تەشۋىق قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئايبۇلاقنى بېقىۋېلىپ ئۇنىڭغا قىلغان مېھرىبانلىقى، خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بىرقەدەر ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى. 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشلانغان بۇ پائالىيەت جەريانىدا مەھەللىلەر ئارا تەشۋىقات ئەترىتى بازار تەۋەسىدىكى 15 ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر مەيداندىن دوكلات، لېكسىيە سۆزلەش ئېلىپ باردى، 7000 دىن ئارتۇق ئاما تەشۋىقاتتىن خەۋەر تېپىپ، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن قاتتىق

تەسرلەندى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ پائالىيەتنىڭ دائىرىسى كەنت، مەھەللىلەرگە كېڭىيىپ، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە قەدەر يەتكۈزۈلدى. دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن تولىمۇ سۆيۈندى.

ئابلىز نۇرەكنى تونۇشتۇرغان ماقالە بېسىلغان «قەشقەر گېزىتى» سېرىقبۇيا بازىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا 20 نەچچە مىڭ نۇسخا تارقىتىلغان شۇ سان گېزىت پۈتۈن ۋىلايەتنى قاپلاپ، ئابلىز نۇرەكنىڭ خاسىيەتلىك ئىشى ئەل قەلبىنى تىترەتتى.

ئابلىز نۇرەك قاتتىق ھاياجانلاندى، قەلبىدىكى بارلىق تۇيغۇلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ يېشىلدى. ئۆزىنىڭ بىردىنلا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بولىدىغان شەخس بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بۇ ئادەم، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى.

# ئاخباراتنىڭ سېھرىي كۈچى

2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەن يەنە بىر قېتىم سېرىقبۇيا بازىرىغا باردىم، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 ئەتراپىدا سېرىقبۇيا بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا بىر ئىش بىلەن كىردىم. بىردەمدىن كېيىن ئورگاننىڭ يىغىن زالىدىن بىر توپ ئادەم چىقتى، تونۇشلارنىڭ بىرىدىن سورىسام، ئابلىز نۇرەكنىڭ قىزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا پۇل ئىئانە قىلىش يىغىنىغا كىرىپ چىقتۇق دېدى. شۇ ئەسنادا مەن تونۇيدىغان، ئەمما سىرداشلىقىمىز يوق ئابلىز نۇرەك سىرتتىن كىردى. دەل شۇ چاغدا بازارلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دۇەن جىڭجىن مالىيە خادىمى مىجىت مۇھەممەت بىلەن يىغىن زالى تەرەپتىن كەلگەن پېتى ئابلىز نۇرەك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مىجىت مۇھەممەتنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن دەرھال ئاپپاراتىمنى توغرىلاپ بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم... بۇ تاسادىپىيلىق مېنىمۇ، ئۇلارنىمۇ ھەيران قالدۇردى!

مەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سېرىقبۇيا بازىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئابلىز نۇرەكنىڭ خەنزۇ قىزى ئايبۇلاقنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 4200 يۈەن ئىئانە قىلدى، دېگەن مەزمۇندا سۈرەت چۈشەندۈرۈشى قىلىپ، قىسقا خەۋەر يېزىپ، گې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زىتنىڭ 1 ـ بېتىگە تەگلىدىم ھەمدە ئابلىز نۇرەكىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا گەپ تەشـ
ۋىق قىلىنىۋاتقانلىقى، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى تەسىر-
لەرگە ئەسكەرتىپ قويدۇم. بۇ خەۋەر «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 2005 ـ يىلى 12 ـ
ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانىدا «سۇنۇلغاچقا ھېممەتلىك قوللار، قالمىدى بىۋاپىدا
ئەندىشە، ئويلار» دېگەن تېما ئاستىدا ئېلان قىلىندى. شۇ چاغدا مەن يەنە خەنزۇچە
گېزىتنىڭ مۇدىرى ليۈيىبىڭغا ئەھۋالنى دېسەم، ئۇ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— بۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن، دەرھال تەرجىمە قىلىپ ماڭا ئەكىرىپ بېرىڭ! — دېدى.

مەن شۇنداق قىلدىم. تەرجىمان دولقۇن ھېكىمئ خەنزۇچە گېزىت بۇ خەۋەرنى قەدىرلەپ ئېلان قىلدۇ، دېدى. دېگەندەك خەۋەر «قەشقەر گېزىتى» نىڭ خەنزۇچە 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 2 ـ بېتىگە سۈرەت قوشۇپ بېرىلدى. گېزىت جەمئىيەتكە تارقالغاندىن كېيىن، كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئابلىز نۇرەكىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى ناھىيە مەسئۇللىرىغا مەلۇم قىلدى ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

دەل مۇشۇ ئىش بولغان مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىنىڭ خادىملىرى سېرىقبۇيا بازىرىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كېسەللىنى سەييارە داۋالايدىغان بولدى. بۇ چاغدا بازار رەھبەرلىرى ئابلىز نۇرەكىنىڭ قىزى ئايبۇلاقنىڭ كېسەللىنىمۇ كۆرۈپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇلار بۇ ئىشقا تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ كۆرۈش جەريانىدا ئايبۇلاقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى، ئابلىز نۇرەككە خالىس ياردەم بەرمىسە، قىزىنىڭ كېسەلىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى، بۇ ئىش نازارەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى موجۇەنىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئايبۇلاقنىڭ ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. ئۇلار قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا ئابلىز نۇرەك ھەققىدە نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلارنى ئاڭلىدى ۋە بۇنى موجۇەنگە دوكلات قىلدى. نازارەت رەھبەرلىرى قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ دىققەت ـ ئېتىـ

بارنى قوزغىدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە خىزمەت تەكشۈرگەندە، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئالىجاناب پەزىلىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، موجۇەنگە ئۇنىڭدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ ، ھال سوراپ قويۇشنى تاپىلىغان. ۋاڭ لېچۈەن شۇجى قايتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خەلق ئىشلار نازارىتىدىكى رەھبەرلەردىن ئابلىز نۇرەكنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىزىنى داۋالىتىشقا ھەمكارلىشىش لازىملىقىنى تاپىلاشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغان.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، «قەشقەر گېزىتى» ، « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ، « شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » ، « شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى » شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى كەينى ـ كەينىدىن « ئايبۇلاقنىڭ ھېكايىسى » ، «زەپمۇ ئىللىق بۇ دۇنيا » ، « ئايبۇلاقنىڭ چېھرىدە نۇر ـ تەبەسسۇم » ، « بەختلىك ئايبۇلاق » ، «ئابلىز بوۋاي بارلىقىنى تاشلىۋېتىلگەن خەنزۇ قىزچاقنى داۋالىتىشقا بېغىشلىدى » ، «خەلق گېزىتى» «ئابلىز بوۋاي ئائىلىسىنىڭ ئايبۇلىقى » دېگەن تېمىلاردا خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، قەشقەردىكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ ئابلىز نۇرەككە ئائىت خەۋەر ـ ماقالىلەرنى بەردى. بۇ ئىش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قاتتىق دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قوللاش، مەدەت بېرىش، ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئابلىز نۇرەك ئەل سۆيگەن ئەرگە، ئايبۇلاق ئەلنىڭ قىزىغا ئايلاندى. بىز يۇقىرىدا ئۇتتۇرىغا قويغان يېڭى ناخشىمۇ ئەنە شۇنداق يارالغاندى.

## «پەرىشتە»لەرنىڭ ھىممىتى

ئايبۇلاققا پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، داۋالىنىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن سېخىي قولىنى سۇندى.

شۇنداق، ئايبۇلاق تېپىۋېلىنىپ 3 ـ كۈنى ئۇنىڭ ھېلىقى كېسىلى بايقالدى. بىچارە بوۋاي بىلەن موماي بالىنى دەرھال بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار بالىنىڭ كېسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلدى، دوختۇرخانا مەسئۇللىرىدىن

ئەخمەتجان بالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— بۇ خىل كېسەللىك كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ دوختۇرخانىدا بۇنداق كېسەلنى داۋالاپ باقمىدۇق، مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان... بىزمۇ ئوپېراتسىيە قىلمىساق، باشقا ئامال قىلالمايمىز. بىزگە ئىشەنمىسەڭلار، پۇلۇڭلار كۆپرەك بولسا، ۋاقىت يار بەرسە، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپارساڭلارمۇ بولاتتى. بالىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بەك خەتەرلىك، تېزدىن ئوپېراتسىيە قىلمىغاندا، ئاشقازان ـ ئۈچەيدىكى زەھەر بەدەنگە تارقاپ كەتسە، بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، گەپ سىلەردە! — دېدى.

بوۋاي بىلەن موماي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئۇ كام ئوپېراتسىيە قىلماي باشقا ئامال يوقمىدۇ؟

— ياق، ئېنىقلا تۇرمامدۇ، نەگە بارسىڭىز ئوپېراتسىيە قىلىدۇ.

— قانچە پۇل كېتەر، ئۇكام؟

— پۇلۇڭلار يوقمىدى؟

— سەل ئازراقتى شۇ...

— ئەنسىرىمەڭلار، كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، پۇلنىڭ كارى چاغلىق، مۇھىمى ئادەمنى قۇتقۇزۇش. تېز بىر قارارغا كېلىڭ، ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولساق قول قويۇڭ، پۇلنى ئارىلىقتا تۆلەپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. يەنە كېچىكسەك، بالىدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر...

ئۇلار بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قول قويدى، يېرىم سائەت ئىچىدە بالا ئوپېراتسىيىدىن چىقتى. بالىنىڭ قورسىقىدىكى يەل چىقىپ بوشاپ، چوڭ تەرەتتىمۇ شۇ ھامان راۋانلاشتى. بالىنىڭ يىغىسى، ئاھ ـ زارلىرى بېسىقىپ قالدى.

— ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، پۇل تاپقاندا، بالا سەل چوڭ بولغاندا چوڭراق دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ قايتا ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىساڭلار بولمايدۇ، لېكىن ئۈچ ياشتىن ئېشىپ كەتمىسۇن. يەنە توسۇلۇپ قالسا، دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار، يەنە ئاچمىساق بولمايدۇ.

دوختۇرلار بالىنى قانداق ئوزۇقلاندۇرۇش، قانداق پەرۋىش قىلىش، كېيىنكىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى دەپ بەردى. لېكىن، بۇ ئىككى

قېرىنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈكىدە قالدى. بالا يەنە قاچانغىچە مۇشۇ كېسەللىكنىڭ
دەردىنى تارتار ؟ قانداق داۋالىتارمىز ؟ پۇلنى نەدىن تاپارمىز ؟... ئۇلارنى غەم باسقان
بولسىمۇ، پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى تارتماي ئامال يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تونۇپ يەت-
تىكى، شۈكۈر ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئۇلار شۇ كۈنى
كېچىسى ھەر تەرەپتىن ئويلىنىپ، بالا ئۈچۈن تارتىشقا تېگىشلىك ھەممە جاپانى تار-
تىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى سۇ بولدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، ئۇلار پەرەز
قىلغان ئىش يەنە يۈز بەردى. بالىنىڭ چوڭ تەرىتى يەنە توسۇلۇپ، قورسىقى ئىششىپ
بولالماي قالدى. ئابلىز نۇرەك قىزىنى دەرھال بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ
باردى. دوختۇرلار بالىنىڭ چوڭ تەرەت يولىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ، شىلانكا سې-
لىپ، كېيىنكى توسۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئاساس سالدى. بىراق، ئىش
شۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى، ئابلىز نۇرەك ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بې-
رىپ، بالىنىڭ چوڭ تەرىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، داۋالىتىش بىلەن ئاۋارە بولدى. دوخ-
تۇرلار بالىنىڭ نالىسى، ئابلىز نۇرەكنىڭ بالىغا بولغان كۆيۈمى ۋە دوختۇرلارغا يالۋۇ-
رۇشلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنىڭ تاشلاندۇق خەنزۇ بوۋاقنى بېقىۋې-
لىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بالىنىڭ داۋالىنىشىغا
ھەرتەرەپتىن ياردەم بەردى، ھەتتا دۇختۇرخانا رەھبەرلىكى بالىنىڭ بارلىق داۋالى-
نىش، سايمان ھەققى قاتارلىقلارنى ئالماي داۋالاشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كې-
يىن، دوختۇرخانا ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بالىنىڭ شلانكىسىنى ئالماشتۇرۇپ، تەرەت
يۇمشاتقۇچى ۋە يەل ھەيدىگۈچى دورىلارنى بەردى. ئۈچ يىل داۋامىدا دوختۇرخانا
400 نەچچە قېتىم شلانكا يەڭگۈشلەپ، بالىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن بىۋاستە ياخشى
مۇھىت ياراتتى، ئىلگىرى ـ ئاخىر 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق دورا، ئوكۇل، سايمان،
مۇلازىمەت ھەققىنى ئالماي، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر قىيىنچى-
لىقىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى.

ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بەرگەن يەنە
بىر ئادەم 18 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئىمىن ئاۋۇت بولدى.
«ياندا بولسا يالغىلى يېتىپتۇ» دېگەندەك، ئۇ ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەن-
لىكى، بالا بېقىۋېلىش ۋە ئۇنى داۋالىتىش جەريانىدا قىيىلىنىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئېغىر

قىيىنچىلىقلىرىنى ئەڭ بالدۇر ھېس قىلغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەينى چاغدا ئابلىز نۇرەكىنىڭ خەۋىرى يوق ھالدا كەنت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 613 يۈەن يىغىشىپ قىلىپ ئابلىز نۇرەككە يەتكۈزۈپ بەردى.

— ئۇلارغا ئېغىر چىلىق سالمىساق بولاتتى، مەن مۇشۇ پۇلنى ئالماي، ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ كېتەرمەن، — دېدى ئابلىز نۇرەك ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتقاچ.

— ئېلىڭ، سىزمۇ باشقىلار قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم قولىڭىزنى سۇنغان. بۈگۈن سىز قىيىنچىلىق تارتىۋاتىسىز، ئەمدى باشقىلارمۇ قاراپ تۇرسا بولمايدۇ. كىشىنىڭ كىشىدە ھەققى بار. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دەيدىغان گەپ بار. سىز يۇرتىمىزدىكى تەۋەررۈك ئادەم، سىزنى ئەزىزلىشىمىز، بارنى تەڭ كۆرۈپ، تالىشىپ يەپ، ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئابلىز نۇرەكىنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتسە ـ كەچسە ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلدى، ھەتتا ئابلىز نۇرەكىنىڭ ھەر يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگىكىنى ياچېيكىدا قارار قىلىپ كۆتۈرۈۋەتتى.

بىراق، ئابلىز نۇرەك ئۇ بەرگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي باشقىلارنىڭ:

— ئابلىز نۇرەك خەنزۇنىڭ بالىسىنى بېقىۋالغانىنى دەسمى قىلىپ، پايدا ئېلىشقا چۈشۈپتۇ، تەپ تارتماي، بالىنى داۋالىتىمەن دەپ، تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ!— دېگەندەك تەنىلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

بۇ چاغدا ئۇ ئالەمدە بار ـ يوق بولغاندەك قاتتىق پاراكەندە بولدى، كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولۇپ كەتتىكى، بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىمىن ئاۋۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرد تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشنى مېنى قىينالدى دەپ ھەرگىز قىلماڭ، سىز بەرگەن پۇلنى ئىلگىرى بالىغا دورا ئېلىپ قەرز بولۇپ قالغان قەرزگە بېرىپ بولدۇم، بۇ پۇلنى كۆزدە كېيىنكى ساتقاندا قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ.

بۇنداق ئاھانەتكە مەن چىدىماي قالىدىكەنمەن، بېتىم كۆتەرمەيدىكەن. ئەزەلدىنلا مەن باشقىلارغا تېۋىنىپ ياشاشنى يامان كۆرەتتىم، ۋىجدانىم يول قويمايتتى، شۇ چاغدا شۇ پۇلنى مەن ئالماي دەپ سىزگىمۇ دېگەن ئىدىم، مۇشۇنداق گەپ چىقىپ قالامدىكىن دەپ، ئەنسىرىگەن ئىدىم ، دېگىنىم كەلدى.

— ھەي، بۇ گەپنى قايسى نائەھلىي دېگەندۇ ؟

— بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماڭ، ئۆتكەنگە سالۋات!

— ھەي جۇما... كىم دېگەن بولسا ياخشى قىلماپتۇ، ئادەم دېگەن ھەر خىل بولىدىكەن، بۇنىڭغا رەنجىمەڭ.

— ياق، مەن خۇش بولاي، ماڭا ئامىمغا قانداق مۇئامىلىدە بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، سىياسەتتە قانداق قىل دېگەن بولسا شۇنداق بولسۇن، تىل قىسىلدىغان، ئاھانەت ئاڭلايدىغان ئىشنى قىلمايلى. مەنمۇ بىر ئادەم ، باشقىلار قىلغاننى مەنمۇ قىلالايمەن...

ئۇ بۇ ئىشنى نەچچە كۈنگىچە ئىچىگە ئۇرۇپ، جىمىپ كەتتى. لېكىن، بىر ـ ئىككى ئىش، بىر ـ ئىككى گەپنى دەپ، جاھاندىن كەچكىلى بولمايتتى، قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ قويغىلى تېخىمۇ بولمايتتى...

## كىمگە ئېيتاي دەردىمنى

بالا دەردى يامان دەرد. ئابلىز نۇرەك ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق بولدى، بولۇپمۇ بالىنىڭ ھېلىقى نېجىس كېسىلى ئۇلارنى قاق سەنەم قىلىۋەتكەندىن باشقا، بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشاش، ئارام تېپىش ئىمكانىيىتى، ئۇھ دېگۇدەك پۇرسەت بەرمىدى. لېكىن، ئۇلار بەرداشلىق بەردى، بىر خىل مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر باغلىنىش ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەممە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، بالا ئۇچۇن ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈپ، ھەرقانداق چاغدىمۇ بەربات بولمايدىغان مۇقەددەسلىككە ئىگە قىلدى.

بالىنىڭ كېسىلى ھەر قېتىم قوزغالسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا ياغاتتى، بەزىدە بالا ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا بالا كۈتمىگەندە تەرەت قىلىپ، ھەممە نەرسىسنى بولغاپ ، ئاۋارىچىلىك سالاتتى. بىراق، ئۇلار بۇنداق ئاۋارىچىلىك-

نى بالىنىڭ ئازاب تارتقىنىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئىش بولدى دەپ قاراپ، بولغانلارنى بىرمۇبىر تازىلاپ، بەزىدە كىيىم - كېچەك، بەزىدە يوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيۇپ قۇرۇتاتتى.

2000- يىلى ئۇلار بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى خادىملارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئايبۇلاقنى يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق، يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالاتقۇدەك كۆپ پۇلى يوق ئىدى، شۇ يىلى كۈزدە ئابلىز نۇرەك كېۋەز سېتىپ قىلغان كىرىمىدىن ئاشقان 1600 يۈەننى يانچۇقىغا ئايرىم سېلىپ، قىزىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1- خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بۇ پۇل ئازلىق قىلاتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بازارنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى ئۇنىڭغا 2000 يۈەن يىغىش قىلىپ بەردى. ئۇ دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن، دوختۇرلار ئۇنىڭ پەزىلىتىگە ۋە جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، بالىنى كۆيۈنۈپ داۋالىدى. ئۇلار بىردەك: «بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ھازىرچە بولمايدۇ، كۆپ قېتىم شالاڭكا سېلىشىمۇ زەخىملەندۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىمكانىبار دورا بىلەن ساقايتىش، ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دەپ قارىدى. كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش ئايبۇلاقنىڭ سالامەتلىكىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى، ئايبۇلاق بۇ قېتىم شالاڭكا سالمىسىمۇ چوڭ تەرىتىنى راۋان، قىينالماي قىلالايدىغان بولدى. بۇ خۇشاللىقتىن ئابلىز نۇرەك ئائىلىسى چەكسىز بەختكە چۆمگەندەك بولدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىدىغان بولدى، دەپ زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولدى. بىراق، ئۇلار ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاققا بارمايلا ئايبۇلاقنىڭ چوڭ تەرەت يولى يەنە توسۇلۇپ، چوڭ - كىچىك تەرەت ھەر ئىككى تەرەت يولىدىن ئارىلىشىپ كېلىدىغان، ئايبۇلاقنىڭ يىغا - نالىسى جاھاننى بىر ئالىدىغان قىيىن شارائىتقا دۇچ كەلدى.

قىزىنىڭ داۋاسى ئۈچۈن تىنىڭ - تىڭلاپ يۈرگەن ئابلىز نۇرەك قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق 1 - دوختۇرخانىسىنىڭ داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، 2001 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قىزىنى ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، بۇ قېتىم يەنە كەنت ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا 2620 يۈەن ياردەم قىلدى. ئۆزى 2800 يۈەن تەييار قىلغانىدى. ئارىدىن 16 كۈن ئۆتكەندە دوختۇرخانا ئايبۇلاقنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقى ھەمدە يەنە 800 يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇردى. بۇ

چاغدا ئۇنىڭ قولىدا ئۈنچىلىك پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتىق. بوۋاينى ئاچچىق خورسىنىش ۋە بىچارىلىك چۇلغىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى، بۇنى كۆرگەن بىر داۋالانغۇچى بىمار قاتتىق تەسىرلەندى ۋە 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ كەملىگەن پۇلنى تۆلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايبۇلاق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىندى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا بالىنىڭ چوڭ-كىچىك تەرەت يولىنىڭ تۇغما مېيىپ ئىكەنلىكىنى، ئۆمۈر بويى توي قىلىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى، كېيىن يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ، چوڭ تەرەت يولىنى ئاچقاندا، ئاندىن بالىنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ چوڭ تەرەت يولى ئېغىر دەرىجىدە توسۇلۇپ قالمىغان بولسىمۇ، پات-پات كىچىك دائىرىدە توسۇلۇپ ئاۋارىچىلىك سېلىشتىن مۇستەسنا بولماي كەلدى. شۇڭا ئۇ، داۋالىتىشنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ سەككىز يىلچە ۋاقىت ئىچىدە دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئايبۇلاقنىڭ داۋالىنىشىغا ئىشلەتتى، ھەتتا ئۇ قوي، كالىلىرىنىمۇ سېتىپ تۈگەتتى ۋە يىلدىن-يىلغا نامراتلىشىپ كەتتى...

## سەممىيلىكنىڭ تۈرتكىسىدە

ئايبۇلاقنىڭ كېسىلى ئابلىز نۇرەكىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابى ئىدى. ئۇنىڭ چاقماقتەك گەپلىرى، چاققان ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئۆزگىچە كۆيۈنۈشلىرى بوۋاينىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئېغىر بېسىملىرىنى ۋاقىتلىق يېنىكلەتسىمۇ، قېرىلىق ۋە نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاجىزلىق ۋە پۇشۇقۇنۇشلىرى يوقالمايتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ جاھىللىقىغا تەن بەرسە، بەزىدە شۇ جاھىللىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان زىيانلىرىنى تولدۇرۇشقا مايىل بولۇپ قالاتتى ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمىنى رەت قىلىپ، ئاغزىدىن گەپ چىقىرىپ يامان قىلغانلىقىنىمۇ ئويلاپ سەل يۇمشاپمۇ قالاتتى.

كەنت ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ياردەم قولىنى سۇندى، بۇ چاغدا ئۇ ئاساسەن رەت قىلىش، قۇربى يېتىشىچە ئۆزى ھەل قىلىش تەرەپدارى بولدى. ئالدىنقى يىلى كەنت ئۇنىڭ تېرىلغۇ ئېتىزىغا پارنىك ياساپ، ئۇنىڭ تېزرەك باي بولۇشىغا مەدەت بەرمەكچى بولدى، بۇنىڭغا كەنت 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىراتتى. بۇ چاغدا ئۇ سەل ئىك-

www.uyghurkitap.com

كىلىنىپ قالدى. چۈنكى، كەنت تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنىمۇ قىزنىڭ سە-
ۋەبى بىلەن بولغان دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. بىراق، كەنت كادىرلىرى سەۋرچانلىق
بىلەن مەسىلىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئەندىشىسىدىكى ئەندىشىنى تۈگەتتى.
ئابلىز نۇرەك 74 ياشقا كىرگەن، تېنى ساغلام ، زېھنىي قۇۋۋىتى جايىدا. تۇرۇ-
قىدىن جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن ئۇزاق يىل جاپا ـ مۇشەققەت
تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان بەستلىك ئادەم ئى-
دى. ئۇنىڭدا ئاشۇ تۇپراقتا ياشىغان دېھقانلارنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتى ۋە كەڭ
قورساق، سېخىيلىقى مۇجەسسەم بولغاندەك قىلاتتى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش،
ئىشنى مۇستەقىل قىلىش روھىغا ئىگە پاراسەت ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ يېتەك-
چىسى بولۇپ كەلگەن دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى.
ئابلىز نۇرەك 1957 ـ يىلى كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، ئۇ 1955 ـ يى-
لى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، ئاساسىي قاتلامدا رەھبەرلىك ۋەزى-
پىسىنى ئۆتەشكە قەدەم قويغان. ئۇ تاكى 2000 ـ يىلىغا قەدەر كەنت كومتېتىنىڭ
مودىرى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەپ، بىر ئۆمۈر پارتى-
يە ۋە خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلغان. شۇنچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، نۇرغۇن شان-
شەرەپ ۋە تەقدىرنامىلەرگە ئېرىشكەن؛ رەھبەرلىك خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كې-
يىنمۇ ئۇ ياللىرىنى يېتەكلەپ، ئۆزىگە تەۋە 16 مۇ يەرگە ياخشى ئىشلەپ، تىرىشچان-
لىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشقان؛ يەر تەۋرەش قا-
تارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەن يىللاردا باشلامچى بولۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش
ئىشلىرى ۋە قايتا قۇرۇش ئىشلىرىدا گەۋدىلىك رول ئوينىغان؛ كومپارتىيە ئەزالىرى-
نىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ،
ئۈلگە بولۇش تېپىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان ۋە 2002 ـ يىلىدىن
باشلاپ ئائىلىسىدە «پارتىيە ئەزالىرىنى ئېلېكترونلۇق تەربىيىلەش نۇقتىسى» قۇ-
رۇپ، كۆپ قېتىم كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ياشلارنى تەشكىللەپ، پارتىيە بىلىملىرى،
پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش ئېلىپ بارغان. شۇڭا ئۇ، مارالبېشى
ناھىيىسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئۈچ خىل پېشقەدەم» بولۇپلا قال-
ماستىن، 2005 ـ يىلى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ تۈردە شان ـ شەرەپ مېدال-
غا ئېرىشكەن، ناھىيە ۋە ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئابلىز نۇرەك ئەل ئارىسىدا ئىناۋەت ـ ئوبرازى، جەمئىيەتتە ئورنى بار ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بولمىغۇر گەپلىرىدىن بەكمۇ بىزار بولاتتى، ئىناۋەت ـ ئوبرازىنى تۆكۈشنى خالىمايتتى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ تۇرمۇشنى تۇرمۇش قىلىشنى ئەلا بىلەتتى.

2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئۇنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى ، تەشكىل ئۇنىڭغا 12 مىڭ يۈەن ئۆي سېلىش ياردەم پۇلى بەردى، بۇ چاغدا ئۇ : «مەن ئالاھىدە بولۇۋالسام بولمايدۇ، پۇلنىڭ كۆپرەكىنى باشقىلارغا بېرىڭلار » دېدى. كەنت رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا : «سىزنىڭ ئۆي سېلىشىڭىزغا ئالدىن ياردەم بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى پارتىيەمىزنىڭ مۇھىم بايلىقى، سىزگە كۆڭۈل بۆلمىسەك، كەلگۈسىدە بىزگىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ » دېدى. بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئۆيىنى ۋاقتىدا سېلىۋالدى.

ئەمما ئۇ، گەپ بولۇپ قېلىشنى ۋە مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش نامراتلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، قىزىنى داۋالىتىشقا پۇل ئىئانە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بالىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقى، ئۆزىنىڭ قۇربىتىنىڭ يەتمەسلىكى تۈپەيلىدىن دوختۇرخانا، بازارلىق ھۆكۈمەت دېگەندەك ئىقتىسادى بار جايلارنىڭ قىزى ئۈچۈن بەرگەن پۇللىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە چوقۇم ئۇلارنى كېيىنچە قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ نىيەت قىلىپ يۈردى. رېئاللىق ئۇنىڭ خىيالىدەك بولماي قالدى...

بىراق ئۇ، بۈگۈنكى كۈندىكىدەك پۈتۈن جەمئىيەتتە ئايبۇلاققا كۆڭۈل بۆلىدىغان كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى!

## ئايبۇلاقنىڭ بەختى كۈلدى

— مەن كېسىلىمنى ساقايتقىلى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بولدۇم، — دېدى ئايبۇلاق ساۋاقداشلىرىغا خۇشلۇقىنى ئىزھار قىلىپ، — بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ بارىمىزچا!...

بۇ ئۇيغۇرغا خاس تەپەككۇرنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئۇ راستتىنلا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بولدى.

2006ـ يىل 2ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولسىمۇ، مارالبېشى ۋوگزالى
قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇش، تەنتەنە قىلىش كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. ئۇزاتقىلى چىقـ
قانلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئاتـ
دۇغىنى ئىگەمبەردى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ كاشېڭ، ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى مۇختەر ئىبىسا، شۇنىڭدەك ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېلىمجان ئابلىز ۋە بىر قىسىم ھەربىي، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇ-
غۇچى، خەلق ئاممىسى بار ئىدى. ليۇ كاشېڭ ناھىيىگە ۋاكالىتەن بوۋايغا 10 مىڭ
يۈەن يوللۇق تۇتتى.
پويىز يۈرۈپ كەتتى، ئايبۇلاق ئاخىر كېسىلىنى داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىگە يول ئال-
دى. بۇ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەخت ۋە ئامەتتىن دېرەك بەردى، پويىزدا تۇن-
جى قېتىم ئولتۇرغان ئايبۇلاق بەك خۇشال بولدى ۋە تولىمۇ يېڭىلىق ھېس قىلدى.
دادا بىلەن ئانىنىڭ چىرايىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خۇشاللىق ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈ-
سىز تەشەككۈر مەۋج ئۇراتتى. ئۇلار قىزىنىڭ بەختىنى، سالامەتلىكىنى، يېڭى ھايا-
تىنى كۆرگەندەك ھاياجان ئىلكىدە سۆيۈنمەكتە ئىدى...
پويىزدىكى يولۇچىلار بۇ ئۈچ بىر تۇغقانغا ھەم ھەۋەس بىلەن، ھەم ھەيرانلىق
بىلەن قارايتتى. پويىز توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە . ھېلىقى ئۇچەيلەن بىر ـ بىرىگە
ئاجايىپ چوڭقۇر مېھىر بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بوۋاي بىلەن موماي قىزىنى ئەرك-
لىتىپ مەڭزىلىرىگە سۆيەتتى، قۇچىقىغا ئېلىپ تاماق يېگۈزەتتى، بۇنداق كەيپىيات
تاكى ئۈرۈمچىگە بارغۇچە داۋاملاشتى...
ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ
شۇجىسى موجۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر ئابلىز نۇرەكنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن
كۈتۈپ تۇراتتى. ئابلىز نۇرەك پويىزدىن چۈشۈپلا ئۇلارنى تونۇۋالدى. ئابلىز نۇ-
رەكنى يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ھاياجان چۇلغىۋالدى. ھاياجانلىنىشتىن ئۇنىڭ قول-
لىرى، ھەتتا پۈتۈن بەدىنى تىترىمەكتە ئىدى:
ــــ مو شۇجى ، بۇ يەرگە ئالايىتەن سىز چىقمىسىڭىزمۇ بولاتتى، ھېلىمۇ بىزگە
قىلىۋاتقان ياخشىلىقىڭىز ئاز ئەمەس،ــــ دېدى ئابلىز نۇرەك ئۆزۈپ-ئۆزۈپ،ــــ
سىزنىڭ خىزمىتىڭىز شۇنچىلىك ئالدىراش تۇرسا. مەن سىزگە، ھەممەيلەنگە چىن
دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ۋاڭ لىچۈەن شۇجىغا رەھمەت ئېيتىمەن! سىلەرنىڭ

بىز گە قىلىۋاتقان ياردىمىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن!...

— بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىۋاتىمىز، رەھمەت دېيىش كەتمەيدۇ، سىز پارتىيە، ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىڭ...

— رەھمەت، رەھمەت، پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە، خەلققە رەھمەت!

بۇ تۇنساخان ئانىنىڭمۇ، ئايبۇلاقنىڭمۇ تەكرارلىغان يۈرەك ساداسى بولۇپ قالدى.

— سىلەر ھېچ نەرسىدىن تارتىنماڭلار، خۇددى ئۆز ئۆيۈڭلاردا تۇرغاندەك تۇرۇڭلار، نېمە ھاجىتىڭلار بولسا دەڭلار. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئايبۇلاقنىڭ كېسىلى بۇ قېتىم ئۈزۈل - كېسىل ساقىيىدۇ!— موجۇمن خۇشخۇيلۇق بىلەن شۇنداق دېدى ھەمدە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئۇلارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق 1 - دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ كېسەل كارىۋىتىغا ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، بۇ دوختۇرخانا رەھبەرلىرى ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىنىڭ تۇغما مېيىپ خەنزۇ قىزنى توققۇز يىلدىن بۇيان بېقىپ، كېسىلىنى داۋالىتىپ، كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغان ئىنسانپەرلىك، سەممىيلىك داستانلىرىنى ياراتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئايبۇلاقنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلار كېسەل كارىۋىتى قىس بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدىمۇ ئايرىم ياتاق، مەخسۇس كارىۋات ئاجراتتى ھەمدە ئەڭ ياخشى داۋالاش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئوپېراتسىيە تەييارلىقىنى پۇختا قىلدى.

ئوپېراتسىيە زادى قانداق بولار؟ ئۇ راستتىنلا ساقىيارمۇ؟ بۇ ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانىنىڭ ئەندىشىسى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭمۇ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئاشۇ سوئاللارغا ياخشى جاۋابنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

## سېخىيلار ھەر جايدا بولغاچ دۇنيا ئىللىق

جەمئىيەتنىڭ قوينى بەكمۇ كەڭ. ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە بولىدۇ. ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە سېخىيلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيەت مەۋجۇت. دەل مۇشۇ نەرسىلەر بولغاچقا، ئادەملەر گۈزەل، دۇنيا ئىللىق تۇيۇلىدۇ. ئايبۇلاق دەل ئاشۇ خىل ئىللىق

ھارارەتنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولغان قىز. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بەخت ـ تەلىيى بار. ئۇنى ئابلىز نۇرەكتەك ئاق كۆڭۈل ئادەم تېپىۋالدى، بۇ بىر بەخت؛ ئۇنى يەنە ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانىدەك سېخىي كىشىلەر بېقىپ چوڭ قىلدى، داۋالاتتى، ئوقۇتتى، بۇ يەنە بىر بەخت؛ ئۇنى يەنە نۇرغۇن سەمىمىي كىشىلەر قوللىدى، مانا بۇ يەنە بىر بەخت؛ ئۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۆز قوينىغا ئالدى، ياخشى دەۋر ئىللىق ھارارىتى بىلەن ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ، پارلاق يول ئېچىپ بەردى، مانا بۇ ئەڭ زور پۇرسەت، شۇنداقلا بۇ يەنە بىر زور بەخت!

جەمئىيەتنىڭ ھەممە جايىدا سېخىيلار بار، شۇڭا دۇنيا ئىللىق. بۇنىسى راست. ئابلىز نۇرەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق 1 ـ دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ۋە قىزنى داۋالىتىۋاتقان مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىگىلەپ، كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى، ئايبۇلاق ئوپېراتسىيەدىن ئوڭۇشلۇق چىققاندىن كېيىن بېرىپ يوقلىدى. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئاۋام خەلقمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى، تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى؛ بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن يوقلاپ كىرىپ، گۈل، مېۋە ـ چېۋە، پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ، ئېسىل، سەمىمىي قەلبىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئىش ئابلىز نۇرەكنى ھېسابسىز تەسىراتلارغا چۆمۈلدۈردى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بۇ يەردىكى تەسىرلىك كارتىنىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن ھاياتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان شاپائەتلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى :

ئايبۇلاق سېرىقبۇيا بازارلىق خەنزۇ 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى مەرھۇم راخمانجان ئوبۇل قىزچاقنىڭ ئەھۋالىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەپ، ئوقۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. دەرسلەرنى ئەستايىدىل ۋە زېرىكمەي ئۆگەتتى، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەمكارلاشتى،كېسەل ئاۋارىچىلىك سالغاندا يېرگەنمەي ئېغىرىنى كۆتۈردى؛ بەزىدە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بالىلىرى بىلەن غىزالاندۇردى. ئوقۇش پۇلى ۋە دەپتەر ـ قەلەم، كىتاب قاتارلىقلارنى خالىس بەردى. مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلەرگە ئابلىز نۇرەكنىڭ

ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئايبۇلاققا كۆڭۈل بۆلۈش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى.

2001ـ يىلى ئابلىز نۇرەك قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق 1 ـ دوختۇرخانىسىغا ئاي-بۇلاقنى داۋالاتقىلى بېرىپ ، ئوپېراتسىيىگە پۇلى كەملەپ قالغاندا، 1000 يۈەن پۇل ياردەم قىلغان كىشى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كا-دىرى ئېلى ئابدۇللا بولۇپ، ئۇ ئاشۇ قېتىمقى سېخىيلىقنى ھېچكىمگە تىنمىدى ۋە باشقىلار ئالدىدا مىننەت قىلىپ باقمىدى؛ سېرىقبۇيا بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسى-دىكى تېببىي خادىملارنىڭ خالىس ئەجرى، خالىس ياردىمى ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاق خالاتلىق پەرىشتىلىك رولىنى ئايبۇلاقنى داۋالاش جەريانىدا ئەڭ جانلىق نامايان قىلىپ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى يېتەرلىك ئادا قىلدى. ئۇلارمۇ ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن مىننەت قىلمىدى، شۆھرەت تەمە قىلمىدى.

2006ـ يىل 2ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابلىز نۇرەكنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، كى-يىم ـ كېچەكلەر بىلەن ھال سورىدى ھەمدە ئۇنىڭ « ئۈچ ئايرىلالماسلىق » ئىدىيى-سىنى نامايان قىلىپ، پارتىيىۋىلىكنى مۇستەھكەم قوغداپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، گۈزەل، ئالىيجاناب پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى مەدھىيىلىدى.

بۇ قېتىم ئايبۇلاق ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، پويىزدىكى ناتونۇش يولوچىلار ئابلىز نۇ-رەك ئائىلىسىنىڭ ئايبۇلاقنى تەربىيىلەش جەريانىدىكى تەسىرلىك ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلاندى. شىنجاڭ « 1 ـ ئاۋغۇست » پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قەشقەر تىجارەت شىركىتىنىڭ ئىشچىسى جاۋ پىڭشيا ئايبۇلاققا 200 يۈەن يوللۇق تۇتتى؛ ئو-قۇغۇچى لۇڭ يۈنشياۋ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش قوراللىرىنى ئايبۇلاققا سوۋغا قىلدى؛ پويىز باشلىقى ليەن چيۇڭ پويىز خادىملىرىغا ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىدىكىلەرگە ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىشنى تاپىلىدى ۋە تاماق ۋاقتى بولغاندا ئۇلارنى ئۆزى پويىز ئاشخانى-سىغا باشلاپ بېرىپ غىزالاندۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لى نەن ئايبۇلاق ئۈرۈمچىدە داۋالىنىۋاتقان كۈندىن باشلاپ، دەرسلى-

رىنى خالىس تەكرارلىشىپ، دەرس ئۆتۈپ بەردى...

ئابلىز نۇرەك بۇ شەپقەت، سەممىيەتنى قانداقمۇ قايتۇرالىسۇن؟! پەقەت رەھمەتلا دېيەلەيدۇ. ئۇلارغا سالامەتلىك ۋە بەخت تىلىيەلەيدۇ. مەڭگۈ ئۇلارنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يەكۈنگە ئىگە ئىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالىسىمۇ، كونكرېت ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ...

شۇنداق، ئەل سۆيگەننى ئەل سۆيىدۇ، ئەلنى قەدىرلىگەننى ئەل قەدىرلەيدۇ. ئىنسانىيلىق قەدىر ـ قىممىتىنى، بۇرچىنى تونۇغان ، ئىنسانلارنى خۇددى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيۈشنى بىلگەن ئادەملەرنى ئەل سۆيىدۇ؛ بىلىش كېرەككى، ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئۆزى بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك مەنزىلىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنى، يول قويۇپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشنى بىلەلەيدىغان، ئەڭ مۇھىمى ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيدىغان روھ ئەڭ پاكىز، ئەڭ نۇرلۇق روھ بولۇپ، ھامان يەردە قالمايدۇ، دەمال جاپا تارتسىمۇ خارلىق كۆرمەيدۇ. ئۇ مەڭگۈ ـ مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ!

## قۇتلۇق كۈنلەردىكى ئالقىش

ئابلىز نۇرەك ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەت ئارزۇ قىلغان، كۈتكەن قۇتلۇق كۈنلەر ئاخىر يۈز ئاچتى. ئابلىز نۇرەكنىڭ چېھرىدىكى كۈلكە، تۇنساخان ئانىنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم، ئايبۇلاقنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىكى شادلىق ئۇلارنىڭ تېپىلغۇسىز بەختكە سازاۋەر بولغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى؛ مانا مۇشۇ مىنۇتلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن نامسىز، قەدىردان كىشىلەرنىڭمۇ يۈرىكى ئۇلاردىكى شادلىققا شېرىك بولغاندەك سوقۇۋاتاتتى.

بۇ خۇشاللىقنى كىشىلەر ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىدىكىلەر ئۇرۇمچىگە بېرىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىش جەريانىدا ناھايىتى تولۇق ھېس قىلدى. بۇ مىنۇتلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز، تېپىلماس مىنۇتلار ئىدى.

شۇنداق، ئۇ ئاشۇ چاغلاردىكى ئىنسانىي كۆيۈم ۋە دەۋر بەرگەن شاپائەتنى ئېسىد-

دىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدى.

2006 ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەتىگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. بۇ يەرگە كەلگەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئايبۇلاقنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن توپلانغانىدى. سائەت 00 :9دىن ئاشقاندا، ئايبۇلاق دادىسى ئابلىز نۇرەك، ئانىسى تۇنساخان ۋە ئۆزىنى داۋالىغان دوختۇر- سېستىرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانا ئالدىغا چىققاندا، كىشىلەر ئۇزاققىچە ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى. ئايبۇلاق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە چۈچۈك تىللىرى بىلەن :

— ھەممىڭلارغا رەھمەت، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە رەھمەت، ۋاڭ لېچۈەن شۇجىگە، ئىسمائىل تىلىۋالدى رەئىسكە، موجۈەن شۇجىغا رەھمەت! مەن سىلەرنىڭ مېنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدىڭلارنى تولۇق ئاقلايمەن! — دېدى. ئۇ چوڭقۇر ھاياجان ۋە بەختكە چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئىللىق قۇياش نۇرىدا چوغلۇقتەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كىشىلەر توپىغا ئۆزىنى ئېتىپ، كىملەر بىلەندۇر قىزغىن سالاملاشتى، بەزىلەر بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئايبۇلاقنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، ئۇنىڭ شادلىقىغا ئورتاقلاشتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ۋە ئابلىز نۇرەك، تۇنساخان ئانا ۋە دوختۇرلارغا گۈل تۇتۇپ، ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى ۋە رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى ئىپادىلىدى. تەبرىكلەش، ئۇزىتىپ قويۇش مۇراسىمىدىن كېيىن، كىشىلەر ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىنىڭ تۇققۇز يىللىق جەبىر ـ جاپالىق كەچۈرمىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سۆيۈنۈش بىلەن ھېس قىلدى.

دەل مانا مۇشۇنداق ئىشتىن يەنە بىرى 5 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قەشقەر ئايرودرومى ۋە ئابلىز نۇرەكنىڭ ئۆز يۇرتى سېرىقبۇيا بازىرىدا يۈز بەردى. شۇ كۈنى ئابلىز نۇرەك ئايالى تۇنساخان بىلەن ئايبۇلاقنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەر ئايرودرومىدا ئايروپىلاندىن چۈشكەندە، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېلىمجان ئابلىز، مارالبېشى ناھىيىسىدىن كەلگەن رەھبەرلەردىن ھەسەنجان ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇلار ئولتۇرغان ئاپتوموبىل سېرىقبۇيا بازىرىغا يېتىپ بارغاندا، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە سېرىقبۇيا بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۇلارنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياجانغا چۆمدۈردى. كىشىلەر ئايبۇلاقنىڭ تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەلگەنلىك-

دىن چوڭقۇر سۆيۈندى. ئايبۇلاقنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئورىۋېلىپ، بارنىكالللا دەپ تۇۋلاشتى، ئائىلىسىدىكى ئاكا ـ ئاچىلىرى، نەۋرە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ، باغرىنى يېقىپ، تەشنالىق سىغىنىشلىرىنى كۆز ياشلىرى ۋە يۈرەك سۆزلىرى بىلەن نامايان قىلدى...

ئايبۇلاق ئۈرۈمچىدىن سېتىۋېلىپ سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كىيىم ـ كې-چەك، خاتىرە بويۇملىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بىرمۇبىر تەقدىم قىلىپ ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى توختىغاندىن كېيىن، ئايبۇلاق چارۋا مال قوتۇنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ 100 كۈن بۇرۇن ئۆيدە قويۇپ كەتكەن قويلىرىنى يوقلىدى. قوتاندا موجۇت شۈجى ئېلىپ بەرگەن مەكتەپ چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىشلىق قارىدى، ئۇ بۇدرۇققىنە بىرنى قوزىلىغاندى. ئۇنىڭ شادلىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. ئۇ مەھەللىدىكى ھەربىر ئادەم، ھەربىر دەل ـ دەرەخ، ئۇچارقۇش بىلەن مۇڭدىشىدىغاندەك تەرەپ ـ تەرەپكە چاپاتتى. كىملەرگىدۇر، نېمىلەرگىدۇر ئۆزىنى ئاتقۇسى، باغرىنى ياققۇسى، ئۆزىنىڭ تولۇق ساقايغانلىقىنى، ھېسابسىز بەختكە چۆمگەنلىكىنى دېگۈسى كېلەتتى...

## شادلىق ئىچىدىكى ئەسلىمە

ئابلىز نۇرەك ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پوت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك، ئۇ بىر خىل يېنىكلىك، ئازادىلىكنى ھېس قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەندەك قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىشقا ئاشتى، ھاردۇقى چىقتى، مانا بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بەخت، ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش، ئۇتۇق ئىدى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ھاردۇقى تولۇق چىقتى، ئېتىزغا ئۆگىنىپ قالغان، ئىشلەشكە كۆنۈپ قالغان خۇيى ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى، ئۇ ئېتىزغا، ئېغىل ـ قوتانلىرىغا كىرىپ بۇرۇنقى ئادەت خاراكتېرلىك تىرىكچىلىكىنى قىلىشقا باشلىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىرى خۇددى ئۇ ياشىرىپ قالغاندەك ئاسان يۈرۈشتى، ئېغىر ئىشلارمۇ يېنىك تۇيۇلدى!

ئايبۇلاق مەكتەپكە باردى، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ بەك خۇشال، ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ، مەكتەپكە بارغان

تۇنجى كۆنى كەچتە ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانا ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئومۇمىي
ئىشلىرىنى بىرمۇبىر سۈرۈشتە قىلدى؛ ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىدىكى
ئۆزگە بولغان قىزغىنلىق، كۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىشلەرنى قالدۇرماي، ھاياجان ئىلـ
كىدە بايان قىلىپ بەردى. ئۇ چوڭ ـ كىچىك تەرتىپ توغرىسىدا گەپ قىلىشنى ئۇنـ
تۇلۇپ قالغاندەك ئاتا ـ ئانىسىنى تەقەززا قىلىۋەتتى. ئاخىر تۇنساخان ئانا سورىدى.
ئايبۇلاق:

— قېينالمىدىم، ئاسانلا... چىقىرىۋەتتىم شۇ!— دېدى. ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىدىكى
ئەڭ چوڭ غەم ـ ئەندىشىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئىش ئىدى. ئۇلار يېنىك تىن ئالدى، ئابلىز
نۇرەكنىڭ دىلى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە مەۋج ئۇردى. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن تۇققۇز يىل داۋامىدا تارتقان ھېلىقى كەچمىشلەرنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر
قېتىم ئۆتتۈشكە باشلىدى:

ئاھ، ئاشۇ يىللار! نەقەدەر كۆلپەتلىك، نەقەدەر قىيىن ئىدى ـ ھە؟ ئايبۇلاقنىڭ
ھەر قېتىم كېسىلى قوزغالسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا ياغاتتى. بالىنىڭ قورسىقى ئىشـ
سىپ، بەدىنى ئىششىپ، ئاغرىق ئازابىدىن چىرايى كۆكىرىپ كېتەتتى؛ پۈتۈن بەدىنى
ئۈيۈشۈپ قالاتتى. بەزىدە تېخى نەپسىمۇ بوغۇلۇپ، كۆزلىرى پولتىيىپ چىقىپ،
نىمجان ھالغا كېلىپ قالاتتى. بەزىدە تۇرۇپ يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتـ
تى... ئاتا بىلەن ئانا ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىغا تەڭ شېرىك بولۇپ تەڭ ئازابلىناتتى، خورـ
لۇق پاتقاقلىرىغا مەھكۇم بولاتتى، قەلبى كۆيۈپ، باغرى تىلىنىپ گاراڭ بولۇپ
قالاتتى. بىراق، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك ئۇلار بۇ ئازاـ
بىنى، دەردىنى باشقىلارغا دېمەيتتى، بىلىندۈرمەيتتى؛ ھەتتا باشقىلارنىڭ بىلىپ قېـ
لىپ مازاق قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. بەزىدە ئاشۇ ئازابلار ئاز كەلگەندەك، ئايـ
بۇلاق تۇيۇقسىز قىزىتىپ پۈت ـ قوللىرى، بەدەنلىرى تارتىشىپ قالاتتى. ئاشۇنداق
چاغدا ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتـ
تى. قىزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان قانداقتۇر بىر شىپالىق ئىشلارنى قىلىشقا
قۇربىتى يەتمىگەنلىكىدىن يۈرىكى قىسىلاتتى. ھەر قېتىم كېسەل ئازاب سالغاندا
ئۇلار ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىناتتى؛ ساقىيىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە قايتا
قوزغىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، نېمىلا بولسۇن، ئۇلار ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئالدىن تەيـ
يارلىقىنى قىلىپ، ھەر خىل تەدبىر، ئاماللارنى ئويلاپ قوياتتى، ئىزدىنىپ باقاتتى.

ئابلىز نۇرەك ئاشۇ يىللاردا بالىغا تەكرار شىلانكا سالدۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەرلىك تېۋىپلارنىڭ كۆپ قېتىم مەسلىھەتىنى ئالدى. بىر تېۋىپ ئۇنىڭغا قوي مېيى بىلەن ياڭاق مېغىزىنى قايناتىپ ئىچۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ قويىدى، ئابلىز نۇرەك شۇنداق قىلىپ ئىچۈرۈپ بېرىۋىدى، ئۇنۇمى تولىمۇ ياخشى بولدى. ئەينى چاغدا ئايىۋۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، تېنى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، كالا سۈتى ياكى سۈت پاراشوكى بەرسە، كۆپ ھاللاردا قورسىقى ئېسىلىپ قالاتتى. ئۇنىساخان ئانا ھەمىشە تاماق يېگۈزگەندە يۇمشاق چايناپ ھەسەل ياكى شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزەتتى. ھېلىقى تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسىدىن كېيىن، ئۇلار بالىنى غىزالاندۇرۇشتا ئەقىل تاپتى، قوي مېيى بىلەن ياڭاق مېغىزىنىڭ شورپىسىغا قوناق ئۇنىدا ئۇماچ چېلىپ بېرىدىغان بولدى. گەرچە بالا چوڭ تەرەت قىلىدىغان چاغدا قورسىقىنى سىقىپ- مۇجۇپ راۋانلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسىمۇ، بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولدى. بارا - بارا بالىغا ئەت قونۇپ، كۈچ پەيدا بولدى، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، بوۋاي بىلەن مومايدا ئۈمىد، ئىشەنچ پەيدا قىلدى...

مانا بۈگۈن ئاشۇ مۇشەققەتلىك، كۈلپەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، بىراق ئاشۇ كۈنلەر ئۇنىڭ قەلبىدىن بىر كۈنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. چۈنكى، ئابلىز نۇرەك ئايىۋۇلاقنىڭ نورمال ئادەملەردەك ياشاپ، نورمال ئاردەملەردەك تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت بىرىنچى خۇشاللىقنىڭ قەدىر- قىممىتىگە ئاشۇ كەچۈرمىشلەرنى ئەسلەش بىلەن يېتىدۇ.

# كۈندىلىك خاتىرىدىن چاقنىغان نۇر

ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىككىنچى بىر خۇشاللىقى ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى ئىشلار ئىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى پات - پات ۋاراقلاپ تۇردى. ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئىش ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىنىڭ شاد - خۇرام، بەختلىك بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تۈرتكە بولغانىدى. ئەنە ئاشۇ خاتىرە بەتلىرىدە مۇنداق بايانلار نۇرلىنىپ تۇراتتى :

رەھبەرلەر ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئابلىز نۇرەك ئايىۋۇلاقنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە

داۋالاتقىلى باردى. ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپ قارشى ئالغان كىشى يەنىلا موجۇەن شۇجى
بولدى. ئۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش، داۋالىنىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلىرىنى كونكرېت،
ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئايبۇلاقنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن تارتىپ، داۋالاشقىچە
بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە سوراۋشتە قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، يوقلاش ۋە
يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشقىچە ئۆزى بىۋاستە تۇت-
تى، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئايبۇلاقنى، ئابلىز نۇرەكنى ئېسىدىن چىقارمىدى.
ئۇ يەنە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق باشقار-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «ئەتە پىلان» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابلەت داۋامەتنى
ئايبۇلاقنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل قىلدى. ئابلەت داۋامەت ئايبۇلاق-
نىڭ داۋالىنىشىنى ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلىدى
ۋە ئايبۇلاق داۋالىنىش جەريانىدا ۋە داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىنكى كۈتۈش، تۇر-
مۇش ئورۇنلاشتۇرۇش، ساياھەت قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تەشكىل-
لەش ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ قىلدى. ئۇ شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت ئىچى-
دىن ۋاقىت چىقاردى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ ئايبۇلاقنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنى
بېجىرىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بول-
دى. خەلق ئىشلار نازارىتى يەنە ئايبۇلاقنىڭ نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش،
مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىنىش ھەققىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل
تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر مۇناسىۋەتلىك ئورگان، تەشكىلات ۋە ئاساسىي
قاتلاملاردىكى رەھبىرىي يولداشلارغا كۆرسەتمە بېرىپ، ئايبۇلاقنىڭ تېزرەك ساقى-
يىشى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆ-
لۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليەن جىچيەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى
شى داگاڭ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
جياۋ شىنيۇ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھېلىمجان
ئابلىز قاتارلىقلار ئابلىز نۇرەكنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ماسلاش-
تۇردى. مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى كاشېڭ ئابلىز نۇرەك ئائى-

لىسىنىڭ ئىشىنى ناھىيىنىڭ كۈندىلىك ئىشىنى تۇتقاندەك تۇتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى، ياردەم بېرىپ كۆيۈنۈشى ئارقىسىدا ئايبۇلاقنىڭ كېلەچىكى نۇرلاندى.

ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر باھار ھارارىتى چاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئايبۇلاقنى داۋالاش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، بارلىق كۈچى بىلەن داۋالاش، بارلىق كۈچى بىلەن ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش، بارلىق كۈچى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاشتىن ئىبارەت تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىش، داڭلىق دوختۇرلار داۋالاش، ئىقتىدارلىق سېسترالار پەرۋىش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى نامايان قىلدى. مەخسۇس دوختۇر، مەخسۇس سېسترا، مەخسۇس كارىۋات قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن داۋالاش، مۇلازىمەت تەرتىپىنى يولغا قويدى. دوختۇرخانا رەھبەرلىرى ۋە داڭلىق دوختۇرلار كۆپ قېتىم باش قوشۇش يىغىنى، مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئايبۇلاقنى تەلتۆكۈس داۋالاپ ساقايتىشنىڭ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش تەرتىپلىرىنى بېكىتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن تەرتىپلىك داۋالاش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئايبۇلاقنى 2- ئاينىڭ 24- كۈنى بىرىنچى قېتىم، 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ، مەقئەت پۈتەيلىكىنى تەلتۆكۈس ساقايتتى. ئاشۇ تەشۋىشلىك مىنۇتلار ئابلىز نۇرەك بىلەن تۇنساخان ئانىغا شۇ قەدەر قىيىن ۋە مۈشكۈل تۇيۇلغان بولسىمۇ، دوختۇر - سېسترالارنىڭ قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، خاتىرجەم قىلدى؛ ئاشۇ چاغدىكى قىزغىنلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى ئۇلارنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈلدۈردى. كۆرگەن كۈلپەتلىرىنىڭ مانا شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆز يېشى قىلدى. دوختۇرخانا يەنە ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

كۆيۈملۈك كىشىلەر ئاسايىشلىق تىلەپ مەدەت بەردى. ئابلىز نۇرەك قايسى كۈنى ئۈرۈمچىگە قەدەم باستى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق، قۇت تىلىگۈچىلەر، مەدەت بەرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. سېخىي، مەرد ئوغلانلار، جەگەرلىك، پاراسەتلىك، باغرى ئاتەش ئاياللار ھەر خىل نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ بېرىپ،

ئايبۇلاقنى يوقلاپ، ئىنسانىي قەلبىنى ئىپادىلىدى. ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر تەسىرلىك ئىش بار : ئابلىز نۇرەكلەر دوختۇرخانىدىن چىقىپ، قەشقەرگە قايتىش ئالدىدا، يەنى 5- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۇلار چۈشكەن خەلق ئىشلار نازارىتى مېھمانخا- نىسىغا بىر قىز كىرىپ كەلدى ۋە بىر جۈپ ئالتۇن زىرىنى ئايبۇلاققا تەقدىم قىلدى. سۈرۈشتۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، بۇ زىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارى- تىدىن پېنسىيىگە چىققان نىياز تۆمۈرنىڭ ئايالى ماھىنۇر كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇ ئايبۇلاقنىڭ ھېكايىسىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن بىر جۈپ ئالتۇن زىرىسىنى ئۇنىڭغا يادنامە قىلغان- دى، بۇ چىن، نۇرانە قەلبنىڭ يالدامىسى ئىدى. دەل مۇشۇنداق كىشىلەردىن نەچچە يۈز كىشى ئايبۇلاق داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە چىن قەلبىنى ئاشۇنداق ماددىي نەرسە- لەر بىلەن نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىئانە قىلغان پۇللىرىمۇ 6000 يۈەندىن ئاشتى. ئابلىز نۇرەك ئەنە شۇنداق كىشىلەردىن بىر قىسمىنىڭ ئىسمىنى، ئادرېسىنى يېزىۋال- دى، يەنە نۇرغۇن كىشى ئىسىم - شەرىپىنى دەپ بەرمەي كېتىپ قالدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ سىيماسى ئابلىز نۇرەكنىڭ قەلبىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئابىدە بولۇپ ئۇ- يۇپ قالدى.

## گۈزەللىككە يۈزلەنگەن كىلەچەك

ئابلىز نۇرەكنىڭ ئۈچىنچى بىر خۇشاللىقىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەزىرىنى ئېغىل - قوتانلىرىغا ئاغدۇردى ۋە ئايبۇلاققا ئوخشاشلا سۆيۈندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئېغىلىدىكى قوي - قوزىلىرى ئاۋۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ چاغدا بەكلا ھاياجانلاندى ۋە ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدى. بۇ- نىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى ئابلىز نۇرەك ئائىلىسى باشقىلارغا ئوخشاشلا دېھقانچىلىقتىن ئارقا - ئارقىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، شۇ دەۋرگە خاس ھاللىنىپ قېلىشقا باشلىغان- دى. باي بولىدىغانغىمۇ پۇرسەت ۋە ئاز - تولا دەسمىي ھازىرلىغانىدى. قوي- قوزىلى- رى ئاۋۇپ 10 نەچچىگە يېتىپ، دەمال مېھمان كەلسە، بىرەر قوينىڭ كاللىسىنى ئالغۇ- دەك ماغدۇرغىمۇ ئېرىشكەنىدى... دەل ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئايبۇلاق قوشۇل- دى، شۇ يىلى بىر قويى ئۈچنى تۇغۇپ ئامەت ئاتا قىلدى. بىراق، ئايبۇلاقنىڭ كېسىلى

تۈپەيلىدىن، ئابلىز نۇرەك قوي ـ قوزىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سېتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىچارە ئادەمنىڭ قوتىنىدىكى قويلار كۈن ساناپ ئازىيىشقا كەتتى. ئەينى چاغدا ئابلىز نۇرەك ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 600ــ 700 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، كەنتتىكى ئالدىن باي بولغان باشقا كىشىلەرنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمىمۇ ئاران شۇنچىلىق ئىدى. شۇڭا، ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرەلمەيتتى. ئابلىز نۇرەكمۇ ئۆزىگە تايانمىسا بولمايتتى. ئەينى چاغدا ئايىمۇلاقنىڭ ئوپېراتسىيىسى كىچىك بولسىمۇ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقى، مەقئەت ئەتراپىنىڭ ئاناتومىيىلىك باغلىنىشلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەر قېتىملىق داۋالىتىش، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشنىڭ دەرىجىسى چوڭىيىپ باردى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىمۇ كۆپ بولدى. شۇڭا ئۇ، ئايىمۇلاقنى ھەر قېتىم چوڭ داۋالىتىشقا توغرا كەلسە، بىر يىل ياكى ئىككى يىل پۇل يىغاتتى، مال ـ چارۋا بېقىپ، سېتىپ پۇل قىلىپ داۋالاش راسخوتى تەييارلايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئابلىز نۇرەك ھەتتا قۇربان ھېيت كەلسىمۇ، قۇربانلىق قىلماي، قولىقىنى يوپۇرۇپ، ئېتىزدا ئىشلەش، تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن تۇققۇز يىلنى ئۆتكۈزدى. مۇشۇ جەرياندا ئائىلىسىنىڭ يەيدىغان ئاشلىقىنى، ئايىنىۋاتقان تېرەكلىرىنى ساتتى، پاختا ساتقان پۇلىنى، تېجىگەن پۇللىرىنى، قەرز ئالغان پۇللىرىنى ئايىمۇلاقنىڭ كېسىلى ئۈچۈن سەرپ قىلدى. قەيسەر، شىجائەتلىك بۇ بوۋاي بالىغا ئاشۇ دەرىجىدە بارلىقىنى ئاتاپ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى چاقناتتى. بىچارە ئايىمۇلاقمۇ دادىسىنىڭ دەردىنى بىلگەچكە، بىر پۇڭ پۇلىنىمۇ تېجىدى، دادىسىنىڭ ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىشقا ۋاقتى يەتمىسە، بىر يۈەن بېرىپ كىرا موتوسىكلىتىغا چىقىرىپ قويسا، ئۇ دادىسىنىڭ قارىسى يىتكەندە، موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ قېلىپ مېڭىپ بېرىپ، ھېلىقى بىر يۈەن پۇلنى تېجىدى، ئۇنىڭ بۇنداق تېجىگەن پۇللىرىمۇ بىر نەچچە يۈز يۈەنگە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق مۈشكۈل ئۆتكەچكە، تۈزۈكرەك غىزالىنىش، تۈزۈكرەك كىيىنىش، تۈزۈكرەك ئۆي تۇتۇشلاردىن سۆز ئاچقىلى بولماي كەلگەنىدى...

مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئاشۇ كۈنلىرى كەلمەسكە كەتتى. ئۇنىڭ پاراستى ۋە ئىنسانلىق خىسلىتىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالقىش سادالىرى ياغدى، شەرەپ گۈللىرى تاج بولۇپ بېشىغا قونۇشقا باشلىدى. خەلق ئۇنى قوللىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنى يۆلىدى. مانا مۇشۇ ئۇنتۇلماس ئىشلار قاتارىدا يېقىندىن بۇيان مۇنداق بىرقانچە خىل

دۇردانە- يادنامە بارلىققا كەلدى: 6- ئاينىڭ 2- كۈنى ئابلىز نۇرەك 2005- يىلى شىنجاڭلىقلارنى تەسىرلەندۈرگەن 10 شەخسنىڭ بىرى بولۇپ مۇكاپاتلاندى؛ 6- ئاينىڭ 17- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى رەھبەرلىرى ئابلىز نۇرەككە بىر دانە كىچىك تىپتىكى تراكتور، سوقا، سېيالكا، ئورۇش، ئادالاش ماشى- نىسى قاتارلىق 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى ئىئانە قىلدى؛ شۇ كۈنى يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىمۇ ئابلىز نۇ- رەكنى پارتىيە قورۇلغانلىقنىڭ 85 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2000 يۈەن پۇل بى- لەن يوقلىدى، ئابلىز نۇرەك بۇ پۇلنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مائاۋىن شۇجىسى ئابدۇقېييۇم مۇھەممەتنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالغاندا كۆپتىن- كۆپ رەھمەت ئو- قۇدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئابلىز نۇرەككە ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە 7- ئاينىڭ 3 - كۈنى موجۇەن، ئابدۇقېييۇم مۇھەممەتلەر سېرىقبۇيا بازىرىغا بېرىپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ئابلىز نۇرەككە ئاجرىتىپ بەرگەن بىر مو يەرگە ئۆي سېلىپ بې- رىش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى. مۇراسىمدا يەنە تارىم نېفىتلىكى ئىتتىپاق كومىتېتى ئابلىز نۇرەكنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. خەلق ئىشلار نازارىتى يەنە ئابلىز نۇرەك مەخسۇس فوندى تەسىس قى- لىپ، دەسلەپكى قەدەمدە 300 مىڭ يۈەن توپلىدى؛ 2006- يىل 6- ئاينىڭ 26- كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاب- لىز نۇرەككە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ نام بەردى.

مانا بۇلار ئابلىز نۇرەكنىڭ شادلىق ئىچىدىكى ئەسلىمىلىرى ۋە يۈرىكىنى تە- شەككۈرگە، ھاياجانغا، بەخت ۋە چىنلىققا چۆمدۈرىدىغان ناخشىلار، يېڭى ، شۇنداقلا مەڭگۈ جاراڭلاپ تۇرىدىغان ناخشىلارنىڭ مەنبەسى ئىدى!

## خاتىمە

كىشىلىك ھايات مۇرەككەپ، يولى ئەگرى - توقاي بولىدۇ، دەل ئاشۇ زىددىيەت-

لەر ئىچىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ۋاپاسىزلىق بىلەن ۋاپادارلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كىشىلىك ھاياتنى تەڭشەيدىغان تەڭشەك، شۇنداقلا ياخشى بىلەن ياماننى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇش رولىنى ئوينايدىغان مۇھىم ۋاستە. مۇھەببەت كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتىدۇ. سۆيگۈ ۋە ۋاپادارلىق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ھەم كەڭ قورساق قىلىدۇ.

ئەسلىدە ئەڭ گۈزەل نەرسە دۇنيا، ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئالەمدىكى شۇنچىلىك كۆپ ۋە ھېسابسىز مەۋجۇداتلارنى قوينىغا سىغدۇرالايدۇ. شۇڭا، بارلىق مەۋجۇداتلارمۇ گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولالىغان، مەۋجۇداتلارنىڭ، تەبىئەتنىڭ بۇنداق گۈزەللىكى ئادەملەرنى يارىتىدۇ، ئۇنىڭغا ھەم گۈزەللىكنى جەم قىلىدۇ. دېمەك، ئادەملەرمۇ گۈزەل، مۇھىمى ئادەملەرنىڭ قەلبى گۈزەل. چىن مەنىدىن ئالغاندا، دۇنيادا بىرمۇ مېھرسىز، قەلبى قىرتاق ئادەم يوق. شۇڭلاشقا، ئادەملەر قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەت بەدىلىگە پەرزەنت قالدۇرىدۇ، كۈچلۈك مەنىۋى جاسارەت، ئەقىدە، ئىخلاس بىلەن ئەتلىمە ھالدىكى باللارنى بېقىپ ئادەم قىلىدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىتى، ئادەملەرنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا ئۇ ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقىي بەختنىڭ بېشارىتى ۋە نامايان قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. بۇ ئادەم ۋە تەبىئەت ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت! ئادەملەر ھاياتنى قەدىرلىسە، ئۆزىنى چۈشەنسە، باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ، ئۆزىنى سۆيەلىسە، باشقىلارنى قەدىرلىيەلەيدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى، ئۆزىنى يارىتالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر قەھرىمانلىق شەجەرىسى ياگرىتالايدۇ ۋە ئىزنالىرىدىن نەمۇنە داستانلىرى يېزىپ، كېلەچەكتىكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرالايدۇ. شۇ جەرياندا بەزىلەرنىڭ روھىي قەھرىمان، بەزىلەرنىڭ ئوبرازى قەھرىمان، بەزىلەرنىڭ جاسارىتى قەھرىمان بولىدۇ. ئۇ ھەم دەۋر قوينىدا يارىلىدۇ ھەم دەۋر قوينىدا نۇرلىنىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر بىزگە بۇ نۇقتىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەردى: دەۋر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئاسايىش دەۋر قەھرىمانلىرى ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە بولدى. قاتتىق يەر تەۋرىگەن ئاشۇ يىلى نۇرغۇن بالا يېتىملىك ئازابىغا دۇچار بولۇۋىدى، مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەتىمىن زۇنۇنغا ئوخشاش پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرلىرى باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېتىم بالىلارنىڭ باش پاناھى بولۇشقا ئۆزىنى ئاتىدى، يەنە شۇ-

نىڭغا ئوخشاش سانسىزلىغان ھېسداشلىق قىلغۇچى پىدائىيلارمۇ بالىلارنى بېقىۋالدى ۋە قۇتقۇزدى؛ ئەخلاق ـ دىيانىتى يوقالغان، ئىنسانلىق غۇرۇرى پەسكەشلىككە دۇچار بولغان ئاتا بىلەن ئانا مېيىپ قىزىنى رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ قويۇۋېدى، ئابلىز نۇرەكتەك بىغۇبار، قەلبى گۈزەل، ئادىمىيلىك سالاپىتى پارلاپ تۇرىدىغان بىر ئاددىي ئادەم بېقىۋېلىپ، بارلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىنسانپەرۋەرلىك داستانىنى ياراتتى! مانا بۇ خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە، چەكسىز مېھرىبانلىققا تولغان سەمىمىيىتىنىڭ نامايان قىلىنىشى؛ مانا بۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بالىلارغا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەزەلدىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئادەم قىيىنچىلىقتا قالسا، ھەممە ئادەم تەڭ ياردەم بېرىشتەك ئەنئەنىسىنىڭ نامايان قىلىنىشى! بىز مۇشۇنداق دەۋردىن خۇشال بولايلى، بىز مۇشۇنداق دەۋردىن سۆيۈنەيلى!

2006 ـ يىل 7 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# ئىنسانپەرۋەرلىك قانداق نۇرلاندى

— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتگۇ-رۇپپىسىنىڭ شۇجىسى موجۇەن بىلەن سۆھبەت

ئابلەت جۇمە تۇپراق: ھۆرمەتلىك موجۇەن شۇجى، ياخشىمۇ سىز؟ مەن «سۆيـ-ھەدىن بالقىغان سۆيگۈ» ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسى. سىز بىلەن سۆھبەتتە بول-غىنىمدىن خۇشالمەن. مەن سىزنى ئابلىز نۇرەك قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغاندىن باشلاپ تونۇدۇم. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋاڭ لېچۈەن شۇجىگە، ئىسمائىل تىـ-لىۋالدى رەئىسكە، سىزگە، شۇنداقلا سىلەر ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە چىن دىلىدىن رەھمەت ئوقۇپ، قەلبىدىكى تەشەككۇرنى ئىزھار قىلىدى. دېمەك، سىز باشلاپ بەرگەن سەممىي غەمخورلۇق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى ۋە كىشىلەرگە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى خەلق ئىشلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇتتى. نۆ-ۋەتتە، ئابلىز نۇرەكتىن ئىبارەت تىپىك شەخس ياراتقان ئىنسانپەرۋەرلىك سىزگە ئوخشاش پارتىيىنىڭ ياخشى رەھبىري كادىرى ئارقىلىق نۇرلۇق ئابىدىگە ئايلىنىپ، «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» نى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ناماياندىسى بولۇپ قالدى. سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتلىرىڭىزنى كەڭ ئاۋامغا ئاڭلاتقۇم بار. تەپـ-سىلىيرەك سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

موجۇەن شۇجى: ئابلىز نۇرەكنىڭ مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى ئۇنىڭدىكى ئىنـ-سانپەرۋەر روھ. روھ ئادەمنى جاسارەتكە ۋە پاراسەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئابلىز نۇرەكتە يېتىلگەن روھ — سەممىي، شەخسىيەتسىز، ساپ ھەم گۈزەل، يېمىرىلمەس بولۇپ، بۇنى ئۇ ئۇزاق يىل داۋاملاشتۇرغان. شۇڭا ئۇ، كىشىلىك ھاياتىدا قاتمۇقات قىيىنچە-

لىق ۋە ئازابقا دۇچار بولسىمۇ، ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، مەزمۇت ياشاپ كەلگەن.
ئۇنىڭ روھىدا ئادەمگە كۆيۈنۈش، ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا بەدەل تۆلەشتەك ئېسىل قە-
دىر ـ قىممەت تۇيغۇسى بار. مانا بۇ چوڭ جەھەتتىن پۈتۈن جەمئىيەتكە ئىلھام
بەرسە، كىچىك جەھەتتىن ھەربىر ۋىجدانلىق كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ جەھەت-
تە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن ھالقىپ، ئىنسانىي پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى
ئېچىپ، ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئا-
ساسىي مېلودىيىسىنى يەنە بىر قېتىم يېزىپ بەردى، شۇنداقلا ئۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇر
مەنىدىن يېشىپ بەردى. ئۇنىڭدىكى روھ كىشىلەرگە «شەرەپ ـ نومۇس» تۇيغۇسى-
نى ئەڭ كونكېرت كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى، ئۇ قىلغان ھەربىر ئىشنىڭ چەك ـ
چېگرىسى بەكمۇ ئېنىق. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار مۇھىم نامايەندىلەر كىمنى ھاياجان-
غا سالمايدۇ دەيسىز ؟ «سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس» قارىشى تىكلەش جەريا-
نىدا، ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىشلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا، تەتبىقلاشقا ئەرزىيدۇ. شۇنداق
قىلالىساق، بۇ جەھەتتە چوقۇم مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلمەي قالمايدۇ. قىسقى-
سى، ئابلىز نۇرەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى باشلامچىسى، پارتىيە ئەزالىرى-
نىڭ ياخشى ئۈلگىسى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى تىپىك نەمۇنە بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا
ئۇ، يەنىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىدۇ.

ئابلەت جۇمە تۇپراق: ئىنسانپەرۋەرلىك ئوقۇمى ئاددىيلا ئاڭلانسىمۇ، ئۇنىڭ دائىرى-
سى بەكمۇ كەڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەربىر ئىشتىكى قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئابلىز
نۇرەكنىڭ خىسلىتىدە نۇرلانغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئەينى چاغدا سىز قايسى نۇقتىدىن
ھېس قىلغان ؟

موجۇەن شۈجى: شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانپەرۋەرلىك ناھايىتى چوڭ تې-
ما. ئۇنى ئابلىز نۇرەك روھىيىتىگە تەتبىقلىساق، بۇ ئادەمدە ئەكس ئەتكىنى ناھايىتى
مۇھىم بولغان بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەن ئابلىز نۇرەكتىكى روھنى
دەسلەپىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نۇقتىسىدا تونۇپ ھېس قىلغان ۋە چۈشەنگەنىدى-
دىم. كېيىن، بىز ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق
ئۇنىڭدىكى روھنىڭ كەڭ مەنىلىك ۋە يۈكسەك ئېتىقاد بىلەن يۇغۇرۇلغان روھ ئىكەنلى-
كىنى تونۇپ يەتتۇق. بىر ئادەمدىكى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر روھ ئۈنچىلىك ئاددىي بول-
مايدۇ. يەنى، ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنياۋى ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان، پۈتكۈل ئىنسانىيەت

ئارزۇ قىلىدىغان، تەلپۈنىدىغان ۋە شۇنداق قىلىشنى شەرت دەپ بىلىدىغان كەڭلىككە ئىگە. ئىنسانپەرۋەرلىك بىزگە كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشنى، دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشنى ئۆگىتىدۇ؛ ئۇ يەنە بىزگە كەڭ قورساق، رەھىمدىل بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىكتە بېغىشلانغان روھ شەخسىيەتسىز بولىدۇ، دەل ئاشۇنداق ئادەملەرلا بارلىقىنى ئاتاش بەدىلىگە ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇپ، ھايات ئىزنالىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئۆچمەس ئابىدىلەرنى تىكلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئابلەت جۇمە تۇرپاق: جەمئىيىتىمىزدە ئابلىز نۇرەككە ئوخشاش بالا بېقىۋالغانلار كۆپ. سىزنىڭچە، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، نىمىلەرنى قىلىپ بېرىش كېرەك؟

موجۇەن شۇجى: بالا بېقىۋېلىش مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان ئىش، ئۇ ئەنئەنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، بالىنى قانداق بېقىش، بولۇپمۇ ئايىۋۇلاققا ئوخشاش مېيىپ، ئاجىز بالىلارنى قانداق بېقىش مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەت دىققەت قىلىدىغان مەسىلە. ئەلۋەتتە، بالا بېقىۋېلىش بىلەن بالا تېپىۋېلىپ بېقىش، ساغلام بالىنى بېقىش بىلەن ساغلام بولمىغان، جىسمانىي، روھىي ئېيىپى بار بالىلارنى بېقىش ـ تەربىيىلەش تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئېنىقكى، ساغلام بولمىغان بالىلارنى بېقىش بەك قىيىن. ئاتا ـ ئانىلار، باققۇچىلار، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت شۇ خىل بالىلارنى بېقىش ـ تەربىيىلەشتە ناھايىتى زور قوربان بېرىش بەدىلىگە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئابلىز نۇرەك بىلەن ئايىۋۇلاقنىڭ كەچۈرمىشى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. مۇشۇ خىل ئىش، مۇشۇ خىل بالىلار جەمئىيىتىمىزدە يەنە تۈركۈملەپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى ئابلىز نۇرەككە ئوخشاش ئاقكۆڭۈل كىشىلەر تەربىيىلەۋاتقان بولۇشى، ئاشكارلانمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئاشۇ خىل بالىلار ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن پەيدا بولغان، بالا تاشلىۋېتىشمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، بۇ ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئاڭ ـ تونۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئازىيىدۇ، ئاخىرىدا يوقىلىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بېقىۋېلىنغان، جىسمانىي، روھىي كەمتۈكلۈكى بار بالىلارنىڭ ھەممىسىگە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ھەممىنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. خەلق ئىشلار تارماقلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈكى بىر قەدەر ئېغىر، سېلىنما كەمچىل، شۇنداق ئىكەن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ پائال ماسلىشىشىغا توغرا كې-

لىدۇ، شۇنداقلا ھەممە تەرەپ ماسلىشىپ، ئاشۇ خىل باللارنىڭ تۇرمۇشىغا، تەربى-يىلىنىشىگە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەمەلىي ياردەم بېرىشى زۆرۈر. ئاتا ـ ئانىلارمۇ باش-قىلارغا بېقىنىۋالماسلىقى، يۆلىنىۋالماسلىقى، تىرىشىپ يېڭى چارە ـ ئاماللارنى تېپىپ ، مۇۋاپىق بولغان چىقىش يولى ئىچىشى كېرەك.

ئابلەت جۇمە تۇپراق: سىزنىڭ ئابلىز نۇرەك ۋە ئايبۇلاقنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ھەققىدە قانداق تەسەۋۋۇر ـ پىلانلىرىڭىز بار؟

موجۇەن شۈجى: نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش پارتىيە خىزمىتى-دىكى مۇھىم بىر تەدبىر. ئابلىز نۇرەك توغرا بولغان دۇنياقاراش، كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى نامايان قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئېسىل روھى قەدىرلەشكە مۇنا-سىپ تېپىك ئۆلگە. ئۇنىڭ روھىي سانسىز قەلبنى لەرزىگە سالدى، سانسىزلىغان كىشلەرنىڭ روھىنى ئويغاتتى. بۇنداق روھ يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەشكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ بىز ئۇنى ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز، شۇ ئارقىلىق بۇ تېپىنى تېخىمۇ كەڭ مەزمۇندارلىققا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجى-لىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، بولۇپمۇ خەلق ئىشلار نازارىتى ئابلىز نۇرەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلى-رىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، ئايبۇلاقنىڭ ئىشلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى ياخشى تەربىيىلەش، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. مېنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئىشەنچىم كامىل.

2006 ـ يىل 7ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# سەممىيەت

سىز سەممىي ياشىيالىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارغا قانچىلىك سەممىي بولالىدىڭىز؟ بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلىشىڭىز ناتايىن. چۈنكى، ئادەم ھامان چىنلىق بىلەن ساختىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. مانا بۇ سىزنى ھەم سەممىي، ھەم سەممىيەتسىز ياشاشقا قىستايدۇ، شۇڭا، سىز بىلىپ - بىلمەي، ھەتتا بەزىدە بىلىپ تۇرۇپ سەممىيەتسىزلىك قىلىپ قويىسىز، بۇنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، بۇ دېگەنلىك ئۆزىڭىزدە سەممىيەتسىزلىكنىڭ قايتا سادىر بولۇشىغا يول قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

كۆپ ھاللاردا سەممىيەت بىلەن ساختىلىق ئالمىشىپ قالىدۇ، شۇڭا مۇنداقلا قارىسىڭىز، ئۆمۈر بويى سەممىي ياشاشقا مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، چۈنكى سىز سەممىي بولسىڭىزمۇ باشقىلار سەممىي بولمايدۇ، شۇنداق چاغدا بەزى ئىشلارنى قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا باشقىلار ھەرقانچە ساختىپەز، مەككار بولسىمۇ، سىز چوقۇم تېرىكمەي سەممىيىتىڭىزنى نامايان قىلىۋەرسىڭىز، ئۇ چاغدا قارشى تەرەپ سىزگە قايىل بولماي قالمايدۇ، ھەقىقىي سەممىيەت پەقەت مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ، نەرەققىي قىلىدۇ.

باشقىلارنى ئالداش — ماھايەتتە ئۆزىنى ئالداش بىلەن باراۋەر، باشقىلارغا سەممىي بولالمىغان ئادەم ماھىيەتتە ئۆزىگىمۇ سەممىي بولالمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ھامان چىن يۈرىكىدىن سەممىيلىككە موھتاج، سەممىيلىك ساختىلىقنى بىتچىت قىلىپ، ئادەمگە بەخت تۇيغۇسى ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. سەممىي ئادەم بۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولالايدۇ. پۇشايمىنى، دەرد - ئازابى ئاز بولىدۇ.

ئالىيجانابلىقمۇ سەممىيەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئەخلاق - پەزىلەتنىڭمۇ ئەڭ ئېسىلى بولۇشقا لايىق؛ ئۇ تۈمەن مىڭ گۈللەرنىڭ بەرگىدىن تارىغان خۇش پۇراققا ئوخشايدۇ. ئادەم سەممىيەت ئارقىلىق قەدىر - قىممىتىنى تاپىدۇ، شۆھرىتىنى ئاشۇرالايدۇ!

# ئۇزۇلمەس روھ

## 1

بەزى ئىشلار قىلالماسلىقتىن، يەنە بەزى ئىشلار جۇرئەت قىلماسلىقتىن تۇنجۇقىدۇ ۋە مېۋە بېرەلمەيدۇ - دە، ئارزۇ قىلغۇچى ۋە بوشاڭلىق قىلغۇچىنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. بۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ ساۋىقى. بىز ھەر كۈنى ھەر خىل ئىش، ھەر خىل ھادىسىلەر ۋە ھەر خىل تۆھپە، نەتىجىلەرگە قارىتا كىملەرنىڭدۇ ھەسەت قىلىپ، پۇشايمان قىلىپ، ئارقىسىدىن كوتۇلداپ ۋە ئورا كولاپ يۈرگەنلىكىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئەمما جۈرئەت قىلىپ ئىشلەپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئاشۇ ھەسەت قىلغۇچىلارنىڭ، كۆزى قىزارغان ئىشنى ئۆزى قىلىپ بېقىشنى ئويلايدىغانلارنى ھەدېگەندە ئۇچرىتالمايمىز. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا روشەنلىكى بىلەن باشقىلارغا غەيرىي تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغان تەبىئىي ھالەت.

مەلۇمكى، سەلبىيلىك ئەۋج ئالغان يەردە ئىجابىيلىقمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ھەققىدىكى بايانلىرىمىزدىكى تەپسىلاتلار ۋە دەلىللەر بىزگە كېيىنكى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئىشلەپ باققان ۋە قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەم. شۇ ۋەجدىن، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ كۆپ قېتىم ھەسەت قىلىشى، ئورا كولىشىغا ئۇچرىغان. ئەما، ئۇ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئادەم بولغاچقا، باشقىلارنىڭ قارغىشلىرى شامالدا ئۇچۇپ كەتكەن، كولانغان ئورىلار كۈتمىگەن ئىش، كۈتمىگەن نەتىجىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان. مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولىدىكى بەختىنى، پاراغىتىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئەلگە بولغان ھىممەت - شاپائىتىنىمۇ داۋام ئەتتۈردى. بىز ئەنە شۇ تىرەنلىكلەرنى بويلاپ، ئۇنىڭ ھايات ئىزلىرىنى ئاختۇرۇپ باقايلى، بەلكىم بىزمۇ، سىزمۇ خۇشال بولىدىغان ئىلھام بەخش تۇيغۇ

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇتۇقنىڭ ساھىبى بولۇپ قالارمىز.

## 2

مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئۆزبېك پۇشتىدىن بولغان بەردەم، زېھنى ئۆتكۈر، كەڭ قورساق، نەزەر دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراق ــ ئېلىشقۇ بازىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن باغرىنى ياققان، بارلىقىنى ئاتىغان ئادەم ئىدى، پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقىغا ئالLاتائالا ئۇنىڭغا بەردەم ئوغۇلدىن ئالتىنى بەرگەن. مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ جەسۇر ياشلىقى، جىسمانىي، ئەقلىي كۈچىنىڭ زور قىسمى ئاشۇ ئوغۇللار ئۈچۈن قۇربان قىلىندى. XX ئەسىرنىڭ 60ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق مۇسا قاۋۇل ھاجىمغا نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنى سالدى. ئەمما ئۇ، تارتقان ئازابى ۋە جاپاسىغا قىلچە ۋايسىمىدى، بەك دىگۈسى كەلسە، ئۇ، باللارنى خۇدا بەردى، رىزقىنىمۇ خۇدا ئۆزى بېرىدۇ؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت بار، ئاچ ــ يالىڭاچ قېلىشتىن قورقساق بولمايدۇ، دەپ ئۆز كۆڭلىگە ھاي بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدى باللارنى ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرۇش، ئۇلار چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلسا، دەردىگە دەرمان بولاتتى، ئۇ بۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى، سەۋر قىلاتتى، ئۇ شۇنچە يىل سوكۇت قىلدى، باللارنى ھەمىشە ئىناق ئۆتۈش، بىخەتەر ياشاش، كۆرگۈلۈك بولسا تەڭ كۆرۈشكە دەۋەت قىلدى، ئۇنىڭ باللارغا ھەممىدىن بەك تەۋسىيە قىلىدىغان ئىشى بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سەل قارىسا بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى. كېلەچىكىنى ئويلىسا، ئالتە ئوغۇل ئالتە ئائىلە، چوڭ بىر جەمەت بولاتتى، ئۇلارنى بىرلەشتۇرۇپ ئۈزۈلمەس رىشتە، شامال كىرمەس مېھىر ــ مۇھەببەت، قېرىنداشلىق ساداقەتكە ئىگە قىلمىغاندا، مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ كېيىنكى تەقدىرى كۆڭۈللۈك بولمايتتى، ئالتە تۇغقان ئىككى، ئۈچ بالىسى بار ئائىلىلەردىكى ئۆز ئارا تالاش ــ تارتىش پاجىئەلىرى ئۇنىڭغا ساۋاق. يېزىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشتا تولىمۇ ئەستايىدىل بولۇپ، باللار ئارىسىدا يېتىلىدىغان بىرلىكنى مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرگە

ئىگە بولدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ باللاردا كىچىكىدىن تارتىپلا بىرلىك بولۇشنى، بىر -
بىرىگە قارا سانىمايدىغان، بىر - بىرىگە جان بېرەلەيدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا باشقىلارنىڭ ئاشۇ خىل ئىش-
لىرىغا يولۇقسا، ئوغۇللىرىنى ئويلاپ يۈرىكى «قارت» قىلاتتى. بىر خىل جىددىيلىك،
تەخىرسىزلىك ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىيتتى، شۇڭا ئۇ باللارغا ئورتاق كۆز بىلەن
قارايتتى، ھەممىسىگە تەڭ، باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، مەيلى كىيىم - كېچەك، يېمەك -
ئىچمەكتە بولسۇن، مەيلى ئىش - ئەمگەك، مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشتا بولسۇن، تەڭ-
پۇڭ ھالەتنى ساقلاپ، ئۇلاردا ئىتائەتمەنلىك، رازىمەتلىك تۇيغۇسى ھاسىل قىلاتتى.
بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى بولدى. باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ سىزىغان سىزىقىدىن چىق-
مايتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ئىشى شۇنداق ئورۇنلۇق، شۇنداق مۇناسىپ
ئىدى، بۇ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك تەربىيە بىلەن ياخشى خۇلق يارىتالىغىنىنىڭ بەلگىسى
ئىدى. باللار مەيلى ئوقۇغان يىللاردا بولسۇن، مەيلى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى
سېپىگە قەدەم باسقاندا بولسۇن، بىر - بىرىنى قەدىرلەشنى، بىر- بىرىگە ئىززەت -
ھۆرمەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار گەرچە ئالاھىدە ياخشى ئوقۇپ، كۆزگە
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ياخشى تەرىپى، ماختىشىغا نائىل بولۇشتىن يىراقتا قالمىدى. لېكىن، مۇسا
قاۋۇل ھاجىم باللارنى كۆپرەك ئوقۇتسام، بىلىملىك قىلسام، دەپ ئويلايتتى. بۇ ئۇنىڭ
كۆچلۈك ھەم يۈكسەك ئارزۇسى بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ نىيەت خىيال بولۇپ
چىقتى ۋە كۆپۈككە ئايلىنىپ بەربات بولدى. بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەب بار ئىدى. ئەڭ
مۇھىمى شۇ چاغدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئوقۇش
شارائىتىنىڭ ناچارلىقى باللارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەقىل بۇلىقى-
نى ئېچىشقا تۈرتكە بولالمىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت لەنەتتەگ-
كۈرنىڭ قوينىغا ئاپىرىدە بولغان بۇ باللار خۇددى باشقا سانسىز باللارغا ئوخشاش
ھاياتنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ھەقدارلىقىدىن يېتەرلىك بەھرىمەن بولالمىدى. تەتۈر
پېشانە بۇ باللار ئاشۇ يىللاردىكى يېرىم ئوقۇش، يېرىم چېنىقىش سىياسىتىنىڭ بې-
سىمى ئاستىدا ئەقلىي جەھەتتە قۇربان بېرىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى. ئۇلار
يازدا ھەر خىل دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىگە سېلىنسا، قىشتا ئەترەتلەرنىڭ قىغ ۋەزىپى-
سى ئۈچۈن جاڭگال كېزىپ تېزەك تەردى. مۇسا قاۋۇل ھاجىم سىياسەتنىڭ ئېقى-

www.uyghurkitap.com

شىغا قاراپ ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن ۋە باشتىن كەچۈرگەن تۇرغۇن كەچۈرمىشلىـ
رىنى ئۆرنەك قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم بولغاچقا، جاھانغا بېقىپ ئىش قىلىپ، باللار
قاچان مەكتەپتىن ئاجرىسا، ئىككىلەنمەي ئېتىزنىڭ ئىشىغا سالدى. شۇنداق بولغاچقا،
باللارنىڭ ئالدى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى، كەينى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىـ
تەلىدى. ئەمما، باللار بەكمۇ ئىجىل، ئىناق ئىدى، ئۇلار ھەر خىل ئامال بىلەن ئاتىسى-
نىڭ پۇشۇقۇنۇشلىرىنى تۈگىتىشنى، ئويلىغان ـ نىيەت قىلغان ئىشلىرىنى دەرھال
قىلىپ، ئۇنى خۇشال قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇلار ھەم شۇنداق قىلدى. مۇسا قاۋۇل
ھاجىم ئۇلارغا ھەمىشە خۇشاللىق تىلەيتتى. توختىماي رىغبەتلەندۈرەتتى، باللار
بىردەمدىلا چوڭ بولغاندەك قىلدى، بىر داستىخانغا پاتماي قالغىلى تۇردى. ئۇ ئۆي،
ھويلا ـ ئاراملارنى چېقىپ، يېڭىلاپ كېڭەيتتى. بىراق، بۇ ئۆيلەر يېتەرلىك ئەمەس
ئىدى. ئۇ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن مۇسا ھاجىمنى 1997ـ يىلى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق
قىلدى. ياندۇرقى يىلى ئۇلارنىڭ ئۆيى بۆلەك بولدى. بىراق، قازنى بۆلەك بولمىدى.
بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنەرسە دېمىدى، باللارمۇ ھەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۇنداق قىلىدىـ
غانلىقىنى بىلەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىلدا ئوغۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقـ
لىق، پەرزەنتلىك بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى ئىجىل ـ ئىناقلىق،
بىرلىك بۇزۇلمىدى. بەلكى، بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ مەھكەم باغلاندى.

## 3

ياخشى كۈنلەر، ياخشى پۇرسەتلەر يەنە كەلدى. بۇ دەل XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىلىـ
لىرى ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئەترەت باشلىقىنىڭ «نوپۇسۇڭ كۆپ، ئالىدىغان نورما
ئاشلىقىڭ كۆپ، ئىشلەيدىغىنىڭ ئاز، يەيدىغىنىڭ كۆپ!» دەپ زارلاپ، دوق ـ تەنە
قىلىپ، ۋەزىپە ئارتىپ قويۇشلىرىدىن، سۈر ـ ھەيۋىلىرىدىن قۇتۇلدى. ئۇلارغا 60
مودىن كۆپرەك يەر تەگدى، كوپېراتسىيە چۇۋۇلۇپ، يەرلەر ئائىلىلەرگىچە بۆلۈپ
بېرىلىپ، كەم قانچىلىك ئىشلىسە، شۇنچىلىك چىشلەش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ،
ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. بۇ مۇسا قاۋۇل ھاجىمدەك نوـ
پۇسى، ئەمگەك كۈچى كۆپ ئادەملەرگە تازا پۇل تاپىدىغان، بايلىق توپلايدىغان

پۇرسەت بولدى. بازارلار قويۇپ بېرىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر بازارغا ئۆزىنى ئاتتى، تىجارەت ئوبدانلا راۋاجلاندى، شۇ چاغدا مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىمۇ تىجارەت قىلىشقا قىزىقىپ قالدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭغا ئالدىراپ كەتمىدى، بۇنىڭ بىرى، ئۇ ۋەزىيەتنى كۆزەتمىسە بولمايتتى، يەنە بىرى، ئوغۇللىرىنىڭ تىجارەت قىلمىز دەپ چېچىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان تىجارەتكە كىرىشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى. ئۇ تازا كۆزەتتى، قايسى ئىشنى، قايسى تىجارەتنى قىلسا خېيىمخەتىرى يوق، قايسى خىل تىجارەتنى قىلسا راۋاج تاپالايدۇ؟ ئۇ ھەر خىل خىياللارنى قىلىپ باقتى. رەخت ئېلىم ــ سېتىم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسۇنمۇ؟ ياق، بولمايدۇ. بازاردىكى تىجارەتچىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى شۇ خىل تىجارەتنى قىلىدۇ. تەييار كىيىم ــ كېچەك تىجارىتىنى قىلسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ بىرىمۇ تىككۈچىلىكنى بىلمەيدۇ، بۇمۇ بولمايدىكەن، ئاياغچىلىق قىلسۇنمۇيا؟ ئۇمۇ ئۇلارغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئاشخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسۇنمۇيا؟ بۇمۇ بولىدىغان تىجارەت، بىراق ئاۋارىچىلىكى شۇنداق كۆپ! توختا، ئۇن تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنايمۇيا؟ بۇ تازا بولىدىغان تىجارەت ئىدى. تەييارنى ئېلىپ ساتسىمۇ ياكى خامنى ئېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ ساتسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى چىقىپ تۇرىدۇ، بېسىلىپ قالمايدۇ، ھەر كۈنى، ھەر دەقىقىدە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ.

شۇ نىيەتكە كېلىپ، ئىش باشلاپ بولغۇچە ئارىلىقتا بىر ــ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، بازارلار كەڭ قويۇۋېتىلدى ھەم شۇنداق جانلىنىپ ئاۋاتلاشتى. نەدىكى بىر ئادەملەر ھەش ــ پەش دېگۈچە نۇرغۇن پۇل تېپىۋالدى، بايمۇ بولۇپ قالدى. مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ باللىرى ئالدىرىدى. ئۆزىمۇ سەل جىددىيلىشىپ تەرەپ ــ تەرەپكە چېپىپ، كېملەردىندۇ سوراپ ــ چۈشىنىپ قولىقىنى پۈشۇرۇپ، يۈرىكىنى توختاتتى.

ئۇ يەنىلا ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى زەنجىرسىمان سودا كوپېراتىپلىرى مونوپول قىلىپ سېتىشتىن بازار ئارقىلىق سېتىشقا يۈزلەندى، ئاشلىق ئىدارىلىرى، ئاشلىق پونكىتلىرىمۇ ئاشلىق ئېلىم ــ سېتىم قىلىشنى چەكلەش ھوقۇقىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قېلىپ، بازارغا ئەگىشىدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئۇن ــ ياغ زاۋۇتلىرىمۇ قويۇۋېتىلدى، شەخسىيلەرنىڭ تۈگمەن قۇرۇش، ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشى ئاددىي ئىشقا ئايلاندى، ئىچكى جايلاردىن كەلگەن خەنزۇلار مەھەل-

لە ـ مەھەللىلەردە كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى، دېھقانلار بۇغداي ـ
قوناقلىرىنى ئۇلارنىڭ تۈگمەنلىرىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنغا ئالماشتۇرىدىغان بولدى.
ئۇ خىل زاۋۇتلار كىچىك بولسىمۇ، ئۇن ئالماشتۇرغۇچىلارغا كۆپ تەرەپلىمە قولاي
لىقلارنى يەتكۈزگەچكە، يىراق جايلاردىكى سۇ تۈگمەنلىرى، يېزا ـ بازارلاردىكى
چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن تارتىش زاۋۇتلىرىنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇردى،
ئىككى يىلغا بارمايلا بۇنداق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ، ھېلىقىدەك
«مومەنجى» زاۋۇتلىرى راۋاجلاندى. ئەمما، دېھقانلار كۆپ تەرەپلىمە قاقتى ـ سوق
تى قىلىشقا ئۇچرىدى، ساددا دېھقانلار ئېقىپ يۈرىدىغان تۈگمەنچىلەرنىڭ قىسىش،
جىڭدا ساختىلاش قاتارلىق ئۇسۇللاردا بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇنداق ئىشتا
دېھقانلارمۇ بوش ئەمەس ئىدى. ئۇلارمۇ تاللاپ ئۇن تارتقۇزىدىغان، بوزەك بولماي
دىغان يولدا ماڭدى. ھېلىقىدەك «مومەنجى» لەر توك كۈچى بىلەن ماڭاتتى، دېھ
قانلارغا ئارىلىقى يېقىن، ئىش ئۈنۈمى بەكمۇ يۇقىرى، تارتىدىغان ئۇنى تولىمۇ يۇم
شاق ئىدى، لېكىن ئۇ كېپەكنى ئۆزى تاسقاپ ئايرىپ بېرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولسىمۇ، تۈگمەن تېشىنىڭ زىيادە تېز ئايلىنىشى بىلەن يۇمشىتىدىغان ئۇنلارنىڭ
شىرىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈچىنى خورىتىۋېتەتتى، بىراق كىشىلەر قولاي تەرىپىنى
كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئادەتلەندى. بۇ ھال ئاشۇ زامان كىشىلىرىگە نۇرغۇن نەرسى
لەرنى سۇنئىيلەشتۈرۈشنى «ئۆگىنىۋېلىش» نىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەردى.
دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھەللىۋى ئوغۇت ئارقىلىق بېقىلىشتىن خىمىيىۋى ئو
غۇت، سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن بېقىشقا يۈزلەندۈرۈل
دى؛ زىرائەتلەردىكى زىيانلىق ۋە زىيانسىز ھاشاراتلار قارىقويۇق سۇنئىي ئۇسۇلدا
يوقىتىلىدىغان بولدى، تۈرلۈك تېخنىكا بىلەن سۇنئىي ئۇسۇلدا تېزلىتىش، زورۇقۇپ
ئۈنۈم ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇغداي، قوناق، شال... قاتارلىق
زىرائەتلەر بىر ـ ئىككى ئاي ئىلگىرى پىشىدىغان ۋە يۇقىرى ھوسۇل بېرىدىغان بو
لۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى، ئادەملەر يۇقىرى ئۈنۈم ۋە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بولۇشنى
كۆزلەپ، تەبىئىي يېمەكلىك بىلەن قوغدىلىدىغان ھاياتنى سۇنئىيلىك ۋاستىلىرى
بىلەن يونۇپ، ھاياتقا ئېكەك سېلىشقا يۈزلەندۈردى؛ دەل مۇشۇ قاتاردا بىزگە ناھايى
تى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاجايىپ نېمەت ۋە ئاسايىش بەخش ئەتكەن سۇ تۈگ
مەنلىرىمىزمۇ كىشىلەرنىڭ تەدبىر ـ تەبىرلىرىنىڭ كۈچلۈك ئەسەبىيلىكى تۈپەيلىد

دىن، بىردىن ـ ئىككىدىن يوقىلىپ، ئىپتىدائىيلىقى، ئەنئەنىۋىلىكى بىلەن ھاياتقا-
سالامەتلىككە ھەمدەم بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىدىن مەھرۇم قالدى. ھەممىگە مەلۇم-
كى، بىزنىڭ سۇ تۈگمەنلىرىمىزنىڭ ئۇن تارتىش ئۈنۈمى بىرقەدەر تۆۋەن بولسىمۇ،
يۇمشىتىلغان ئۇن كۆيۈپ كۆچسىز بولۇپ قالمايتتى. سۇ تۈگمىنىنىڭ ئۇنىدا ئې-
تىلگەن تائاملار تولىمۇ تەملىك بولاتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ تۈگمەنلىرىمىز ئاسار- ئە-
تىقە سۈپىتىدە ئاز قالغانلىقتىن، كىشلەر نەزىرىدىنمۇ چۈشۈپ قالدى. بىراق، كى-
شلەر زامان رىتىمىنىڭ تېزلىكىگە يېتىش ئۈچۈن، ھېلىقىدەك ئۇن زاۋۇتلىرىغا ئېھ-
تىياجلىق ئىدى. مانا بۇ ھال مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئۈچۈن تازا ياخشى پۇرسەت ئى-
دى، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقتى دەپ قارىدى ۋە ئۇن زاۋۇتى قۇ-
رۇشقا جىددىي كىرىشتى.

# 4

1987- يىلى ياز، ئايدىڭ ئاخشىمى ئىدى. غۇر ـ غۇر شامال ئەتراپتىن گۈللەر-
نىڭ، زىرائەتلەرنىڭ پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى، سۈزۈك
ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ زېمىنغا تەبەسسۇم ۋە ئېھتىرام بىلەن
قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ قەلبى ئاشۇ بۇلۇتسىز ئاسماندەك،
خىيالى ۋە ئارزۇ- ئارمانلىرى ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك، ھېسسىياتى غۇر- غۇر شامال ئېلىپ
كەلگەن ھىد ـ پۇراقتەك ئىللىق ۋە تىرەن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ خوتۇنىغا ئۇزاقتىن
بۇيان پىلانلىغان، ئويلىغان، ئاخىر قەتئىي قارار قىلغان ھۆكمىنى، پىلانىنى دېمەكچى
بولغانىدى. ئۇ شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۆزىنى ئائىلىسىگە بېغىشلاپ، ئائىلە بىلەن ئۆ-
زىنى قۇربان قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ ھەم جاپا چەكتى، ھەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى،
ئامانلىقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئوبدان جاھاندارچىلىق بولدى.
بىراق، ئۇ جان بېقىش ئۈچۈن بىر خىل ئىگىلىك ۋە قەدرى يوق كەسىپ بىلەن
بەند بولۇپ، نۇرغۇن ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھېچ نەرسە يىغالمىدى. بۇنىڭ
ئۈچۈن نۇرغۇن پۇشايمان قىلغان ۋە ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، زامان ئېتىبارىنى، شارائىت
ۋە پۇرسەتنىڭ ئۆزىگە ۋە كىشلەرگە بەرگەن ئىلتىپاتى نۇقتىسىدىن قارىسا ۋە ئۇ-
نىڭغا تەتبىقلىسا، ئۆزىنى ئەيىبلىك دەپ قارىمىدى. مانا ھازىر بەزى ئىشلار ئاللىقاچان

ئۆتۈپ كەتكەن، بەزى ئىشلار قىلىشقا تەلمۈرۈپ تۇ-
رۇۋاتقاندەك قىلاتتى، قەلبىدىكى ئۇتلۇق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، ئارمان ۋە ئىنتىلىشلىرى-
نى كىملەرگىدۇر دەپ بەرگۈسى كېلەتتى، بىراق ئاشۇ كىشىلەر، يەنى ئۇنى ئاڭلىغان
ئاشۇ كىشىلەر نېمە قىلىپ بېرەر، قانداق جاۋاب بېرەر ؟ بۇنىسى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ.
بەلكىم ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭ ئىشى شۇ! ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ئىشىك
چىقمايدۇ، تەسەللىسى ئۇنىڭ ئۆيلىگەن يېرىدىن چىقمايدۇ، ھېسداشلىقى ئاچقان يې-
رىگە بارمايدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئاڭلاپ قويىدۇ ياكى ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىگە ئەگە-
شىپ، شۇ گەپلەرنى ئاۋۇتۇپ تولۇقلاپ بېرىدۇ ياكى شۇ گەپلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى
يۈرەك سۆزى، قەلب ئىزھارى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ماددىي بايلىققا بول-
غان تۇيغۇ مانا شۇنداق غۇۋا ئىدى. بايلىق توپلاش ھەققىدىكى خىياللىرىمۇ شۇنداق
تۇمان بىلەن تولغانىدى. ھاياتتا سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دەڭسەشنى بىلمىسەڭ، ئۆ-
زۈڭ ئورنىغا چۈشسەن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ياراتمىساڭ، ئۆزۈڭنى تاۋلاشنى بىلمىسەڭ،
سېنىڭ باشقا قۇتقازغۇچۇڭ يوق، باش پاناھىڭ يوق! پەقەت سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ
خوجايىن، پەقەت سەن ئۆزۈڭنى يارىتالايسەن، پەقەت سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇت-
قۇزالايسەن. پەقەت شۇنداق قىلالىساڭلا، سەن ھەممە قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب
كېلىسەن. بارلىق ناچار شارائىت ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلەيسەن، چۈنكى ئا-
دەم شارائىتنى، ھەرقانداق شارائىتنى ياراتقۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى. شارائىت ئادەمنى
ئۆزگە تەلپۈندۈرگەنگە ئوخشاش، ئادەممۇ شارائىتنى ئۆزگە تەلپۈندۈرەلەيدۇ! ئۇنىڭ
ماددىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكتىن غالىب كېلەلىگەن روھى دەل ئۇنىڭ مەنىۋى
جەھەتتىكى بايلىقى بولۇپ كەلدى، بۇ بايلىق ئۇنى ھەمىشە سەۋر قىلىشقا، ھەمىشە
شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى. شۈكۈر ـ قانائەتمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى يا-
ساپ، باغرىنى يۇمشىتىپ، قەلبىدىكى نۇرغۇن جىددىي تۇيغۇ، بېسىم ۋە ئاچچىقىنى
چىقىرىپ تاشلايتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىۋى ـ ماددىي بايلىقى بالىلىرى، ئاشۇ بې-
جىرىم، قاۋۇل چوڭ بولغان ئالتە ئوغۇل ئىدى، ئۇ ئاشۇ ئالتە ئوغۇلنى زور بايلىق ۋە
ھاياتىنىڭ ماددىي يۆلىكى دەپ قارايتتى. ئالتە ئوغلى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش
بىلەن بىر چاغدا كىم بولسۇن پەخىرلىنىپ، ھاياجان بىلەن ئۇلارنى تىلغا ئالاتتى،
گەرچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇلار نوپۇس كۆپ دېگەن قالپاق،
بەتنام بىلەن ھاقارەتلەنگەن، چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، بۇگۈنكى كۈندە پىلانلىق

پەرزەتلىك بولۇش يولغا قويۇلۇپ، ھەممە يەردە توقچىلىق ئەۋج ئالغاچقا، بۇنداق ئا-تاق، ناملار ئەمەلدىن قالدى، مانا ئەمدى ئۇلار كۆچنىڭ، كۆچلۈكلەرنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولۇپ قالدى، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئائىلىسى كۆچلۈك ئائىلىگە ئايلاندى. ئۇلار كىملەرگىدۇر بوزەك بولمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار نىمە ئىشنى قىلسا بوزەك بولمايدۇ، مەيلى ئېتىزنىڭ ئىشى بولسۇن، مەيلى تىجارەت ئىشى بولسۇن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئالتە ئوغۇلنىڭ كۆچى ئالدىدا تەسلىم بولىدۇ. نۇرغۇن ئىغىر ئىشلارمۇ ئاشۇ باللارنىڭ بەردەم بىلىكى، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن بىردەمدىلا تۈگەيدۇ. بۇ كىشلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆچ؛ مانا بۇ مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ بەختى، باي-لىقى ئىدى. ئۇ شۇنچە يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق بىر مەنىۋى، ماددىي بايلىقنى يارى-تىش ئۇچۇن بەدەل تۆلىگەن، بارلىقنى ئاتاپ، ھاياتىنى، جىسمانىي قۇۋۋىتىنى، ئە-قىل ـ پاراستىنى خوراتقان. ئۇلارغا ھەر قېتىم قارىسا يۈرىكى توق بولاتتى. قەلبى ھاياجانغا تولاتتى، ۋۇجۇدى بەخت پەيزىگە چۆمۈلگەندەك دولقۇنلايتتى.

مانا بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي بايلىقى، ھاياتلىق يولىدىكى ھەقىقىي نىشانى ئىدى. ئۇ ئا-خىر مەقسەتكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇ ياشلىقنىڭ تازا قىران چاغلىرى-دىن ھالقىپ ئوتتۇرا ياشلىق ھاياتىنىڭ ئالتۇن تارازىسىغا دەسسەپ، ئۇنى دەستۇر قى-لىپ چاپىدىغان، پەرۋاز قىلىدىغان چاغلارغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ باقتى، كىشلەر تازا يول تاپقىلى تۇردى، باي بولۇپ ھاللانغىلى تۇردى، ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراپ تۇرىدىغانلار، كۆرۈپ بېقىۋاتقانلار بارغانچە ئازىدا قىلىشقا باشلى-دى. ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش باي بولغۇسى، ھاللىنىپ باياشات تۇرمۇش كە-چۈرگۈسى بار ئىدى. ئۇ قاراپ تۇرسا، سۆرىلىۋالسا، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك بىلەن تىرمىشىپ يۈرۈۋەرسە بولمايتتى، ئۇ سۇكۈت قىلىشقا، كۆتۈش، قاراپ بېقىشقا، تە-خىر قىلىشقا خاتىمە بەرمىسە بولمايتتى، ئالتە پالۋان ئوغلۇم بار، دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتسا بولمايتتى، ئۇلارنى ئىشقا سىلىپ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرمىسا، يېتەكلەپ يېڭى يول ئاچمىسا بولمايتتى، شۇنداق قىلمىسا، دادا بىلەن ئانىغا ئىتائەتمەن، سادىق بۇ باللار نابۇت بولۇپ كېتەتتى ياكى كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇلار تۇرمۇشتا مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان، يول تاپالايدىغان، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ياخشىلىقى، سەمىمىيتى بىلەن خۇشال قىلالايدىغان، باشقۇرالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاتا ـ ئانا ئۇلارغا مەڭگۈ تىرەك بولمايتتى، مەڭگۈ ئۇلارنى بېقىپ،

باشقۇرۇپ ئۆتەلمەيتتى، بۇ مۇھىم بىر تەرەپ. يەنە بىر مۇھىم تەرەپ ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى بارلىق ھارارەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادىمىيلىك سالاپەت ۋە ئادىمىيلىك پەزىلەتلەرنى نامايان قىلىشى كېرەك.

شۇ چاغدا مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئۇلار ھەققىدە ھەر تەرەپلىمە ئويلاندى، مانا ئەمدى ئۇلار چوڭ بولدى، ئۇلار تۇرمۇشلۇق بولۇشى كېرەك. بۇ ئىشلارنى دەپ كەلسە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن باش ئاغرىقى بار. بىراق ئۇ، بۇنىڭغا ۋاي دەپ ئولتۇرمايدۇ. بالىلىرىغا — ئوغۇللىرىغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. خوتۇنى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق غەم ـ ئەندىشە كۆپ قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، دەمال بىر قارارغا كېلىپ بولالمىدى، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل شۇكى، بىرەر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتۇشى، ئۇلارنى بۇ يولدا ئىشقا سېلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاخىر خوتۇنىغا نەق گەپنى قىلدى:

— كەنتنىڭ تۆگمىنىنى ھۆددىگە بېرىدىغان بوپتۇ، شۇ تۆگمەننى بالىلارغا ھۆددىگە ئېلىپ بېرەيمىكىن دەيمەن.

— زىيان تارتارمىزمۇ، قانداق بولا؟— دېدى خوتۇنى ئىككىلىنىپ.

— ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئولتۇرساق، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. قىلىپ باقساق بىر گەپ بولار. بالىلارنىڭ بەخت ـ تەلىيى بولسا پايدا ئالارمىز. مېنىڭچە، تۆگمەندىن ھەرگىز زىيان چىقمايدۇ، ھېچبولمىسا ئىزى بولىدۇ، دەسلەپ زىيان تارتماي ئىزى بولسىمۇ مەيلى، بالىلار بارا ـ بارا يول تېپىپ، كەسىپنى ئۆگىنىپ، كۆزى پىشۋالسا، كېيىنچە پايدا ئالىدىغان بولىدۇ، قالغىنى خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، ھەربىر ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ئەجىر ـ ھىممىتىگە بېقىپ بولىدۇ.

— تۆگمەنچىلىك ھەممە ئادەم ئېھتىياجلىق ئىش بولسىمۇ، خەتىرى بىلەن جاپاسى ئاز ئەمەس. تۆگمەن تېشى، پەدەي، زەنجىرلىرى سۆرەپ كېتىپ، ئادەم زەخىم يەيدىغان، توك سوقۇۋېتىپ كۆيۈپ كېتىدىغان خەتەرلىرىمۇ بار ئىكەن. مەن ئەنسىرەيدىغان ئىش مۇشۇ.

— ئادەم پېشانە ـ تەقدىرىدە نېمە بولسا شۇنى كۆرىدۇ، پەم ئىشلەتسە، ئالدىراڭغۇلۇق، بىخۇدلۇق قىلماي ئىش قىلسا ھېچ ئىش بولمايدۇ، پالاكەتلىك قىلسا قەدەمدە بىر پېشكەللىك بولماي قالمايدۇ. مۇھىمى ئېھتىيات قىلساق بولىدۇ. يوق ئىشنىڭ غېمىنى قىلىپ ئاغزىمىزدىن 24 سائەت چىقىپ كەتمىسۇن، خوتۇن. با-

للارنىڭ ئىنساپىغا، بەخت ـ ئىستىقبالىغا دۇئا قىلايلى، خۇدايىم ئىشىمىزنىڭ بەرىكىـ
تىنى بەرسە، ئۆزىمىزنىلا خۇش قىلماي، باشقىلارنىمۇ خۇش قىلىمىز تېخى !
ــ خۇدايىم دېگەنلىرىدەك قىلغاي، مەيلى ئالسىلا، بالىلىرىمىزنىڭ پېشانىسى ئوڭ !ــ دېدى خوتۇنى گۆھەرتاجىخان.

بۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلار بۇ ئائىلىنىڭ راۋاج تېپىشى، روناق تېپىشى، ئىگىلىك تىكلەپ، كىشىلىك ھاياتقا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇشىنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالدى. بۇ گەپلەردىن بۇرۇن مۇسا قاۋۇل ھاجىم تۈگمەننى قانداق باشقۇرۇش، قانداق ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىپ، مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئەتىسى ئوغۇللىرىنى يىغىپ كۆڭلىدىكىنى دېدى. ئوغۇللارمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى ۋە :

ــ ئاتا، ياخشى ئويلاپسىز، بىز سىزگە ھەر زامان ماسلىشىپ دېگەن يېرىڭىزدىن چىقىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ. بۇنداق قىلىشىڭىز يەنىلا بىز ئۈچۈن!ــ دېيىشتى.

بىرقانچە كۈن كېڭىشىش ئارقىلىق مۇسا قاۋۇل ھاجىم كەنت ئىگدارچىلىقىدىكى بىر تاشلىق قوناق ئۇنى تارتىدىغان تۈگمەننى ھەر يىلى 700 يۈەندىن نەق پۇل تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۈچ يىللىق ھۆددىگە ئالدى. ئەمما، بۇ تۈگمەننىڭ ئەسلىھەلىرى بەك كونا، شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلاردا تېرىلىۋاتقان بۇغدايلار كۆپىيىپ، قوناق ئۇنلىرىنىڭ ئورنىنى بۇغداي ئۇنى، يەنى ئاق ئاشلىق ئۇنى ئىگىلەشكە باشلىغانىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئاق ئاشلىقنى دېھقانلار ئەمەس، ئاساسەن ھەربىيلەر ۋە ھۆكۈمەت كادىرلىرى يەيتتى، شۇڭا نۇرغۇن دېھقانلار سېرىق قوناقنىڭ ئۈمىچىنى ئىچىپ، سېرىق قوناقنىڭ نېنىنى، مومىسىنى يەپ، شامال كېسىلى بىلەن تۈرلۈك تېرە، ئاشقازان كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغانىدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات، يەنى يەرلەرنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت يېڭىچە دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەر تەدرىجىي ئاق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئىستېمال قىلىشقا يۈزلەندى. لېكىن، تارىخىي سەۋەب ۋە شارائىت تۈپەيلىدىن، ھازىرقىدەك قارا ئاشلىقنى چارۋا مال يەيدىغان، ئاق ئاشلىق بىلەن گۆشنى ئادەملەر ئىستېمال قىلىدىغان ھالەت بارلىققا كەلمىگەنىدى. شۇ چاغدىكى تۈگمەنلەرمۇ دەل ئاشۇ چاغدىكى ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ قۇرۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇسا قاۋۇل هاجىم تۇگمەننى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بۇغداي ئۇنى تارتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭدا يېتەرلىك پۇل يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل پۇل يىغىشقا توغرا كەلدى. كېتەرلىك پۇلنى تېپىشمۇ قىيىن ئىدى. شۇ چاغلاردىكى 100 يۈەن پۇلنىڭ كۈچى هازىرقى 1000 يۈەنگە، 1000 يۈەن هازىرقى 10 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلەتتى. كىچىككىنە پۇلنىڭ نۇرغۇن كۈچى بار ئىدى. مۇسا قاۋۇل هاجىم بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ پۇل توپلاشقا، پۇل يىغىشقا تەييارلىق قىلدى.

## 5

ئاردىن بىر يىل ئۆتتى، مۇسا قاۋۇل هاجىم بىلەن ئوغۇللىرىمۇ تۇگمەنگە ئوبدانلا كىرىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ روھىي قىياپىتى ئىنتايىن جۇشقۇن ۋە قىزغىن ئىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ نەسىھەت ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆزلىرىنى كىشىلەرگە ئەدەپلىك، سەممىي بولۇشقا ئادەتلەندۈردى، مۇئامىلىدارلارغا قىزغىن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، تۇگمەندىكى ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتى، ئاشلىقلىرىنى هارۋىدىن چۈشۈرۈپ، گىرغا سېلىپ ئامبارغا ئۆزلىرى تۆكۈپ بېرەتتى، ئېلىشقا تېگىشلىك ئۇنلىرىنى قاچىلاپ هارۋىسىغا بېسىپ ياكى ۋېلىسىپىت، ئېشەكلىرىگە ئارتىپ يولغا سالاتتى، يەنە كېلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، سىمكارغا پۇلى يەتمىسە يېزىپ قويۇپ كېيىن بەرسىمۇ ماقۇل دەيتتى، يېرىك ئاشلىقى بولماي، ئۇنغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، كېيىن ئەكېلىپ بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى پۇتۇشۇپ، هاجەتمەنلەرنى قەۋەتلا خۇشال قىلاتتى، بەزى ئاشلىقى كۆپ، ساقلاپ بولالمايدىغان كىشىلەرنىڭ يېرىك ئاشلىقىنى ئۆزلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىپ قاچان ئۇنغا ئېھتىياجلىق بولسا ئۇدۇللۇق ئۇن ئېلىپ كېتىپ ئىشلىتىشكە ماقۇل دەيتتى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلار مۇسا قاۋۇل هاجىمنىڭ تۇگمەنچىلىكىنى راۋاج تاپتۇردى، ئالتە ئوغۇلنىڭ چەبدەسلىكى، ئەقىل-پاراستى ئاشۇ كىچىككىنە تۇگمەندە كۈچىنى كۆرسىتىپ، زېمىنىغا بەرىكەت، يۇرت خەلقىگە شاپائەت، ئاشۇ جاپاكەش ئائىلىگە خۇشلۇق ئاتا قىلىشقا باشلىدى.

بەزىلەر ئۇنىڭ جانلىنىۋاتقان تۇگمەنچىلىكىنى كېكەيتىشنى، ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مۇسا قاۋۇل هاجىم سۈكۈت قىلدى. ئۇ ئالدىراپ كەتمىدى، قولىغا كىرگەن

ئاز- تولا پۇلغا ۋە ئامبىرىغا كىرگەن تاغار- تاغار ئاشلىقىقا قاراپ سۆيۈنۈپ، تۇگمەننى زورايتىشقا ئالدىراپ كەتمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈشى، ئۆزىمۇ، بالىلار- مۇ پىشىپ يېتىلىشى، يىراقنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى، ئۇ شۇنداق قىلدى. تۇگمەن بۇ- زۇلۇپ قالسا سەۋرچانلىق بىلەن ئوڭلىدى، تەييار قىلىپ قويغان ئۇنى ئۆكسۈپ قالسا كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى، ئالدىدىكى ئاشۇ روزغارىغا شۈكۈر- قانائەت قىلىپ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئاخىرقى غەلىبىسىنى كۈتتى.

كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە يەكۈنلىگەن مۇنداق بىر ماتېرىيالىستىك يەكۈن، پەلسەپە بار. ئۇ بولسىمۇ ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، ماددىغا، ئىش - ھەرىكەتنىڭ نەتى- جىسىگە قاراپ ئاڭنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى تەتبىقلاپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئىنچىكىلەپ قارىساق، ئادەم دەل ئاشۇنداق ئاڭنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىجادكار مەخلۇق. بىر ياكى بىرقانچە خىل ئېچكى - تاشقى زىددىيەت روھىي ئامىلنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئادەم ئىنتىلىش، ئىشلەش باسقۇچىغا كىرىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ، ئاشۇ ھەرى- كەتنىڭ نەتىجىسى بىر خىل ماددىي نەرسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ ھاسىلاتقا قاراپ ئا- دەمدە ئاڭ ۋە يېڭىچە ئۇقۇم ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، روھىي ئۆلگەن ئادەم ئۆلگەن بىلەن باراۋەر دېيىدىغان گەپ بار. بۇنىسى راست. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك، روھ - ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان مەنىۋى كۈچ. روھ بولمىسا ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك سالاپىتىمۇ بولمايدۇ. ئەمما، روھنى نابۇت قىلىدىغان ئېچكى - تاشقى ئامىل تولۇپ نېگىزىدىن ئالغاندا، ماددىي ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىقتىن ئىبارەت ۋاستە بولۇپ، كىشىلەر ئاشۇ خىل ۋاستىدىن قانچىكى يىراقلاشسا ۋە ئېھتىياجنى قانچىكى قان- دۇرالماي خورلانسا، روھى شۇنچىكى خاراب بولىدۇ. ئادەم روھىدىكى غەليان بىلەن ھەرىكىتىنى قانچىكى ماسلاشتۇرالىسا، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇتۇقى كىشىنىڭ روھىنى شۇنچىكى كۆتۈرۈپ، ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇ- رۇش، بوشلۇقلارنى شۇنچىكى تولدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ روھىي ئامىل قانچىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكەت ئاملى بولمىسا روھنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، قىممىتى بولمىغان روھ ئاڭنى پەيدا قىلىش، يارىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىشنى قىلىۋەرسە، شۇ ئىشقا تولىمۇ ماھىر بولۇپ

كېتىدۇ، كىم شۇ خىل ئىشنى قىلماي قاراپ تۇرسا، بارغانسېرى زەئىپلىشىپ خاراب بولۇشقا باشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ تۇگمەنچىلىكنى قىلىۋېرىپ، پىشىپ كۆزى قورقمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مۇسا قاۋۇل ھاجىم خىرىسقا ئۇچراپ ۋەيران بولۇشقا ئاز قالغان بازارلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قوناق ئۇنى تارتىش تۇگمىنىنىمۇ ھۆددىگە ئالدى. ئىش ئاۋۇدى، مەسئۇلىيەت تېخىمۇ كۈچەيدى، كىشىلەرنىڭ نەزىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلدى. ئۇ 1992 ـ يىلى تاپقان پۇللىرىنى ساناپ بېقىۋىدى، ئالغان پايدىسى 14 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەمدى بۇ ساھەدە، بۇ كەسىپتە ھېچ بىر ئىشتىن قورقمايدىغان ھالغا يەتتى. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئاق ئۇنغا بولغان ئېھتىياجى تەدرىجىي ئاشتى. قوناق ئۇننى چارۋا مال بورداشقا سەرپ قىلىپ، ئۆزلىرى ئاق ئۇن ئىستېمال قىلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلەندى. ناھىيە بازىرى ۋە شەھەرلەردە مانا شۇ چاغدا بىر قىسىم ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى زاۋۇتلىرى ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاق ئۇنلار خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئېلىشقۇ بازىرىدىكى بىر قىسىم ئاشخانىلار ۋە ئۇن ـ ياغ سېتىش دۇكانلىرىنى قاپلاشقا باشلىدى. مۇسا قاۋۇل ھاجىم بۇنداق خىرىسقا سۈكۈت قىلىپ تۇرسام بولمايدۇ، دەپ قارىدى ـ دە، ئوتتۇرا تىپتىكى بىر قەدەر زامانىۋى ئۇن زاۋۇتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىشقا كىرىشتۈرۈشنى پىلانلىدى. بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ ساداسىغا تەشنا ئىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ بۇ پىكرىدىن قەۋەتلا شادلاندى ۋە پۇل توپلاش، قەرز ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇلار بىرنەچچە ئايدىلا بانكىدىن 17 مىڭ يۈەن قەرز ئالغاندىن باشقا، تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى يىغدى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ 31 مىڭ يۈەن تەييار قىلىپ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن تارتىش زاۋۇتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يېزا بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە ماكانلاشتۇرۇپ، مەخسۇس بۇغداي ئۇنى تارتىشنى يولغا قويدى، بۇ زاۋۇت ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، 1996 ـ يىلى يېزا بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە، مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولىنىڭ بويىغا يەنە بىر زاۋۇتنى ماكانلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەدرىجىي ياخشىلىدى ۋە سۈپەت، ئۇنۇمدارلىقتا زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى. 2001 ـ يىلغا كەلگەندە، تۇگمەن، ئۇن زاۋۇتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ، يېزا بازىرىدىكى ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئۆتەك كەنتىدىكى ئۇن زاۋۇتىنى چوڭ تىپتىكى ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى ۋە سۈپەت ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆستۇرۇپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بازاردا مەزمۇت پۇت
تېرەپ تۇرۇش پۇرستىنى ياراتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئائى-
لىسى تۈگمەنچىلىكنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كى-
شىلىك ھاياتىنىڭ يېڭى - يېڭى سەھىپىلىرىنى ئاچتى. بىرلا يۈرۈشۈپ كەتكەن تۈگ-
مەنچىلىك ئىگىلىكى بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلماس، يېمىرىلمەس مۇنارى بولۇپ قالدى.

## 6

بۇ ئائىلىدىكى ئىش ۋە گەپ مۇشۇ بىر تۈگمەنچىلىك بىلەن تۈگەپ كەتمىدى.
مۇسا قاۋۇل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ 28 ياشلىق ئوغلى مۇھەممەتئىمىن، 26 ياشلىق ئوغلى
ئوسمانجان، 20 ياشلىق ئوغلى نۇردۇنجانلار تۈگمەنگە مەسئۇل بولدى. ئۇلار بارا -
بارا ھەممە ئىشنى ئۆزى قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشقىلارنى
ئىشقا قويۇپ نەپ يەتكۈزۈش، ئۆزلىرى باشقا ئىشلارنى قىلالايدىغان پاراستىدىن پاي-
دىلىنىپ، ئۈنۈمى ياخشى كەسىپ ۋە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا ماڭدى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ بازىرىدا 33 مىڭ 250 نوپۇس، 48 مىڭ 732 مو
تېرىلغۇ يەر، 20 مو يايلاق ۋە ئوتلاق، ئورمانلىق بار. مانا بۇ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىق،
ئەۋزەللىكنى يارىتىپ بېرەتتى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، كى-
يىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشىنىڭ تەدرىجىي ئىشقا ئېشىشى ئارقىسىدا، ئىستېمال
سەۋىيىسى ۋە ئېھتىياجى ئاشتى. ئاشلىقتىن باشقا قوشۇمچە ئوزۇقلۇق، سەي -
كۆكتات، گۆشكە بولغان تەلەپ ئۆرلىدى. مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئائىلىسىدە چارۋىچى-
لىققا باب كېلىدىغان ۋە توشۇش كەسپىگە ماس كېلىدىغان شارائىت بار ئىدى. كې-
پەك بىلەن چارۋا مال باقسا، ترانسپورت بىلەن مەھسۇلاتلارنى توشۇش، يۆتكەپ
سېتىش زۆرۈر ئىدى. بۇنداق زەنجىرسىمان كەسىپ بۇ ئائىلىدىكى ئوغۇللارغا تازا
باب كېلەتتى. شۇڭا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىللىرى ئۆزلىرى تېرىۋاتقان يەرلەرنى
ياخشى باشقۇرغاندىن باشقا، چارۋا مال بورداش، سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باش-
لىدى. بورداقچىلىق ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە تازا باب كەلدى. ھەر يىلى 100 — 150
گىچە قوينى ئېلىپ، يەم - بوغۇز بىلەن بورداپ، يىل بويى بىرنەچچە قېتىم ئايلان-
دۇرۇپ سېتىپ، يىللىق پايدىسىنى 10 مىڭ يۈەندىن، كىرىمىنى 50 — 60 مىڭ يۈ-

ەندىن ئاشۇردى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مەھەللىۋى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولدى ۋە دېھقانچىلىقتىن ئالغان پايدىسىنىمۇ 15 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇلارنىڭ تىجارىتى راسا جانلاندى. «قىلغاننىڭ قىلغۇسى، يېگەننىڭ يېگۈسى كېلىدۇ» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ كەسپىگە ماس كېلىدىغان باشقا تۈردىكى ئىشلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىش باللارغا يەنىلا ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، 38 ياشلىق چوڭ ئوغلى تۇرسۇن مۇسا ھاجىم يەكەن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، بىر دوستىنىڭ كىچىك ئاپتوموبىلىغا چىقتى ۋە يول بويى پاراڭلىشىپ، ترانسپورت كەسپىنىڭ خېلى پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ ئىكەنلىكىنى ھەم بۇ كەسپىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە بىرقەدەر باب كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھېلىقى ئاغىنىسى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، ترانسپورت كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىنىلىرىغا، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىغا مەسلىھەت سالدى. مۇسا قاۋۇل ھاجىم سەل ئىككىلىنىپ قالدى. كېيىن ئۇ سۈرۈشتە قىلىپ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئېلىشقۇ بازىرى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا تىپلىق ئاپتوموبىل كىراكەشلىكىگە چىقىش يولى بارلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرسۇن مۇسا ھاجىم بىلەن 36 ياشلىق ئىككىنچى ئوغلى روزى مۇسانىڭ كىراكەشلىك تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە 1994 ـ يىلى كۈزدە 100 نەچچە مىڭ يۈەنگە «شىڭلى» ماركىلىق 17 كىشىلىك كىرا ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ يولغا كىرىشتۈردى. ئۇلار تېجەشلىك، ئېدىتلىق باللار بولغاچقا، ئوبدانلا ماسلىشىپ، كىراكەشلىكتىن تۇتام ـ تۇتام پۇل يىغدى، باشقىلارنىڭ ئۇن ۋە يېرىك ئاشلىقلىرىنى توشۇپ، زاۋۇتتىن ئائىلىلەرگە، ئائىلىلەردىن ئۇن زاۋۇتىغا يۆتكەپ، يەتكۈزۈپ بېرىپ، زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تارقىتىش، سېتىشقا ھەمدەم بولدى.

1996 ـ يىلى مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ ئۆمۈر تارىخىدا يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەجگە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، ھەج سەپىرىدە ئۇ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە سەپەرداشلارنىڭ باي بولۇش، پۇل تېپىش ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ كۆزى يەنە بىر قېتىم ئېچىلغاندەك، قەلبى تېخىمۇ يورۇغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر باي بولۇشقا، پۇل تېپىشقا باب كېلىدىغان نۇرغۇن ئەۋزەل شارائىتلار بولسىمۇ پايدىلىنىشنى بىلمەي قېلىۋېتىپتىمىز، دەپ ئوي-

لىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا، ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان ھايات كارۋىنى بولسىمۇ، باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئارقىدا ئىدى، ئۇ بەزى تۈرلەرگە يۈرەكلىك مەبلەغ سېلىشتا ئېھتىيات بىلەن سۈكۈتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ كەلگەنىدى، شۇڭا يۈرەكلىك مەبلەغ سېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلارنى ھەدېگەندە تەخىر قىلىشقا يېتەكلەيتتى. ھەج پائالىيىتىدىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇ باشقىچىلا جانلاندى ۋە 21 كىشىلىك كىرا ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، مارالبېشى بىلەن يەكەن ناھىيىسى ئارىلىقىغا سالدى ھەمدە بىر يىلدا 50 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. 2003 ـ يىلى ئىلگىرى سېتىۋالغان ئىككى ئاپتوبۇسىنى سېتىۋەتتى ۋە 330 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ «جىڭ لۇڭ» ماركىلىق 35 كىشىلىك ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يەكەن بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدا كىراغا سالدى. 2004 ـ يىل 11 ـ ئايدا 400 مىڭ يۈەنگە «غەربىي دىيار» ماركىلىق 42 كىشىلىك كارىۋاتلىق ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يەكەن بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا كىراغا سالدى. مانا ھازىر مۇسا قاۋۇل ھاجىم دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، ئۈن زاۋۇتى ۋە ترانسپورت كەسپى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يىلىغا 400 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىغان، پايدىسىنى نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە يەتكۈزەلەيدىغان ھالغا يەتتى. ئەمما ئۇ، داۋراڭ سالمىدى، باشقىلارنى مازاق قىلمىدى، بەلكى يېتەكلىدى، ساخاۋەت ئالقىنىنى كەڭ ئاچتى. بۇ جەھەتتىمۇ ئۇنىڭ تىلدا داستان بولغان ئىشلىرى ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە!

## 7

مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئائىلىسى روناق تاپتى، باي بولدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن رازى، بۇ ئائىلىدىن خەيرخاھلىق ۋە شاپائەتكە ئېرىشكەن نۇرغۇن كىشىلەرمۇ رازى. ئۇلار رازى بولۇش بىلەن كۇپايىلەنمەي، ئۇنىڭغا رەھمەت ـ بارىكاللا ۋە ئاسايىشلىق تىلىدى.

بىرقانچە يىل مابەينىدە، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا ياراتقان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئېلىشقۇ بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار پۇقراۋى كارخانىچى»، «مائارىپنى قوللاشتىكى ئىلغار شەخس» قاتارلىق

ناملارغا ئېرىشىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر يەتتە قېتىم مۇكاپاتلاندى، ئۈچ قارار ئېلىشقۇ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، بىر قارار ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ بېرىشتە ئاممىنىڭ ساداسىنى نامايان قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت تۈزۈشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بازارلارغا قىلغان شاپائەتلىرىنى تىلغا ئالغاندىمۇ، ئۇ تۈرلۈك تىجارەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەريانىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان 15 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھەرئايدا 350 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە ئىش ھەققى بەردى. ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئىككى جۈپ ياشنىڭ تويىنى قىلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر 20 نامرات، ئاجىز، مېيىپ، يېتىم ـ يېسىرغا 35 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك، ئۇن، نەق پۇل ياردەم قىلدى. ئېلىشقۇ بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى قىيىنچىلىقى بار 40 ئوقۇغۇچىغا 2000 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلىپ، ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 2003 ـ يىلى 1000 يۈەنگە خاتىرە بۇيۇم سېتىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بايرىمىغا سوۋغا قىلدى.

2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەر تەۋرەپ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئېغىر ئاپەت بولغاندا 1000 يۈەن نەق پۇل، ئۇن قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ ئىئانە قىلدى.

ــ بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنامسىز ياكى باشقا ئىشمۇ قىلامسىز؟ ــ دەپ سورىدىمەن.

ــ تۆگمەنچىلىك، كىراكەشلىك، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ماڭا نان بەرگەن كەسىپ، مەن بۇ كەسىپلەرنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، تەرەققىي قىلدۇرىمەنكى، ئارقىغا چېكىنمەيمەن. ھازىر مۇشۇ ئىشقا بىرلەشتۈرۈپ، بۇغا باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرايمىكىن، دەپ 1000 كۋادرات مېتىرلىق قورۇ ـ قوتان سالدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇغا باقمىچىلىق تۈرىنىمۇ قوشۇپ قىلماقچى.

## 8

شۇنداق، مۇسا قاۋۇل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سانسىز كىشى ھەۋەس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە ھەسەت قىلىدىغانلارمۇ بار. لېكىن، ھەۋەس قىلـ

غانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاشۇ ھەۋەس ۋە ماختاشلىرى بىلەن توختاپ قېلىۋەر-دى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى، چۈنكى ئۇلار ھەۋەس قىلغانغا يارىشا بىرەر ئىش-نىڭ بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئەۋلادلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇتۇق قازىنىشنىڭ يولىغا قەدەم قويۇپ باقمىدى، ھەسەت قىلغانلاردىن بەزىلىرى ئۇلارنى دوراپ باققان بول-سىمۇ قاملاشتۇرالمىدى ياكى جۈرئەتلىك بولالماي، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولۇپ يېڭى ھەسرەتكە قالدى.

بۇ ئائىلىنىڭ سېھرىي كۈچى زادى نەدە؟ زىيارەت جەريانىدا بۇ ئىش مېنى بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، بۇ كۈچ ۋە بۇ كۈچ مەنبەسىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى مېنى تېخىمۇ تىت - تىت قىلدى.

— بەش جايدا ئۆيىمىز بولسىمۇ، قازان - قومۇچىمىز بىر ئۆيدە، — دېدى روزى مۇسانىڭ ئايالى بىزگە چۈشەندۈرۈپ، — بەش ئوغۇلنىڭ بەش خوتۇنى، نەۋرىسى، جەمئىي 30 نەچچە ئادەم بىر ئائىلىدىن تاماق يەيمىز، ھەممە تاپقان - تەرگىنىمىز چوڭ ئۆينىڭ داستىخىنىغا تۆكۈلىدۇ.

— كېلىنلەر ئۆكتە قىلمامسىلەر؟ — دەپ سورىدىممەن ئۇنىڭدىن.

— نېمىمىزگە نېمىمىز يەتمەي ئۆكتە قىلىمىز؟ ھەممە نەرسىمىز يېتەرلىك تۇر-سا، بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن كېلىنلەرمۇ بەك ئوبدان، ئەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. مەنمۇ دەسلەپ كېلىن بولۇپ كىرگەندە، كۆنەلمەي ئايرىم ئۆي تۇتساق، تاپقان - تەرگىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسە، دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن قارى-سام، ھەممەيلەن بىر ئۆيگە تۆكىدىكەن، مەنمۇ كۆندۈم. ھەممىمىز ئۆم - ئىناق، قىلى-مىز دەپ قالساق، ئېتىزدا، زاۋۇتتا، ئۆيدە بىزگە ئىش توشمايدۇ، باشقىلارمۇ بوزەك قىلالمايدۇ. بۇ ئائىلىگە كۆنۈپ قالغان ئادەم بەك ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ. بىرىنى بى-رى بوزەك قىلمايدۇ، ئەرلەر ئاياللارنى ئۇرمايدۇ، تىللىمايدۇ، ناشايان ئىشمۇ قىلما-يدۇ، بىزدىن باشقا ئىككى- ئۈچ ئوغلى بار ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە بالىلارنى باشقۇرۇپ بولالماي ھالى خاراب. ئۇلاردا بىرلىك يوق، بىر- بىرىنى ياراتمايدۇ، بىر- بىرىگە مەنپەئەتنى دەپ پىچاق - توقماق، كالتەك كۆتۈرۈشىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئائىلىنى خەق شامال كىرمەس ئائىلە دەيدۇ.

مۇسا قاۋۇل ھاجىم 68 ياشتىن ئاشقان، قاۋۇل، تولىمۇ تەمكىن ئادەم ئىدى. ئۇ-نىڭ ياخشى تەربىيىسى بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا بىرلىك، ئورتاقلىقنى

www.uyghurkitap.com

ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇپ كەلدى. ئۇ يەنە ئىناقلىقنى، ھەمكارلىقنى ئۆزئىنىڭ بۇرچى، ئۆزىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنىڭ بەختى دەپ قاراپ كەلدى. بىرلىك، ئۆملۈك بولغاندا، بۇ ياخشى ئائىلە، ياخشى جەمەت بولىدۇ ۋە راۋاج تاپىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى ئاچىدۇ دەيتتى. شۇڭا ئۇ، ئاشۇ تۇيغۇ ئاساسىدا باللىرىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىدە بىرلىك، ئۆملۈك روھىنى يېتىلدۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئامراق چاغلاردا بۇنى ياخشى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىر چاغدا باي بولغان، پۇل، مالغا تويۇنغان يېقىنقى يىللاردىمۇ ئاشۇ خىل تۇيغۇنى، روھنى يېتىلدۈرۈشنى تاشلاپ قويمىدى، ئۇنى ئۈزۈلمەس روھ سۈپىتىدە پەپىلەپ، ھەربىر سۆز - ھەرىكەت، ھەربىر ئىشتا ئىپادىسىنى نامايان قىلىپ، باللاردا ئۇنىڭ ئىجابىيلىقىنى بىخلاندۇردى، ھەتتا ئۇ ئائىلىدە تۆرلۈك چىقىملاردىن كىرىمغىچە نىسبەت تۇرغۇزۇپ، شۇ تەرتىپنى ھەمىشە ئورتاق قوللاندى. ئالايلۇق، بىر ئادەمنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ـ كېلىشىگە قانچىلىك چىقىم كېتىدۇ، يەكەندىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ـ كېلىشىگە قانچىلىك چىقىم كېتىدۇ ۋە قانچىلىك كىرىم بولىدۇ... ۋاھاكازا. باللارمۇ شۇنىڭغا تولۇق رىئايە قىلدى ۋە ئىجرا قىلىپ، بىر ـ بىرىنى قايىل ۋە خۇرسەن قىلدى. ئۇلاردىكى ئورتاق روھ: يالغان گەپ قىلمايدۇ، قىلغان تىجارىتىنىڭ كىرىمى بىلەن چىقىمنى ئېنىق خاتىرىلەپ ماڭىدۇ، بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئائىلە مەجلىسى ئېچىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى قاتناشتۇرۇپ پىكىرلىشىدۇ، ھەرقانداق جايدا ئۇرۇش، جېدەل ـ ماجىرالارنى قىلمايدۇ ۋە ئارىلاشمايدۇ.

ـــ ھاجىم، مېنىڭ نەزىرىمدە پارچىلانمايدىغان كۈچ ۋە يىمىرىلمەيدىغان روھ مەۋجۇت ئەمەس، ـــ دېدىمەن ئۇنىڭغا، ـــ سىلىنىڭچە، باللارنى مەڭگۈ بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان، بىر تىنىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولامدۇ؟

ـــ مەن ئەۋلادلىرىمنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد شۇنداق ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن ـــ دېدى مۇسا قاۋۇل ھاجىم بىرئاز تۇرۇپ قېلىپ، ـــ لېكىن، يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن، نەۋرىلەر چوڭ بولىدۇ، ئائىلىمىز تېخىمۇ چوڭ ئائىلە بولۇپ قالىدۇ، ئائىلىنىڭ بېسىممۇ ئېغىرلىشىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا نېمە قىسمەتلەر بولمايدۇ دەيسىز؟ كېيىنچە ئائىلىمىز چوڭكىيىپ، ئاخىرىدا كېلەڭسىزلىشىپ، باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولىدۇ، ئۇ چاغدىكى ئىش باللىرىنىڭ تەدبىرىگە باغلىق، مەن ھازىر مۇشۇنداق قىلدىم، بۇ مېنىڭ تەد-

بىرىم! كېيىن بىز ئويلىمىغان نۇرغۇن زىددىيەتلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن، مەلۇم بىر مەزگىل كەلگەندە، ئائىلىمىزدىكى بۇ خىل ھالەتنى باللارنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، ياخشى ئادەت ـ ئەنئەنىلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئۇلارمۇ باللىرىنى ماڭا ئوخشاش ئۇيۇشتۇرسا، باللىرىمۇ دادىلىرىغا ئوخشاش ئائىلىسىنى ــ باللىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى بىلسە دەيدىغان ئۈمىدتە مەن!

بۇ ئائىلىدىكى بىرلىك، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سۇنماس روھ ــ ئۇلارنىڭ بۇگۈنكىدەك بەختكە سازاۋەر بولۇشىنىڭ ئاساسىي مەنبە، ماياك. خۇلاسە شۇكى، كىم بولسۇن، قايسى ئائىلە بولسۇن ياكى ھەر قانداق تارماق، ئورگان، دۆلەت ۋە رايوندا كىشلەر ئارىسىدا ئىناقلىق، بىرلىك بولغاندىلا، تەرەققىيات، ئىستىقبال، بەخت ۋە خاتىرجەملىك بولىدىكەن. ھازىر دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشتىن بىرلىككە كېلىشكە، چېچىلىپ كېتىشتىن ھەمكارلىششقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇنداق يۈزلىنىش يەنىلا كىچىك تارامالارنىڭ بىرلىكى، ئىناقلىقى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئائىلىدە ئىناقلىق، بىرلىك نۇر چاچسۇن! جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئائىلىنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ خىل ئىناقلىق، بىرلىك ماياكلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بارلىققا كەلسۇن ۋە تىكلەنسۇن! چۈنكى، كىم ئىناق بولسا شۇ يېقىلمايدۇ؛ نەدە بىرلىك، ئۆملۈك بولسا شۇ يەردە كۈچ، تەرەققىيات، ئىستىقبال بولىدۇ!

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي، قەشقەر

www.uyghurkitap.com









مۇسا قاۋۇل ھاجىمنىڭ

پائالىيەتلىرىدىن

كۆرۈنۈشلەر

0998-8950633

13899173264




30757











# بىلىم ــ ۋاپادارلىق

پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى نېمە؟ بىلىم! پەقەت بىلىملا بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ چىن مەنىدىكى ئانىسىدۇر. ئۇ بىلمىگەننى بىلىش، ئۆگىنىش دېگەنلىكتۇر؛ بىلىم ئەقىلنىڭ نۇرى، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتنىڭ جەۋھەرلىرىدىن كۆڭۈل ئالبومىغا نەقىشلىنىدىغان قۇياشقا ئوخشايدۇ؛ شۇڭا، ئۇنىڭغا بارلىقىنى ئاتىغان ئادەم ئۇلۇغلۇققا مۇيەسسەر بولالايدۇ، ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەتلەرنىڭ ساھىبى بولالايدۇ؛ بىلىم كىشىنى قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچكە ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

ھەقىقىي بىلىملىك كىشى ۋاپادار، پەزىلەتلىك ھەم غۇرۇر ـ ۋىجدانلىق كېلىدۇ. ۋاپا قىلىش ئادىمىيلىك سالاپەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەلگىسى: ۋاپادارلىق ئۆز لەۋزىدە تۇرۇش، قەسەمدىن يېنىۋالماسلىق، يۈز ئۆرۈمەسلىكنى مەنبە قىلىدۇ، ئۇنى مەنبە قىلغان كىشى ھەرقانچە ئازاب تارتىپ، قەدىرسىز ـ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالسىمۇ، ۋاپادارلىقنىڭ جەزبىسىنى قىلچە يوقاتمايدۇ، ئۇنى قەيسەر روھ، ئىرادە بىلەن قوغدايدۇ، ئۇ روھىي بىغۇبارلىقى، دىلىنىڭ ساپلىقى، پاكلىقى بىلەن نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. سەن بىلىمنىڭ قەدرىنى قىلغاندەك، بىلىم نۇرىمۇ سېنى مەڭگۈ قەدرى ئۈستۈن، يۈزى يورۇق قىلىدۇ!

بىلىم بىلەن ۋاپادارلىق ئادەمنى شۈكۈر ـ قانائەتلىك قىلىدۇ. ئۇ شەخستىكى ئەڭ كەڭ، ئەڭ مۇبارەك ئەركىنلىك بولۇپ، ئۇ ئادەمنى روھىي جەھەتتىن تويۇندۇرۇپ، تەمكىن قىلىدۇ، خورلۇققا مەھكۇم قىلىدىغان مۇشكۈللەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۇنى يار تۇتقانلار ئالىيجانابلىق، پاكلىققا سازاۋەر بولىدۇ.

بىلىم بىلەن ۋاپادارلىق سەھەردە ئېچىلغان قىزىل گۈلگە ئوخشايدۇ، ئاشۇ گۈلگە سىزنىڭ قامەت ۋە سالاپىتىڭىزنىڭ سىيماسى مۇجەسسەم بولسا قىممەت ۋە شۆھرىتىڭىزنى دائىملىق ھېس قىلىشقا قادىر بولالايسىز

# ئالتۇن رەڭلىك تار كوچا

## 1

ئىككى بوۋاي مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلاردىكى چوڭقۇر مۇڭ ۋە ھاياتىنىڭ ئۆتكەن يادنامىلىرى چىرايىدىن، سۆزلىرىدىن مانىمەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. يېشى چوڭراق بوۋاي مەغرۇر كۆرۈنەتتى. چىرايىدىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ پارلاپ، قەلبى دولقۇنلىنىپ، ھاياجانلىق ياش ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. يەنە بىرى بولسا ئىنتايىن سولغۇن ۋە مەيۇس بولۇپ، چىرايى ھېلىدىن ـ ھېلىغا تۇتۇلۇپ قالاتتى، ئۇنىڭ ھەسرەت ئارىلاشقان نارازىلىقى ۋە نالىلىرى مەنپەئىتى ئۇستىدىكى چىگىش خىيالى ھېلىقى بوۋاينىڭ دىلىنى ئېزىپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى، كۆڭۈل باغلىرى، قەلب بۇلاقلىرىدىن گۈلئەنبەرلەرنى، زەمزەم قەترىلىرىنى ھازىرلاپ، ئۇنىڭ چاڭقىغان قەلبىگە سۇنغۇسى ۋە تەسەللى ھەدىيىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغۇسى كەلدى... بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى، يېشى كىچىكرەك بوۋاي ھەقىقەتەن ھەسرەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ يېشى چوڭراق بوۋايغا:

ـ ھەي، ئەمدى قېرىپ كەتتۇق، ھاجىم، پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى. ئۆتكەن ھاياتنى ئويلىسام، ئەمدى ھېچ ھەققىمىز قالماپتۇ. سەللا ئىشنى كۆرسەم ھاياجانلىنىپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ، ئۆلۈم ـ يېتىمنى ئاڭلىسام، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ئېسىمنى يوقىتىپ قويىمەن، ھەي ـ ھەي، قېرىپ بۇ ھالغا كەلگەندە، نۇرغۇن ئارمانلار ئادەمنى ھەسرەتتە قويىدىكەن، ئارمانغا لايىق دەرمان يوق، ئادەم قېرىپ بىر يەرگە بارغاندا، بەزى ئىشلارنى قىلىپ باقسىمۇ چاك باسمايدىكەن، يامان يېرى قاملاشمايدىكەن. ياشلىق، قىرانلىق چاغلارغا ھېچ نەرسە يەتمەيدىكەن! ھازىر قارىسام، ھاياتتا تارتىشىدىغان ئىشمۇ ئاساسەن قالماپتۇ، بۈگۈن ئولتۇرۇپ سىلىنى سېغىنىپ قاپتىمەن، كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپ رازىلىشىۋېلىپ كېلەي دەپ كېلىشىم.

—— بەك ئوبدان قىپلا، مەنمۇ گاھىدا زېرىكىپ قالىمەن، سىلىنى، ئۇرۇق ـ تۇغ-
قانلارنى، تەڭتۇشلارنى، دوست ـ بۇرادەرلەرنى ئەسلەپ قالىمەن، ئويلىسام ـ نى
ئېسىل ئادەملەرنى ئاللا دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. يەنە بىز قاپتىمىز، خۇداغا شۈكۈ-
رى، رىزقىمىز كەك ئوخشايدۇ. ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار دەپ، رىزقىمىزنى تېپىپ
يەپ كەلدۇق. ئادەم ئۇمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشىمىسا، گۈل تاجلىق ماكان گۆر بوپ
يۇلىدۇ. يىگەن بەتتە پولۇلارمۇ، بەتتام، زەھەر تۇيۇلىدۇ. ھەر ھالدا ئۇمىد بىلەن يا-
شىدۇق، قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بەك كۆپ بولسىمۇ، ھەممىنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باق-
تۇق، بىراق ھەممىنى قىلىپ بولالمىدۇق. ئارمانلىرىمىز كۆپ، مەندىن باشقا ئادەم
بولسا بەلكىم بۇ كەمگە يەر يەپ بولار ئىدى، سىلى بىلىلا، تاپقان ـ تەرگەنلىرىمىز
ئۆتكەن ھەرقايسى دەۋرلەردە زايە بولۇپ كەتتى، بىراق ئاتا ـ ئانىمىز دۇئا قىلىپتى-
كەن، يەنە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، ۋەج ـ دۇنيا توپلىدۇق، تۇرمۇشىمىزنى
ھەر ھالدا ئوبدان ئۆتكۈزدۇق، لېكىن قىلىمەن دېگەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالمى-
دۇق، ئارمانلىرىمىز، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرى ھاياتنىڭ بوران ـ چاپ-
قۇنلىرىدا كۆمۈلۈپ ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ھەدېگەندە ئادەم ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ئېھتىياج-
غا قانماي، تويماي ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن! قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەمدى بايام دېدىلە،
قېرىپ بۇ ھالغا كەلگەندە، دەرد ـ ھەسرەت بىلەن پۇشايمان قىلىدىكەنمىزيۇ، ئار-
مانغا لايىق دەرمان بولمايدىكەن، ئادەمنىڭ شۇنداق ئۆتمىكى بەرھەق ئوخشايدۇ.
—— شۇنداق ـ شۇنداق، ھاجىم، سىلى بىز گە قارىغاندا جىق ئېسىل ئىشلارنى
قىلدىلا، باللارنى، نەۋرىلەرنى نوچى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتىلا، باشقىلارنىڭ بىر-
مۇنچە باللىرىنى پۇل چىقىرىپ ئوقۇتۇپ قويدىلا، خەلقىمىزنى دەپ ھېچ نەرسىلە-
رنى ئايىمىدىلا، شاپائەت، مېھىر ـ ۋاپالىقنى مۇشۇ ئالەمگە ھەدىيە قىلدىلا، ئادەمگە
بۇنىڭدەك چوڭ —— ياخشى ئىش بولامدۇ؟ بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزاق، ئارمانى
زىيادە، پېشانىسى ئوك بولىدۇ، ھاجىم!
—— يۇقسۇ، تەقسىر، يوقسۇ! ئۇنچىۋالا ئەمەس...
—— ئەمدى ھەممىنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەتكىلى بولمايدۇ. سىلىنىڭ
قىلغان ـ ئەتكەنلىرى مۇشۇ قورۇغا، ئىشىك ئالدىدىكى تار كوچىغا قۇياشنىڭ ئالتۇن
نۇرىدەك تۆكۈلۈپ، كىشىلەر قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلدى. يەنە نېمە دەيلا! مەن
ئۆزۈمنى ئالسام، بالا بېقىش، ئۆي تۇتۇش بىلەن مىدى ـ مىدى ئىش قىلىپ، قىر



www.uyghurkitap.com

ئاشالماي ياشاپتىمەن، سىلىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇي ـ ئىناۋەتلىرىگە قارىغانىدا مېنىڭ ھاياتىمنى توك ـ توك ھايات دېسە بولىدۇ...

ـــ ھەي، نۇرغۇن ئۆمرىمىز بىكارغا كەتتى، ئۇنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىپ، ئەل ـ جامائەتنى رازى قىلغۇم بار ئىدى. لېكىن، ئادەمدىكى ئارمان چەكسىز، دەرمان چەكلىك بولۇپ قالىدىكەن، كۆرسىلە!

ئىككى بوۋاي ئۇزاق مۇڭداشتى، دەرد ـ ئەلەملىرىنى، بەخت ـ خۇشاللىقلىرىنى تۆكتى. بىراق، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يېشى كىچىكرەك بوۋاينىڭ بىللە كەلگەن «مەلىكە» سى ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم قايتىپ كېتىش ھەققىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. شۇ ئارىلىقتا تاماقمۇ تارتىلدى. يېشى چوڭراق بوۋاي ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيدى، مەززەلەرگە ئېغىز تېگىشكە دەۋەت قىلىپ تۇردى، ھەتتا قوللىرىغا ئېلىپ قويدى. ئۇلار قايتىدىغان چاغدا، ئىككى كىيىملىك رەخت ئېلىپ كېلىپ ئالدىغا قويۇپ دۇئا ئالدى. قىزغىن، جانلىق، تولىمۇ ئۈمىدۋار كەيپىيات يېشى كىچىكرەك بوۋاينى سولغۇنلۇقتىن سەل ـ پەل نېرى قىلغاندەك بولدى، روھىنى كۆتۈرۈپ، سەل تېتىكلەشتۈرۈپ قويدى.

ـــ خەير، ھاجىم، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز.

ـــ خۇدايىم بۇيرۇسا! يەيدىغان رىزىقىمىزنى يەپ، ئاندىن كېتىمىز تېخى كېتىدىغان جايغا! مەنمۇ بىر كۈنى ئۆيلىرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەرمەن.

ـــ خۇدايىم بۇيرۇسا! بېشىم بىلەن كۈتىمەن، ھاجىم!

ـــ ئەسلىرىدە بولسۇن، ھەر ۋاقىت كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسلا، ئادەمدە ئارمان كۆپ بولىدۇ، ھايات داۋاملىشىدۇ. ھاياتمۇ، ئارمانمۇ كۆكلەيدۇ، ئادەمنىڭ جىسمى ياشاشتىن مەھرۇم قالغاندا ئارمانمۇ يوقىلىدۇ، تۈگەيدۇ. بۇ قانۇنىيەت بەلكىم بىز باقىي ئالەمگە سەپەر قىلساقمۇ،كېيىنكىلەر بىزگە ئوخشاش نى ـ نى ئارمانلارنى ياشارتىدۇ، بۈگۈن بىز ياشاۋاتىمىز، شۇنىڭ ئۆزى ئارمان، بەخت! ئۈمىد بىلەن ياشىمساق بولمايدۇ، ئۈمىدۋار بولسىلا!

ئۇلار خوشلاشتى.

يېشى چوڭراق بوۋاي ئۇزۇن يەكتەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ، ياداپ كەتكەن مەگزى ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ، چىرايلىق ھاسىسىنى تېيىنغان ھالدا ھويلىدىكى رېدە سايىسىغا توختىتىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان كارىۋاتقا بېرىپ ئاستا سۇنايلىنىپ ياتتى، خىيالى بىراقلارغا پەرۋاز قىلـ-
دى، كۆزلىرى رېدە دەرەخلىرىنىڭ شاخ- يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا تىكىلىپ نىمىلەر-
نىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدى. كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىلىپمۇ، قەلبى
دولقۇنلىنىپ، ھاياجانغا غەرق بولدى. بىراق ئۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى، يېشىنىڭ 83 كە
بېرىپ قالغانلىقى، نۇرغۇن ئارمانلارنىڭ ئىشقا ئاشماي يوقالغانلىقى قاتارلىقلارنى
ئويلاپ، يۈرىكى مۇجۇلدى، قەلبى بىردىنلا ئۆرتەندى... بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ
خىيالى ئۆتكەن ھاياتىغا، قايتىپ كەلمەيدىغان ھايات پۇرسەتلىرىگە ۋە كىشىنى
ھەيران قالدۇرىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان ئاجايىپ تۇرمۇش، ھايات تىراگېدى-
يىلىرىگە غەرق بولدى. ئۇ چوڭقۇر ئەسلىمىلەر قوينىغا شۇڭغۇپ كەتتى...

## 2

يېشى چوڭراق بوۋاي قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق جامائەت ئەربابى، ۋەتەنپەر-
ۋەر، خەلقپەرۋەر تارىخي شەخس، پائالىيەتشۇناس، يازغۇچى مۇھەممەت ئوسمان
ھاجىم ئىدى، ھېلىقى بوۋاي بولسا ئۇنىڭ يېقىن بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىدى.
ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى، قىلغان ئىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھېسسىياتى بىر يەردىن
چىقاتتى، ئۇلارنىڭ يېشىدا چوڭ پەرق بولمىسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قىلغان
ئىشلىرىدا چوڭ پەرق بار ئىدى. بىراق، ئۇلار ھاياتىدا نۇرغۇن ئىسسىق- سوغۇقنى
بېشىدىن كەچۈرگەن، ھېلىقى بوۋاي ئېيتقاندەك ئۇ تۇرمۇشنى قامداش يولىدا، تى-
رىكچىلىك غەملىرىنى تۈگىتىش، تىرىكچىلىك نېمەت - ھازىرلىقلىرى ئۈچۈن توخ-
تاۋسىز ئۇششاق - چۈشەك ئىشلار بىلەن بەند بولغان، ئائىلىسىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ
تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، پاراغەت ۋە ئاسايىشلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىش بەدىلىگە
ھاياتىنى خوراتقان، باشقىلارغا قىلىپ بەرگەنلىرى، ياخشى پەزىلەتلىرى ئۇنچىۋالا
كۆپ ئەمەس، ھاياتلىقتا قالدۇرغان ئىزلىرى يوق دېيەرلىك. چوڭ ئىشلارنى ئويلىسى-
مۇ قىلالماي ئۆتكەن، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىك چاغلاشنىمۇ خالىماي-
دۇ، ئۇنىڭ روھىيىتىدە يەنىلا باللىرىنىڭ، قايسىدۇر بىر تۇغقانلىرىنىڭ قىلىپ بولال-
مىغان ئىشلىرى، قىلىشىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلار بار ئىدى. مۇھەممەت
ئوسمان ھاجىممۇ بىر چاغلاردا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن. بىراق، چوڭ جە-

ھەتتىن ئالغاندا، ئۇ نەزىرىنى يىراققا تاشلىغان، كىچىك ئائىلىنىڭ ۋە ئۆز شەخسىيە-
تىنىڭ خىيالى بىلەن ئەمەس، باشقىلارنىڭ، ئاۋام خەلقنىڭ بەختىيار ھاياتى، تۇر-
مۇشىغا، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان چوڭ ئىشلار مەۋقەسىگە قويغان، ھەقانىيەت ۋە
بۇرچ ، مەسئۇلىيەت ۋە يۇكسەك ساداقەتنى ئۆزىنىڭ مىزانى قىلىپ، ھەربىر قەدەم ۋە
تىنىقلىرىنى ھەربىر ئىشنىڭ جەريانىغا، نەتىجىسى ۋە ئۈنۈمىگە باغلىدى، بۇنداق تۇي-
غۇ ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلانغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تەدرىجىي
مۇكەممەللىشىپ ماڭغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا پەيدا بولغان
ئىچكى تۇيغۇنىڭ يېتىلىشىدە، تاشقى سەۋەبمۇ مۇھىم رول ئوينىغان، يەنى ئاتا ـ ئانا
تەربىيىسى، ئۇستاز تەربىيىسى، نەسىھەتلىرى ئاشۇ تۇيغۇلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە
بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ۋاستە ئىدى. بۇ ھەقتە گەپ بولغاندا مۇھەممەت ئوس-
مان ھاجىم مۇنداق دەيدۇ :
ـــ مەن بەش ياشقا كىرگەن يىلى بولسا كېرەك، مۇشۇ مەھەللىدە ئىمىن خەلپە-
تىم ئىسمىلىك بىر موللا ئۆلىما ئادەم بار ئىدى، ئۇ ھەم ئىمام، ھەم ئىلىم بەرگۈچى
مۇدەررىس ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا 10 نەچچە بالا بار ئىدى، ئۇ كىشى بەك
تەقۋادار بولۇپ، ھەم دىنىي ئىلىمدىن، ھەم تەبىئەت، ھېساب، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن
دەرس بېرەتتى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئەدەپ- قائىدىلەردىن، ياخشى خۇلق- پەزىلەت
بىلەن بالىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقارماي تۇرۇپ، باشقا ساۋاقلارنى بېرىشكە ئالدىراپ
كەتمەيتتى. مەن شۇ چاغدا ئەڭ ئاۋال بالىلار بىلەن چوڭلار، چوڭلار بىلەن
چوڭلار، تەڭتۇشلار بىلەن تەڭتۇشلار، تەڭتۇشلار بىلەن باشقىلار، بالىلاربىلەن با-
لىلار، ئاياللار بىلەن ئاياللار، ئاياللار بىلەن ئەرلەر، ئاتا- ئانىلار بىلەن بالىلار... ئىش-
قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشىمىز لازىم بولسا، شۇنداق قى-
لىشنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدىم، بىر- بىرىگە مېھىر- ۋاپا قىلىش، شەرم ـ
ھايا، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇش ھەققىدىكى بىلىمنى قوبۇل قىلدىم، ئەدەپ ـ
ئەخلاقنى ئۆگەندىم. ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ، شەرم ـ
ھايالىق بولۇشنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرى كىچىك تۇرۇپلا قەلبىمىزگە مۆھۈر باسقان-
دەك ئورناپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنداق ئىش يوق، باشقا تۈردىكى دەرسلەرنىڭ
كۆپلۈكىدىن ئەدەپ ئەخلاق دەرسىنى، ئەنئەنىنى ئۆگىنىدىغانغا پۇرسەت چىقماي-
دىغان بولدى. شۇڭا، جەمئىيىتىمىزدە ھاياسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ئاۋۇپ كەتتى،

بىراق ئۇمۇ تەكرارلىنىۋەرگەچكە، ئۆلۈم ۋەقەسى چىقمىسىلا، خاتالىق سادىر قىلمىسىلا، كىشىلەر ھەر خىل ھاياسىزلىقلارنى، ئەدەپسىزلىكلەرنى ھازىئالىماس بولۇپ كەتتى... مەندە كىچىك چاغلىرىمدىلا ئۇيغۇر مىللىتىگە خاس ئەنئەنە، ئادەت ـ ئەدەپ، ئەخلاق ئەندىزىسى بىخلىنىپ مېۋە بەرگەنىدى. ئۇ مېنى ۋىجدان بىلەن ياشاشقا، ئىنسانغا خاس تۇيغۇ بىلەن جەمئىيەتكە مۇئامىلە قىلىپ، ئىنسانىيەتكە تېگىشلىك ھارارەت بېرىشكە دەۋەت قىلىپ كەلدى.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ دادىسى ناۋايىخان سىدىق ھاجىم ئوقۇمۇشلۇق، داڭلىق سودىگەر بولۇپ، ئەينى دەۋردە نۇرغۇن پۇل ـ مال توپلىغان، بايلىققا كۆز ـ قارنى توق، ئەمما ئىلىم ـ ھېكمەت قەسرىدىن ئۇنچە ـ مارجان ئۈزۈشكە تەشنا ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەۋلادلىرىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈك، بايلىقى بىلەن نۇسرەت تېپىشقا ئەمەس، بەلكى بالىلىرىغا بەرگەن تەلىم ـ تەربىيىسى، ئىلىم ـ بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىش ۋە مېۋىلىرى بىلەن نۇسرەت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدى. شۇ دەۋرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى، ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىگە شاگىرت قىلىپ تۇتۇپ بېرىپ ئوقۇتتى. ئۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىدە داڭقى بار ئەئىلاخان تۆرەم، توختىھاجى يۇسۇپ زىيا ئەپەندى، يۇنۇس زىيا ئەپەندىلەر دەرس بەردى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تۇنجى قارارلىق كۇرسىدا، 1940 ـ يىللىرى قەشقەر كارانتىن ئىدارىسى ئاچقان لابوراتورىيە ئاسكۇلى كۇرسلىرىدا ئوقۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدى ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئومۇمىي پەن سىنىپىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئەرەب، پارس، تاتار، رۇس، تۈرك تىلى قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ئۇ قايسى خىل ئوقۇشنى ئوقۇسۇن، شۇنداق بېرىلىپ ، ئەستايىدىل ئوقۇدى؛ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە قوبۇل قىلغان بىلىمى تەكتۇشلىرىنى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنى قايىل قىلىپلا قالماستىن، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئەل ـ جامائەتنىمۇ قايىل قىلدى.

## 3

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ دادىسى تولىمۇ يىراقنى كۆرىدىغان، بىلىملىك ھەم تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ جاھان كۆرۈش، سودا قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن

نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان، قوبۇل قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كىچىكى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆۋرۈك بولغانىدى. ئۇ كەلگۈسى دۇنيانىڭ بىلىملىكلەر دۇنياسىغا ئايلىنىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغان. شۇڭا ئۇ، باللارنى ھەر ۋاقىت ئوقۇشقا ۋە بىلىم بىلەن قوراللىنىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە قىلغان، ئۇ يەنە كىچىكتە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ شەھەرلىشىشكە مەركەزلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇ قەشقەر شەھىرىگە يېقىن شامالباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى جالا مەھەللىسىگە كېلىپ ماكانلىشىپ، ناھايىتى چوڭ باغ، ئىمارەتلەرنى قىلغانىدى. ئۇ شەھەر ھامان شۇ يەرگە قىستاپ كېلىدۇ دەپ قارىغانىدى. راست دېگەندەك، مانا ھازىر بۇ يەردىكى چوڭ باغنى تاپقىلى بولمايدۇ، يەنە تېخى كەڭ كەتكەن ئۆي، مېھمانسارايلارنى، ھويلا - ئاراملارنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاشۇ جايدا قىسىلىپ تۇرۇۋاتقان، قەۋەت - قەۋەت ئىمارەت - بىنالارنىڭ سايىسىدا كىچىككىنە باغ ۋە ھازىرقى زامانغا باققاندا خېلى چوڭ بىرنەچچە يۈرۈش ئۆي سېلىنغان ھويلا، پېشايۋانلىق قورۇدا تۇرىدۇ، ئۇ يېقىندىقى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە، كۆپ قېتىم چېقىلىش تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق كىچىكلەپ كەتتى. يۆلنى نەزەردە تۇتۇپ، دەل - دەرەخ بىلەن كارى يوق، مېۋە - چېۋىگە ئامراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆچىتىنى ئۆستۈرۈشكە قىرىق تىجارەتچىلەر سالغان قەۋەت - قەۋەت بىنالار ھېلىقى دەرەخ، مېۋىلىك باغلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇنىڭ قەددى - قامىتى، سايىسىنى غايىب قىلىۋەتتى. ئۇنداق قىستاپ، بۇنداق قىستاپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئاز - تولا ئىنساپ - رايىش بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. بىراق، بۇ قورۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئەگرى - بۈگرى بىر كوچا ھاسىل بولدى. ئاشۇ كوچا شەھەرنىڭ ئۇ چېتىنى بۇ چېتىگە، تاشقىرىنى ئىچكىرىگە، ئىچكىرىنى تاشقىرىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ يول بويىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كوچىغا ئامراق، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كوچا تار بولسىمۇ، سېخى كوچا، ئەگرى - توقاي بولسىمۇ يورۇق كوچا، كونا بولسىمۇ راۋان كوچا، چاڭ - توزان بولسىمۇ ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىنى تاڭ سەھەردىلا تۆكۈشكە باشلايدىغان رەڭدار كوچا ئىدى. دەل مۇشۇ كوچىغا مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ مېھرى تۆكۈلگەن، ئۇنىڭ كەڭ، سېخى ئالقانلىرىدىن ئۇنچە - مارجانلار تۆكۈلگەن؛ زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ ئاپتاپ چېقىپ، ئەتراپنى تازا قىززىدۇرغان مەلۇم بىر كۈنىدە ئاشۇ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپى تار كوچىنىڭ ئاغزىغا توپلانغان بىر-

قانچە كىشىنىڭ يۇقىرىقى كۆڭۈل ئىزھارلىرى بولۇۋاتاتتى. دەل شۇ پاراڭنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم تون ـ يەكتەكنى كىيىپ، قارا كۆزەينەكنى تاقاپ، كالتە ھاسىسىنى تېيىنغان ھالدا كېلىپ قالدى.

ــ ۋاي خۇدايا تووۋا، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ دېگەندەك، ھاجىمنىڭ گېپىنى قىلساق، ئۆزى كەلدى، زامان ئاخىر بولدىمۇ ـ نېمە ؟

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قېرىنداشلار ؟!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھاجىم، سالامەت تۇرۇپلىمۇ ؟ خۇدا ئامان ـ ئېسەن قىلسۇن سىلىنى!

ــ ھەر قايسىلىرىنىمۇ خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

ــ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قاپلا، ھاجىم! ؟

ــ ئۈرۈمچىدىكى ئوغۇللىرىمنىڭ تىجارىتى ياخشى بولۇپ، قولىغا خېلى كۆپ پۇل كىرىپتىكەن، شۇ پۇلدىن بىر قىسمىنى ماڭا ئەۋەتكەنىدى، خىراجەت قىلىدىغان باشقا ئىش يوق، شۇ پۇل تۇرۇپ قالدى، شۇنىڭدىن مەھەللىمىزدىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا ئاز ـ تولا نېسىۋە بېرەيمىكىن، دەپ مۇدىرنى ئىزدەپ ماڭدىم.

ــ ھوي، بەك ئوبدان قىپلا، ھاجىم! شۇ تاپتا XX لەرنىڭ ئوتتۇن ـ كۆمۈرى تۈگەپ، سوغۇقتا قاتتىق قىيىلىنىۋاتاتتى... ئۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ...

ــ خوش، مەنمۇ ئاڭلىدىم، بىلگەنلەرگە كىچىك ئاز ـ تولا بىرنەرسە چىقارتىپ بەردىم، قالغانلىرىنى مۇدىر بىلەن كۆرۈشۈپ تىزىملىك بەرسە، شۇ بويىچە تارقىتىپ بەرمەكچىمەن !

ــ رەھمەت ، ھاجىم، رەھمەت، ئۆمۈرلىرى ئۇزاق، بەرىكەتلىرى زىيادە بولسۇن!

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم مۇدىرنى ئىزدەپ كېتىپ قالدى، ھېلىقى كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېھتىرام بىلەن قاراپ قالدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئاشۇ ئاددىي ئادەمگە بولغان چوڭقۇر تەشەككۇر ۋە ئىلھامبەخش تۇيغۇلار مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن بۇ كىشىلەر بۇ خوش خەۋەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىپ نۇرغۇن چىرايلاردا شادلىق، خۇشاللىق نۇرلىرىنىڭ جىلۋىلىنىشىگە سەۋەب بولدى.

ئەتىسى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم مۇدىرنىڭ دەپ بەرگەن تىزىملىكى بويىچە كۆمۈر ساتقۇچى بىلەن كېلىشىپ، 20 توننا كۆمۈرنى جالا مەھەللىسىدىكى ئۆزى كۆرسەتكەن نامرات شەھەر ئائىلىلىرىگە بىرمۇبىر تارقىتىپ بېرىشنى ۋەدىلەشتى،

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ
قولىغا خەت يېزىپ ، بېرىدىغان كۆمۈرنىڭ مىقدارىنى بېكىتىپ، كۆمۈر ساتقۇچىغا
چىقارتىپ بەردى، كۆمۈر ساتقۇچى شۇ بويىچە ھېلىقىلارغا كۆمۈرنى بەردى، يىد-
غىۋالغان كۆمۈر ئالغانلىق ئىسپاتىغا ئاساسەن ھېساب قىلىپ، ئۆزىدىن كۆمۈر ئال-
غانلارنىڭ ئومۇمىي كۆمۈر سانىنىڭ 26 توننىغا يەتكەنلىكىنى، جەمئىي پۇلنىڭ
9880 يۈەن بولغانلىقىنى ئېيتتى، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم دەرھال بۇ پۇلنى كۆ-
مۈرچىگە بېرىۋەتتى. بۇ بىرلا قېتىم بولغان ئىش ئەمەس. يىللارنىڭ ھەربىر يادنامە-
سىنى ۋە ئىزنالىرىنى ئاختۇرسا ئۇنىڭ سېخىيلىقى، مەردلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقى
ھەققىدە ھېكايە، تەسىرلىك ۋەقەلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى يې-
مىسىمۇ باشقىلارغا يېگۈزدى، ئۆزى كىيمىسىمۇ باشقىلارغا كىيدۈردى، ئۆزى بەھىر-
مەن بولۇشقا تېگىشلىك مەئىشەتلەردىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلىشنى بۇرچ ۋە
مەجبۇرىيەت دەپ بىلدى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ ؟ بۇ سوئالغا بەزىلەر، ئۇ
شۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان دېسە؛ يەنە بەزىلەر، ئۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېسىل
پەزىلەتلىك، دىيانەتلىك، مەرد، كۆيۈملۈك ئادەم دەيتتى. بۇنداق تەرىپلەشلەرمۇ
ئۇلارنىڭ نەزىرىچە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ قىل-
غانلىرى بەك كۆپ؛ قىلغانلىرى تولىمۇ ساپ ۋە غۇبارسىز، پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن
ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئادەم ھەققىدىكى تەرىپلىرىگە مۇناسىپ
سۆز ـ ئىبارىلەرنى تاپالماي قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىشاتتى؛ دېگەندەك،
ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرى ئىزھار قىلىپ بولالمىغان قەلب تەشەككۇرلىرىنى ئۇنىڭ ھەر-
بىر ئىشىغا، بولۇپمۇ ئاشۇ كوچىدىكى كىشىلەرگە قىلغان شاپائەت، مېھىر ـ ۋاپادار-
لىقىغا تەتبىقلىسا شۇ قەدەر ئازلىق قىلىدۇ.

نۇرغۇن يىللار ۋە ھەرقايسى دەۋرنىڭ ھاياتقا تەقدىم قىلغان شاپائەت ۋە قاباھىتى
ئۇنىڭ روھىنى تاۋلىغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانلىق بۇرچ ۋە ئادىمىيلىك جۇلا،
خىسلەتنى نامايان قىلىشقا تۈرتكە بولغان؛ شۇنداقلا يەنە كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممە-
تى ۋە ئىنسانىي تىرىكچىلىك يولىدىكى ئىزنالىرىغا بولغان چۈشەنچىسىمۇ ئاددىي
ھالدىكى ياشاش، ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈش، رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش، ھاياتنى
لەززەت ۋە بەختىيارلىققا سازاۋەر قىلىش، ئازاب ـ ئوقۇبەت، جاپا ـ مۇشەققەتنى يې-
ڭىش دېگەن ئۇقۇملاردىن ھالقىتىۋەتكەن. كىشىلىك خۇشاللىقنىڭ ئۆزىنىڭلا خۇ-

شاللىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇتۇقى بىلەن ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالايدىغانلىقىنى تونۇتقان. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىت قاتلىمىدا خۇشال بولىدىغان ئىشلارغا قارىغاندا، ئازاب چېكىدىغان، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلار بەكمۇ كۆپ ۋە تەكرار يۈز بېرىدۇ، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، بىلىمى، تۇرمۇش سەۋىيىسى، تۇتقان يولى، ئەقىدىسى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئادەت ئەنئەنىسى، خۇي ـ مىجەزى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بولسىمۇ، ئاشۇ كىشىلەر ئۇنى دەل ۋاقتىدا ئۆزگەرتىشكە يول ئاچالمايدۇ، ئىقتىدارى، سەزگۈرلۈكى ۋە پاراستىنى، كۈچىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشنى بىلمەيدۇ ياكى جۈرئەت قىلمايدۇ. بۇ ھال ھاياتلىق ئالىمىدە، سانسىز كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن، بۇ بىر خىل ھالەتكە، كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە ئىش بولۇپ كەلدى، ئۇنى كىشىلەر ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، دەل ئاشۇ خىل روھىي، جىسمانىي كۈچ ئاستىغا قامىلىپ قالدى. ئۇلار يان تەرەپتە تۇرۇپ، ئاشۇ خىل ئىش ۋە ئاشۇ خىل كىشىلەرنى قاۋاقلاردىن تارتىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى يېتەرلىك بولماي كەلدى. شۇڭا، مانا بۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش، شۇنداقلا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاددىي ئەگگۈشتەر سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلدى. ھالبۇكى، قارىمۇقارشى كۈچلەر ئارىسىدىكى سېلىشتۇرما ۋە تەكشۈكلۈق ھاياتنى يوشۇرۇن مەنىدىن ئاشكارا مەنىگە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ. ئاشۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە كىشىلىك ھايات ئۈچۈن باغلاش رولىنى ئويناپ، ھاياتقا مەنە بېرىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشقا زىننەت چېكىدىغان كۈچ ۋە مېھرىبانلىق، ساداقەت، ۋاپا، خالىسلىق گۈلخانلىرىنى ياقىدىغان مەنبەلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەل ئاشۇ خىل مەنبەلەر كىشىلەر قاتلىمىدا ھەممەت ـ شاپائەتنى بىلەن ئەستىلىكلەرنى رىشتە زەنجىرىگە باغلاپ، ئۇلار ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەتنى بىخلاندۇرىدۇ ۋە كۆۋرۈك ھاسىل قىلىدۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنى دەل ئاشۇنداق قىلغان كىشى دەپ تەرىپلەش تولىمۇ ئەقىلگە مۇناسىپ ئىش بولاتتى، چۈنكى ئاشۇ كوچىدىكى كىشىلەرمۇ مۇشۇ تۇغرىسىدا قانچىلىك ئېچىلىپ ـ يېيىلسا، ماختىسا ئازلىق قىلاتتى.

باشقىلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئۇنىڭ دائىملىق ئىشى بولۇپ قالغانىغا ئۇزاق يىللار بولغانىدى. بۇ خۇددى ئىرسىيەتتەك، پسخىك خۇسۇسىيەتتەك، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇلارغا، ئاشۇ ئىشلارغا باغلاپ كەلدى. مەيلى بىز دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە قاراپ باقايلى، مەيلى ئۆزىمىزنىڭ ئەتراپىغا قاراپ باقايلى، ئېگىز بىلەن پەسلىكنى، بايلىق بىلەن نامراتلىقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، ئەجىر قىلىش بىلەن ئەجىر قىلماسلىقنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، كۆرىمىز، ھەتتا ئۆزىمىز بىۋاستە ئۇچراپ تۇرىمىز... بۇلارنىڭ ھەممىسى غەيرىيلىك، غەيرىي نورماللىق بولسىمۇ، ئىنسانلار ھامان بۇ خىل غەيرىي نورماللىقنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ باقىدۇ، ئۆزگەرتىش يولىغا كىرىپ، ھاياتلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا مېھرىنى ـ مېلىنى سەرپ قىلىدۇ، مېلىنى سەرپ قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ــ مېھرىنى سەرپ قىلىشتۇر، مېھرىنى سەرپ قىلىش ــ ئەدەپ ـ ئەخلاق، دىيانەت، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە پەزىلەت، كۆيۈمنى يېتىلدۈرۈشنى شەرت قىلىدۇ، بۇ خىل ئامىللار كىشىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ئىپادىلەنگەن ئەجىر ۋە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي ۋە روھىي تەسىرلەرنىڭ ئىجابىي نەتىجىسىدە نامايان بولۇپ يېتىلىدۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە مانا مۇشۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى زاھىر بولدى، ئۇ ھەممىنى بېشىدىن كەچۈردى، شۇڭا ئۇ نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى، كەمسىتمەيتتى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن يول كۆرسىتىپ، نەسىھەت قىلىپ، قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىرىغا شېرىك بولۇپ، ئۇنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن بارلىق ھېسسىياتى ۋە ئىمكانىيىتى بىلەن ياردەم قولىنى سۇناتتى. ئۇ تارىخقا نەزەر سالاتتى، كىشىلىك ھاياتقا نەزەر سالاتتى، ھالبۇكى ھەرقايسى دەۋرنىڭ، ھەرقايسى يىللارنىڭ، كىشىلىك ھايات يولىدىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ ھەممىسىدە داۋالغۇش بىلەن تىنچلىق، ئازاب بىلەن خۇشاللىق قوشكېزەك بولۇپ كەپتۇ؛ شۇڭا، ھازىرقى زاماندىكىدەك نامراتلار ئۆتكەن زاماندىمۇ بولغان، ئۆتكەن زاماندىكىدەك بايلار ھازىرقى زاماندىمۇ مەۋجۇت. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىدىكى پەرقتە ئىپادىلىنىدۇ، خالاس. مەۋجۇتلۇق ئالەمنىڭ نۇرغۇن قانۇنىيەتلىرى ھامان كىشىلەرنىڭ خائىشىغا ۋە ھېسسىياتىغا باقمايدۇ، باققانلىرىمۇ شۇ چاغدىكى مەلۇم ئېھتىياج ۋە ئىمتىيازنىڭ تەرتىپىگە بويسۇنۇپ بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن. شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق بىلەن نامراتلىق ھامان بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ قالىدۇ، بىر ـ بىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسە ـ

تىدۇ، چۈنكى نامراتلىق هامان بايلىققا تەشنا بولىدۇ، بايلىق بولسا بايلىققا تەشنا بولۇش بىلەن بىر چاغدا نامراتلىقنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بايلىق ئۈچۈن يول ئېچىشقا هاجەتمەن بولىدۇ. بۇ خىل هاجەتمەنلىك كىشىلەرنى هامان سەۋرچان، كەڭ قورساق بولۇشقا يېتەكلەپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پاراغەت تەقدىم قىلىشقا سۈرەپ بارىدۇ. دەل مۇشۇ خىل هايات پائالىيىتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان كىشىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئەڭ چوڭ شاھى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ قەلبىدە كۆپ خىل تۇيغۇ بار ئىدى، ئۇ ئاشۇ نامراتلارنى تولۇقى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى بېقىش، قامداش پۇرسىتىگە ئىگە قىلسام دەيتتى، هېچبولمىسا ئۇلار باشقىلارغا تەلمۈرمەيدىغان، تۇرمۇشقا جەسۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، كىشىلىك هاياتتا ئۆمرىنى، ئۆزىنى، ئۇبرازىنى خوراتمايدىغان هېسسىياتنى يېتىلدۈرسە دەپ ئارزۇ قىلاتتى، بۇنداق تۇيغۇ ۋە پاراسەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىدا بولسىمۇ، يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇنى دەپ ئۇلارغا قارام مۇئامىلىدە بولسا، ئۇلار خاراب بولىدۇ. ئەگەر يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆرۈلگىنىدەك، ئاشۇ خىل كىشىلەرنى پارتىيە ـ هۆكۈمەت يۆلەپ ۋە قوتقۇزۇپ ئاتىدارچىلىق قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بۈگۈنگە ئۇلىشالماي قالغانمۇ بولاتتى. تەييارتاپلىقنى ۋۇجۇدىغا پىسخىك خۇسۇسىيەت قىلىپ سىڭدۈرۈۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنى قاراپ تۇرۇپ تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟ ئۇلارمۇ هاياتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەككۇ؟ بايلار تاپقانلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە يېمىسىمۇ، ئۆزى يەپ تۈگىتەلمەيدۇ، ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، هەرنەرسىنىڭ خاسىيىتى بىر مەۋجۇتلۇق ئىچىدە قىممىتىنى تاپالايدۇ. مۇھەممەت ئۇسمان هاجىمنىڭ هايات مۇساپىسىدە ناهايىتى نۇرغۇن داۋالغۇش ۋە مۇشكۈلچىلىك بولغان بولسىمۇ، هەممىگە سەۋر قىلدى؛ مەيلى خۇشال بولسۇن، مەيلى ئازاب ـ دەرد، جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان كۈنلەردە بولسۇن، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى باشقىلارغا سەرپ قىلىدىغان سەرپىياتى سەرپ قىلىنىشتىن توختاپ قالمىدى، هەرقانداق كۈنلەرگە ئۆتكۈنچى هايات پەسلى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىدىكى هارارەتنىڭ خورىماس، تۈگىمەس مەنبەلىرىگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن باقتى، ئۆزىدە قانچىلىك بولسا ۋە باشقىلار قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولسا، شۇنى ئايانماي تەقدىم قىلدى، ئىنتىلىش، ئەپۇچانلىق تۇيغۇسىدا ياشىدى. سەۋر قاچىسىنى يېنىد-

دىكى بىردىنبىر ياردەمچى قىلدى؛ ئەمما، ئۇ ھەممىنى يەردىن تىرىۋالىدىغان، ئاس-
ماندىن ئېغىتىۋالىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ھالال ۋە خا-
لىس ئەجىر قىلىپ، تەر ئاققۇزۇشى ھەم ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ ئۆتۈكى ئۈچۈن ئە-
قىل- ئىدراكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلىك دۇنياسىدا غالىبلار قاتارىغا كىرىشى
كېرەك، ئۇلاردىن روزغار تالىشىش ۋە خېرىسلارنى يېڭىپ ئۆزىگە كېرەكلىك نەر-
سىلەرنى يارىتىش كېرەك ئىدى، ئۇ باشقىلارغا بېرىش بىلەن بىر چاغدا باشقىلاردىن
ھەق ـ لىللا سودا قىلىش ئارقىلىق ئېلىشنىمۇ بىلەتتى؛ بۇنداق ئېلىشتا ئۇ ئۆگەنگەن
بىلىملىرى ۋە قىلغان تىجارەتلىرى جەريانىدا توپلىغان تەجرىبە ـ ئۆتۈكلىرىنى
دەستەك قىلدى. ئاز ـ ئازدىن تاپقان، توپلىغان مەبلىغى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، مەيـ
لى ئۇ شەخسلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن، مەيلى ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلسۇن،
تىجارەت قىلىشنى، تىجارەت ئارقىلىق ماددىي بايلىق يارىتىشنى توختىتىپ قويمىـ
دى، ئۆزى قىلالمىغان چاغلاردا بالىلىرىنى يېتەكلەپ، بازار ئېھتىياجلىق مەھـ
سۇلاتلارنى سېتىش، بولۇپمۇ تەييار مەھسۇلاتلارنى سېتىش، ئالماشتۇرۇش تىجارىتى
بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھال ئۇنىڭ بايلىقىنى كېمەيتمىدى، ئۇنىڭ ھاجەتمەنلىرى ۋە
ئۇنىڭدىن ئىلتىپات كۈتكەن كىشىلەرنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلدى، ئازايتىۋەتمىدى.
كىشىلەر : « باشقىلارغا بەرگەنگە خۇدا قوشلاپ بېرىدۇ! » دەپ قارايتتى، دېگەندەك
ئۇمۇ باشقىلارغا بەردى، ئۇمۇ ئەجىر ـ ئېتىقادىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى، بۇنى بەزىلەر
سېخىيلىقتىن ھاسىل بولغان بەرىكەت دېسە، بەزىلەر نىيىتى ئەلانىڭ يولى داغدام بو-
لىدۇ، قولى ئوچۇقنىڭ كۆڭلى ئوچۇق، ئۆمرى ئۇزاق بولىدۇ، دېدى. ئۇمىد ۋە تە-
لەك ئۇنى ياشارتتى، روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىن باياشات قىلدى. ئەمما، قەلبىدىكى
غايىۋى ئىستەكلەرگە نەزەر سالساق، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە چولىسى تەگمەي قال-
غان، يۇرەكنى زېدە قىلىدىغان، مۇجۇيدىغان نەرسىلەرمۇ كۆڭۈلنىڭ نېرىسىدا بار.
ئادەم كىشىلىك ھاياتتا ھەقىقەتەن ئارزۇ ـ ئارمانغا قېنىپ بولالماي، ئارزۇ ـ تىلەك-
كە تولۇق يېتىپ بولالماي ئۆتىدىغان گەپ ئىكەن. بىر ئارزۇغا قانساڭ، مىڭ ئارزۇغا
تەشنا بولىسەن دېگەن شۇ ـ دە! ئەمما، ئۇ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئارزۇ قىلسا
قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى يېتەرلىك ۋە تو-
لۇق ئادا قىلدى. بۇ ئۇنىڭ زور بەختى، شان ـ شەرىپى ئىدى ! بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە
باشقىلار ئۈچۈن يېتەرلىك بولسىمۇ، قەلبىدىكى يىلىنجاپ تۇرغان مېھرىبانلىق ۋە

كۆيۈمگە قارىغاندا ھېچ قانچە ئىش ئەمەس ئىدى، ياش 80 دىن ئاشقان مۇشۇ كۈن-لەردە ئادەمنىڭ ئۆكۈنمەيدىغان نېمە ئىشى باركىنتاڭ، كۆزلىرىدىن بەخت يېشى بى-لەن ئەلەم يېشى، قەلبىدىن بەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئازابلىنىش تەلقىنلىرى ئوقچۇپ تۇردۇ. ئۆتكەن ھاياتتىكى بىھۇدە كۈنلەر، ئازابلىق مىنۇتلار ھامان يۈرە-كىنى مۇجۇپ، قەلبىنى ئۆرتەيدىغان گەپ. ھېسسىياتچان، غەمكىن ۋە تولىمۇ يۇم-شاق كۆڭۈل بولۇپ قېلىشمۇ مانا مۇشۇنداق ھايات كەچۈرمىشلىرى قالدۇرغان جاراھەت ۋە خاتىرىلەرنىڭ يادنامىسى، خالاس. ئۇنتۇلۇش بىلەن ئەسلەش، ئەسلەش بىلەن ھىجران چىرمىغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنى خۇشال قىلىدىغان ئىش يەنىلا باش-قىلارغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىش، كۆپلىگەن كىشىلەرنى خۇشال قىلىش بىلەن بەند بولۇش ئىدى . تەشۋىشلىرى كۆپ بولسىمۇ، خىيالىدا ئەكس ئەتكەن نىشان ۋە پىلانلىرى ئۇنى يەنىلا رىغبەت ۋە ئۈمىدكە تولدۇراتتى. ھاياجانغا سالاتتى؛ بۇنداق ئىشلار ھەققىدە ئويلانغاندا، ئۆتكەن ھاياتتا مۇشۇ خىل ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئىشلىرىغا نەزەر سالغىنىدا، نۇرغۇن نەرسىلەر كۆز ئالدىدىن ئۆتىدۇ! ھەر يىلى بې-رىۋاتقان پۇل، ئاشلىق، ياغ، گۆش، ئۇن - گۈرۈچ، ئوتۇن - كۆمۈر، كىيىم - كې-چەك، يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى ئەڭ ئاز بولغاندا 5000 يۈەن، كۆپ بولغاندا 15 — 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدا ئۇنىڭ مىقدارى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشقاندۇ. بىراق، ئۇ ۋايساپ باقمىدى، كۆڭلى ئارقىلىق پاكلىق ۋە ساداقەت، مېھىر - ۋاپانى، قوۋم - قېرىنداشلىق ھەقىقىي ھۆرمەتنى يەتكۈزۈش جەريانىنى دەستە - دەستە كىتابلاردەك يېزىپ بايان قىلسىمۇ ئازلىق قىلاتتى. ئۇ ھەتتا بۇنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى ھەم شۇنداق قىلىشقا يول قويماي كەلدى...

## 4

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم كۆپ ئوقۇغانىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئادەم ئىدى. ئۇ 1943 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى ئوردا ئىشىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قوناق بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزىلدۆۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولدى. مىللەتكە، قوۋم - قېرىنداشلىرىغا بىلىم دۇردانىلىرىدىن ئەڭگۈشتەر تۇتقۇزۇش ئۇنىڭ كۈچلۈك ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دەرس مۇنبىرىدە ئۆگەنگەن، توپلىغان بىلىملىرىنى

ئەۋلادلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇشقا ئايانماي سەرپ قىلدى. ئۇ بىر مىللەت، بىر
ئادەمنىڭ تەرەققىياتى، ئىستىقبالى شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ مائارىپ، مەدەنىـ
يەت سۈپىتى ۋە ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىـك، ساپا۔
لىق، بىلىملىك كىشىلەر بولغاندىلا، مىللەت تەرەققىي قىلىدۇ، ۋەتەن قۇدرەت تاپىـدۇ،
دەپ قارايتتى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا كـۆپ قىيـتىم
قالاق ئىدىيە ئېقىمىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە توسۇشىغا ئۇچرىدى. ئەينى چاغدا يېـ
ڭى مائارىپ تۈزۈلمىسىگە يۈزلىنىش، دۇنيا تەرەققىياتىغا ماسلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلـ
گەن بولسىمۇ، ئەنئەنىۋى كۆزقاراش بىلەن بېكىنمىچىلىك، دوگماتىزملىق، خۇراپىـي
ئىدىيە ئېقىمى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەچكە، قەشقەردىكى يېڭىلىققا يۈزلە۔
نىش دولقۇنى يېتەرلىك پۇرسەت، ئىمكانىيەتكە، تولۇق يۈزلىنىشكە ئېرىشىپ كېتەلمە۔
گەنىدى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ قەلبىدە دەل ئاشۇ خىل ئىدىيلەر بىلەن بولغان
كەسكىن كۈرەش ۋە زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئۇ يېڭى، ئۈنۈملۈك ئىدىيە ئېقىمىنىـڭ
ھامان ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قارايتتى، بۇنىڭ
ئۈچۈن سەۋر قىلمىسا، تاقەت قىلىپ پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتمىسە بولمايـتـتـى. ئـۇ
ھەر كۈنى دەرس مۇنبىرىگە چىققاندا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك، شەرەپلىك ھېس قىلاتـ
تى، قەلبىنى ئىللىق ۋىجدانىي تۇيغۇلار، يۈكسەك ئارمانلار چۇلغايـتـتـى، كـەلـگـۈسـى
ئەۋلادلارنىڭ ياراملىق، ئىقتىدارلىق، پاراسەتلىك، دانا كىشىلەردىن بولۇشىغا، كەلگۈـ
سىدە ياراملىق جەمئىيەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنەتتـى ۋە ئـۇلارغـا يـار ـ
يۆلەك بولۇپ مەدەتكارلىقنى ئىپادىلەيتتى، ئۇنىڭدا مائارىپقا، ئەۋلادلارغا بولغان كـۈچـ
لۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ ياشلىق باھـارىـنـى
ئەۋلادلارنى تەربىيلەش، مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئايانماي سەرپ قىلىـپ،
كىشىلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى، مۆجىزىلەر۔
نى بارلىققا كەلتۈردى.

بىراق، يىللارنىڭ قوينى كەڭ، سېخىي بولسىمۇ، كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان شاپا۔
ئىتى بىلەن جاپاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىـدۇ. XX ئـە۔
سىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىكى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە تۈرلۈك سىياسىي، ئىـدىـيـۋى كـۈ۔
رەش، قالايمىقانچىلىق ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، ياشلىق ھاياتىغا ئوخشاش بولمىغان زىـد۔
دىيەتلەرنى سالدى. ئۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلىق مـۇنـبـىـرىـدىـن

www.uyghurkitap.com

ئۇزاپ، سودا ساھەسىگە قەدەم قويدى. 1946 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەرلىك
مالىلار شىركىتىگە تەكلىپ بىلەن كىرىپ، ئۇ يەردە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياشقىلاردىن
ئۆگەنگەن بوغالتىرلىق كەسپىنى قىلدى، بەزىدە ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە قوشنا ۋىلايەت-
لەر ئارىلىقىدا مال كىرگۈزگۈچى، مال سېتىۋالغۇچى بولدى.

ئەمما، ئۇ مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن ئوچاقنى پەقەت ۋە پەقەت ئېسىدىن چىقى-
رىپ قويمىدى. ئۇ قاچانلا بولسۇن مائارىپنى قوللاش، مائارىپنى سۆيۈشنى كۆڭۈلدە-
لىك ئىش قاتارىدا كۆردى. مەيلى قولى پۇل كۆرسۇن، مەيلى قولىدا پۇل بولمى-
سۇن، ئۇ قايسى مەكتەپ قىيىنچىلىققا يولۇقسا، قايسى ئوقۇغۇچى قىيىنچىلىق تارتسا
قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بەردى، يۆلىدى. شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇ، مائارىپنى
قوللاشنى مەجبۇرىيەت، بىلىمنى ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەشنى شەرەپ تۇيغۇسى
بىلەن ئادا قىلىپ كەلدى. ئۇ ھەقتە ئۇنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرى ۋە تۆھپىلىر-
ى بار:

«ھۆرمەتلىك مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم: خەتنى ئېلىپ بارغان بالا ئالىي مەك-
تەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن، لېكىن ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر بولغاچقا، ئوقۇشقا
بارالماسلىق ئېھتىمالى كۆرۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ، ئەسلىدە بۇ ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇغا-
نىدى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولار ئىدى. مۇمكىن بولسا،
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ قوللاپ قويغان بولسىلا، مەكتەپ، جۈملىدىن
مەن تەشەككۈر ئېيتقان بولاتتىم!

ھۆرمەت بىلەن:

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىدىن: مۇھەم-
مەتتۇرسۇن ئىبراھىمى

2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى»

خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ھېلىقى بالىغا:

ـــ بالام پۇلنى كىمگە بېرىمەن!؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ مۇھەممەت تۇرسۇن مۇئەللىمگە بەرسىلە، قالغان ئىشلارنى ئۆزى
توغرىلاپ بېرىدۇ.

— ماقۇل، ئەتە مەن 5000 يۈەن تەييار قىلىپ مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمغا ئاپىرىپ بېرەي!

— رەھمەت ھاجىمكا، رەھمەت! بۇ قىلغانلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن!

— ئوبدان ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولسىلا، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى بىلسىلە، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ياشاشنى بىلسىلە بەك ئوبدان ئىش قىلغان بولىلا، ئاشۇ ئىش مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ رەھمەت ـ ھەشقاللا بولىدۇ، بالام...

ھېلىقى بالا ھەيران قالدى، ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ھاڭ ـ تاڭ قالدى، قاراپ تۇرۇپلا بىر ئادەمگە، يەنە كېلىپ مەندەك نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان بىر ئادەمگە شۇنچە كۆپ پۇلنى بىكارغا بېرىۋېتىمەن دېگىنى ئاجايىپ كاتتا ئىش ئەمەسمۇ ؟! بالا كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى، بايىقى گەپلەرنى مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم راست دېگەن ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن رازى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بوۋاينىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى تەبىئىيلىك ۋە چىرايىدىكى رازىمەنلىك ھېلىقى بالىنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش، تەلپۈنۈش ۋە ھاياجانغا سالدى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئۇدۇل بېرىپ مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمغا، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىغا يەتكۈزدى، ئاتا بىلەن ئانا بالىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ھاياجاندا كۆز يېشى قىلىشتى، بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلغان ئاشۇ سېخىي، مەرد، خەلقسۆيەر، كەڭ قورساق كىشىگە تەشەككۈر ياغدۇردى، شاپائەت ۋە ھىممىتىگە، بەخت ۋە ئامىتىگە قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ سائادەت تىلىدى.

2002 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى كەچتە، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ھويلىسىدىكى پېشايۋان ئاستىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، دەل شۇ چاغدا چوڭ دەرۋازىنى بىرى چەككەندەك قىلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا مۇشۇ مەھەللىلىك توختى ماۇتنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم ماۇت تۇراتتى.

— ھاجىمكا، قىزىم مەريەمگۈل بۇ يىل مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنىدى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىدىن چاقىرىق كەلدى. ئەۋەتەي دېسەم، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتىشەلمىدىم، چۈنكى بالىنىڭ ئانىسى جىگەر قېتىش كېسەللىكى بىلەن يېتىپ قېلىپ، ئۈچ ئاي دوختۇرخانىدا

داۋالاتتىم، ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئاپاردىم، بىر ئۆيۈمنى 40 مىڭ يۈەنگە ساتتىم، ھەممىسىنى داۋالىتىشقا ئىشلەتكەن بولساممۇ ئۈنۈم بەرمەي، قازا قىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا قىزىم ئوقۇيمەن دەپ يىغلاپ يۈرىدۇ، كۆزىدە لىق ياش، ئۆيدىكى ئۇ-بۇ نەرسىلەرنى ساتسام ئاران 2000 يۈەن پۇل بولدى، قالغان پۇلنى ئىلاج قىلالماي بېشىم قاتتى، سىلىنى مەسلىھەت بېرەرمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم، قانداق قىلسام بولار ، ھاجىمكا ؟

— سىلىنىڭ قىزلىرى بىزنىڭمۇ قىزىمىز، ئۇ ئوقۇيمەن دەپ ئارزۇ قىلغان ئىكەن، ئوقۇتماي بولمايدۇ، پۇلنىڭ كېمىگەن قىسمىنى مەن تەييارلاپ بېرەي...

ئۇلار بالىنىڭ كېتەرلىك ئومۇمىي ئوقۇش راسخوتىنى بىرمۇبىر ھېسابات قىلىپ، 2800 يۈەن كەملەيدىغانلىقىنى بېكىتىپ چىقتى ۋە دەرھال تەييار قىلىپ، پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

بۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم جالا مەھەللىسىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشقا بارالمىغان ئۈچ بالىنى، قەشقەر شەھىرىدىكى موپاڭ كوچىسى، تاغارچى كومتېتلاردىكى ئىككى بالىنى، كونىشەھەر باشكېرەم يېزىسى بايلا كەنتىدىكى بىر بالىنى ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بىر يىللىقتىن ئوقۇش راسخوتىنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بۇ ئىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمغا چوڭقۇر تەشەككۈر ۋە رەھمەتلەرنى ياغدۇردى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئۇلاردىكى ھاياجان ۋە سۆيۈنۈشتىن ئۆزىمۇ چوڭقۇر رازى بولغاندەك، ئۆزىنى يېنىك، تېتىك ھېس قىلدى، ئۇ ئاشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، قىيىنچىلىق تارتقان كىشىلەرنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى، ئاچچىق ساۋىقىنى، چوڭقۇر ئازابى ۋە يېگىش قىيىن بولغان روھىي بېسىمىنى بىلەتتى، ئەتراپلىق چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، بايىقىدەك ياخشىلىقى، سېخىيلىقى بىلەن زەرداپ بولغان كۆڭۈل گۈلشەنلىرىگە ئاراملىق بەرگەنلىكىدىن ئۆزىنى توغرا، ساۋابلىق ئىش قىلغانلىق تۇيغۇسى بىلەن بەزلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇنداق تەسكىن تاپقاندا، ئۇنى بىر قېتىملىق غەلىبەم، مېۋە بېرىشىم دەپ ئويلايتتى، بۇ ھال ئۇنى بەخت، راھەتتىن بەھرىمەن قىلغاندەك بولاتتى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى، كۆڭۈل تەكچىلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەتىۋار نەرسىلەرنى ئاختۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان نەرسە پەقەت باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلغان ئىشتەك بۇيۇك ۋە شەرەپلىك ئەمەستەك تۇيۇلاتتى.

شەرەپ، بەخت، ئەقىدە ۋە ساداقەت ئىلكىگە ئېلىپ، ئازاب ۋە پۇشايمان قاتارلىقلار-نىڭ ھەممىسى ئاشۇ خىل ئىشلار بىلەنلا بەربات بولغاندەك، يوقالغاندەك، ئۇنى لەرزان، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھايات ئەللەيلىرى قوينىغا ئالغاندەك قىلاتتى. ھاياجان، بەسكىن تېپىش بىلەن مۇراد ـ مەقسەتتە ۋايىغا يېتىش ئۆزئارا نەتىجىلىنىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە داۋالغۇپ يۈرگەن، ھېسسىياتىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈۋالغان، ھەرىكىتىدە ھازىر بولمىسا بولمايدىغان ئەقىدە، مېھرىبانلىق، كۆيۈم ۋە كەڭ قورساق-لىق بايانلىرى بىلەن نەتىجە تەۋەللۇتىغا تەۋە بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر قانچە يىلدىلا 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، خالىس تەقدىم قىلىپ، 20 ـــ 30 غىچە ياخشى ئو-قۇغان بالىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىمەن دېگەن پىلانىنى قىل-غاندىلا، ئۆزىدە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتنى ھېس قىلغان، باشقىلارنىڭ غەملىرى، ئەندىشە ۋە قىيىنچىلىق، جاپالىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇ بۇنداق مەسئۇلىيەتنى نېمىدەپ ئۈستىگە ئېلىۋالغاندۇ ؟ بۇ ھەممە ئادەمنىڭ قەل-بىدىكى سوئال، ھەممە ئادەم بىلىشكە قىزىقىدىغان سىر. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ، بەزىلەر شۇنچە پۇلنى نەدىن تاپىدۇ، نېمىشقا بىكارچىلا باشقىلارغا بې-رىۋېتىدۇ، دەپ قارايتتى. بىراق ئۇ، بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرمىدى، كۆڭ-لىدىكى پىلان، تەسەۋۋۇرلارنى ئۇلارغا دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، بەلكىم ئۇلار بىلىسمۇ، ئاددىي ھالدا باھا بېرىشى، توغرا مۇئامىلە قىلماسلىقى، ھەتتا مازاق قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە ئاددىي، ھەممە نەرسە شۇ قە-دەر چۈشىنىشلىك، يەنى ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى بار، ھەر ھالدا ئۆزىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ، ئەمما يەنە باشقىلارنىڭ يوق دېيەرلىك، ئۇلار تەمە قىلىش، تەشنالىق، قىيىنچىلىق ئىچىدىن ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنى ئويلايدۇ، ئىنتىلىدۇ ۋە كىملەرنىڭدۇر ياردەم قىلىشنى كۈتىدۇ. مەيلى كىم بولسۇن ئۇلاردا ئىنسانلىق تۇيغۇ، ئىنسانلىق جۇلا مەۋجۇت، دەل ئاشۇ جۇلا ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، بۇنداق باغلىنىش كىشىلەرنى كىشىلەرگە ھاجەتمەن ۋە يار ـ يۆلەك قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ئادەملەردە ھەققى بولىدۇ، بۇنداق ھەق ئادەملەرنى ئىنساپ ـ دىيانەت-لىك، كۆيۈم ـ ۋاپالىق قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرى ئەجىر قىلىپ تاپقان پۇلدا، ماللاردا قىيىنچىلىق تارتقانلارنىڭ، قوۋم ـ قېرىنداشلارنىڭمۇ ھەققى بار، ھەسسى

ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، دەپ قارايتتى. بۇ تاسادىپىي قاراش بولماستىن، ئۇزاق زامانلار داۋامىدا يەكۈنلىگەن ۋە توپلىغان تەجرىبىدىن پەيدا بولغانىدى. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ تاپقان، توپلىغان پۇل ـ مېلىدا ھالاللىق بىلەن ھارامنىڭ مەۋجۇت بولىدۇ، ھالاللىق ئۆزىگە تەۋە بولسىمۇ، ھارام مال ـ دۇنيا باشقىلارنىڭ ھەققى بولىدۇ، قارىماققا بۇنى ئايرىش ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن مەلۇم چەك ئىچىدە، مەلۇم مىقداردا ئايرىپ، باشقىلارنىڭ ھەققى ھېسابىدا باشقىلارغا بېرىش، ئۆتۈنۈش كېرەك. مانا بۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ساپلىقىنى، ھەققانىيلىقىنى يورۇتۇپ، كىشىگە مەڭگۈلۈك مۈلۈك ۋە ياردەمچى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىنى رىغبەتكە تولدۇرۇپ، ئەقىدىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ كەلدى. كۆزىنى توق، كۆكسى ـ قارنىنى كەڭ، قولىنى ئوچۇق، دىلىنى قوياشتەك يورۇق قىلدى. بۇلاردىن باشقا ئەقىدە ۋە مىللىي ئەنئەنە، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىك رولىمۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى، ھەيدەكچىسى بولغانىدى. ھالال بىلەن ھارام تۇيغۇسى ۋە كۆز قارىشىدىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇشلارمۇ ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئادىمىلىك سۈپەتلىرىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، پاسىلى بولغان، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتىكى ساپاسىنى پەزىلەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق تارازىسىدا دەڭسەپ، ساغلام ئىدىيىلىك، ساغلام ھەرىكەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. كېيىن ھېس قىلدىكى، ھەممە ئىشتا مۇناسىپ ھەم بەلگىلىك دەرىجىدە قارىمۇقارشىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئارىسىدا ياخشى بىلەن يامان مەۋجۇت، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەردىن ئادەم قانداق ياشاشنى، نېمىنى قىلىشنى، نېمىنى قىلماسلىقنى بىلىدۇ، ھېس قىلىپ چۈشىنىدۇ. كېيىنكى يىللاردا مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم يەكۈنلىگەن ئىشلار قاتارىدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق، تولىمۇ جەلپكار، مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولالمىغان بىر قىسىم تۇغقانلىرىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۆيلەپ قويىدى، كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئەمەتجان باقى قاتارلىق ئۈچ ئوغۇلنى، جالا مەھەللىسىدىكى تالىپ ئاخۇننى، يەنە بىرىنىڭ يېتىم سىڭلىسىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويىدى، ئۇلار ھازىر پەرزەنتلىك بولدى. ھايات كىشىلىك تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى چىقىش قىلغان بول-

دۇ، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم دەل ئاشۇ تۇيغۇ ئاساسىدا ئۆزى قىلىشقا ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن توختاپ قالمىدى. ئۇ نامراتلارغا، بىمارلارغا، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش داۋامىدا يەنە كىشىلەرنى ماددىي جە- ھەتتىن يۆلەش ۋاقىتلىق، مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەش مەڭگۈلۈك ئىش بولىدىغانلىقى- نى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ ساھە ئۈچۈنمۇ بەدەل تۆلەشتىن باش تارتمىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە نامراتلىق، بىچارىلىك تۈگىمەكتە يوق، يەنە بىر ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سانى ئاشسا ئاشىدۇكى، كەملە- مەيدۇ، مانا بۇ كەلگۈسىگە ۋە كەلگۈسىدىكى كىشىلەرگە يۈك پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى گادايلىقى تۈگىسە، ماددىي گادايلىقى ئۆزلۈكى- دىن يوقىلاتتى. بۇ تۇيغۇغا تېخىمۇ چوڭقۇر مەزمۇن قوشقان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا بولغان كۈچلۈك ئەقىدى- سى ئىدى. بۇ ئەقىدە ئۇنى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇنىڭغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ تاپقان پۇلى كۆپ بولمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئوقۇش، بىلىم تولۇقلاش ئىشلىرىغا بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ياردەم قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنمۇ ئايانماي مەبلەغ سالدى. چۈنكى، باشقىلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرالمىغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل بىمەنىلىك بولۇپ، ئۆزى دەپ تۇرۇپ ئۆزى قىلمايدىغان ئىنكارچىلىق بى- لەن باغلىنىپ قالسا بولمايتتى، بۇ نادانلىق بىلەن باراۋەر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋە- تى خاراب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدىن ھازىر 11 پەرزەنت ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، بۇلار- دىن بىر قىزى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويىدى.

## 5

ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇھەببەت ئۆلمەيدۇ، ئەقىدىمۇ ئۆلمەيدۇ. ئۇ ئا- دەمنىڭ نۇرلاندۇرۇشى، قوغدىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىشى ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

مەڭگۈلۈك نۇر چاچالايدىغان يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، مۇھەببەت ۋە ئەقىدە يەككە ھالدا مەلۇم خاسلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتالىشى ناتايىن. ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەرگە، نۇرغۇن مەزمۇنلارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ھايات تارىخىنى تولۇق ئاختۇرساقمۇ بۇنداق كۆپ قىرلىق كىشىلىك پائالىيەتلىرىنى، مۇھەببەت ــ نەپرەت، ئەقىدە ــ ھەسرەتلىرىنى، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىنى كۆرەلەيمىز.

ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ، ئەمما ئادەم ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن نېمە قىلىشنى ئالدىن بىلگۈچى ئەمەس. ئۇ پەقەت كىشىلىك ھاياتتا قىلىش، قانداق ياشاشنى ئۆگىنىش، بىلىش جەريانىدا قانداق قىلىش روھى، نېمە قىلىش نىشانى، ئېتىقادىنى يېتىلدۈرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئادەمدە تۈرلۈك ئىچكى ــ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرىكەت ۋە نىشاندا ھامان تەۋرىنىش، ئۆزگىرىش بولىدۇ، نېمە قىلىش، قانداق ياشاش نىشانلىرىدىمۇ بۇرۇلۇش بولىدۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ھاياتىدىمۇ بۇنداق ئىش بىرقانچە قېتىم يۈز بەردى. ئۇ ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۆھرەت قازانغان بولسا، كېيىنكى يىللاردا سودا ــ سانائەت، تىجارەت ساھەسىدە تالانتىنى نامايان قىلدى. 1956 ــ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا يەنە بۇرۇلۇش بولدى، سودا ــ سېتىق ، تىجارەت ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە مونوپول قىلىشى بىلەن شەخسلەرنىڭ سودا ئەركىنلىكى مۇتلەق چەكلەندى. بۇ ھال مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمدا دەرھال بۇرۇلۇش ياساش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى، زامانىنىڭ شۇ چاغدىكى رېتارىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ قىلتۇاتقان مال كىرگۈزگۈچىلىك خىزمىتىنى تاشلاپ، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا تەكلىپ بىلەن كىرىپ، كۇتۇپخانىچىلىق خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولدى، ئۇنىڭ قىزىقىشى ۋە ئوقۇش تارىخى، ئوقۇتقۇچىلىق ھايات مۇساپىسى جەريانىدا ھېس قىلغان ۋە ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى ــ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئەينى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، ئاسارەتەتىقە، شۇنىڭدەك مول زېمىن بايلىقى ھەققىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان مىراسلىرىنى ئېچىش، قېزىش، يورۇقلۇققا چىقىرىش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، رىئال-

لىقتىن ئالغان چۈشەنچىسى ۋە جاۋابى ئۇنى ھەمىشە ئازابلايتتى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ
جىلە بولاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى نادان، قاششاق،
مۇتەئەسسىپ، نامرات ھەم چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ جاھالىتىنى پەقەت ئى-
لىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئارقىلىقلا تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى ۋە ھەربىر تىنى-
قىدا بىلىم دەرياسىدىن قەترە سۈزۈشكە ۋە ئۇنى خەلققە تەقدىم قىلىپ، قاراڭغۇ
دىللارنى ئاقارتىشقا تىرىشاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ ئارزۇ گۈلىنىڭ كۆچىتى بىخ
سۈردى. ئۇ مەدەنىيەت سېپىگە، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دوردانلىرىنى قېزىش دولقۇنى-
لىرى قوينىغا قەدەم باستى. ئەينى يىللاردا مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ
ئەسلىھەلىرى تولۇق بولمىسىمۇ، ئاشۇ دەۋردە نەجادلىققا ئېرىشۋاتقان كىتاب، گې-
زىت- ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۇ يەردىن تاپقىلى بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ بى-
لىم تولۇقلاش، باشقىلارغا بىلىم دوردانلىرىدىن نەمۇنىلەرنى تەقدىم قىلىشنى شارا-
ئىت ئەۋزەللىكى بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ئۇ بۇ كەسىپنى يېڭىۋاشتىن ئۆگەندى ۋە
تەتقىق قىلدى. زېھنى ئۆتكۈر، ئايىغى چاققان، تەپەككۇرى جانلىق مۇھەممەت ئوس-
مان ھاجىم بۇ يەردىمۇ تېزلا كۆزگە كۆرۈندى.

1962 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم مەخسۇس كۇتۇپخانىچىلىق
كەسپىي خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر كۇتۇپخانىچىلىقى ساھەسىدىكى
بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ناھايىتى نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ،
شۇنداق قىلىش تامامەن زۆرۈر بولغان ئىش ئىدى، چۈنكى كۇتۇپخانا خەلقنىڭ
ئىشتىن سىرتقى مەنىۋى مەدەنىيەت بۆشۈكى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باھاسىز
پەن- مەدەنىيەت خەزىنىسى ئىدى، بۇ خەزىنىنى ياخشى باشقۇرغاندىلا، خەلقنىڭ
مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، ۋەتەن-
نىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ھەسسە قوشقىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ، دەسلەپتە
كۇتۇپخانا ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى نۇقتىلىق تۇتتى، قالايمى-
قان كىتابلار دۆۋىسى ئارىسىدا قانچە ـ قانچە كۈنلەرنى رەتلەش، پەن تۈرلىرى بو-
يىچە ئايرىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن كىتابلارنى تۈر-
لەرگە ئايرىپ، بۆلەكلەرگە بۆلدى، نومۇر تۇرغۇزدى، ئوتتىن، چىرىشتىن، چاشقان-
نىڭ زىيىنىدىن ۋە باشقا سۇنئىي بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قېلىش تەدبىرلىرىنى
قوللاندى. كىتاب كۆرگۈچىلەر قايسى ۋاقىتتا كىرسۇن، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئو-

www.uyghurkitap.com

رۇنداپ، ئېھتىياجىنى قاندۇردى ۋە ئۇلار بىلەن ئەستايىدىل سىردىشىپ، ئېھتىياجلىق كىتاب ـ ماتېرىياللارنى كىرگۈزدى ۋە سېتىۋېلىپ تولۇقلىدى، مەسلىھەت بېرىپ ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى مەنىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەدەنىيەتتىكى نىجاتلىق ــ ئىنسانىيەت نىجاتلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. مەدەنىيەت نىجاتلىقىغا ئېرىشمەي كۆمۈلۈپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل، بەختىيار تۇرمۇشى مەنىۋى كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. مەنىۋى تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كۇتۇپخانىچىلىق خىزمىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى كونا ـ يېڭى مەدەنىيەت مىراسلىرى، قول يازما ـ ۋەسىقىلەرنى قېزىپ، ئۇنى كەڭ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم كۇتۇپخانىچىلىق خىزمىتى جەريانىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئارخېئولوگىيىگە دائىر كونا قول يازما، كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش بىلەنمۇ پائال شۇغۇللاندى ۋە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، قىزغىن قاتنىشىپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشلارنى ياسىدى، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، قېزىش، رەتلەش قىزغىنلىقى قوزغالدى. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى تۈرلىرىدىن مەشرەپ ئويناش، يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرگە تونۇشتۇرۇش، كۆرسىتىش ئەۋج ئالدى. شۇ چاغدا مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم قەشقەر شەھىرىدىكى نامى بار، گۈزەل باغ، ھويلا ـ ئارامىلارنى ھەم قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئىچىدىكى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ زال، سەينالىرىنى بېزەپ، مەشرەپ ـ بەزمىلەرنى ئۆتكۈزدى، بۇ ئويۇنلارنىڭ خاسلىقى كۆچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى خىلمۇخىل، مەزمۇنى رەڭدار، قەدىمىي، ساپ ھەم جەلپكار بولغانلىقتىن، خەنزۇ رەھبەرلەرنىڭ سۆيۈنۈپ كۆرۈشىگە، ياقتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇ ھال خەنزۇ يازغۇچىلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، زىيالىيلار، رەھبەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى، ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ساھەگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر زىيا-

لىيلىرى، قەلەمكەشلىرىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قولىغا قايتىدىن قەلەم ئې-
لىپ، يېزىش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى؛ 1962 ـ يىلى
قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىدە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنى توپلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا مەكىت، مارالبېشى، يە-
كەن، كونىشەھەر ۋە قاغىلىق، تاشقورغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئادەم،
مالىيە كۈچى ئاجرىتىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش
خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم كونىشەھەر ناھىيىسى خىز-
مەت گۇرۇپپىسىغا ئايرىلدى. ئۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ھەم بەشكې-
رەم يېزىسىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك نۇقتىلارنىڭ بى-
رى بولغان « خانئۆي » خارابىلىرىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. تەكشۈرۈشتە ئۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ كىشنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى كۆرۈپ چوڭ-
قۇر تەسىراتقا چۆمدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل تەشەببۇسكارلىق مەۋج ئۇردى، ئۇ
ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئاجايىپ مول تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ نادىر ئىزنالىرىدىن سۆ-
يۈندى ھەم ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر
چۆكۈپ، تارىخچىلار ۋە پېشقەدەملەردىن تارىخىي مەدەنىيەتكە ئائىت كۆپلىگەن مە-
نۋى پاكىتلار ۋە كىتابلارنى توپلاپ، ئۇنى خارابە ئىچىدىن تېپىلغان ئۆرنەكلەر بى-
لەن سېلىشتۇردى، شۇ ئاساسىتا ئۇ، بىرىنچى قول تىپىك ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. ئۇ
توپلىغان بۇ ماتېرىياللارنى تارىخ تەتقىقاتى ۋە پايدىلىنىش ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىل-
غاندىن باشقا، ئاشۇ ماتېرىياللارنى يىپ ئۇچى قىلغان ئاساستا بىر قىسىم ھېكايە،
ئوچېرك، ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. كېيىن ئۇ، ئاقتۇ قاتارلىق نا-
ھىيىلەردە يېرىم يىل تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەنبەلىرىگە ئائىت 400 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، چۆچەك،
رىۋايەتنى توپلاپ خاتىرىگە ئالدى. ئاز بولمىغان قول يازما، كونا كىتابلارنى يىغدى،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئوخشاشمايدىغان ئۈچ خىل نۇسخىسى
«باھارى ئەجەم» قاتارلىق 1000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، قول يازما ئالاھىدە تىلغا
ئېلىشقا ئەرزىيتتى. ئۇ بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئىش ھەققى تۆۋەن، تۇرمۇشى
ناچار ئەھۋال ئاستىدىمۇ نەق پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى بېرىش بەدىلىگە قولغا چۈ-
شۈردى. بەزى كىتاب، قول يازمىلارنى تېپىش، سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ نۇرغۇن بەدەل

www.uyghurkitap.com

تۆلدى، جاپا تارتتى، ئازابقا قالدى، ئوتتا كۆيدى ۋە يەنە سۇدا ئاقتى، ھەتتا ئۇ، شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتىكى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشقىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى، تۆۋەن ئىستېماللىق تۇرمۇش، نامراتلىق ئۇنى قانچە قېتىم ھالىدىن كەتكۈزدى، بۇنداق ھال يالغۇز ئۇنىڭلا ھالى ئەمەس ئىدى، شۇ چاغدا نامراتلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ، بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىدى؛ ئۇ ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن روھىي چىدامچانلىق، مەنىۋى قەيسەرلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك، باياشات سېزىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاشۇ كىتاب، قول يازمىلارنىڭ نىجاتلىقى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ھاياتلىق نىجاتلىقىدىن ئۇلۇغ، بۈيۈك ئىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى تارىخ، مەدەنىيەت ئىلمى ئىشلىرىغا ئاتىغان بۇ كىشى كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتتۇۋال دېگەندەك، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تارتىپ چىقىرىلدى، ئۇنىڭ «ئۆمۈر مەبلىغى» بولغان زور بىر قىسىم كىتاب، خاتىرە، قول يازمىلىرىمۇ ئىسيانچىلارنىڭ قولىدا كۆيدۈرۈلدى، يىرتىپ تاشلاندى. ئايرىملىرى ياخشى نىيەتلىك، ئىلىم سۆيەر كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېيىن نىجات تاپقان بولسىمۇ، نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملار تارىخ سەھنىسىدىن بىراقلا يوقالدى، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى، ئۇ ئۈچ يىل پىپەن ـ كۈرەشكە تارتىلدى، قاباھەتلىك شۇ يىللاردا ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن دەھشەتلىك خورلۇققا، بېسىمغا ئۇچرىدى. يۈرىكى پارە ـ پارە بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلىشىپ، تومان تارقاپ، قۇياش زېمىنغا ئىللىق باقتى، شۇ چاغدا ئۇ، ھېلىقى قول يازمىلارنى ئىزدىدى، بەزىلىرىنى تاپقان بولسىمۇ، زور بىر قىسمىنى تاپالمىدى. ئۇ ئەينى چاغدىكى ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگۈچىلەرنى قايتا ئىزدەپ باردى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا تارتىپ چىقىرىلىپ، پىپەن ـ كۈرەش قىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بەزىلىرى قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ چىقتى. ئۇ ھەسرەت چەكتى، ھالبۇكى شۇ چاغدا توپلىغان نۇرغۇن نەرسىلەر تابۈگۈنگە قەدەر نەمۇنە بولۇپ، قەشقەر تارىخى، ئۇيغۇر تارىخىنى يورۇتۇشتا ئالتۇندەك قىممىتىنى ساقلىدى.

## 6

كىتاب ئىشكاپى بار كىشىلەر XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا نەشر قىلىنغان

كىتابلارنى ئاختۇرسا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «گۈلخۇمار» پوۋېسىتىنى ئۇچراتماي قالمايدۇ، پوۋېستتا ئاتۇشنىڭ مەھشەت دېگەن يېرىدە ئۆتكەن گۈزەل، پاك ۋىجدانلىق قىز گۈلخۇمار بىلەن قەشقەر بەشكېرەملىك ئىشچان، مەرد يىگىت شاۋاز قارى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى ۋەقەلىك قىلىنغان. پوۋېستتا ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىشى، ئۆز مۇھەببىتىگە ۋاپادار، سادىق بولۇشى، فېئودالىق نىكاھ سودىسىغا ۋە زالىم كۈچلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت قەھرىمانلىق جاسارىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ پوۋېست ۋەقەلىكنى بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىيەتنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسىرلىك، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ پوۋېست ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي پسىخولوگىيە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي توي ـ مەرىكە، مۇراسىملىرى، مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، تۇرمۇش ۋە خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتە قەلەمكەش ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ھەقىقىي ياردەمچىسى بولالايدۇ. شۇڭا، يىللاردىن بۇيان بۇ ئەسەر كىشىلەرنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. خەلقىنىڭ كىتابقا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئەسەر 2 ـ قېتىم 5000 تىراژ بىلەن قايتا نەشر قىلىندى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم يازغان بۇ ئەسەر ئەينى دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، چېتىشلىق دائىرىسى، تارىخىي قىممىتى ، ۋەقەلىك خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئەسەردىكى ئايرىم تەپسىلاتلارنى تولۇقلاش،نازۇك يىپ ئۇچلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش زۆرۈر ئىدى. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇردى ۋە ئەينى چاغدىكى تارىخىي پاكىتلارنى قايتا تولۇقلاش، ئەتراپلىق تەتبىقلاش، چىنلىقنى تېخىمۇ كەڭ يورۇتۇش ئارقىلىق، «گۈلخۇمار» پوۋېستىنى تارىخىي رومان قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ تاماملىدى ۋە نەشرگە تاپشۇردى.

بۇ ئۇنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىرلا تامچىسى بولۇپ، تەپسىلىي توختىلىش ئۈچۈن گەپنى سەل باشقا سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1940 ـ يىلى باشلانغان. ئۇ شۇ يىللاردا «ياخشى» ناملىق شېئىر، «ۋەخپە» ناملىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى شۇ

چاغدىكى «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى» (ھازىرقى قەشقەر گېزىتى) دە ئىشلەن قىلـ-غان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، پۈرسەت بولسىلا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، تۇر-مۇش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئۆزگىچە تەسىر قىلغان ۋەقە، ھادىسىلەرنى تېپىپ، ماقا-لىپ، شېئىر، ماقالە، نەسرلەرنى يېزىپ تۇردى؛ مەدەنىيەت، كۇتۇپخانا خىزمىتى بى-لەن شۇغۇللانغان يىللار ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كەڭ ئاچقان يىللار بولدى. ئۇ كۇتۇپخانىچىلىق خىزمىتى داۋامىدا بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر كۇتۇپخانىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ ئۇ، 1963 ـ يى-لىدىن 1969 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، نومۇرلارنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، تۈرنى كۆپ خىللاش-تۇردى. ئۇ يازغان «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇما»، «دەريا بويىدا»، «شىرە سائىتى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ «تۆگمەندە»، «تامنى ئۆرۈۋېتىپ، قۇدا بولۇش»، «يەڭگەن دەرياسى بويىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆزگەرتىپ سەھ-نىلەشتۈرۈپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە «ھەزرىتى موللام ھەققىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم»، «تۇردى نازىم (غەرىبىي) ھەققىدە»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇرلار تېبابىي ئىلمىگە قەدىمدىن تارتىپلا ئەھمىيەت بەرگەندۇر»، «ئىستىبداتلىق ئالىم ۋە ھەكىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا»، «ئۇيغۇر تېبابەت چولپىنى» ۋە قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھەمدە يۈسۈپ ھاجى قەشقەرى قاتارلىق تېۋىپ ـ پېشۋالار ھەققىدە تەكشۈرۈش، تونۇشتۇرۇشلارنى يازدى؛ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئىمامدىن كاشغەرى-نىڭ بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇساھىبەسى (سۆھبىتى)»، «ئادەم كاۋىپى ۋەقەسى توغ-رىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. «مەھمۇدنىڭ بالىلىق دەۋرى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئە-دەپ ـ ئەخلاقلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئىلىم ـ مەرىپەتكە پەرۋانە بولۇپ شىرنە يىغىدىغان پېشۋالىرىمىزدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ساقلاش، توپلاش، قېزىش، رەتلەش، تارقىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مول بى-لىمگە ئىگە «تىرىك تارىخ» بولغانلىقى، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، تىل-

يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى كۆپ بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ-
نىڭ بايانلىرى ۋە تەمسىلىگەن ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر ئېسىل
ئەسەرلەرنى يازغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلار ئىچىدىكى مەشھۇر زاتلاردىن مەرھۇم سا-
بىت مۇقانوپ (قازاقىستان يازغۇچىسى)، قاسىم قارىھاجىم، ئىمىر ھۈسەيىن قازىئا-
خۇنوم، ئەھمەد زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، مەمتىمىن
يۈسۈپ، ئىمىنوپ ھامىت، ئېيسا شاكىر، ھاجى ھامىت مەھمۇدى، مامۇت سابىت،
ھايات ئالىم، يازغۇچى - شائىرلىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىر سۇلتان ئوسمانوف،
مۇھەممەت زۇنۇن، شېرىپ خۇشتار، ئىسلامجان شېرىپ، ۋەلى، مەخمۇتجان ئىسلام،
ئابدۇقادىر ئەپەندى (قىرغىز) قاتارلىقلار قىممەتلىك ئۇچۇر - ماتېرىيال ئالغان؛ ئۇ-
نىڭ گۈزەل ئەخلاقى، سەمىمىي مۇئامىلىسى، پەن - مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى سا-
ھەسى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم - تەجرىبىلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدىكى چىن، ھەقىقىي ھېسسىيات ۋە چىن، ھەقىقىي ۋەقە ئۇيغۇرلارغا خاس
ئۆزگىچىلىككە، كۈچلۈك مىللىي ھېسسىيات ۋە پۇراققا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر ئارى-
سىدا گۈلگە ئوخشاش گۈزەللىككە، ئالتۇندەك جۇلا ۋە رەڭگە، بۇلاق سۈيىدەك لەز-
زەتكە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇ يازغان، 2003 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق تەربىيىسى» ناملىق كىتاب-
قا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، كىتاب 20 يىل ئىلگىرى يېزىلغان ۋە ھەرقايسى گې-
زىت - ژۇرناللاردا پارچىلاپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، كۆپ يىل ئىزدىنىش ۋە كۆپ
تەرەپلىمە تەتبىقلاپ پىششىقلاش، سان - سۈپەت جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە
سەل قارىمىغان، ئۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت تۈپ ئەخلاقىي كاتېگور-
يىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قايتا - قايتا ئىزدىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەپ-
ئەخلاق تەربىيىسىدە كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بىر قەدەر مۇكەممەل ئەخلاقىي بەلگىلى-
مىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتلەر، ناچار ئەخلاق-
قىلىقسىزلىقلار، نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى جەھەتلەردىكى قاراشلىرىنى 65 مەسى-
لىگە يىغىنچاقلىغان. ھەربىر مەسىلىگە قىسقا مىسال — ھېكايەتلەرنى توغرا كەلتۈ-
رۈپ، تەسىرلىك، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بايان قىلغان؛ تىلغا ئالغان مەشھۇر
شەخسلەر ۋە پايدىلانغان تەۋەررۈك ئەسەرلەرنىڭ نامىنى ئىزاھلىغان؛ بولۇپمۇ بۈ-
يۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى

نەزملەرنى ئۆز جايىدا تاللاپ ئىشلىتىپ، شۇ ئارقىلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن؛ ئەنئەنە ئاساسىدا يېڭىلىققا يۈزلىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى ئاشۇرغان. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى پىكىر، ئەخلاقىي قاراشلار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، ئوقۇرمەنلەرگە مەنىۋى بوشلۇق، ئويلىنىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇلغان؛ زۆرۈر بولغان تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەقىل ۋە مەسلىھەت كۆرسەتكەن. بۇ كىتاب نۆۋەتتىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەربىيە پائالىيىتى جەريانىدا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم 1993 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئائىلسىدە كۇتۇپخانا ئېچىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى بىلىم سۆيەر كىشىلەر ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يېتەرلىك كىتاب، تۈرلۈك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

## 7

ھايات شۇنداق ئۆتتى، يەنە ئۆتىۋاتىدۇ. مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم ئۆز نۆۋىتىدە قىممەت ياراتتى، ھەقىقەتەن زور قىممەت ياراتتى، بۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە تامامەن شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش. ئەمما، بۇ باشقىلارغا زۆرۈر بولمىغان ئىشمۇ؟ ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ، مۇشۇ دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش ئەزاسىغۇ؟ تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇلاردا پەرق مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ھەرقانداق كىشىدە تالانت مەۋجۇت، ئىقتىدار ۋە پاراسەت مەۋجۇت، ئەمما ئۇ نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق بولۇشى ناتايىن، شۇڭا ئۇ تولا چاغلاردا قىسمەنلىك بىلەنمۇ باغلىنىپ قالىدۇ، مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئادەملەردىكى پەرق ئۇنىڭ تۇتقان يولى، كۆزلىگەن نىشانى ۋە قىلغان ئىشى، نامايان قىلغان جاسارەت ـ پاراستى، كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ياراتقان نەتىجىلىرىدە شەكىللىنىدۇ. ھاياتلىق قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇئەييەن نەتىجىسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ ۋە نامايان بولىدۇ. بەزىلەر باھاردا بىخلىنىپ، كۈزدە سارغىيىدىغان، قىشتا يوقىلىدىغان ئوت ـ چۆپكە ئوخشايدۇ، يەنە بەزىلەر قىش ـ ياز كۆكىرىپ ياشناپ

تۇردىغان قارىغايغا ئوخشايدۇ؛ قارىغاي قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشايدۇ، ئوت ـ چۆپلەر يەر ئۈستىدە قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا سايىۋەن، هايۋاناتلارغا يەمچۈك ، ئادەملەرگە دەسسەنچۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالىدۇ، بىزنىڭ هەربىر دوستىمىز، هەربىر ئەۋلادىمىزدا قارىغاي روهى بولسا ئىدى، ئىنسانىيەت دۇنياسى تېخىمۇ گۈزەللىك بىلەن يۈز ئاچقان، گۈزەل كېلەچەك ۋە بەخت تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچقان بولاتتى. ئۇلار تىرىشچانلاردىن ئۇدۇم، مەردلەردىن كۈچ، قابىللاردىن تەدبىر، بەختىيار هاياتتىن ئەندىز ئالسا، ئۆمۈرىنىڭ هەربىر دەقىقىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ كېلەچىكى ئۈچۈن تەقدىم قىلالايدىغان بولسا نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىش بولار ئىدى ـ هە ؟!

بۇ مۇهەممەت ئوسمان هاجىمنىڭ ئۆمىدى ۋە يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا پۈكۈلگەن يالقۇنلۇق تىلەك ئىدى. ئۇ شۇنچە يىللار داۋامىدا، مانا مۇشۇنداق تىلەك ئوتلىرىدا كۆيدى ۋە نەمۇنە تىكلەپ، كەڭ جەمئىيەتكە ئىلهامبەخش تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىجادىيەت ۋە ئىلىم يولىدىكى ئەمگەكلىرى هەم، كىملەرنىڭدۇر قەلبىگە ئىلىم مەشئىلى يېقىش بىلەن ئاۋارە بولدى .ئۇ دەل ئاشۇنداق روھ تۈرتكىسىدە، راستتىنلا مول نەتىجىلەرنى، زور ئۇتۇقلارنى قازاندى، 83 يىللىق هايات، 83 يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىدە مۇهەممەت ئوسمان هاجىم كۆپ تەرەپلىمە ئىلمىي ئەمگەكلىرى شەرىپىگە قەشقەر شەهىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «مۇنەۋۋەر تەتقىقاتچى» بولۇپ باهالاندى؛ 1989ـ يىل 5 ـ ئايدا، دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەدەنىيەت خىزمىتى سېپىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپ گۇۋاهنامىسىگە ئېرىشتى، قەشقەر شەهەرلىك سىياسىي مەسلىهەت كېڭىشى 7 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ 1989 ـ يىلى كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. هازىر ئۇ، قەشقەر شەهەرلىك ۋە ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە تەھرىر هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مانا بۇ بىر هەقىقىي زىيالىينىڭ بايانى، ئۆزى دەپ ئۆزى ئەمەل قىلىدىغان، ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى ئەمەلىي ئىشلەيدىغان قىممەتلىك روهنىڭ نامايەندىسى ۋە

دەللىلى. مانا بۇگۈن ئۇ ياشىنىپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ بەل قويۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، ئۇ نۇرغۇن تۆھپىسى بەدىلىگە ئۆمۈر مۇساپىسىنى، ھاياتنى مەڭگۈلۈك يورۇتۇپ، قەلب ئابىدىلىرىنى تىكلەپ بەردى؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بولىدى قىلغىنىنى يوق، ئۇنىڭ دىلىدا يەنە نۇرغۇن ئارمانلار بىخلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئارمانلاردىكى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ كېلەچەككە باغلانغان. ئۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى تىنچلاندۇرۇپ، روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ، ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدىمي جايىنىڭ ھويلا ـ ئارامىلىرىغا، گۈللىرىگە، دەل ـ دەرەخ، مېۋىلىك باغلىرىغا بىر ـ بىرلەپ سىنچىلايدۇ، تويماي ـ تويماي قارايدۇ، قورۇق باسقان چىرايىدىن تەبەسسۇم بىلەن خاتىرجەملىك بالقىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى بىجىرىمسىزلىك قەلبىنى ئازابلايدۇ، بۇنى ئۇ يېزىق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغان ئەسەرلىرىنىڭ داۋامىنى يېزىش، گۈللەرگە سۇ قۇيۇش، ئوغۇت بېرىش، كەپتەرلەرگە دان ـ سۇ بېرىش بىلەن خىيالدىن يىراق قىلىدۇ، بۇ ھال ئۇنى تولىمۇ يېقىملىق، سۆيۈملۈك كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ئەمەلىيىتىدىمۇ شۇنداق تەسىر بېرىدۇ. يىللار ئۇنىڭغا جىمغۇرلۇق، كەم سۆزلۈك ھەم تېرەن تەمكىنلىكنى تەقدىم قىلغان. ئەمما، سىردىشىپ قالسىڭىز ئۇ تولىمۇ قىزغىن، ھاياجان بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى پاساھەت، چوڭقۇر مەزمۇن، ئىلىم ـ پەن، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ سېھىر ـ ھېكمىتى ئىچىگە غەرق قىلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە دەرۋازا ئالدىغا چىقىدۇ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە سالام بەجا كەلتۈرىدۇ، قۇياشنىڭ تال ـ تال ئالتۇن نۇرلىرى ئاشۇ تار كوچىغا چۈشكەندە ئۆزىدە بىر خىل ئىللىق ئېقىمنى، بەختنى، ھاياجاننى سېزىدۇ. ئاشۇ قەدىمي كوچا ئالتۇن رەڭلىك كوچا بولۇپ تۇيۇلىدۇ. قەلبى ياشلىق گۈلخانلىرى بىلەن لاۋۇلدايدۇ.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاي، قەشقەر





مۇھەممەت ئوسمان ھاجىنىڭ
پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر
0998 — 2524926









ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قەدىرلەش تۇيغۇسى

سىز كىمنى، نېمىنى قەدىرلەيسىز ؟ بۇ باشقىلارغا قاراڭغۇ . شۇنداق ئىكەن، نېمىنى، كىمنى قەدىرلەش – ئۆز ئەركىنلىكىڭىز ۋە ئىختىيارىڭىز!

ھەرقانداق ئادەمدە قەدىرلەش تۇيغۇسى بولىدۇ، بۇ خىل تۇيغۇ يوق ئادەمنىڭ ۋىجدانى، ئەقىدىسى ۋە سەزگۈسى بولمايدۇ ھەم بۇنداق روھىي سېزىمى ۋە ئېتىقادى بولمىغان ئادەم ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدۇ .

ناھايىتى ئېنىقكى، قەدىرلەش تۇيغۇسى ـ بىلىش تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئادەمنى بىلىش، چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇر ياكى يۈزەكى بولۇشى، تەپەككۇرى ۋە بىلىمىنىڭ كەڭ ياكى چوڭقۇر بولۇشى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ؛ مانا مۇشۇنداق بىر قاتار تەرەپ بىر ئادەمنىڭ قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ ئاددىي ياكى مۇرەككەپ، چوڭقۇر ياكى يۈزەكى بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

تۇرمۇشتا پىشقان كىشىلەرنىڭ قەدىرلەش تۇيغۇسى ئالاھىدە جانلىق بولىدۇ؛ ئۇلار بەختىيارلىقنى چۈمگەندە، بەختسىزلىكنى ئۇنتۇمايدۇ؛ دېمەك، ئۇلار بەختنى ، بەخت ۋە بەختسىزلىكنىڭ ساۋىقىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا ئىگە؛ بەزىلەر قەدىرلەش ئارقىلىق بەختكە ئېرىشىدۇ، پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىدۇ . دېمەك، ئۇلار ۋاقىتنى، ئىمكانىيەتنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا ئىگە؛ قولىغا كەلگەن مۇلۇكنى تۇتۇشنى بىلىدىغان كىشىلەر قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشتىن ئىبارەت قەدىرلەش تۇيغۇسىغا ئىگە؛ بەزىلەر باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشكە ماھىر، دېمەك ئۇلار ئوبرازى ۋە ياخشى پەزىلىتىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىغا ئىگە.

ئەڭ ئەھمىيەتلىك قەدىرلەش – ئاتا ـ ئانىنى، ئۇستازىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىدۇر! بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسىنى، شۇنداقلا ئۇستازىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ، ئاتا ـ ئانا بولغاچقىلا ھاياتلىق مەۋجۇت، ئۇستاز بولغاچقىلا بىلىم ۋە ئۇلۇغلۇق مەۋجۇت؛ ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بولغاندىلا ئۇستازنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بولىدۇ . چۈنكى، ئۇنى قەدىرلىگەنلىك بىلىمنى، تەرەققىياتنى، مىللەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالىنى قەدىرلىگەنلىك بولىدۇ . ماھايەتتە ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى ئۆزىگە مەنسۇپ تۇيغۇدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# «پەرىشتە ئانا»

## 1

ئۇنىڭغا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق، خىزمەتنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى، ئارام ئېلىشنىڭ مۇددەت ـ چېكى يوق ئىدى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئادەت بولۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدا يا پۇشايمان، يا ئەپسۇسلىنىش، زېرىكىش، يالتىيىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ باققىنى يوق، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى مەسئۇلىيەت، مۇلازىمەت، بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئېغىر كۆرمەي قىلىپ كەلدى. ھاياتقا ئېكەك سالغان ماماتلىق ئالدىدا قىلچە تەمتىرەپ قالماي، بارلىق زېھنىي كۈچى، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، كىملەرنىڭدۇر ھاياتلىقى، قايتا ياشاش پۇرسەتلىرى ئۈچۈن ۋاستە بولۇشتىن قىلچە باش تارتمىدى، قىممەتلىك ۋاقتى، ئالتۇندەك چاغلىرى، قايتا كەلمەيدىغان پۇرسەتلىرى ئەنە شۇنداق مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى. شۇ ۋەجىدىن، ئىلتىجا بىلەن تەلپۈنگەن كۆزلەر، زارىقىش بىلەن تەشنا بولغان قەلبلەر ئۇنىڭ چاڭقاق روھىيىتى ۋە جىسمانىيىتىنى قاندۇرۇپ، سۆيۈنۈش ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە تەشەككۈر، ھەشقاللىنىڭ ھەقداسى بولۇپ قالاتتى؛ 52 يىللىق ھايات، 38 يىللىق مۈشكۈل سەپەر جەريانىدا ئۇ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتىدى ھەم ئاشۇ بارلىقى ئۈچۈن تەمە، مەرتىۋە، ئىمتىيازدىن خالىي ھالدا خالىس، مىننەتسىز تۆھپە قوشتى؛ قىيىن شارائىت، ئېغىر بېسىم، جەبىر ـ جاپالارنى يېڭىپ، قەيسەر روھ، شىجائەتلىك چىدام بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ياراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشلەش روھىدا ئالاھىدە شەخسىي مۇددىئا ـ مەقسەت يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ياراتقان تۆھپىسى ئارقىلىق كۆڭۈل ئارامىنى، دىل خۇشلۇقىنى، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بەختىنى تاپتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ياشىغان ئاشۇ قەدىمىي تۇپراقتىكى 38 ياشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى

ھەربىر ھايات ئىگىسى ئۈنى ئانا ! پەرىشتە سۈپەت ئانا! دەپ تەرىپلىدى. بۇ ئۈنىڭغا بول-
غان تەلپۈنۈش، سۆيۈنۈش، تەشەككۈر، ئەقىدىنىڭ نامايان بولۇشى ئىدى. ئۇلارنىڭ
نەزىرىدە بۇ پەقەت يۈرىكىدىكى تەشەككۈرنىڭ ئاددىي ئىپادىلىنىشى ئىدى. بۇ خىل
تۇيغۇ ئاشۇ يەردىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى بولسىمۇ، ئۈنىڭغا نۇرغۇن
سىرلار يوشۇرۇنغان، نۇرغۇن ھېكمەتلەر جەم بولغان، چۈنكى ئاشۇ ئاددىي، كۆيۈملۈك
ئانا شۇنچە يىل داۋامىدا ئاشۇ يۇرتتا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەربىر بوۋاق، ھەربىر ئانا
ئۈچۈن توختاۋسىز تەر ئاققۇزغان، ئۇلارغا مېھرىنى بەرگەن، كۆيۈم، شاپائەت تەقدىم
قىلغان، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇلارنى كېسەل ـ ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرغان، مېھىر بە-
دىلىگە ھارارەت، كۆيۈمى بەدىلىگە ئىلھام، كۈچ ـ مەدەت بەرگەن، ئاشۇ مېھىر، ئاشۇ
كۆيۈمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا گۈلخان بولۇپ يانغان...

ئۇ كىشىلەرگە ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قارايتتى، قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە
قىلاتتى. شۇ ۋەجدىن بولسا كېرەك، كىشىلەرمۇ ئۈنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىيا-
تى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بۇنداق بىرىكىش ئۈنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا مول مەنە-
لەرنى قوشقانىدى. بۇ خۇددى ئادەم كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا بەختىيار تۇرمۇش
پاراغىتى ۋە گۈل ـ بېزەكلىك ھايات پەيزىنى سۈرۈشكە نائىل بولۇپ ئۆتمىسىمۇ،
كۆكلۈل ـ كۆكسىدىكى كەڭلىك ۋە تەڭلىك ئارقىلىق، ئاشۇ خىل بەختىيارلىقنىڭ
ھەقىقىتىنى سەزگەنگە ئوخشايتتى. دەرۋەقە، ئادەم ماددىي جەھەتتىكى بەختكە قارى-
غاندا ھېسسىي جەھەتتىكى قانائەت تۇيغۇسى بىلەنمۇ كۆتكەن بەختنىڭ پەيزىنى
سۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئۇ كىم ؟ ئۇ ئارىسلانباغنىڭ ئانىسى، ئاشۇ يەردىكى ھەربىر ئوت يۈرەك ئوغۇل ـ
قىزنىڭ پەرىشتە سۈپەت ئانىسى ! بۇ ئانا بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان تاجىنسا ھېزىم ئىدى!...

## 2

1953 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىشقۇل يېزىسىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇل-
غان تاجىنسا ھېزىم چىچەن، تىرىشچانلىقى بىلەن باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-
تەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، قەشقەر تېببىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ سېستىرا-
لىق كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. 1967 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈردى.

هالبۇكى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەقسىماتتىكى تەلىيى ئوڭدىن كەلمىدى، ئۇ كۆنمىگەن يەر-دىن يۇرتىدىن 40 نەچچە كىلومېتىر يىراق جايدىكى ئارىسلانباغ يېزىلىق خەلق شىپاخانىسىغا تەقدىم قىلىندى، بۇ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۆزى خىيال قىلىپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن گۆدەك قىز ئىدى. چۈنكى ئۇ، شۇ چاغدىكى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا تېخنىكۇمغا تاللىنىپ، ئوقۇشقا بارغانىدى. ئۇنىڭ تەقسىماتى ئائىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى كۆپەيتىۋەتتى، بىراق ئۇنىڭدا باشقىچە ئىپادە، قارشى تۇرۇش كەيپىياتى يوق ئىدى. ئاتا بىلەن ئانا ئۇنىڭ قىزباللىقى، كىچىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ نۇرغۇن غەملەرگە پاتتى، ئۇ ئۇلارغا تەسەللىي بەردى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ، ئۇدۇل ئارىسلانباغ يېزىلىق شىپاخانىغا باردى.

پاكارغىنا، ئاقپىشماق، قوي كۆزلۈك، سىكىلەك چاچلىق، ئېغىر ـ بېسىق كۆرۈنىدىغان بۇ قىز ئىشقا چۈشۈپلا غېرىبسىندى. كېيىن، بارا ـ بارا كۆنۈپمۇ قالدى، شىپاخانىنىڭ شۇ چاغدىكى شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولسىمۇ، بىمارلار، داۋالانغۇچىلار شۇنداق كۆپ ئىدى، ئۇ ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي، باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا، تۇرمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا پۇرسەتمۇ چىقىرالماي قالدى. « مەدرىس » دەپ ئاتىلىدىغان مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تەسىس قىلىنغان بۇ شىپاخانىنىڭ ئىشخانا، ياتاق، داۋالاش ئورنىنىڭ كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان بۇ دوختۇرخانىدا تىلغا ئالغۇدەك داۋالاش ئۈسكۈنىسى، كېسەللەر ياتىقى، دورا ۋە ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بىر دوختۇر، ئىككى سېستىرا كۈن بويى ئارام ئالماي ئىشلەيتتى. تاجىنسا ھېزىم بۇ دوختۇرخانىغا كىرگەن تۆتىنچى خادىم ئىدى. شۇڭا، دېھقانلار بۇ يېزىدا يەنە بىر تېببىي خادىمنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. دوختۇرخانىدىكى كونا خادىملار تاجىنساغا ھەر تەرەپلىمە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ كەسپىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. قېتىرقىنىپ ئىشلەش بىلەن ئىشنىڭ سىجىللىقى ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىنى تەدرىجىي بېيىتتى. ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن ھەربىر نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، كەسپىي ساپا يېتىلدۈرۈپ، ئاساسلىق سېستىرا بولۇپ يېتىشتى.

ئەينى يىللاردىكى تەلەپ ۋە ئېھتىياج نۇقتىسىدىن كېسەل كېلىدۇ، دەپ ئىشخا-

نىدا ئۇلتۇرۇپ، بىمارلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا بولمايتتى. شۇڭا، ھەمـ-
شە تاجىنسا ھېزىم دوختۇرخانا باشلىقىغا تەكلىپ بېرىپ، ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ،
كەنت، مەھەللىلەرگە بېرىشنى، كېسەل داۋالاشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى
سەھەردىلا دورا سومكىسىغا تىڭشىغۇچ، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، قايچا، داكا ۋە بىر-
قانچە خىل ئاددىي دورا قاتارلىقلارنى سېلىپ يولغا چىقاتتى. تۈزۈكرەك قاتناش
قورالى بولمىغانلىقتىن، 10 كىلومېتىر، ھەتتا 15 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ،
دېھقان ــ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلاپ، قايسى ئۆي، قايسى جايدا بىمار بولسا
شۇ جايغا باراتتى، داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتى بىلەن بەند بولاتتى. ئەينى
يىللاردا دېھقان ــ چارۋىچىلارنىڭ يېگىچە داۋالاشقا بولغان چۈشەنچىسىمۇ يېتەرلىك
ئەمەس ئىدى، بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنمەي، داۋالانماي، ئۆ-
يىدە يېتىۋېرەتتى ياكى بولمىسا داخان ــ پېرىخونلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، سۈپكۆچ
قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالاتتى. بەزىلەر تۇغۇت-
نى، ئايرىم كېسەللەرنى سىرتقا ئاشكارىلىماي يوشۇرۇپ، ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چى-
قىراتتى. ئەمما، تاجىنسا ھېزىم قايسى جايدا مۇشۇ خىل ئىشنى ئاڭلاپ قالسا شۇ ھا-
مان نەق مەيدانغا بېرىپ، داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئۇ ئۈچ يىل
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ــ تۆۋەن ئېقىنى باغىرىدىكى
19 كەنت، 100 نەچچە مەھەللىنى، 3000 دىن ئارتۇق ئاھالە، 15 مىڭدىن ئارتۇق
نوپۇسنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى-
غا، يېقىن كىشىسىگە ئايلاندى. ئۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك
خۇشاللىقى، قىيىنچىلىقى، ئازابى ۋە خاتىرجەمسىزلىكىنى بىلدى، چۈشەندى. ئېغىر
كېسەللەر، داۋالىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ھېسداشلىق
قىلاتتى. ئۇ بۇ يەردە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ئۆزىدەك بىرقانچە ئون تېببىي
خادىم بۇ يەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىق ئىدى.
باشقا ھادىسە، سەۋەبلەردىن كۆرە، ھەر يىلى قىيىن تۇغۇت، ھەتتا ئاددىي تۇغۇت
تۈپەيلىدىن نەچچە ئون ئانا ۋە بالا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن نەچچە-
لىگەن ئائىلە ۋەيران، باللىرى سەرسان بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئاھ ــ زارى ئۇنىڭ قەل-
بىنى ئازاب ۋە ھىجران ئوتلىرىغا سالاتتى. ئۇ بىرمۇ تۇغۇت ئانىسى بولمىغان بۇ يەر-
دە ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ

يەتكەندە، مەڭگۈ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلدى. ھەر مىنۇت ئېسىدىن چىقمايدىغان ئىش — ئاشۇ بىچارە، ياۋاش دېھقانلارنىڭ غەملىرى، يەنە كېلىپ ئۆز-زىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش كەڭ قورساق، كۆتۈرۈشلۈك، مىننەتسىز ياشايدىغان بىغۇبار ئانىلارنىڭ تۇغۇت ئازابلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ، قاتتىق ئىشلەپ قانچە قېتىم چارچاپ ھالىدىن كەتسىمۇ ۋايسىمىدى، ھەرقانداق ئىشنى ئېغىر كۆرمىدى، قىزغىن مۇئامىلە، ئىللىق چىراي بولۇش ئۇنىڭ ئادىتى، ئەمما مەڭگۈلۈك يېتىلدۇرگەن خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالدى.

ئاتىسى ئۇنى كۆپ قېتىم يوقلاپ باردى ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇش، يېنىغا ئاپىرىپ ۋېلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، تاجىنسا ھېزىم تەخىر قىلىش، ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئەستايىدىل ۋە سەمىمىيەت بىلەن رەت قىلدى، ھەممىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى، قايىل قىلىدىغان پاكىتلارنى بىر- بىرلەپ كۆرسەتتى. ئاتا قىزىنىڭ پاراستىگە ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىگە قايىل بولدى ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن بولغان دەتالاشلىرىدىكى ھېكايىلار ئارىسلانباغ خەلقى ئارىسىغا تارقالغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن چوڭقۇر سۆيۈنۈش ھېس قىلىشتى. ئۇن گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان بۇ قىز خەلقنىڭ قىزى، ئارىسلانباغنىڭ گۈلى بولۇپ يارالدى، ئۇ ئاشۇ يەردىكى خەلق ئارىسىغا قومغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى. ئاتىسى ھېزىم سىيىت بىلەن ئانىسى نىيلزخىلن يۈسۈپىنىڭمۇ كۆز ياشلىرى توختاپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى...

## 3

«كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەندەك، تاجىنسا ھېزىم ھاياتلىق سەپىرىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردى ۋە يەكۈنلىدى. ئىشتىياق بىلەن شارائىت، پۇرسەت بىلەن ئىمكانىيەت ئالدىدا ئۇ ھەربىر ئىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالمىدى، قايسى ئىش ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولسا شەرت قويۇپ ئولتۇرمىدى؛ مۇشۇ خىل ئىشلاردا ئۇ ھەمىشە ئۆگىنىش، تەتبىقلاشنى چىڭ تۇتتى، ئۇنى شۇ خىزمەت، شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىكى مۇھىم بىر مەنبە، ياخشى

نەتىجە قازىنىشىنىڭ شوتىسى قىلدى. 1980 - يىل 11 - ئايدا ئۇ خىزمىتى ۋە كەسپىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ سېسترالار باشلىقى بولدى، ئۇنىڭ خىزمەت، مەسئۇلىيەت، ئۆگىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۈكى ئېغىرلاشتى. 14 نەپەر سېسترانى يېتەكلەش، ئۆگىتىش، تەربىيىلەش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ داۋالاش، پەرۋىش خىزمەتلىرىگە ئەستايىدىل مەسئۇل بولمىسا بولمايتتى. ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن، ئۇ تەشكىلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى، بىمارلارنىڭ ئارزۇسىنى تولۇق قاندۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، كۈچلۈك سىياسىي سەزگۈرلۈك، يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەربىر ئۆتكەل - ھالقىلارنى ياخشى ئىگىلەپ، بىمارلارنىڭ بىخەتەرلىكى، ھاياتىنىڭ ئامانلىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، باشقا كەسپداشلىرىغا كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ يېڭى ھۈنەر-تېخنىكىسىنى، پەرۋىش خىزمىتىگە ئائىت كىتاب، ماتېرىياللارنى ئۆزى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، باشقا سېسترالارنىڭ تەربىيىلىنىشىگىمۇ ئۈلگە بولدى ھەم ئۇنى خىزمەت ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلىدى. ئۇ يەنە بىرقانچە يىللىق كەسپىي خىزمەت ھاياتىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا 10 مىڭ خەتلىك كەسپىي ئۆگىنىش قوللانمىسى يېزىپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1991 - يىلى ئۇ ئارىسلانباغ يېزىلىق خەلق شىپاخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. بۇ چاغدا ئۇ داۋالاش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە قوللىنىشقا بولىدىغان بىر قاتار تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر چاغدا، كەسپىي خادىملار ۋە سېسترالارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتتى ھەمدە دوختۇر - سېسترالارنى قەرەللىك تەربىيىلەش، يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق، نەزەرىيە ۋە كەسپىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن داۋالاش خادىملىرى ۋە سېسترالارنىڭ بىخەستەلىكى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن كۆرۈلىدىغان دورا - ئوكۇل، سايمانلارنى خاتا ئىشلىتىپ قېلىش ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى؛ مۇشۇ جەرياندا ئۇ، 12 نەپەر خادىمنى چوڭلار مائارىپى بويىچە، 20 نەپەر خادىمنى سەھىيە سىستېمىسى بويىچە كۇرسلاردا ئوقۇتتى. قىسقا

مۇددەتلىك كۇرسلارغا بەش تۈر بويىچە 1260 ئادەم قېتىم قاتناشتۇرۇپ، مەشغۇلات قائىدىسى تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ تەكىتلەش زۆرۈركى، تاجىنسا ھېزىم خىزمەت داۋامىدا قابىلىيەتلىك ئىش ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى باش تارتماي قىلىپ كەلدى، ئۇ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1975 ــ يىل 6 ــ ئايدىن باشلاپ دوختۇرخانىنىڭ مالىيەــ بوغالتىرلىق خىزمىتىنىمۇ قىلدى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ كەسپىگە ئانچە ماس كەلمەيتتى، بىراق بۇ ئىشقا ئۇنىڭدىن ياخشى نامزات ۋە مۇناسىپ ئادەم يوق ئىدى. دەسلەپتە ئۇ قىيىنچىلىققا يولۇققىلى بولسىمۇ بوشىشىپ قالماي، مالىيە ــ بوغالتىرلىققا ئائىت ماتېرىياللارنى تېپىپ ئۆگەندى ۋە نەزەرىيە ئاساسىنى تۇرغۇزدى، پىشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، دوكۇمېنت باشقۇرۇش، ھېساب بوغۇش، دەپتەر يېزىش، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى يوللاش قاتارلىق ئىشلارنى مۇستەقىل بېجىرەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈردى. ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىشلەش داۋامىدا «بوغالتىرلىق قانۇنى»، «بوغالتىرلىق تۈزۈمى»، «بوغالتىرلىق نىزامى»، «مۆلچەرلەش قانۇنى»، «مۆلچەرلەش نىزامى» بويىچە ئىش قىلىشنى گەۋدىلەندۈردى؛ تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىش، تىرىشچانلىق بىلەن مالىيە باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدا قىلچە مەسىلە سادىر قىلمىدى، دوختۇرخانىنىڭ مالىيە ــ ئىقتىساد ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەھلىل دوكلاتى، پىلان ــ لايىھە دوكلاتى ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ ئىجرا قىلىش دوكلاتىنى يېزىپ، دوختۇرخانىنىڭ مالىيە كىرىمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. ئۇ بۇ خىزمەتنى تاكى 1985 ــ يىلىغا قەدەر قوشۇمچە قىلىپ، بىر پۇڭ ھەق ئالمىدى. كېيىنكى يىللاردا ئىش ھەققى، ئۇنىۋېرسال ۋە داۋالاش سۈپىتىنىڭ ياخشى ــ يامان بولۇشى ھەربىر ئادەم ياراتقان قىممەتنىڭ مىقدارىغا قاراپ بېكىتىلىدىغان بولدى، دوختۇرخانىنىڭ دەرىجىسىمۇ مالىيە كىرىمى ۋە داۋالاش ئۈنۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. تاجىنسا ھېزىم بۇ ئىشقا دۇچ كەلگەندە بوش تۇرمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن مالىيە مەنبەسىنى ئىزدەپ ئاچتى ۋە زور كۈچ بىلەن مەبلەغ توپلاپ، دوختۇرخانىنىڭ كۆلەم ۋە ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىدى، كېيىن كارىۋىتىنى 25 كە، ئايلانما مەبلىغىنى 100 مىڭ يۈەنگە ، ئومۇمىي مەبلىغىنى



www.uyghurkitap.com

638 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

## 4

ھاياتنىڭ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدىغانلىرى ۋە قىسمەت ـ ھىممەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. تاجىنىسا ھېزىم خىزمەت پائالىيىتى داۋامىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا شېرىك بولدى، ئازابى ئۈچۈن ياش تۆكتى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن تەر ئاققۇزدى، بۇ جەرياندا ئۇ يەنە نۇرغۇن سىناققا دۇچ كەلدى. شۇنداق چاغدا ئۇ جاسارەت ۋە پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭدى. ئۇنىڭ بىمارلار ئۈچۈن مىننەتسىز تەر تۆكۈپ، ئۇلار ئۈچۈن جان بېرىپ، بىر تېببىي خادىمدا بولۇشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ئەل ئارىسىدا داستان بولۇپ تارقالدى .

1974 ـ يىلى قىشتا ئۇنىڭ ئانىسى ساقىسىز بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاجىنىسا ھېزىم يوقلاپ بېرىش، كېسىلىنى تەكشۈرتۈپ داۋالىتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋا سوغۇق، قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان بىر كۈنى سەھەردە ئۇ ئانىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى قايتا ئاڭلىدى، ئۇ جىددىيلىشىپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ بىر سائەت جىددىي ئىشلەپ، دوختۇرخانىدىكى بىمارلارغا دورا بېرىش، ئوكۇل ئېسىش ئىشلىرىنى قىلىپ بولدى ۋە رۇخسەت سوراپ يولغا چىقىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا بىر دېھقان ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ كىرىپ كەلدى ـ دە :

— ئايالىمنىڭ بويىدا بار ئىدى، تۈنۈگۈندىن بۇيان تولغاق تۇتقان بولسىمۇ بالا تۇغۇلماي، ئايالىم بەك قىينىلىپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق، خۇش بولۇپ قالاي، جېنىم دوختۇر، ماڭا يارىدەم قىلىپ خوتۇنۇمنى قۇتقۇزۇپ قالغان بولسىڭىز، نېمە قىل دېسىڭىز مەن قىلىشقا رازى! ياخشىلىقىڭىز مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار! — دەپ يىغلاپ كەتتى.

كۈچلۈك ئىلتىجا، تاجىنىسا ھېزىمنىڭ يۈرىكىنى «شۈررىدە» ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى، ئۇ نېمە دېيەلىسۇن ؟ ئۇ قاراپ تۇرمىدى، دەرھال داۋالاش دورا ـ سايمانلـ-

www.uyghurkitap.com

رىنى ئېلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن نەق مەيدانغا يۈرۈپ كەتتى. تۇغۇتى قىيىن بولۇۋاتقان ئايالنىڭ ئىسمى مەرەمنىساخان بولۇپ، 20 كىلومېتىر يىراق جايدىكى پاتمانقاش كەنتىدە ئىدى، بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ، بۇ ئايالنى تەكشۈرۈپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈش ۋە تۇغۇت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، دوختۇرخانىدا يەڭگىش لازىملىقىنى تاپىلىغانىدى، بىراق بۇ ئايال ئۇنداق قىلمىغان. ئۇلار ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئىككى سائەت ئەتراپىدا يول يۈرۈپ، مەرەمنىساخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى، مەرەمنىساخان تۇغۇت ئازابىدا ئاللا ـ تۇۋا توۋلاپ، ئۆينى بېشىغا كىيگەنىدى. ھامىلىنىڭ بىر قولى چىقىپ قالغان. بالا قىيپاش كەلگەن، بالا تۇنجۇقۇپ قېلىش، ئانا قانسىراش، سۇسىزلىنىش خەۋپى ئىچىدە قالغانىدى. تاجىنسا ھېزىم جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، خەتەر ئازايمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دەرھال ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئانا ـ بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. تاجىنسا ھېزىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە تاڭ ئاتقانىدى. كىچىچە ئۇخلىماي ئانىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغان قىزى ئۇنىڭغا چوڭ ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىق شۇم خەۋىرىنى يەتكۈزدى، تاجىنسا ھېزىم نېمە قىلارىنى بىلمەي، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. كېيىن، ئۇن سېلىپ يىغلاپ ئۆزىنىڭ ئۇلار ئۇچۇن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈندى، ئانىسى بىلەن ھايات ۋاقتىدا دىدارلىشالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى.

1982 ـ يىلى ھېزىماخۇن ئاكا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تاجىنسا ھېزىم ئۇنى يوقلاپ پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى زۆرۈر ئىدى، ئۇ دوختۇرخانىدىكى ئىشلىرىنى باشقىلارغا تاپىلاپ قويۇپ، ئەتىسى سەھەردە دادىسىنى يوقلاپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى، بىراق شۇ كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ ئىشىكى يەنە ئەنسىز چېكىلدى:

ـــ مەن قۇمھويلا كەنتىدىن كەلدىم، ئوغلۇم قاتتىق ئاغرىپ قالدى، مۇمكىن بولسا بېرىپ داۋالاپ قويامدىكىن دەپ، چاقىرغىلى كەلدىم.

بۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئورغىسىنى قايىنتىغان ئىش ئىدى، ئاغرىپ قالغان شۇ ئوغۇلنى بىللە ئالغاچ كەلسە، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تۇگەيتتى. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مانا مۇشۇنداق بىغەم، تېجمەل ئىدى. بۇنداق ئىشقا تولا يولۇقۇپ يامان ئالماس بولۇپ كەتكەن تاجىنسا ھېزىم ئۆيقۇسىنى قويۇپ ھېلىقى دېھقان بىلەن يۈرۈپ كەتتى. 12 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە

باردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئوغلىنىڭ ئۈچىيىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە بالىنى دەرھال ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بىللە بېرىپ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. باغرى يۇمشاق تاجىنسا ھېزىم ماقۇل بولۇپ، ئۇلارنى ھارۋىغا بېسىپ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ، بالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تۈرتكە بولدى. ئۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىققاندا، ئارىسلانباغ يېزىلىق شىپاخانىنىڭ دەرۋازىۋىنى ھاسراپ ـ ھۆمىدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى... ئۇ قانداق قىلسۇن، نېمە دېيەلىسۇن!...

ئاتا بىلەن ئانا ھايات ۋاقتىدا، جان ئۈزۈش ئالدىدا قىزىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋېلىشقا شۇنداق زارىققان، تارتىشقان بولسىمۇ، تەقدىر ـ قىسمەت ئۇلارنى ئارمان بىلەن ئېلىپ كەتتى. تاجىنسا ھېزىم شۇ قەدەر قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغان، ئازاب چېكىپ نالە قىلغان بولسىمۇ، ئارمانى ھاسىل بولمىدى. ئەينى يىللاردا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى، ئۇلار : «قىزىمىز دوختۇر بولدى، ئەمدى ئاغرىپ قالساق داۋالايدۇ، ساقايتىدۇ، دەردىمىزگە دەرمان، رەنجىمىزگە شىپا بولىدۇ» دەپ كۆڭلىنى خۇش قىلغانىدى. ھالبۇكى، قىزى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئامانلىرىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدى، ئەمما ئۇلار قىزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ ئۆزگە ئوخشاش سانسىز بىچارىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىدىن رازى ئىدى، قىزىنىڭ ساداقىتى ۋە سەممىيىتىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ باققىنى، ئۇنىڭغا قېيىداپ باققىنى يوق ئىدى. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار تاجىنسا ھېزىمغا تەسەللى بولدى، ئۇنى ئالدىغا قاراشقا دەۋەت قىلدى ...

2003 ـ يىلى تاجىنسا ھېزىم دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ ناھىيە بازىرىدىكى قىزىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا، شىپاخانىنىڭ تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۆيىدىكى سېسترا ئۇنىڭ يولىنى توستى :

ـــ 12 ـ كەنتتىن تۇغۇتى قىيىن بىر ئايال كەلدى، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىشقا كۆزۈم يەتمىدى...

ئۇ خالات كىيىپ تۇغۇت ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۇغۇتى قىيىن بۇ ئايالنى سالامەت تۇغدۇرۇپ، ئانا ـ بالىغا قايتا ھاياتلىق يولى

ئاتا قىلدى.

تاجىنسا ھېزىم ياتلىق بولغاندىن كېيىن ھەم ئائىلىدە، ھەم خىزمەت ئورنىدا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى، ئېرى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئىلمىي، سەممىي ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئىزچىل قوللىدى، ئۇنىڭ كېچە ـ كېچىلەپ كەنت ـ مەھەللىلەرگە تۇغۇت ئانىسى بولۇش، كېسەل داۋالاشقا كېتىشلىرىنى، بالىلىرىنى ئۆزىگە تاشلاپ قويۇپ خىزمەت قىلىشلىرىنى، ئۆيىگە مېھمان كەلسىمۇ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كېسەل داۋالىغىلى كېتىشلىرىنى قىلچە ئېغىر ئالماي، ئەكسىچە ياردەملىشىپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ كەلدى... بۇنداق ساداقەت ئۇ قازا قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

تاجىنسا ھېزىم ئەنە شۇنداق ئىشلەش داۋامىدا، 400 دىن ئارتۇق قىيىن تۇغۇتنى بىۋاسىتە تۇغدۇرۇپ، ئەل ئىچىدە خۇش چىراي، قولى شىپا ئانا دەپ تەرىپلەندى؛ 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە پەرۋىش مۇلازىمىتى قىلدى، 80 نۆۋەت قېتىم بوۋاققا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئىممۇنىتېتلاش خىزمىتى ئىشلىدى.

## 5

ئادەم ئۇچۇن باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، ھەقىقىي مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشتىنمۇ ئارتۇق پەزىلەت بولمىسا كېرەك. ئاغرىق ئازابىدا ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىپ، گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشكەن كىشىلەرلا بۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىدۇ. تاجىنسا ھېزىم بىر ئۆمۈر سەھىيە سېپىدە ئىشلەپ، بارلىقىنى باشقىلارغا بېغىشلاپ بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى.

ئۇ كەسپىي جەھەتتە ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە سىياسىي ـ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىقى بىلەنمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭمۇ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. ئۇ 1991 ـ يىلى دوختۇرخانا باشلىقى بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدى، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىش يولىدا ھارماي ـ تالماي تەر ئاققۇزدى، ئۇزاق يىللىق خىزمەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، دوختۇرخانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر قاتار يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي تارماقلار تارقاتقان

ھۆججەتلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ ئۆگەندى. ئۇ ئارىسلانباغ يېزىلىق خەلق شىپاخا-
نىسىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى، يۇقىرى ـ تۆ-
ۋەنگە ئەھۋال مەلۇم قىلىش، دوكلات يېزىش ئارقىلىق 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ ھەل قى-
لىپ، 2500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى دوختۇرخانا بىناسىنى يېڭىدىن سېلىپ، 30
يىل بۇرۇن سېلىنغان، خام خىشلىق، كونىراپ خەتەرلىك بولۇپ قالغان تار ئۆيلەرنىڭ
ئورنىغا ئازادە، كۆركەم بولغان، ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە، زامانىۋى دوخ-
تۇرخانا بەرپا قىلدى، ھازىر بۇ دوختۇرخانىنىڭ دەۋرگە خاس داۋالاش ـ ئالدىنى ئې-
لىشقا ماس كېلىدىغان يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلىرى، تېز قۇتقۇزۇش
ماشىنىسى، يورۇق، قۇلاي كېسەلخانا، ئامبۇلاتورىيە، ئىشخانا شەرت ـ شارائىتى يارى-
تىلدى، دوختۇرخانا قورۇسى ئىچىگە ھەر خىل گۈل ـ گىياھ، مېۋىلىك كۆچەتلەر قو-
يۇلۇپ، باغۋارانلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشتى...

دوختۇرخانىنىڭ شەرت ـ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. دوختۇر-
سېسترلارمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، رەسمىي دوختۇر ـ سېسترا 20 نەپەرگە،
توختاملىق خادىم 10 غا يەتتى. ۋراچ، ياردەمچى ۋراچ دوختۇر ـ سېسترا ئاساسىي
سالماقنى ئىگىلىدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن باشقا
جايغا سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى؛ بۇ دوختۇرخانا يەنە يېزا بو-
يىچە ھەمكارلىق داۋالاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، ھەممە
كىشىنىڭ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلدى. ھازىر دوختۇرخانىنىڭ يىللىق داۋالاش كىرىمى 550 مىڭ يۈەندىن
ئاشتى، تاجىنسا ھېزىم 1995 ـ يىلى مەسئۇل ۋراچ ئۇنۋانى ئېلىپ، ئۆز رايونىدىكى
بىردىنبىر ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ قالدى.

تاجىنسا ھېزىم دوختۇرخانا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كېسەللىكلەرنىڭ ئال-
دىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ سەھىيە ـ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىدىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى، بو-
لۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى، بازار ئىچىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك تىلز-
لىقىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئاساسىي قاتلام
ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلار قۇرۇلۇشى، ئىچىملىك سۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇ-
شى خىزمەتلىرىدە كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە ئىش ئۈستى نەق مەيدان يىغىنلىرى-

نى ئېچىپ ئۆلگە كۆرسەتتى؛ ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەردىن كەلگەن سەھىيە خادىملىرى 20 نەچچە قېتىم بۇ دوختۇرخانىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ كەتتى؛ ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، « مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا »، «سەھىيىدە ئۆلچەمگە يەتكەن دوختۇرخانا » دەپ ئەنگە ئالدى؛ 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋۇدۇكيۇندىن ئۆگىنىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، تاجىنسا ھېزىم گېزىت ـ ژۇرنال، تېلېۋىزورلاردىن ۋۇدۇكيۇنىنىڭ بارلىقىنى بىمارلارغا بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، 10 پارچە تەسىرات ماقالىسى يېزىپ، باشقىلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، خىزمەت داۋامىدا ھەممەيلەننى ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇردى، «ئۇچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دوختۇر ـ سېسترالارنى تەشكىللەپ، 1000 ئادەم قېتىم كېسەلنى ئىشتىن سىرت تەكشۈرۈپ داۋالىدى. «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» باشلانغان مەزگىللەردە 20 قېتىم ماشىنا چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز بېشىغا، ئىشىك ئالدىغا قەدەر بېرىپ، 5000 دىن ئارتۇق كىشىنى سەييارە داۋالاپ قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى، يېزا مەركىزىگە يىراق جايلاردىكى داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن تۇرسۇن ئەخمەت قاتارلىق ئېغىر كېسەللەردىن 14 نى يېزىلىق شىپاخانىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ داۋالاپ ساقايتتى، يۆلەنچۈكى يوق، ئاجىز، مېيىپ 36 كىشىنى 15 مىڭ يۈەنلىك دورا ـ ئوكۇل بىلەن ھەقسىز داۋالاپ قويىدى. بۇ جەرياندا تاجىنسا ھېزىم 2000 يۈەن پۇلنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، ئاجىزلارغا تەقدىم قىلدى. شۇڭا، تاجىنسا ھېزىم 1999 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «ۋۇدۇكيۇندىن ئۆگىنىش ئۆلگىسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى، ئۇنىڭ «ۋۇدۇكيۇندىن ئۆگىنىپ يېڭى ئىستىل تىكلەش» ناملىق ماقالىسى مۇنەۋۋەر ماقالا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «يۈرەك كلاپان ئېتىلىپ قېلىش كېسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا»، «ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئىچكى كېسەللىكلەرنى قانداق قىلغاندا ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ» قاتارلىق ماقالىلىرى 2002 ـ، 2003 ـ يىللىرى شاڭخەي، شىنجىڭلاردا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

# 6

كىشىلەر تاجىنسا ھېزىمنى باغرى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئانا دەپ تەرىپلىشىدۇ، بۇ-
نىسى راست!

1975 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، 3 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىدىكى توختى ھېيت
كېسەل بىلەن قازا قىلدى، ئۇنىڭ ئايالىمۇ خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئالتە
ياشلىق قىزى تۇرسۇنگۈل پاناھسىز قالدى. ئۇنىڭغا كىم باش ـ پاناھ بولار ؟ بۇنىڭغا
يەنىلا تاجىنسا ھېزىم جاۋاب بەردى، بۇ قىزنى ئۇ بالىلىق بېقىۋالدى؛ ئۇنى ئوقۇتتى،
چوڭ قىلدى، 1994 ـ يىل 3 ـ ئايدا ياتلىق قىلىپ، نەۋرە يۈزى كۆردى.

1990 ـ يىل 7 ـ ئايدا، ئىشقۇل يېزا ئابدى 2 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىدىكى ئوبۇل
ئەبەيدۇللا بىلەن نۇسرەت مەخمۇت ئەر ـ خوتۇن ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلدى،
ئۇلارنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى مەھەممەتتۇرسۇن يېتىم قالدى، تاجىنسا ھېزىم ئۇ با-
لىنىمۇ بېقىۋېلىپ، بېشىنى سىلاپ چوڭ قىلدى ۋە ھازىرغىچە ئوقۇتۇۋاتىدۇ؛ ئا-
رىسلانباغ يېزا قارىدۆڭ كەنت 2 ـ مەھەللىدىكى قادىر مامۇت بىر قېتىملىق ئوت ئا-
پىتىدە كۆيۈپ كېتىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى، ئۇنىڭ ئايالى قۇۋانخان
توختىنىڭ بىر پۇتى تۇغما مېيىپ بولۇپ، ئۇمۇ 1997 ـ يىل 5 ـ ئايدا كېسەل بىلەن
قازا قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىككى ياشلىق قىزى يېتىم بولۇپ، باققۇچىسى يوق تاشلىنىپ
قالدى، تاجىنسا ھېزىم بۇ بالىنىمۇ بېقىۋېلىپ، ھازىرغا قەدەر ئوقۇتۇۋاتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، تاجىنسا ھېزىم 1969 ـ يىل
2ـ ئايدا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئىناق، بەختىيار ئائىلە قۇرۇپ، بەش پەرزەنتلىك
بولغاندى، پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكى تۈپەيلىدىن ئېرى كېسەل سەۋەبىدىن 2000 ـيىل
8 ـ ئايدا قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاجىنسا ھېزىم جاسارەت ۋە پاراستىگە تايە-
نىپ، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشاقەتلەرنى يېڭىپ سەككىز پەرزەنتنى بېقىپ قاتارغا قوش-
تى، ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ كىشىلىك ھايات يولىدا ئاز بولمىغان تۆھپە، نەتىجىلەرنى بار-
لىققا كەلتۈردى. شۇڭا ئۇ، يېزا تەرىپىدىن ئۇدا 38 يىل «ئىلغار سېسترا»، «ئىلغار
خىزمەتچى» بولدى؛ 1992 ـ يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم ناھىيە تەرىپىدىن «ئىلغار
خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار دوختۇرخانا باشلىقى» دېگەن شە-

رەپكە سازاۋەر بولدى؛ 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، 2001ـ يىلى مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر يېزا ـ بازار شىپاخانا باشلىقى»، 2004 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

تاجىنسا ھېزىم يەنە يېزىلىق پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 12 قارار ۋەكىلى، 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى يەتكۈزۈپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشتى.

شۇنداق، تۆھپە ئۆلمەيدۇ، ساپ ئەجىر ئالتۇندەك يالتىرايدۇ، بارلىقىنى خەلقنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قۇربان قىلغان كىشىلەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ؛ خەلق تاجىنسا ھېزىمدەك ئەجىر ـ تۆھپىكار قىزىنى قەلب تۆرىگە تىزىپ، مەدھىيە داستانلىرىنى يازىدۇ، ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاياتىدىن، قىممەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئىلھام ۋە زوققا تولۇپ، كېلەچەك پايانداز لىرىنى سېلىشنىڭ دەستۇرىنى تاپىدۇ. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممەت ۋە شۆھرىتىنى بەرپا قىلىدىغان كۈچ!

2005 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر













تاجىنسا ھېزىمنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998—8998060, 13579073536

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com











# بايلىق يولى

كىم نامرات بولۇشنى خالايدۇ؟ كىم بايلىققا تەشنا ئەمەس؟ بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى بىر! ئەمما باي بولۇشنىڭ مەنىسى باشقا. چۈنكى، ئادەم قانچە باي بولغانسېرى قىلىدىغان ئىشى ۋە ئويلىرى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ئۆزىگە كېلىدىغان بېسىممۇ ئېغىر بولىدۇ، بۇ شۇ كىشىنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىش، ئويلىرىدا ھەقىقەت كۆپ، خىيال بىلەن ھېسسىيات ئاز بولىدۇ، بۇ بايلىق توپلاشتىكى روھىي دەسمايە؛ جىسمانىي دەسمايىسى نېمە؟ بىر ياكى بىر قانچە ئىشنى ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ ئىشلەش، كۈچلۈك ئىرادە كەمەرنى باغلاپ جان - جەھل بىلەن تىرىشىش!

باي بولۇش، بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنىش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە، قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ خىل روھ بولغاندىلا، جاسارەت پەيدا بولىدۇ، بېسىم بولغاندىلا، ئادەم چىقىش يولى ئىزدەيدۇ، باي بولۇش، پۇل تېپىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئىجاد قىلىدۇ، باش قاتۇرىدۇ، ئەقىل ئىشلىتىدۇ؛ بۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەندە ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ، ئىشەنچ خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەزىلەر ھەقىقەتەن ئاسانلا باي بولىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ كاللىسى سەزگۈر بولىدۇ، بايلىق ئارقىلىق بايلىق يارىتىشقا ماھىر، چۈنكى ئۇلاردا تەۋەككۈلچىلىك، مەردلىك - مەردانىلىك بولىدۇ، ھەتتا ئۇلاردا كونا دەسمىي، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان دەستۇر - كالام بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قوللايدىغان قول، يارىتىپ بېرىلىدىغان شەرت - شارائىت، پۇرسەت بولىدۇ؛ بەزىلەر ھەر قانچە تىرىشسىمۇ باي بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، يېتەرسىزلىكىنى بويىنىغا ئېلىشتىن باش تارتىدۇ، مۇناسىۋەتلەردە ئاممىباپلىقنى گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەققەززاسىغا سەل قارايدۇ.

ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى كەلمەيدۇ، ئامەت - نۇسرەتنىڭ ئاتا قىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭ، بەزىلەرنىڭ تەتۈر كېلىدۇ. تەلىيى ئوڭ كەلگەنلەرنىڭ بەختلىك بولۇشى ناتايىن، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ياشىغان ئادەم چوقۇم ماددىي مەئىشەتنىڭ پاراغىتىدىن بەھرە ئېلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ؟ چۈنكى، ئادەمگە قايتا ياشاش پۇرسىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئادەم ھەر كۈنى ھەسسە - ھەسسىلەپ تىرىشىشى، تىرمىشىشى زۆرۈر. مانا بۇ بايلىق يارىتىش يولى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىۋا ئادرېسى

# بەخت يولى

## 1

قۇناخۇن ئۇستامنى ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلاردىمۇ نۇرغۇن ئادەم تونۇيدۇ، بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. ئەمما، ئۇنى ھەممىلا ئادەم قۇناخۇن ئۇستام دەپ ئاتىمايدۇ: بەزىلەر ئۇنى قۇناخۇن چاڭچاك دېسە، يەنە بەزىلەر قۇربان جىڭلى دېيىشىدۇ. ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى قۇربانجان دەپ چاقىرىشىدۇ. قۇناخۇن ئۇستام بولسا ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئاتاشلىرىغا تۆزلا مۇئامىلە قىلىدۇ، تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، بىرىنى ئۇنداق، بىرىنى مۇنداق دەپ قارىمايدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئاتاشلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل مەنىنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، نامىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا ئىپادىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن كىم قانداق ئاتىسا مەيلى، كىم نېمە دېۋالسىمۇ مەيلى، پەقەت مۇناسىپ سورۇندا، مۇناسىپ جايدا مۇناسىپ ئاتىقى بىلەن ئاتالسا، غۇرۇرىغا تەگمىسە، ئىناۋەت- ئوبرازىنى چۈشۈرمىسە بولىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ خىل ئاتاشلاردا يامان غەرەز يوق، يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان تەرەپمۇ يوق. ھازىر ئويلىسا بۇنداق ئاتاشلارمۇ ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. قايسىبىر چاغلاردا كىشىلەر ئوبرازىنى سۈپەتلەپ قىلغان ئىش - ئوقتىنگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىرى بىر خىل، يەنە بىرى بىر خىل ئاتاپ مۇقىملىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كىم قانداق ئاتىسا، ئۇ يەنىلا قۇناخۇن ئۇستام ئۆزى شۇ ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى - رۇخسارى، قەدىر - قىممىتى يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۆزىدىكى ماددىي، مەنىۋى بايلىقنى خورىتىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، كىشىلەر ئۇنى قانداق ئاتىسا خاپا بولمايدۇ، رەنجىمەيدۇ، كىم نېمىدەپ ئاتىسا، پەرۋايى پەلەك. شۇنداق، ئەسلىدە نام - ئاتاقمۇ بىكاردىنلا پەيدا بولمايدۇ. كىمنىڭ قانداق ئاتىلىشىنىمۇ ئاسانلىقچە توسقىلى بولمايدۇ. ئاشۇ ئاتاقلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا سەل قار-

سىمۇ بولمايدۇ. قايسى يىلى كىمدۇر بىرى ئاغزى قىچىشقاندەك ئۇنىڭدىن ھەر كىمنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىدىكى سەۋەبىنى سورىدى. شۇ چاغدا ئۇ :

— مىنىڭ ئەسلىي ئىسمىم قۇربان مۇھەممەت، بۇنى ئاتا ـ ئانام ئەرزان چىللاپ قويغان. يەنە بىر ئىسمىم قۇناخۇن ئۇستام، بۇنى ئەل ـ جامائەت ئۆزلىرى قويۇپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. يەنە ئايرىم كىشىلەر ئاھاڭىنى ئۆزگەرتىپ قويۇۋالغان ئىسمىمۇ بار. نېمىشقا دېسىڭىز، ئايرىم كىشىلەر مىنىڭ نامىمنى شۇ چاغ، شۇ دەۋرگە خاس قويۇپ ئاتىۋالغان، يەرلىك ئاتاش ئادەتلىرىمىزمۇ مىنىڭ نامىمنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشىغا سەۋەب بولغان، — دەپ جاۋاب بەردى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆز نامىلىرى ھەققىدە چوڭقۇرلاپ يېشىم ئىزھار قىلىپ كەتمەيتتى.

شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇنى ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتاش داۋاملىشىپ كەلدى. نام ـ ئاتاققا خۇشتار بولمىغان بۇ ئادەمگە نۇرغۇن ناملار قويۇلدى، بۇ ناملارنىڭ بىرىدىمۇ نامۇۋاپىق قويۇلغان ئەمەس. بۇ ئادەم ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلغاچقا، ھەربىر نامدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا خاس سۈپەت بار، شۇڭا قويۇلغان ئاشۇ ناملارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى نام دېسەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا، ۋىجدانىغا، قىلغان ئىشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان نامدىن بىرىمۇ يوق ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا، بىز : «ياخشى ئىشلىرى كۆپ، ئەسكى ئىشلىرى يوق ئادەممۇ سىلى ؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىدۇق، ئۇ دەرھال جاۋاب بەردى :

— ئەسكى ئىشىممۇ بار، مەسىلەن خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بەرگەن، ئەمما كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇ ئەسلىدە مەن ئۆچ كۆرىدىغان ئىش ئىدى، «بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، مەنمۇ ئىككى قېتىم بېرىپ قالدىم، ئەسلىدە مىنىڭ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ بېرىش خىيالىم يوق ئىدى، خوتۇن ئالدىڭمۇ، بولدى، ئۇ مەيلى سەت، مەيلى چىرايلىق بولسۇن، شۇ بىر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتساڭ، بەختىڭ ئېچىلىدۇ، خوتۇن دېگەن ئەرنىڭ قول ـ قانىتى، ئۆيىنىڭ گۈلى، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بەختى ئۇنىڭغا باغلىق! چىرايلىق بولسا چىرايىغا چاي قويۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئادەم سەت ئەمەس، قىلىقى سەت دەيدىغان گەپ بار. خوتۇن كىشى ئۆيىنى ئوبدان تۇتۇپ، ئەرگە، ئائىلىگە سادىق بولۇپ، ۋاپادارلىق بىلەن پاراستىنى ئىشقا سالسا، مانا شۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چىرايلىق، باشقىسى نۆلگە

تەك! ئوغۇل بالا ھەمىشە خوتۇن ـ خوتۇن دەپ، خوتۇن ئېلىش، خوتۇن قويۇپ بېرىش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتسە بولمايدۇ، بۇ بەكمۇ ئەخمەقلىق، نادانلىق!... مەن ئۆزۈمنى دېسەم، مەنمۇ شۇنداق بىر نادانلىققا يول قويغان، ھازىر كۆڭلىمىز ياخشى، بۇ خوتۇن ۋاپادار، بالىلىرىمىز ئوماق، ئەقىللىق. نېمە دەيمىز، شۇ چاغدىكى شەرت ـ شارائىت شۇنداق ئىدى، جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق دېگەن گەپ بار. جاھانغا بېقىپ ئىش قىلىپ كەلدۇق.

شۇنداق، جاھانغا باقماي بولمايدۇ، جاھانغا باقتىم دەپ ئاشۇرۇۋەتسىمۇ، بەك ماسلاشماي ياشىسىمۇ بولمايدۇ. جاھانغا ماسلاشقاندا ئەتراپىڭغا بېقىشىڭ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشىڭ كېرەك. بولمىسا سەن ھەر تەرەپلىمە توسقۇنلۇق، خىرىس تەرىپىدىن شالىنىپ قالىسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز ئەھۋالىڭغا يارىشا ئىش قىلىشنى بىلىشىڭ كېرەك، ھەر ئىشتا ئېھتىياجنى چىقىش قىلىش، پاراسەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. قۇناخۇن ئۇستامۇ دەل ئاشۇنداق قىلغان ئادەم. ئۇ ئۆزىگە خاس نام ـ ئاتاققا ئىگە بولۇشتا ئەتراپىغا باقتى. مەدەنىيەت، ئەنئەنە، ئەدەپ ـ ئەخلاق دېگەندەك بىر قاتار ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، يۇرتى ئېلىشقۇ رايونىدىكى ئادەت ۋە خاسلىققا قاراپ ئىش قىلدى. چۈنكى، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز ـ دە!

باشقىلارغا كىملەردۇر، نېمە ئىشلارغىدۇر ماددىي جەھەتتىن مەدەت بەرسە، قۇناخۇن ئۇستامۇ ساۋابلىق، ئىنسانىي ئىش دەپ تونۇسا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمىدى، بەلكى ئۆزىدىكى بىر قىسىم ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچكە ئاساسەن، باشقىلاردىن كۆپرەك ئىلتىپات ـ ئېھسان كۆرسەتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق قىلىشىنى تىلەيتتى، ئارزۇ قىلاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى، بۇ ئۇنىڭمۇ ئېھتىياجى ۋە مەۋجۇت ئىمكانىيىتى ئىدى. ئۇ قاچان پۇلى كۆپ، باي ئادەم قاتارىغا ئۆتتى، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشتى. نام ـ ئابرۇيمۇ قىلغان ئىشلىرىدىكى ئۇتۇق ـ نەتىجىلىرىدىن ھاسىل بولدى. ئۆزىمۇ ھەقىقەتەن بوش تۇرمىدى، ھەربىر ئىشتا جەمئىيەت ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى تۇتقان يولدا ئىش ئوخشىتىپ ماڭدى. بۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، ئاسان قىلغىلى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئىش ـ ھەرىكەت، ئوقەتلىرىدە ئىزدىنىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ تاپىنى ئاستىدىن يول، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن ئىش تاپتى. بەزىلەر ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقىغا ئەمەس، بەلكى پاراسەت بىلەن ئىشلەش روھىغا، ساخاۋەتكە ئىگە

www.uyghurkitap.com

خسلىتىگە، كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ باھا بەردى. ئىلگىرى قۇناخۇن ئۇس-تام نام - ئاتاققا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى، مانا ئەمدى ئۇ بەزى ناملارنىڭ جەمئى-يەتتىكى رولىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭلۇقىنى ھېس قىلدى، بولۇپمۇ ئۇ ئۆزى ئىشلەپچىقار-غان ھەربىر مەھسۇلاتنىڭ يېزا - بازارلاردا، دېھقانلار ئارىسىدا ئالقىشقا ئېرىشۋاتقانلىقى-نى، دېھقانلار ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئويلى-غىنىدا نام - ئاتاق قىممىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ھازىر نام - ئاتاقنىڭ ھەم مەنىۋى كۈچىنى، ھەم ماددىي تەسىرىنى، ھەم ئۇتۇقىنى تونۇپ يەت-تى. دەل مۇشۇنداق قاراشنى شەكىللەندۇرگەندە، ئۇ چوڭ - چوڭ، كاتتا ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىپ بولغانلىقىنى ئېسىدىن چى-قىرىۋەتمىدى. ئەمما ئۇ، مۇنداق چاغلاردا ئۆتكەن ھاياتىنى، قىلغان ئىشلىرىنى ۋە بې-شىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويمىدى. مۇنداق ئەسلىمە ۋە ئۆتمۈش ھەققىدىكى ئىشلار ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، جانلاندۇرىدۇ، ھەتتا قانائەت ۋە رىقابەتكە سۆرەپ بارىدۇ. بىراق، كىم نېمە دېسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ ئۆتمۈش، ئۇ تارىخ، ئۇ زادىلا كۆمۈۋەتكىلى بولمايدىغان رېئاللىقنىڭ بايا-نى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئالبومى بولۇپ، خۇددى ساپىنى كۆمۈۋەتكىلى بولمىغاندەك، ئۇ ئىشلارمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ياتىدىغان يادنامە.

## 2

قۇناخۇن ئۇستامنىڭ سۆلەت دېگەنلەر بىلەن كارىمۇ يوق، ئۆزى ئۇچۇن ئالاھى-دە تۇرمۇشنى، پەۋقۇلئاددە پاراغەتنى قوغلاشمايدۇ، شۇنداق ئاددىي تۇرمۇش، شۇنداق ئاددىي تەرتىپ بىلەن ياشايدۇ، شۇڭا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا دەمال چۈشمەيدۇ، ساختا ھەشەمەت، خۇشامەت - كۈلكە، پەرداز دېگەنلەر ئۇنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى! ئۇ بۇ جەھەتتە ئەسلىنى زادىلا ئۇنتۇمىغان، بىر قۇر ئىشتان - چاپانىنى كونىراپ كەتسىمۇ، يىرتىلىپ كەتمىسە كىيىۋېرىدۇ، ئەمما ئۇنى پاكىز، رەت-لىك كىيىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ. بىر قارىسىڭىز دېھقانغا، بىر قارىسىڭىز جاپاكەش، ھالال ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئوقەتچىگە، ھۈنەرۋەن - كاسىپقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۆزى شۇ رايوندا خېلى كاتتا ئىشلارنى قىلغان، مول نەتىجە-

لەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، داۋراڭ قىلغان ئەمەس. بېشىنى ئىچكە تىقىپ ئىشلەپ، ئۆز ئىشىغا، ئۆز كەسپىگە پۇختا بولۇش بىلەن ئاددىي كىشىلەر قاتلىمىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتىنى ساقلاپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەت-نىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ راست پاكىت، ئۇنى راستىنلا بىلىشكە تېگىشلىك تارماقلار بىلمەي كەلدى. ئۇ ھەتتا ئۇلار-نى بىلسۇن دەپ ئورۇنۇپ باقمىدى، بىلىپ قالمىسۇن دەپ يۇشۇرۇپمۇ يۈرمىدى! بىراق، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىۋاتقانلار، سېتىۋاتقانلار، ئىشلىتىپ پايدا ئېلىۋات-قانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيدى، بىلدى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن قاراي-دىغان بولدى؛ يەرلىكتىكى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۆۋەن قاتلام كىشىلەر ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلدى ۋە ئۇنىڭغا سەمىمىيەت ۋە ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى ھەمىشە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇ-نىڭغا ئاسايىشلىق، بەخت تىلەپ، يامان ئاتاقلارنى چاپلاشتىن ئۆزلىرىنى تارتىپ، ئۇنى ئۆزلىرى چىن دىلىدىن ياقتۇرىدىغان ۋە ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ناملار بىلەن تىلغا ئېلىشتى. قۇناخۇن ئۇستام ئۆزىنىڭ يولىدا، ئاشۇ ئاددىي، ئەمما ئۆزىگە ۋە كى-شىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان يولىدا مېڭىۋەردى؛ ئېلان بېرىپ ئۆزىنى ئۇچۇر-مىدى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ، شۇ پۇلغا بىرەر مەھسۇلات ئىشلەپچىقارسا ياكى بولمىسا، شۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا نامراتلارغا نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ بەرسە، پايدىسى كۆپ، دۇئاسى كۆچلۈك، ساۋابى چوڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ھېسسىياتنى ئۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ، بۇنداق پايدىنىمۇ ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، مەبلەغ كۈچى، سېتىش دائىرىسى شۇنچىلىك، ئۇ ھۆكۈمەتكە ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە دەپ، زاۋۇت ئورنىنى كېڭەيتىسە، قەرز پۇل ئالسا ياكى تۈر مەبلىغى ھەل قىلسا ۋەياكى شېرىك تېپىپ كارخانىنى زورايتسا، سېتىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىسە، ئاندىن ئېلان بەرسە، ئۆزىنى كۆككە كۆ-تۈرسە بولىدىغۇ! ئەمما، ئۇ بۇ ئىشلاردىن بىرىنىمۇ قىلمىدى، قىلسا قولىدىن كېلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشنى تېخىمۇ كۆ-پەيتىۋېتىدۇ، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىمۇ ئاز ئەمەس، بىر قولىنى مىڭ قىلالمايۋاتسا، يە-نە ئىش ئاۋۇتۇپ ئۆزىگە جاپا تاپامدۇ؟

ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆپ قېتىم ئويلىدى، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلسا بولىدۇ.

تازا زەن سالسا، بۇ يېقىن ئەتراپتا ئۆزىنىڭ زاۋۇتىدىن باشقا يەنە بىر زاۋۇت يوق، ئارتۇقچىلىق مانا شۇ. ئىچكى جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشۇ خىل مەھسۇلاتلار خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە بۇ جاينىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، ھەدېگەندە بازارنى پاخاللاشتۇرالمايدۇ. سەۋەبى ئاشۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، سەرپىياتى كۆپ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئون دانە مەھسۇلاتى بېسىلىپ قالسا، ئۇ كارخا-نىلار، زاۋۇتلار ئۇنىڭ زىيانلىرىنى تولدۇرۇپ بولالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئال-دىراپ مەھسۇلات كىرگۈزمەسلىكىدىكى تۈپ سەۋەب. قۇناخۇن ئۇستام بىر جېنىغا زاۋۇتنى زورايتىپ نېمە قىلىدۇ؟ بىراق، ئۇ قىلغان ئىشنى باشقىلار قىلالمايدۇ، ئۇ بۇ ئىشنى كېڭەيتسە، زورايتسا ۋە مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتسا، تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، تېخىمۇ كۆپ ئادەم پايدا ئالىدۇ... بازار كەڭ يارد-ىتىلىپ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇ يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتكە كىرىپ، رەھبەرلەرگە مەن كارخانامنى كېڭەيتىمەن، ماڭا يەر ئاجرىتىپ، يەر سېتىپ بېرىڭلار دېمىدى. بانكىلارغا كىرىپ ماڭا قەرز پۇل بېرىڭلار دېمىدى، پۇلى بارلارنى، كارخانىچىلارنى چاقىرىپ شېرىك بولايلى دەپ باقمىدى. تۈر مەبلىغى بېرىدىغان تارماقلارغا كىرىپ، بېشىنى ئاغرىتىپ، يول مېڭىپ تۈر مەب-لىغى ھەل قىلىشنىڭ پېيىگە چۈشمىدى. شۇ خىل ئىشلارنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىدىن كۆرە باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ، بازار ئېچىپ مەھسۇلاتلىرىنى بىخەتەر سېتىپ چىقى-رىش بىلەن بولدى، بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى. گاھىدا ئۇ يەنە ئايرىم تەپەك-كۇرلارنىمۇ قىلدى، بۇنى پەقەت ئىچكى جايلارغا بېرىپ، ئۇنى- بۇنى كۆرۈپ، كۆزى ئېچىلىپ، كۆڭلى توختىغاندا جۈرئەتلىك ئويلاندى، ئۇنىڭ دىلى يورۇدى، قەلبى-دىكى، دىلىدىكى نۇرغۇن يوچۇقلار، تۇتۇق ۋە يېپىق ھالەتتىكى نەرسىلەر ئاشكا-رىلاندى، ھەتتا تولۇقلانمىغان نەرسىلەر، بىلىم ۋە تەپەككۇر تولۇقلاندى. كەسپىي بىلىمى تېخىمۇ موللاشتى. ئۇ نامىنى ئۇلۇغلاپ بارغان خېبېي، باۋدىڭ، خاڭجۇ، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرمۇ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش ئاددىي ئادەملەر ئىدى، قىلغان ئىشلىرىمۇ ئۆزى قىلغان ئىش-تىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ قايتا ئويلاندى، پىلانلىرى ھەققىدە قايتا باش قاتۇر-دى، مانا ئەمدى ئۇ كىشىلەر قەلبىدە بىخسىپ ياتقان مەنىۋى ئوبرازىنى ئاشكارىلىشى ۋە ماددىي ئوبرازىنى جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك. ئادەم كىچىك ئىشلار بىلەن توخ-

تاپ قالماسلىق، كىچىك ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، ھاياتىنى خورىتىپ، پاراسىتىنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئۇ تەرەققىي قىلىشنى، كەڭ تەرەققىيات يولىنى ئېچىشنى، كەڭ بوشلۇققا يۈزلىنىشنى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى يۈكسىلىپ چىقىشى، ئۆزىنى نامايان قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى بارلىق خېرىدارلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ، رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، باشقىلارغا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە بەخت، تۇرمۇشتا چىقىش يولى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ كارخانىنى چىرايلىق پىلانلىشى، گۈللۈك، ئارامگاھلارنى بەرپا قىلىشى، ھەيۋەتلىك ۋېۋىسكىلارنى ئېسىپ، دوقمۇش ــ دوقمۇشلاردا مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان تەشۋىقات سەھنىسى ۋە نامايەندىلەرنى ھازىرلىشى كېرەك. ئۇ بۇلارنى قىلالايدۇ، ئۇ بۇلارنى ھازىرلاش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە!

ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئويلىغاندا، تولىمۇ ساددا، سەممىي ۋە گۆدەكلەرچە ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ قالىدۇ، راستىنى دېسە، ئۇ قىلىدىغان ئىشلار ۋە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتسە، تاپاۋىتىمۇ نەچچە ھەسسە ئاشىدۇ، دېمەك ھەربىر ئىشقا كېتىدىغان مەبلەغ ئۆز يولىدا مانگىدۇ، قانداقتۇر ئۇ بىرقانچە ئادەمگە تەقدىم قىلىپ ساۋاب تاپقاندەك ئۈنچىلىك ئاددىي ۋە سەبىي بولمايدۇ. ئالايلۇق، ئېلان ئۇچۇن قىلىنىغان سەرپىيات بىلەن باشقىلارغا بېرىدىغان سەرپىياتنىڭ ئورۇن پەرقلا بار. بىراق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا بىرنېمە دېمەك تەس. ئېلانغا ئىشلەتكەن پۇلنى نامراتلارغا ئىئانە قىلىپ، ساخاۋەت قىلىش ئارقىلىق ھەرىكەت جەھەتتىن زور تەسىر تېپىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئېلان سەرپىياتى ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرى قىممەت يارىتىش، بىزنىڭ خىيالىمىزدىكى ساددا تۇيغۇدىن پەيدا بولغان ھاسىلاتقا قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى ھاسىلات يارىتىپ، ساخاۋەت قىلىش مىقدارىنى كۆپەيتىشى، ساخاۋەت ھاسىلاتى ئېلان ھاسىلاتىنىڭ ئۈنۈمىنى بوغۇپ چېكىنىشنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ بىلىش بىلەن چۈشىنىش، تونۇپ يېتىش بىلەن ئەسلىي ھاسىلات قىممىتىنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەن بولۇشىنى توغرا مۆلچەرلەش ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، پەقەت مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى مۇناسىپ ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم بىلەن ھەزىم قىلىشقا قادىر بولالىغاندىلا، ھەممە نەرسە ئايدىڭ بولىدۇ. قۇناخۇن ئۇستام بۇ ھالقىلارنى ۋە مەنىلەرنى

تونۇپ يەتكەندە، ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلارنى قىلىشتا بەكلا كىچىككەنلىكىنى، چوڭ-
قۇرلىسا، تەرەققىي قىلسا بولىدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆردى. ئۇنىڭدا راستىنلا ئۇتۇق
قازىنىش ۋە زور ئىستىقبال تېپىشقا ئىشەنچ پەيدا بولدى.

## 3

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ تۇتقان يولى، قىلىدىغان ئىشى ئوخشاش
بولمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا كىشىلىك قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشى، ياشاش ئۇ-
سۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئۈچ ۋاخ قورساقنى تويسىلا قانائەت قىلىپ،
خاتىرجەم ئۆتكەن شۇ بىر كۈنگە شۈكۈر قىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ خاپا بولساق، ھەيران
قالساق بولمايدۇ، ئۇنداق كىشىلەر خىيال قىلىشقا ئامراق بولسىمۇ، چوڭ ئىش، ئەھمى-
يەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ، جۈرئەت قىلسىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت
قوللانمايدۇ، قانداقتۇر ھەممە ئىشنى ئىمكانىيەت، پۇرسەت ۋە شۇنىڭغا يارىشا شەرت-
شارائىتتىن ئىزدەپ، ئۆزىدىكى ئەقلىي پاراسەت، بىلىم كۈچىنىڭ يوقلۇقىدىن توختاپ
قالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، باشقىلارنى ئويلىسىمۇ، ئۆزىنى ئويلاشتىن، ئۆزىنى غەملەشتىن
قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. يەنە شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار بىر
كۈنلۈك خاتىرجەملىك، بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىكنى ھايات ۋە ھاياتنىڭ ھەقىقىي مە-
نىسى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ھاياتنىڭ قاينام - تاشقىنلىرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھەر بىر
مۈشكۈلات ۋە ئىزدىنىشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا قەيسەرلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك،
پاراسەت ۋە سەزگۈرلۈك، ئىزدىنىش ۋە مەردانىلىك داستانلىرىنى يارىتىدۇ. شۇ ئارقى-
لىق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ خۇش قىلىدىغان خاسىيەتلەر دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. ئۇلار
ھاياتنى چۈشەنگۈچىلەر ۋە ھاياتنىڭ قىممىتىنى ياراتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلاردا ھاياتنىڭ
چەكسىزلىك مەنىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ.

قۇناخۇن ئۇستام ئاددىي - ساددا ئادەم بولسىمۇ، ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلگەن،
كىشىلىك تۇرمۇشنى سۆيۈشنى بىلگەن ئادەم. ئۇ قەتئىي ۋە مەردانە گەپ قىلىدى-
غان، جانلىق ئىش - ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ تارىخىنى ئەسكە ئالساق، ئۇ-
نىڭدىكى نۇرغۇن ئاددىي نەرسىلەرنى سېزىمىز، بايىقىدەك روھىي ھالەت ۋە جەسۇر-
لۇقنى تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرى ھەم جاپا - مۇشەققەتلىرى ئىچىدە، شۇنداقلا ئۆزى

ياراتقان تۆھپىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆتمۈشكە قاراپ باقايلى:

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ بازىرى داڭلىق بازار، ئۇ نامى ئۇلۇغ يۇرتلارنىڭ بىرى. ئاشۇ بازارنىڭ مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان يەكەن ـ مارالبېشى تاشيولى ئېلىشقۇ بازىرى بىلەن ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، يېزا ـ بازارلارنى، ھەتتا ئۇ تەرىپى خوتەن، بۇ تەرىپى ئاقسۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئاشۇ بازارنىڭ شەرق تەرىپىدە يوغان تۆمۈر دەرۋازىلىق بىر قورۇ بولۇپ، مانا بۇ يېقىندىن تەرەققىي قىلىۋاتقان يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازارلىق يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى. بۇ ھەم 39 ياشلىق خوجايىن قۇربان مۇھەممەتنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغان بارگاھى. ئۇ ئوتتۇرا بويى، بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرىدىن نۇر بالقىپ تۇرىدىغان چېچەن، تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، كىچىك پېئىل، تەمكىنلىكى ئۇنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىدۇ ۋە نۇقسانلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ.

1966 ـ يىلى ئېلىشقۇ بازىرىنىڭ بەشقۇدۇق 12 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان قۇناخۇن ئۇستام 1974 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەر ئوقۇيالىدى، شۇنچىلىك ئوقۇشمۇ ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقى، تەلىيىنىڭ بولغانلىقىدىن بولغانىدى. چۈنكى، ئاشۇ يىللاردا تۇرمۇش جاپالىق، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ يەنە ئۆرلەپ ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئۆرلەپ ئوقۇشقا مۇناسىپ سەزگۈرلۈكى، پاراستى بار ئىدى. ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار ئادەم دېھقانچىلىقنىڭ ھامىيسىغا ئايلانمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئوقۇش ئارزۇلىرىدىكى تەپەككۇر، ئۈمىدلەردىن يالتايدى، ئۇ ئېتىز ئىشىغا كىرىشكەندە باشقىچە ئۈيدا بولمىدى. چۈنكى ئۇنى ئېتىزدا چوڭ بولغان باللارنىڭ بىرى دېيىشكىمۇ بولاتتى. راست، ئۇيلىسا ئېتىزنىڭ ئەمگىكىنى ئۇ بىلىدىغان ھەممە ئەۋلادى قىلىپ كەپتۇ. لېكىن، قايسىبىرى ئېتىزنىڭ ئەمگىكىنى تۈگىتىپ كەپتۇ، مانا ئەمدى ئۆزىمۇ شۇ ئىشقا تۇتۇلدى، بەلكىم ئۇمۇ بۇ ئىشنى تۈگىتەلمەس، دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىنى يەنە ئۇزاق زامانلارغىچە تارتىشى مۇمكىن. باشقا ئامال يوقمىدۇ؟ دېھقانلارنىڭ ئەمگەك جاپاسىنى ئازراق بولسىمۇ ئاسان قىلىدىغان ئىش يوقمىدۇ؟ لېكىن، نېمىشقا يەنە نۇرغۇن ئادەملەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايمۇ ياخشى



www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش كەچۇرىدۇ ؟ بىز نېمىشقا شۇنداق شور پېشانە، بىتەلەي ؟ تەلەي زادى نە-
دىن كېلىدۇ ؟... ئۇ ئاشۇلارنى تەكرار ئويلىدى، خىيال قىلدى، مانا بۇ ئوقۇغانلىق-
نىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى ئىدى، ئەمما ئوقۇغانلىقتىن ھاسىل بولغان بۇنداق بىلىم-
نىڭ ئۇنى ئىنتىلىش، جۈرئەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان مۇھىم مەنىۋى كۈچ ئى-
كەنلىكىنى ئۇ دەسلەپتە بىلمەيتتى، ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. مانا ھازىر ئويلىسا،
ئۇ ئوقۇشنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان سەكرەش، غەم قىلىش ۋە ئۆزىنى، ئۆز ئەترا-
پىنى قېزىش بوسۇغىسىدىكى ئىش ئىدى. كېيىنكى ھايات پائالىيىتى ۋە تۇرمۇش
جەريانىدا، ئاشۇ خىل ھېسسىيات ۋە سوئاللار ئۇنىڭ ھايات يولى ئۈچۈن مۇھىم
تۈرتكە بولدى. ئىجادىي ئىشلىرى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىنى ئا-
سانلاشتۇرۇشتىكى خىزمەت ۋە ئىجادىيەتلىرىگە بىۋاستە ھەيدەكچى بولدى.

راستىنى دېسە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تولىمۇ ياۋاش، بىچارە ئادەملەر ئىدى، ئۇ
ئۇلارنىڭ بىچارىلىكىنى ئۆزىنىڭ ياۋاشلىقى ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكى،
يېتەرسىزلىكىدىن دەپ قارايتتى. ئۇلار ئوقۇيالمىغان، جاپالىق ئىشلىسىمۇ تۈزۈك-
رەك راھەت ـ پاراغەت كۆرەلمىگەن، شۇنچە جاپالىق ئىشلەپ، ھېچ نەرسىگە ئىگە
بولالمىسىمۇ، شۈكۈر قىلىدۇ، تۇرمۇشتا غورىگىلچىلىك تارتىپ قىسىلسىمۇ، ئۆز
ھالىغا رازى بولىدۇ، قىسىلىشىنىمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئىش، تارتماي چارە
يوق، دەپ سەۋر قىلىدۇ. شۇڭا، قۇناخۇن ئۇستام ئۇلارغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېرىپ
كۆيۈنەتتى، ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ بارلىق ئېغىرچىلىقنى يېنىكلىتىپ، راھەت ـ
پاراغەتكە ئىگە قىلسام دەيتتى. لېكىن، ئېتىزدا ئىشلەپ، ئۇلارنى ئۆزى ئويلىغان
راھەت ـ پاراغەتلەردىن بەھرىمەن قىلغىلى، جاپا مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرغىلى
بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئېتىزنىڭ ئىشى، ئەمگىكى ئۇنىڭ چىقىش يولى، ئۇنىڭ
ئويلىغانلىرىنىڭ مەنبەسى، ئاساسى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر ئې-
تىزنىڭ ئىشىدىن باشقا ئىش قىلىشنى نىيەت قىلىپ قالدى. بىراق، ئۇ بەك ئىككى-
لەندى. لېكىن، قىلماي تۇرۇپ نېمىدىن ئەنسىرەيمەن ؟ ئۇ يانچۇقىغا قارىۋىدى، پۇ-
لى يوق، ئەتراپىغا قارىۋىدى، كىملەردۇر پۇل بېرىپ تۇراي دېمىدى، شۇمۇ تىرىك-
چىلىك يولى بولامدۇ ؟ ئۇنىڭغا بۇ بەكمۇ ھار كەلدى، ئېغىر تۇيۇلدى، ئاتا ـ ئانى-
سىنىڭ شۇ قەدەر بىچارىلىكىگە قاتتىق ئاچچىقى كەلدى...

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، بازاردىكى بىر رېمونتچىغا ۋاقىتلىق شاگىرت

بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇستازى تولىمۇ چاچقۇن، شاگىرتلارنى قاتتىق چىڭ تۇتىدىغان ئادەم ئىدى. «ئۇستازى زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولۇر» دېگەندەك، ئۇ بولۇش ۋاقىتلىرىدا ئۇستازىدىن رېمونتچىلىق ھۈنىرىنى خېلى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ ئىشنى ئۆزى مۇستەقىل قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ دەل 1984-يىللىرى ئىدى. ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئېلىشقۇ بازىرىدا كىچىككىنە بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، مۇستەقىل رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. مىڭ تەستە غەملىگەن 30 يۈەنگە ناھىيە بازىرىدىن ۋېلسىپىت، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان سەپلىمە زاپچاسلارنى سېتىۋالدى. ئۇ دەسلەپ ھەر كۈنى ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە پۇل تاپالىدى، ئۇ پۇل شۇنچە ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى ياشارتىپ، ئىدىيىسىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولاتتى. بۇ پۇل ئېتىزدا يىل بويى ئىشلەپ ئالىدىغان پۇلدىن ئەتىۋار، قولغا يېقىن ئىدى. ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ تېجەشلىك، خىزمىتىگە ئەستايىدىل، كىشىلەرگە مۇلايىم، قىزغىن ئىدى، باشقىلارنىڭ ئىشنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تۆۋەن باھادا قىلىپ بېرەتتى. «تاما ـ تاما كۆل تولار» دېگەندەك، بىرقانچە ئايدىن كېيىن 600 يۈەن پۇلغا ئىگە بولدى، تويىمۇ قىلىۋالدى. بىراق، ئۇنىڭ نىكاھى ئۇيلىنىشىدەك بولماي قالدى. ھەر قېتىم ئۆزىنى بېسۋېلىپ، ئۆيتۇتۇشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرى ئۇنىڭغا پۇرسەت ۋە ئىمكان بەرمىدى. ئەتراپىدىكى خۇراپاتلىقنى ياقىلايدىغان، ھەممە ئىشقا كونىچە نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا خالىمايدىغان ئىشلارنى مەجبۇرىي قىلىشقا توغرا كەلگەن.

بۇ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى، بىراق ئۇنىڭ نېمىلىكى، پايدىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى! ئۇنى ھەممىدىن بەك قىينايدىغان نەرسىمۇ مۇشۇ ئىدى... لېكىن، ئۇ يەردىكى كوت ـ كوت گەپ، بۇ يەردىكى كۇس-كۇس پاراڭدىن ئېچى سىقىلىپ، ئاشۇ كىشىلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن غەزىپى تاشاتتى، ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق خۇيى بارلىقىنى، بۇ يەردىكى خۇراپىي مۇھىتنىڭ كىشىلەرنى ئاشۇنداق قىلىپ قويۇۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئاچچىقىنى بېسىۋالاتتى. ئۇ باش ئاغرىقىدىن بىر كۈن بولسىمۇ يىراق تۇرسام بولماسمۇ؟ دېگەن ئويغا كەلگەندە، بىردىنلا يېنىكلەپ قالاتتى.

ئۇ يۇرتتىن چىقىپ، بىر مەزگىل باشقا جايلارنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى. شۇ

خىيالدىن كېيىن، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىمايلا ئۈرۈمچى، غۇلجا، توقسۇن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ساياھەت، تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ دىلى سۇ ئىچمىگەن ئانا يۇرتىغا ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئايرىم كىشىلەرنىڭ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەنىدى، كىشى-لەر بۇرۇنقىدەكلا ئىشلەۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆزىگە سىغماي قالدى، چۈنكى ئۇ باشقا جايلاردا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى، ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى كۆردى، كۆزى ئېچىلىپ، يۈرىكى «پۈتۈن» بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ، يەنىلا ئۆزىنىڭ كونا ھۈنىرىنى قىلىشنىڭ مۇناسىپ ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ باشقا جايلاردىن ئۆز كەسپىگە بىر بۆلەك بىلىم ۋە تەجرىبە توپلاپ يېتىلدۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئىش پۇل تېپىش، يۇل تېپىشتىكى بوشلۇق، ئەۋزەللىك ۋە ئار-تۇقچىلىق ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئېپتىدائىي رېمونتچىلىقنى كېڭەيتىپ ھارۋا ۋە ھارۋا چاقلىرىنى ئۆزى ياساش، قوراشتۇرۇش، سېتىش قاتارلىق بىر قاتار تۈرلەرگە مەر-كەزلەشتۈردى. 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ داڭق چىقاردى، كىشىلەر ئارىسىدا قۇنا-خۇن ئۇستام دەپ تەرىپلەندى ۋە ئەتىۋارلاندى. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ جانلىنى-شى، سىياسەتنىڭ كەڭ بولۇشى ئارقىسىدا، ئۇ دېھقانلارغا، يېزا ئىگىلىكىگە قۇلايلىق ھارۋا قاتارلىقلارنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ شاگىرتى بەش ـ ئالتىگە يەتتى، دەسمايىسى 20 ـــ 30 مىڭ يۈەندىن، پايدىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردىكى دېھقانلارنى ئېتىزنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىدىن قۇ-تۇلدۇرۇش ھەققىدە قىلغان خىياللىرىنى ئويلاپ قالدى ۋە تەھلىل قىلىپ، يەنە بىر جەھەتتىن دەل ئاشۇ ئىش ئۇنىڭ چىقىش يولى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىد-دىغان مەنبە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى

ئۇنىڭ تىجارەت، تاپاۋەت يولى دەل ئاشۇ ئىدى، بۇ يولنى ئۇ ھەممىدىن بەك بى-لەتتى، چۈشىنەتتى. ئۇ ھەممە ئىشنى كۆرگەن، ھەممە ئىشنى قىلىپ باققان، ئېتىز-دىكى ئاشۇ ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشتا، مۇشۇ يولدا ئۇتتۇق قازانماي قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ، نەزىرىنى كىچىك ئىشتىن چوڭ ئىشقا، ئاددىي ئىشتىن مۇھىم ئىشقا قاراتمىسا بولمايتتى. ئۇ بىرقانچە ئاي تەتقىق قىلىپ، يەل چاقلىق ئېشەك ھارۋىسىنى ھەم چىدامىلىق، ھەم قۇلاي قىلىش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئەجىر سىڭدۈردى. قايتا ـ قايتا سىناقتىن كېيىن ئۇتۇق قازاندى. 1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇ ياسىغان يېڭى نۇسخىدىكى ئېشەك ھارۋىلىرى يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلاردا بازارغا سېلىندى، تەننەرخى تۆۋەن، سۈپىتى ياخشى بۇ مەھسۇلاتلار دېھقانلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئۇنىڭ ھارۋىلىرى بەس ـ بەستە سېتىلىشقا، پۇل تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىمۇ ئۇلغىيىۋاتقاندەك قىلدى.

2002 ـ يىلى كۈزدە ئۇ، چويۇن چاقلىق ۋە سىم چاقلىق ئېشەك ھارۋىلىرىنى سېتىشتىن قىلغان يىللىق كىرىمىنى بىراقلا 30 مىڭ يۈەندىن 80 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ئەمما ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا چەكتى، شۇ يىللاردا ئۇ ھەم ئۇ بازارغا، ھەم بۇ بازارغا چاپاتتى، ھەم ماتېرىيال سېتىۋالغىلى، ھەم شاگىرتلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا چاپاتتى. شۇنىڭغا يارىشا ئۇنىڭ يانچۇقى ھاردۇقى چىققۇدەك پۇلغا تولدى...

ئىراق، ئۇ مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى، كۆرەڭلىمىدى، تېخىمۇ تەمكىن بولدى، ئەجىردىن سۆيۈنۈش بىلەن بىر چاغدا خودانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلدى. بۇنداق چاغدا ئۇ، ئىشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ راۋاج تاپىدىغانلىقىنى، پارلاق كېلەچىكىنى يارىتالايدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلارمۇ ئۆتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا قاتلىمى خىرىس ۋە رىقابەتكە تولۇشقا باشلىدى. ئۇ ياسىغان ھارۋىلارنى باشقىلارمۇ ئوخشىتىپ ياسىدى، ھەتتا ھۈنەردە ئۈستىلىق ۋە ھەيۋە كۆرسىتىپ ياسىدى. بۇ خىرىس ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قاتتىق تېگىدىغاندەك قىلاتتى . «10 كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئالدىغا ماڭماي بېسىلىپ قالدىغان، سېتىلماي قايتۇرۇپ بېرىلىدىغان ھالەت بىر ـ بىرلەپ ئۇنىڭغا بېسىم پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

2002 ـ يىلى كەچ كۈزدە، ئۇمۇ خۇددى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقلاردەك بوشىشىپ كەتتى. مول ھوسۇل ئالغان دېھقانلار ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بۇرۇنقىدەك سېتىۋالمىدى، ئۇنىڭغا مول ھوسۇل بەرمىدى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۆلچەر كىرىمى كۆپۈككە ئايلاندى. شۇنچە مەھسۇلاتتىن كىرگەن كىرىم ئاران 10 نەچچە مىڭ يۈەن بولدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ساق 30 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى. ئۇ شۇنچە تىرىكىشىپ بېقىپمۇ مادارى يەتمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت ـ تىت

بولاتتى، جىله بولاتتى، چاچقۇنلىشىپمۇ قالدى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن تەمتىرىدى، ئازابلاندى، كېيىن ئۇ، يەنە بىر قېتىم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەتراپىغا قارىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا باشقىچە كۆزدە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلاردىن نومۇس قىلىپ قالدى. ئۇ ئوبرازنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى يوقاتسا بولمايتتى، بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى، غۇرۇرى يول قويمايتتى. ئويلىسا يەنە شۇ ئىشنى قىلسا بولىدىغاندەك، يەنە يول باردەك تۇيۇلاتتى. بىر تۇرۇپ رايى يېنىپ كەتكەندەك، ئۇ ئەمدى باشقا ئىش قىلمىسا بولمايدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ بىرنەچچە يۈز مو يەر ئېلىپ تېرىش، باغ- ئورمان قىلىش خىيالىدىمۇ بولدى. بىراق ئۇ، بۇ ئىشتىن بۇرۇنلا زېرىكىپ كەتكەن، قايتا قول تىقسا قانداق بولار ؟ «ياق، بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ، «ھەر-قانداق بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايدۇ. يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ باشقا جايدا ئوقەت قىلسامچۇ ؟!»

ئۇ شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاسفالت يول بويىغا چىقىپ يولدا ئۈزۈلمەي ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ئاپتوموبىللارغا قاراپ خىيال دەر-ياسىغا غەرق بولدى. « ئاشۇ ئاپتوموبىللاردا ئولتۇرغانلارمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەمغۇ ؟ تىجارەتتە روناق تاپسام، تەرەققىي قىلسام بولمامدۇ ؟ مەن باشقا بىر ئىشنى قىلاي، مەن ئۆزۈمنىڭ ھۈنىرى ئەتراپىدىن چىقىپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان يەنە بىر ئىشنى قىلاي، خۇدا، ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغىن ! ئەقىل- پاراسەت ئاتا قىلغىن!»...

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆز ھۈنىرىدىن سىرت بىرقانچە ئىشنى قىلىپ، دەمال پايدىسىنى كۆرگەن بولسىمۇ، كېيىن جاپاسىنى تارتقان، شۇڭا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە «مەن ئۆز ھۈنىرىمنى قىلمىسام بولمايدىكەن» دېگەن يەكۈنگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ نەزىرىنى يەنە دېھقانلار ئارىسىغا ئاغدۇردى، «راست، مەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان خىياللارنى بۇرۇنلا قىلغان ئەمەسمۇ ؟ مەسىلەن، دېھقانلار ھازىر خامان تېپىش، دان ئايرىش، قوناق سوقۇش، گۈرۈچ ئاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارغا بەكلا ئېھتىياجلىق، بۇ دەل مېنىڭ چىقىش يولۇم ئەمەسمۇ ؟» قۇناخۇن ئۇستام تۆمۈرگە جان كىرگۈزۈشتە داڭق چىقارغان ئادەم بولغاچقا، ئاشۇ خىل مەھسۇلاتلاردىن بىر - ئىككىنى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇرسىلا، ئىككىنچى قېتىمدىن باشلاپ قايتا ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايتتى. ئۇ شۇنداق قىلدى ۋە بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. ئالدى بىلەن بازار ئوقۇشتى، بازىرى ئىتتايىن ئىتتىك

بولىدىغان بۇ خىل مەھسۇلاتلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، تەننەرخى يۇقىرى، سۈپىتى ناچار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش شىركەت، زاۋۇتلىرى ئۆزىنىڭ ئۆزى باقالماي قىيىن ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى كىرگۈزۈش، سېتىشتا بازارنىڭ شاللىشىغا ئۇچراپ، چىقىش يولى تاپالماي قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇ قۇناخۇن ئۇستام ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى ۋە كەڭ بازار ئېچىش پۇرستى ئىدى. ئۇ خەق قىلغاننى نېمىشقا قىلالمايدۇ ؟ ئاشۇنچىلىك مەھسۇلاتنىمۇ نېمىشقا ئۆزىمىز ئىشلەپ بازارغا سالالمايمىز، بىز شۇ قەدەر ئىقتىدارسىز، يارامسىز ئادەممۇ ؟

قىشتىن كېيىن باھار، باھاردىن كېيىن ياز كېلىدۇ. قۇناخۇن ئۇستام بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئالدى بىلەن بانكىدىن قەرز پۇل ئالدى، ئاندىن بازار ئىچىدىن 60 كۋادرات مېتىرلىق بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ 15 نەپەر ياشنى شاگىرتلىققا، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا – سايمانلىرىنى ياساشقا كىرىشتى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلىدى، ئىنچىكە ھېسابات قىلدى، بازارنى ئەتراپلىق ئىگىلىدى، تېخنىكا ئۆتكىلىنى قايتا – قايتا ئۆزلەشتۈردى، خام ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇراشتۇرۇشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممە قاتلاملىرىنى بىرمۇبىر ماسلاشتۇردى. 2003 – يىل 5– ئايدا زاۋۇت رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. ئۇ بىر ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خامان سوۋرۇش، دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 10 نەچچىنى پۈتكۈزۈپ، بازارغا سېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىشچىلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى ۋە دېگەن ۋاقىتتا مەھسۇلاتنى پۈتكۈزۈپ بازارغا سالدى ھەمدە مەھسۇلاتلىرى پۇختا، ئۆلچەملىك بولغاچقا، بىرقانچە كۈندىلا سېتىلىپ قولىغا پۇل كىردى، تۆمۈر – تەرسەككە ئايلانغان پۇل بىر – ئىككى ھەسسە پايدىسى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. بۇنداق قىزغىنلىققا ئۇلاپلا ئۇ، كۈزدە قوناق، گۈرۈچ ئادالاش ماشىنىسى ئىشلەشكە كىرىشتى ۋە شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ بولدى. بۇ ئىككى ئىش ئۇنى تەجرىبە ۋە ئۇتۇق بىلەن تەمىن ئەتتى، ئۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، روھى كۆتۈرەڭگۈ، جاسارىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ھەر يىلى مۆلچەر–پىلانى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، زاكاز بويىچە سېتىشتىن ئىبارەت راۋان يولغا كىر-

رىۋالدى. كارخانىسى يىلدىن ـ يىلغا روناق تاپتى، پۇلى ئاۋۇدى. 2004ـ يىلى يې-
زىنىڭ قولىشى بىلەن زاۋۇت ئورنىنى 1540 كۋادرات مېترغا كېڭەيتتى. مەھ-
سۇلات تۈرىنى خامان سورۇش ماشىنىسى، شال ئاقلاش، بۇغداي ئېرىغداش ماشى-
نىسى، بۇغداي سامانلىرىنى يۇمشىتىش ماشىنىسى، قوناق سوقۇش ماشىنىسى، قول
تراكتورىنىڭ چاتما سايمان، كوزۇپلىرى، يەر ئاغدۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق مەھ-
سۇلاتلارغا كېڭەيتتى.

2003 ـ يىلى ئۇ مەلۇم يېزىدىكى بىر دېھقان سېتىۋالغان بۇغداي ئايرىش ماشى-
نىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھېلىقى دېھقان ئۇ ياسىغان دان ئايرىش ماشىنىسىنى
9000 يۈەنگە سېتىۋالغان بولسىمۇ، بۇغداي ئايرىش بىلەن ھەقلىق شۇغۇللىنىپ 16
مىڭ يۈەن پۇل تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە مەھسۇلاتنىڭ شۇنداق پۇختا،
سۈپەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر قانچە يىل ئىشلەتسىمۇ مەسىلە چىقمايدىغانلىقىنى
سۆزلەپ بەردى. قۇناخۇن ئۇستام يازدا بۇغداي ئادالاش خامانلىرىنى، قىشتا قوناق
سوقۇش خامانلىرىنى ئارىلاپ، ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە ۋە بۇ مەھسۇلاتنىڭ
كاشىلا ـ يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە پىكىر ئالدى. نۇرغۇن دېھقانلار ئۇنىڭ مۇ-
شۇنداق بىر ياخشى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ئېغىر قىيىن-
چىلىقىنى ئاسانلاشتۇرغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى، ئۇنى قېتىق،
قوغۇن ـ تاۋۇز، ياخشى تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى، ھەتتا بىر دېھقان ئوغلاق ئۆل-
تۈرۈپ مېھمان قىلدى. چۈنكى، ئۇ دېھقان ئىككى يىلدا قۇناخۇن ئۇستامنىڭ تۆت
خىل مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىپ، 70 مىڭ يۈەن پايدا ئالغانىدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇ ھەر يىلى يېڭى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ، قەشقەر
دېھقانلىرىنىڭ تۇپراق، شەرت ـ شارائىت ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇپ، شۇ خىل
مەھسۇلاتلارنىڭ يەكەن، مارالبېشى، يېڭىشەھەر، پەزاۋات، يوپۇرغا، مەكىت قاتارلىق
جايلاردىكى بازىرىنى كەڭ ئاچتى. ئۇ رىقابەتتە يىلدىن ـ يىلغا ئۇتۇپ چىقتى. مەھ-
سۇلاتلاردا مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان رېمونت قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردى.

ئىنسان تەبىئىيتىدە نۇرغۇن نەرسىلەر كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، ئۇنى ھەرقانداق ئادەم
دەمال بايقاپ كېتەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئادەم دەمال سەزمەيدۇ،
ئاشۇ ئىقتىدارلارنى جەمئىيەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مەلۇم سەۋەبلەر ئاچىدۇ.
تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ، بۇ خىل نامايان قىلىنغان قابىلىيەت يەنە باشقا قابى-

لىيەتلەرنى، ئىقتىدارلارنى ئاچىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ.

قۇناخۇن ئۇستامۇ كېيىن ھېس قىلدىكى، ئادەم تولىمۇ ئەقىللىق، جانلىق مەۋجۇدات بولۇپ، ئەقلىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئەخمەق، بىپەرۋا بولىدى-كەن. شۇ ۋەجدىن، بىر قىسىملار ئەقلىنى بالدۇر ئىشقا سېلىپ، ئىقتىدار يېتىلىپ بو-رۇپ، ئۇتۇق قازىنالايدىكەن، يەنە بەزىلەر ئەقلىنى ئىقتىدارغا ئايلاندۇرالماي، ئىقتى-دارلىقلار ئۈچۈن قۇربان بېرىدىكەن.

مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، قۇناخۇن ئۇستام ئىقتىدار يېتىلدۇردى. ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېھتىياجىدىن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش پۇرسىتى ياراتتى. مەيلى كىم بولسۇن، قايسى ئىشنى قىلسۇن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇناسىپ يوچۇق، مۇ-ناسىپ بوشلۇق بولىدۇ. بۇ دەل ئاشۇ ئادەملەر ئىقتىدار يارىتىدىغان، ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان سەھنە.

ئۇ زاۋۇت قۇرغاندىن كېيىن، ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، ئىشمۇ شۇنداق كۆپ ئىدى. بىر كۈندە نەچچە تۈرلۈك ئىش ئۇلىشىپ كېلەتتى. ھېلى زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىلىرى بۇزۇلاتتى، ھېلى ئۇسكۈنىلەر ماس كەلمەي قالاتتى، ھېلى زاپچاسلار كەملەيتتى، ماتېرىيال يېتىشمەيتتى، بىر خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئادەتتە 105 خىل زاپچاس، ماتېرىيال سېتىۋالاتتى، ئۇنى كىرگۈزۈشى، ياسىشى، سېتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، بىرنەچچە ئايغىچە ئۇ ئاشۇ زاپچاسلارنى تەييارلايت-تى، ياسايتتى ۋە ياساتتۇرۇپ كېلەتتى. ئاز- ئازدىن قۇراشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، سى-ناقتىن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئارىلىقتىكى جەريانلار، ئۆتكەللەر بەك كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىشچىلارنى ھەرقايسى ئىش تۈرلىرى بويىچە ئايرىپ، بىرىنىڭ ئىشى ئالدىراش، بىرى بىكار تۇرۇپ قالىدىغان ھالەتكە ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇردى. ھەر بىر ئىش تۈرى-نىڭ مىقدارى، سۈپىتى، سانى، ۋاقتى بولۇش، كىم قايسى ئىشقا مەسئۇل بولسا شۇ كىشى باشتىن ــ ئاخىر مەسئۇل بولۇش، تۈزۈم بىلەن ئىش ھەققىنى بىرلەشتۈرۈش ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئېشىپ، مۇنتىزىم بولۇش تەدرىجىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

2003 ــ يىلدىن بۇيان، قۇناخۇن ئۇستام زاۋۇتقا ئىزچىل ئادەم تولۇقلاپ، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى، تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار، ئىش كۆتۈپ تۇرغان 30 نەپەر دېھقان ياشنى ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق، ۋاقتىدا بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ھاجەت-

لىرىنى كۆچىنىڭ بارىچە ياردەم بېرىپ تۇگەتتى. يۇقىرىقى ئىشلار تۇپەيلىدىن ئۇ-نىڭغا ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلىنىپ قالدى. بۇ خىل مەسئۇلىيەت قۇناخۇن ئۇستامدا جۈرئەت ۋە تەققاززالىق پەيدا قىلدى. مەجبۇرىيەت قانچىكى كۈچلۈك بولسا ئىش-لەش، ئىنتىلىش، تەتقىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى شۇنچىلىك جانلىق بو-لىدۇ. ئىنسان ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قۇربانى، شۇ ۋەجدىن ئۇ كۈرەش قى-لىدۇ، بولۇپمۇ ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تۇرمۇش پاراغىتى، بەختىيار ياشىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ۋە قۇربان بەرگۈچى، قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئېرىشكۈچى ھې-سابلىنىدۇ. "مانا ھازىر قۇناخۇن ئۇستام بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئۈسكۈنە ـ ئەس-لىھەلىرى، تولۇق ھەم يۇرۇشلەشكەن زاۋۇت، سېخ، ئامبارلىرى، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش مەيدانىغا ئوخشاش ئەسلىھەلىرى، كىچىك ماشىنىسى، 250 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى، 500 مىڭ يۈەنلىك ئايلانما مەبلىغى، زامانغا لايىق بىر يۈ-رۈش زېمىنلىق ئۆيى بار خوجايىنغا ئايلاندى.

2001 ـ يىلىدىن بۇيان، ئۇنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بۇغداي ئېرىغداش ماشىنىسىنىڭ سانى 500 گە، قوناق سوقۇش ماشىنىسىنىڭ سانى 120 گە، پاخال ئې-زىش ماشىنىسىنىڭ سانى 200 گە، شال ئاقلاش ماشىنىسىنىڭ سانى 100 گە يەتتى.

قۇناخۇن ئۇستام ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ قولدىن چىقارغاندىن كېيىنلا، مۇئامىلدارلار ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئادرېسى بويىچە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى، چىدامچانلىقى، ئۈنۈمى قاتارلىقلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلىدى، خېرىدارلاردىن پىكىر ئالدى ۋە خالىس مەسلىھەت بەردى، شۇنداقلا دۆلەتكە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 80 مىڭ يۈەن ئەترا-پىدا باج ۋە باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇردى. نامرات ئائىلىلەرگە ھەم مائارىپنى قوللاش-قا ھالقىلىق پەيتلەردە 8000 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق ياردەم قىلدى.

ئۇ ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يەكەن ناھىيىلىك ۋە قەشقەر ۋىلا-يەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازا-رەتچىلىكى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈلۈپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسى ۋە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

قۇناخۇن ئۇستام 2000ـ يىلىدىن بۇيان، كەڭ دېھقانلار، چارۋىچىلار تەرىپىدىن نۇرغۇن رەھمەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن «تۆھپىكار پۇقراۋى كارخانىچى»، «مائارىپنى قوللاشتىكى ئىلغار شەخس»، «نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئۈلگە»، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ماھىرى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى ۋە شۇ خىل ناملار بىلەن نامى ئاتىلىپ رىغبەتلەندۈرۈلدى.

## 4

قۇناخۇن ئۇستام ئۆز كەسپىمدە كامالەتكە يەتتىم دەپ قارىمايتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە ھامان خىرىس مەۋجۇت، ئۇ باشقىلارنىڭ شاللىۋېتىشى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئېشىغا توپا سېلىشىنى خالىمايتتى، شۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنى ئۆزىدىن يىراقتا ھېس قىلاتتى، بۇ ناھايىتى چوڭ ئۈمىد ۋە ئىزدىنىشنىڭ كۈچىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ بولسىمۇ، ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان، راۋان بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. كىم بولسۇن ئۆزىگە كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەر قانداق ئىشتىن ئۆزى ھەزەر ئەيلىشى، ئالدىنى ئېلىپ خىرىسنى تونۇشى، تۆگىتىشى ۋە رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىپ، بازاردا پۇت تىرەپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھازىرقى زاماندىكى ئۇچقاندەك راۋاجلانغان تەرەققىيات تۈپەيلىدىن، ھەر كۈنى بولۇۋاتقان ئىختىرا، ئىجادىيەتلەر دۇنياسىدا ئاز ـ تولا ئۈمىدگە ئىشىنىپ قالسا ياكى بولمىسا بىخۇدلىشىپ قانائەت ھاسىل قىلىپ قالسا بولمايتتى، ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا ئۇ خىرىسقا، رىقابەتكە تاقابىل تۇرالمايتتى، ۋەيران بولمىغان ئەھۋالدىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالاتتى، بۇنداق ھالەت ئۇنىڭ نەزىرىدە يەر يۈزىدە ئايىنغان ئوت ـ چۆپكە ئوخشاش بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ئوت ـ چۆپنى كىم خالاپ دەسسىسە، كىم خالاپ يۇلۇۋەتسە بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭدا نېمە قىممەت، مەۋجۇتلۇقىمۇ نە ھاجەت! شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ ئىشتا سۇ بولۇپ كېلىۋاتقانغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى، بىراق ئۇنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ كارخانىسىدا تۇرمۇشنى قامداۋاتقان 30 نەچچە ئادەمنىڭ خاتىرجەم تىرىكچىلىكى مەۋجۇت، ئۇلار بۇ يەردىن ئېلىۋاتقان تەمىناتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا بارىكاللا ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؛ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىكى دېھقانلار ئۇنىڭ مەھسۇلاتـ



www.uyghurkitap.com

لىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىشلىرىنى ئاسان قىلغان، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق نۇر-
غۇن پۇل تاپقان كىشىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت - ھەشقاللا بىلەن مەدەت بېرىدۇ؛ ھەر يە-
لى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش، يېڭى تۈر - سورتلارنى
كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كېڭەيتى-
لىشى قاتارلىق پايدىلىق ئامىللار ئۇنىڭغا زۆرۈر ئېھتىياجنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئىل-
ھام بېرىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى
ئاتا قىلىدۇ. مەبلەغ سېلىشقا قىزىققان كىشىلەر، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىشقا نىيەت
قىلغان كىشىلەر ئۇنىڭغا تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىشقا قول - قانات پەيدا قىلىپ
تۇرىدۇ؛ ھازىر ئۇنى ھەممە تەرەپتىن جەسۇر قىلغان بىرقانچە يىللىق تەجرىبە -
ساۋاق، ئارتۇقچىلىق بار. بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۈتۈن، قورقماس قىلىپ تۇرىدۇ، ھەر
يىلى ئالغان پايدىسى ۋە بۇ پايدىدىن ھاسىل بولغان جۇغلانما، مۇقىم مۈلۈك قىممىتى
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ.

بىراق، بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ھەممە ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەس،
ئۇ پەقەت ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى تۇسالغۇ، رىقابەت، خىرىس دولقۇنىدا
مەلۇم ۋاقىت پۈت تىرەپ تۇرۇشقا كارغا كېلىدىغان ئاساس. ئۇ تېگىدىن ئالغاندا
تۈپ ئاساس ۋە ماھىيەت ئەمەس. ئۇ بۇلارنى چۈشىنىپ يەتكەندە بىردىنلا جىددىي-
لىشىپ قالدى. مەھسۇلاتلىرىدا كوزىر ھاسىل قىلىشى، سۈپەت ۋە ئۈنۈمدە بەلگىلىك
يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى تېخنىكا يارىتىشى كېرەك ئىدى. باشقىلار يېڭىلاپ يارات-
ماقچى بولغان نەرسىلەرنى ئۇ ئالدىن پىلانلاپ، ئالدىن قول سېلىپ قىلىشى، يارىتى-
شى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇ نەرسىلا ئۇنىڭ بارلىق ئىگىلىكىنى ۋە كەسپىي پائالى-
يىتىنىڭ ھەقىقىتىنى، ھەقىقىي ماھارىتى ۋە ئاساسىنى يارىتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ بۇ
ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرمىسا بولمايتتى، بۇ ئۇنىڭ چىقىش يولى ۋە كېلەچەكتىكى
بەخت يولى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرمۇش يولىنى تېپىۋاتقان ئاشۇ
كىشىلەرنىڭمۇ بەختى ۋە تۇرمۇشىنىڭ چىقىش يولى ئىدى. ئۇ بۇنى تولۇق ۋە چوڭ-
قۇر تونۇغاندا، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. كېيىن ئۇ،
بۇ ئىش ئۈچۈن ھاياجانلاندى، ئاندىن قورقۇپ قالدى، چۆچۈدى، قانداق قىلىش
كېرەك ؟ قولىدا بار مۈلكى ۋە بايلىقى بىلەن ئۆزىنى ئويلىسا بولارمۇ ؟ ئۆزىنى قامداپ
چىرايلىق، خاتىرجەم ياشىسا بولمامدۇ ؟ ئۇ ئويلىنىپ قالدى، راستىنى دېسە، ئۇ ئەم-

دى باشقا يېنىكرەك ئىش قىلسىمۇ كۆڭلىرى ئوبدان ئۆتەتتى. لېكىن، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى، ئۆزىنىڭ كەسپىنى قىلسا ئىشىنىڭ ئېپىمۇ ئىشىنىڭ يولىمۇ شۇ، ئۆزى ئۈچۈن بۇ ئەڭ مۇناسىپ ئىش. باشقا ئىشتىكى ھەممە پايدىسى پەقەت ۋاقىتلىق، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ راۋان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇ ھەر تەرەپتىكى ئىشلارنى ئويلاندى. پاختا تىجارىتىدىن توختاپ قالغۇسى بولمىسىمۇ، ئاقىۋىتىنىڭ ھەقىقەتەن ۋاقىتلىق خىيال ئىكەنلىكى، ھەقىقىي ھېسسىيات ۋە نىشان ئەمەسلىكىنى سەزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، روھلىنىپ، جانلىنىپ كەتتى، سەۋەبى ئۇ يەنە ئەتراپىغا قاردى، قۇناخۇن ئۇستام راستىنلا كىچىك، ئاددىي ئادەم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ قىلىۋاتقان ئىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن مۇقىم مۈلۈك بار، ئۇنىڭ قولىدا خېلى كۆپ پۇل بار، ئۇنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئادەم بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كەسىپ ئەھلى بار، ئۇنىڭ قەلبىدە خېلى ۋايىغا يەتكەن كەسپىي پاراسەت ۋە دىت، سايا بار. شۇڭا ئۇ، نېمىشقا يېنىۋالغۇدەك، تۇرىۋالغۇدەك، بەخىرامان ياشىغۇدەك!؟ بەخىرامان ياشاش ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشتىن، بەختلىك بولۇشتىن دېرەك بەرمەيدىغۇ؟ ئادىمىيلىك سالاپەتنى، كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشتىن دېرەك بەرمەيدىغۇ؟ ئۆزى ئۈچۈنلا بەختلىك ياشاش ھاياتلىقتىكى ئىنساني بۇرچنى ئادا قىلغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغۇ؟ ئۆزگىگە خىرىس قىلغان، رىقابەت ئېلان قىلغان ئادەملەرمۇ ئۆزگىگە ئوخشاش ئادەم. دۇنيادا ئاجايىپ ـ غارايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا باشقىلار قىلغان ئىشنى ئۇ قىلالمىغۇدەك؟ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭالمىغۇدەك؟!

كەسپىي قىزغىنلىق، پاراسىتىدىكى دىت ۋە ۋۇجۇدىدىكى قەتئىيلىك ئۇنى ھەممە خىيالدىن غالىب قىلدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بارلىق ئەندىشە ۋە قورقۇنچنى چۆرۈپ تاشلىدى. قەلبىدە زاھىر بولغان بۇ ئۇقۇمدىن قايتىدىن غەيرەتكە كەلدى. مەھسۇلاتلىرىنى ساتقان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ رىغبەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ساتقان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى، باشقا جايلارنىڭ شۇ خىل مەھسۇلاتلىرى كەلتۈرۈۋاتقان ئەكس تەسىرلەرنى ئويلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نۇرغۇن يۈزەكى قاراشلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ھېسسىياتى، يەكۈنى بىلەن چوڭقۇرلىشىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا قەلبىنى غۇۋالاشتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قويغان توسقۇنلۇقلارنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىغانىدى، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق يېنىك،
تېتىك، مەغرۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئىش قىلغانلىقىنى، خې-
لى- خېلى ئىشلارنى قىلىش قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى قايتىدىن تونۇپ يەتتى. شۇ-
نى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھەر ئادەم ئۈچۈن ھاياتتا يول تاپماق قىيىن ئە-
مەس. ئەمما، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەقىقىي چىقىش يولى تېپىش ئاسان ئەمەس، ئا-
دەم پەقەت ئۆزى ئەتراپىدىن، ئۆز كەسپىدىن چىقىش يولى تاپالىغاندىلا، ئاندىن ھە-
قىقىي بەخت يولى تاپقان ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش
زۆرۈر : قۇناخۇن ئۇستام ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆز يولىدىن تايمىدى، تاپقانلىكى
پۇلنى ئۆز كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شۇ كەسپىنىڭ يېڭىلىقىنى يارىتىش ئۈچۈنلا
سەرپ قىلدى. بىزنىڭ چىقىش يولى تاپقان، پۇل تاپقان نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگە
ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىقى مانا مۇشۇ يەردە.

قۇناخۇن ئۇستام ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرى
ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ نۇرغۇن تەشۋىقات ماتېرىيالى ۋە بىر قىسىم ئەۋ-
رىشكىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەۋرىشكىلەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە
كۆرگەن مەھسۇلاتلارغا سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ،
سۈپەت ۋە كۆرۈمەللىكتە ئالاھىدە ئىدى. بىراق، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ تەشۋىقات
ماتېرىيالىدىكى مەزمۇنلارنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. كىشىلەر ساددا نەرسىلەرگە قارىغاندا
رەڭدار نەرسىگە، رەڭ - بوياققا بەكرەك ئېتىبار بېرىدۇ.

ئۇ ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىيالى، ئېلان خاراك-
تېرىنى ئالغان كىتابىنى ئىشلەپ باقماقچى بولدى. ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىكى
مەخمۇتجان تۇردىنى ئىزدەپ بېرىپ، مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا لايىھە قويۇپ، ئىككى
پارچە رەسىملىك كىتاب ئىشلىدى. دېگەندەك، كىتابتىكى مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلەر-
مەھسۇلاتلار ھەقىقىي ھۆنەرۋەنىنىڭ قولىدا ئاجايىپ يالتىرىدى. مەھسۇلاتلىرىغا قا-
رىغاندا تەشۋىقات كىتابىدىكى مەھسۇلاتلار بىرنەچچە ھەسسە يۇقىرى سەۋىيىدە ئۆز
ئىپادىسىنى تاپتى. رەسسام كىتابچىنى قۇناخۇن ئۇستام ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەس-
سە سۈپەتلىك، ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقاردى. قۇناخۇن ئۇستام بەك سۆيۈندى، ھايا-
جانلاندى. ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ شۇ قەدەر ئېسىللىقىنى، سۈپەتلىك
مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ

مەھسۇلات تونۇشتۇرۇش كىتابچىسى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىلدى،

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا نەزىرى ئاغدۇرۇلدى ۋە ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنى 40 يىللىق ھۆددىگە ئېلىشنى ھاۋالە قىلدى. بىراق، ئۇ ئاددىي بىر دېھقان ئىدى، ئەمدى قانداق قىلغان تۈزۈك! كىم نېمە دېيسۇن، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى يالقۇننى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. ئاشۇ يالقۇن ئۇنىڭ قەلبىنى دولقۇنلۇق قايناملاردا يۇياتتى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن ئىزدىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن ئاچقان كىشىلىك ھايات يولىدا ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئۇنى تېخىمۇ مەزمۇت، جانلىق ئالغا بېسىشقا يېتەكلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا ئۆز ئىشىغا نىسبەتەن قورقمايدىغان يۈرەك، ئارقىسىغا يانمايدىغان ئىرادە كەمىرى، بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان پاراسەت، كەڭ ئېچىلغان ئىستىقبال يولى باردەك قىلاتتى. زىممىسىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەت ئۇنى بەخت يولىغا يېتەكلەيتتى. ئاشۇ نەرسىلەر ئۇنى ھەر زامان ئىنتىلىشكە، ئۇتۇققا دالالەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، 80 نەچچە نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنى قوشۇۋېلىشتا ئۆزىنى چەتكە ئالمايتتى. ئۇ راستىنلا ئاشۇ شىركەتنى قوشۇۋالارمۇ؟ قوشۇۋالدۇ! تەقدىرى قانداق بولار؟ تەقدىرى چوقۇم ياخشى، ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ! چۈنكى، ئۇ ئۆز كەسپىنىڭ ھەقىقىي سەردارى، ھەربىر ئىشنى جاي ـ جايىدا قىلىشنى بىلىدۇ، قايسى يول بىلەن ماڭسا ئۇتۇق قازىنىشنى، قايسى ئىشتا مەغلۇپ بولسا ئۇنى قايسى ئۇسۇل بىلەن ئۇتۇققا ئىگە قىلىشنى بىلىدۇ، كەسپىدىكى بوشلۇق بىلەن يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇشنى، ئۇنۇم بىلەن ئۇتۇقنى قانداق قازىنىشنى تولۇقى بىلەن چۈشىنىدۇ.

2005 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر











قۇربان مۇھەممەتنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998—8950688, 13899102612

www.uyghurkitap.com










# ئىشەنچ چوققىسى

تەجرىبىسى بار بىلىملىك كىشىلەر باشقىلارنى ئىشەنچلىك بولۇشقا ۋە بىرەر ئىشنى قىلىشتا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ ھەيران قالىدىغان ئىشمۇ، سەل قارىسا بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس.

كىشىلىك ھاياتنىڭ يولى بەكمۇ ئەگرى- توقاي، شۇڭا بىرەر ئىشنى قىلىش ۋە بىرەر ئۇتۇق قازىنىش ئاسان ئەمەس. مەيلى كىم بولسۇن نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەن، روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى ۋاستىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى كېرەك. روھ ئادەمنى پەرۋاز قىلدۇرىدۇ؛ ئىشەنچ ئادەمنى جانلاندۇرىدۇ؛ پاراسەت ئادەمنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم نۇرغۇن نەرسىگە قادىر مۆجىزە ئىگىسى بولالايدۇ.

ئەمما، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەممىلا ئىشنى بىر پۈتۈن قاملاشتۇرۇپ كېتەلىشى ناتايىن، چۈنكى قادىر بولۇش بىلەن قاملاشتۇرۇپ ئىش قىلىشنىڭ خېلى چوڭ پەرقى بار. بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلىش بىر خىل سەنئەت؛ جايىدا قىلىش بولسا بىر خىل ماھارەت؛ نەتىجە يارىتىش بىر خىل پاراسەت. بۇ ئۈچ نەرسە ئادەمنى ھايۋاندىن، ھايۋاننى ئادەمدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئىشەنچ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بويسۇندۇرۇش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى بىلىش، چۈشىنىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. بىرنەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەم ئۈچۈن ئەقەللىيسى روھ، ئىشەنچ، پاراسەت بولۇشى كېرەك. ياشاشنىڭ ئۆزى بىر جەڭ، ئۇ ئىزدىنىش، كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆزىنى يارىتىدۇ. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر ئىزدىنىش يولىدا ئوڭايلا قىلىۋاتقان ئىشىدىكى بېسىم، قىيىنچىلىق، روھسىزلىققا باش ئېگىپ مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ دەل ئىشەنچنىڭ كەملىكى ۋە پىشمىغانلىقىدىن بولىدۇ؛ كىمنىڭ نىيىتى قولغا كەلتۈرۈشى، نىيىتى يوقىتىپ قويۇشى ۋە نىيىتىدىن ۋاز كېچىشى شۇ كىشىنىڭ ئىشەنچ كەمرىنىڭ قانداقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇۋەپپەقىيەت جان تىكىپ ئىشلەش ۋە كۈچلۈك ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، غۇرۇر ۋە پاراسەت بىلەن بارلىقىنى ئاتىغاندىلا قولغا كېلىدۇ.

ئىشەنچ - ئادەمدىكى مۇتلەق ھوقۇق، ئىشەنچ — ئادەمدىكى ئەڭ ئەركىن كۈچ؛ ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلمىسە، كارامىتىدىن ھوزۇر ئېلىشقا ماھىر بولالمىسا، ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتالمايدۇ، ئۆزىنى يوقىتىدۇ ۋە ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي ئادرېسى

# تىلسۇزاقتىكى سەركەردە

## مۇقەددىمە

گاھىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىشمۇ ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەستىلىكلەرنى قالدۇرىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى دەمال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ، بەلكىم ئۇ تولىمۇ مۇھىم ئىشلارنىڭ ياد-نامىسىنى ئەسكە سېلىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ ئەركىن ئابلىز بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىممۇ ئەنە شۇنداق بولدى. ئۇ قا-ۋۇل، بەستلىك، ئېگىز بوي ئادەم بولۇپ، بۇغداي ئۆڭگە مايىل چىرايى نۇرلۇق، پار-قىراق ئىدى. مەن ئۇنى ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تور تونۇشتۇرۇش ـ مۇكاپات يىغىنىدا ئۇچراتقاندا، بىردىنلا ئۇنى ئىلگىرى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدىم، كېيىن ئەسلىسەم، ئۇنى ئاخبارات پېرسوناژى بولغان يولۋاسخان مېھمان ئىسمىلىك، ئالدىن باي بولغان، مەخسۇس كەپتەر بېقىش بىلەن داڭق چىقارغان دېھقاننى زىيارەت قىل-غىلى بارغان چاغدا كۆرگەنلىكىم ئېسىمگە كەلدى. سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تور تو-نۇشتۇرۇش يىغىنىدا ئۇ بىردىنبىر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان كىشىدەك قىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەرگە بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى زىيالىيلار، ئىشچى-خىز-مەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ئىدى. يۈزلۈر كىيىنگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل سالاپەت ۋە ئۆزىگە خاس بىر خىل تەكەببۇرلۇق، غۇرۇرى ئۈستۈنلۈك ئەللەي-لىنىپ تۇراتتى. بىراق، ئەركىن ئابلىزنىڭ تۇرقىدىن ئاددىي ـ ساددىلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى، سىياقىدا تەمەننا، مەمەدانلىق ئالامەتلىرى، پەرداز، سۈنئىي كۆلكە، ياتسىراش ئالامەتلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. راستىنى دېسەم، دېھقان سۈپەت، قارا توغرا بۇ ئادەمنىڭ سورۇنغا كىرىپ قېلىشى مېنىڭ ئاخبارات سەزگۈرلۈكۈمنى قوز-

غاپ قويدى. چۈنكى، بۇنداق سورۇنلارغا دېھقانلار ئاساسەن كىرمەيتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، بىزنىڭ نۇرغۇن دېھقانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئۇقۇمى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، سۇغۇرتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سۇغۇرتا ئىشلىرىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار سۇغۇرتىغا قاتنىششقا ئادەتلەنمىگەن، شۇڭا ئەركىن ئابلىزدەك بىر دېھقان سۇپەت كىشىنىڭ بۇ سورۇنغا كىرىپ قېلىشىنى ئاددىي ھالدا چۈشەنسەك بولمايتتى. شۇ چاغدا مەندە بۇ ئادەم ھازىرقى دەۋردە دەل بىز ئىزدەۋاتقان، تەشەببۇس قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتقان دېھقانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولسا كېرەك، دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ ھال مەندە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش، قەلەم تۇلپارى بىلەن قېزىپ بېقىش ھەۋىسىنى قوزغىدى...

## بۇ ئۇزۇن يول

ئەركىن ئابلىزنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىنى ئاختۇرساق، نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كېلىمىز. ئۇنىڭ ئىچىدە قىيىن ئىش، مۇشكۈل سەپەرنىڭ جەريانى بار. يەنە تېخى ئاز بولمىغان تەجرىبە ـ ساۋاق، ئۇتۇق ۋە نەتىجىنىڭ جەريانى بار. ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشتىن تاكى ئادىمىيلىك سالاپىتى بىلەن قاتارغا قوشۇلغۇچە بولغان جەرياندا ۋە مەلۇم ئۇتۇق قازانغۇچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلۇق ئىستەك بولىدۇ، ئۇ دەل بىزنى ياشارتىۋاتقان ۋە ئالغىنىدا ئۈيىنتىۋاتقان ھاياتلىق ناخشىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر ئادەمگە ۋە ھەربىر پائالىيەتكە تەتبىقلانغان جەريانىدىكى نەتىجىسى ھامان ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە كىم بولسۇن، بارلىقىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدە بار بولغان ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا سەرپ قىلسا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يارىتالايدىغانلىقى پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ ئىسپاتلاندى.

40 يىللىق ھايات ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇردى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ئابىدە قىلدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى. مانا بۇنىڭ ھەممىسى ھاياتنىڭ

مەنىسى، مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى ئادىمىيلىك سالاپەتىنىڭ جەريانى، بۇنىڭغا كىم بىرنېمە دېيەلىسۇن؟ كىم ئارا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن چەتنەپ كېتەلىسۇن؟ ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇمۇ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىنىڭ يولى ۋە قىسمىتى بىلەن داۋاملاشقان جەرياندىن باشقا نەرسە ئەمەس. قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇمۇ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش، دەۋر ۋە قارشىلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە زاھىر بولغان، دەۋر قىلغان پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى، يەنى نەتىجە ياكى مەغلۇبىيەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشلەرنىڭ ئارىلىقىدا يارالغان جەريانغا مەركەزلىشىدۇ.

ئۇنىڭ باللىق ھاياتى بوران — چاپقۇنلار ئىچىدە ئۆتتى، تىرىشچان، بەرداشلىق، كەڭ قورساق، كۆتۈرۈش كۈچى يۇقىرى، روھىي ھارارىتىنى جىسمانىيىتىنىڭ مۇھىم مەنبەسى قىلغان ئاتا — ئانىسى ئۇنىڭغا بارلىق مېھىر — مۇھەببىتىنى ئاتاپ، تۇرمۇشىنىڭ قىيىن شارائىتلىرىدىن بىخەتەر ئۆتۈش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى، ئاخىرغىچە ئوقۇتۇش، تەربىيەلەشتىن باش تارتمىدى. بىراق، يىللارنىڭ قاتتىق قولى ۋە سېخىي قوينىدا نېمە قىسمەت ۋە ئاسايىشلىقلار بولمايدۇ- ھە؟

ھايات خۇش كۈلۈپ باققان، تۇرمۇش قايتىدىن نۇرلانغان يىللاردا ئەركىن ئابلىز ئۆزىنىڭ تېخىغىچە بىر خىل تۇرمۇش، بىر قېلىپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغاندا بىردىنلا ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەپ قالدى. بىر قارىسا، ئۇ تېخى قانچە كۈننىڭ ئالدىدا كىچىك بالا بولۇپ كۆرۈنەتتى، مانا ئەمەدى چوپ — چوڭ بىر ئادەم، يەنى ئېتىزدا تىرىشىپ — تىرمىشىپ ئىشلەيدىغان دېھقان. شۇنچە يىل قاتتىق جاپا تارتىسىمۇ، قىردىن ئاشالمايدىغان، ئەنئەنىۋى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدىغان بىچارە ئادەم؛ بىر قارىسا، شۇنداق ئۇزاق ھاياتى، ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان چالغا ئوخشايتتى.

نېمە دېمەيلى، ئۇ ھەر ھالدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئەتتى. لېكىن، دېھقانچىلىقنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرى قايىنىمىغا غەرق بولغاندىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىش، بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 — يىللىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك تىكلەش ۋە تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى يېڭى ھايات ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا نۇرغۇن ئىشلاردا بەكمۇ كىچىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق ئۇ، ئۇزاقتىن-

ئۇزاق ھايات مۇساپىسىنىڭ تېخى يەنە ئالدىدا ئىكەنلىكىنىمۇ كۆردى. ئۇنىڭ نېرۋى-
لىرى غىدىقلاندى، تەپەككۇرى ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئۇنىڭ زامانغا بېقىپ نۇر-
غۇن ئىشلارنى قىلغۇسى كەلدى، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەردى باردەك، گاھىدا
ھەممىسىنىڭ شاپائىتى باردەك قىلدى. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئۆزى ئويلىغان
ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا ئۇ قايسى ئىشنى قىلسا بولار؟
ئۇ ئويلىنىپ، قۇربى يېتىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت، نەپ يەتكۈزەتتى؛ ئۇ ئىشلارغا
قايسى يول بىلەن كىرىش ئۇستىدە ئويلاندى، ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىك، توسالغۇمۇ
بار ئىدى. كېيىن ئۇ، ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى بىرىنچى
ئىش قىلىپ تۇتتى. ئۇ ئۇزاققا قالماي بۇ ئىشتا زور نەتىجە قازاندى، تەشكىلنىڭ كۆ-
زى چۈشتى. 90 - يىللاردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە، ھەرىكىتىدە ۋە
كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىش ۋە يۈكسىلىش بولدى، كىشىلەرنىڭ
كۆزى قايتىدىن ئېچىلدى، ئېچىلغاندىمۇ مەيلى دېھقان، مەيلى كادىر - زىيالىي بول-
سۇن، قارىقويۇق ئېچىلىپ كەتتى. بالدۇر تۇتۇش قىلىپ، بالدۇر ھەرىكەت قىلغان
ۋە ئىگىلىك تىكلەش، بازارغا يۈرۈش قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ھال كۈنى
ياخشىلىنىپ، قولى پۇل كۆرۈپ، قازان - چۆمۈچى مايلاشتى. ئەركىن ئابلىزنىڭ
تۇرمۇشىمۇ بۇنىڭدىن يىراقتا قالمىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىن زادىلا چى-
قالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ، شەھەرگە كىرىپ تىجارەت ۋە بازار
ئېچىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن كۆپ پۇل تاپتى. ئەركىن
ئابلىز ئۇلارنى دېمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى قىلىپ، خېلى ھاللانغان
كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. بۇ قانائەت قىلىدىغان نەتىجە ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ،
باشقا ئىشنى قىلىپ، شەھەر - بازارلارغا كىرىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن
بىرەر قارارغا كېلەلمىدى. بۇنىڭدا بەزى نەرسىلەر ئۇنى تارتىپ تۇراتتى، بۇنىڭ ئى-
چىدە ھەممىدىن بەك تارتىپ بېقىندۇرۇپ كەلگەن ئىش — كەنتنىڭ رەھبەرلىك
قاتلىمىغا كىرىپ قالغانلىقى ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئانچە ياقتۇرۇپ
كەتمىدى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل، چۈشەنچىسىمۇ قالايمىقاندى. بولمىغۇر
گەپلەرمۇ بولدى. ئۇ بۇنى ئاشكارا ئاڭلىغاندا سەل كۆڭلى يېرىم بولدى. بەزىلىرىگە
رەددىيە بەرسە، بەزىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى. لېكىن ئۇ، سەۋر قىلىش بى-

www.uyghurkitap.com

لەن ۋاز كېچىش ئارىلىقىدا نۇرغۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بەلكىم ھاياتلىق يولى شۇنداق بولسا، شۇنداق ئېچىلسا كېرەك! ئۇ كەنت رەھبەرلىك قاتلىمىغا قاچان كىردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋالغان ئوي ـ خىياللار تەدرىجىي بۇ-قىلىشقا باشلىدى.

## ھايات شۇنداقكەنغۇ

ئەركىن ئابلىز قاچان مەھەللىگە قەدەم باستى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قىزغىن روھ، سەممىي نىيەت بىلەن ئىشلىدى. باشقىلار ئۇچۇن خىزمەت قىلدى، بۇنداق قىلىشنى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىش، ھەممە نەرسە ساپ دىل، سەممىيلىك بىلەن نۇرلىناتتى. كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق، يولىنى داغدام قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق روھنى تاسادىپىي پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلغان، ئۇلاردىكى ئوقۇتقۇچىغا خاس سالاپەت ۋە سەممىيەت ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەرنى بىخلاندۇرغانىدى.

ئۇ 1962 ـ يىل 9 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۇلۇغچات پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قېرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غېمى ئۇنى كانىدىكى خەتەرلىك ھادىسىلەردىن پاتراق قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئەركىن ئابلىزنىڭ قەلبىدە كاندا ئىشلەپ، كىشىلىك ھاياتىنى ئۇ يەردە نۇرلاندۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، بۇ يەرگە ۋە بۇ يەردىكى ئىشداشلىرىغا كۆنۈپ، ئىچەكىشىپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ ھېس قىلدىكى، ئادەم قانداق جايدا ئىشلىسۇن، ئۆزىنىڭ ھالال تەرىنى ئاقتۇرۇپ، جاپالىق ئىشلىسە، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشماي قالمايدۇ. ئۇ بىر مەزگىلگىچە كاندىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالغان بولسىمۇ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، توختاپ قالدى. نېمە بولسۇن ئۇ، كاندا چې-

نقتى، پىشتى، تاۋلاندى. كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كۆ-يۈنۈش، ۋاپاسىزلىق، سەممىيەتسىزلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ساۋاق، نەتىجىلىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قەلبىدە بىخلانغان نەرسىلەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بەزى-لىرىنى تېخىمۇ ياشارتىپ پۇختىلاپ مۇستەھكەملىدى.

شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئانىسى ئوقۇتقۇچىلىقتىن خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىشلەۋاتاتتى. بۇ ئانا ئۇنىڭ باققان ئا-نىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان ئانا ئىدى! ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى قازا قىلىپ، بويۇن قىسىپ قالغان يىللاردا بۇ ئانا ئۇنى باغرىغا بېسىپ، ئانىلىق، ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلغان ۋە شۇچاغقىچە ئۇ-نىڭ بېشىنى سىيلاپ، پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولغانىدى. بۇنى ئويلىسا ئەركىن ئاب-لىزنىڭ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ، باغرى تىلىنىپ، ئانا ئۈچۈن قەرز قايتۇرالمىغانلىقىدىن ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايتتى، مانا ئەمدى ئۇ مۇشۇ قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇنىڭ دىلىغا بىر ئوت كىرىۋالدى. بۇ بىر خىل ھېسسىي ئوت بولۇپ، ئە-قىلنىڭ ئالدىغا، ئەمەلىيەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ھايات-نىڭ جەريانلىرى بۇنى ئاشكارىلاپ بەردى. ئەينى يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بېسىمى، تۈرلۈك تۇسالغۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇ سىرلارنى يەشتى. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، يەنە شۇ دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، باشقىلارغا قارىغاندا ئارزۇلىرىنى بىرقەدەر ياخشى ئىشقا ئاشۇردى. ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلدى، شۇنداقلا ئەل ـ جامائەتنى رازى قىلدى. چۈنكى ئۇ بۇ جەھەتتىكى بىر قاتار ئىشلى-رىدا جەمئىيەتتە بىردەك ئېتىراپ قىلىش ۋە قوللاشقا سازاۋەر بولدى. بۇنداق رازى قىلىش ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىل خۇسۇسىيىتى، جانلىق ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسى-ۋەتلىك بولدى. ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ توغرىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئاخىرىدا ئۇ، ھايات دېگەن شۇنداقكەنغۇ ؟ دېگەن يەكۈنگە كېلىپ قالدى.

## مۇز سېتىش ھەققىدە ئەسلىمە

ـــ بىز پۇل تېپىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇز سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللان-غان، ـــ دېدى ئەركىن ئابلىز مەن بىلەن پىكىرلەشكەندە تاسادىپىيلا كۈتمىگەن يەردىن

چىقىپ، ـــ ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام، مەن قىلغان ئىشلار بەك كۆپ ئىكەن، ناشايان، ئەسكى دەپ قارىغان ھەرقانداق ئىشتىن يىراق تۇرۇپتىمىز، شۇڭىمۇ قىلغان ئىشلىرىم ھەممىسى ئوڭغا تارتىپ، كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشىپ كەپتىمەن.

بۇ ئىشلارغا ھەركىمنىڭ ھەر نېمە دېگۈسى كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىكى ساۋىقى، تەجرىبە ـ ئۇتۇقى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ھەبىر ئىشقا قارىتا چۈشەنچىسى بىلەن قارىشى ، مۇئامىلە ـ پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەركىن ئابلىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرى ۋە تۇرمۇشتا يەكۈنلىگەن تەجرىبىسىمۇ مۇشۇ خىل قاراشتىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنى تېپىك يەكۈنگە ئىگە دەپ قاراشقا بولاتتى. ئۇ كۆمۈركاندا ئىشلىگەن يىللاردىلا بىر خىل قاراشقا ئىگە بولۇپ بولغان، يەنى تۇرمۇشنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى ياخشىلاشنىڭ يولىنى تېپىشتا ھەرگىز بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا سەۋرچان بولۇش، مەسىلىلەرگە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق يۈرەكلىك ئىش قىلىپ ، ئەمەلىي بولۇش كېرەك. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى كۆرگەن ۋە بۇ خىل ئەمگەكنىڭ بەكمۇ ئۈنۈمسىز، ئىپتىدائىي، قىيىن ئىكەنلىكىنى سەزگەن، بۇنداق شارائىت ئاستىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ كاندىن قايتىپ كېلىپ، دېھقانلار ئاردىسىغا قېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ياخشىلاشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدىدى ھەمدە بىرەر قوشۇمچە ئىشنى قىلىپ، پۇل تېپىش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇ يول زادى قايسى؟ ئۇ ئەتراپقا، شەھەرگە، كىشىلەرنىڭ ھالىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا نەزەر سالدى. ئۇ چاغلاردا داجەيدىن ئۆگىنىش دولقۇنى ھەممىلا يەردە ئەۋج ئالغان بولۇپ، كوپىراتسىيە ئۈچۈن ئېتىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئوپچە قىلىسىمۇ، ھەرئايدا ئالىدىغان دارامىتى 30 ـــ 35 نومۇر، ھەرئايدا تەمىنلىنىدىغان ئاشلىقى 20 ـــ 30 جىڭ ئىدى. يەر ئاز، ئەمگەك كۈچى كۆپ بولغانلىقتىن، دېھقانلار تولا چاغلاردا بىكار قېلىپ، قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق يىغىن، مەجلىسنىڭ قاينىمىغا غەرق بولاتتى. ئەمما ، ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشى يولسىزلىق، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق بولاتتى. ھەر خىل قىلتاق، توساقلار نۇرغۇن ئىشلارغا يول قويمايتتى. ئەركىن ئابلىز چىڭ تۇرۇپ يول تاپمىسا بولمايتتى، ئۇنىڭچە دېھقانلار بىكار قالغاندا قوشۇمچە ئىشلارنى قىلىپ، ئاز ـ تولا پۇل تاپسا، ئۆزىنىڭ ئوتۇن ـ كۆمۈرلىرىنى ئۆزى ھەل

www.uyghurkitap.com

قىلسا، باللىرىنى ئوقۇتۇش، كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ھەل قىلالايدىغان بولسا تولىمۇ ئېسىل ئىش بولاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۆزى خالىغانچە يۇشۇرۇن ياكى شەخسىي قىلىشتىن ساقلىنىشى، كوللېكتىپ نامىدا ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەركىن ئابلىز ئالدى بىلەن شۇنداق ئورۇندىن بىرنى تاپمىسا بولمايتتى. ئۇ بىر قېتىم ئىككى نەپەر كىشىنىڭ كەنت تەۋەسىدىكى سۇ ئامبىرىنىڭ مۇزلىرىنى شەھەر ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇزلىتىپ ساقلاش ئىسكىلاتىنىڭ مۇشۇ خىل مۇزغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى ـ دە، «يەڭ ئىچىدە» ئۇ ئورۇننىڭ باشلىقى بىلەن سودىلاشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، مەھەللىدىكى 30 نەپەر دېھقان ياشنى تەشكىللەپ، ھەر يىلى 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە مۇز توشۇپ سېتىپ، 17 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە كىرىم قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، بۇ پۇل دېھقانلارنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ قولىغا ، يانچۇقىغا ئاز ـ تولىدىن پۇل كىردى، ئۇ چاغدىكى بىرنەچچە موچەن پۇلنىڭ كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. بىر يۈەن پۇلغا بىر كۈن قورساق باققىلى، شەھەرگە كىرىپ ياشۋالغىلى بولاتتى، شۇڭا ھەر يىلى تارقىتىلىدىغان دارامەت مەزگىلىدە، ئەركىن ئابلىزنىڭ ئەترىتىدە كارامەت توي بولاتتى دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. قوشنا مەھەللىلەردىكى دېھقانلار بۇ يەردىكى ئايرىم دېھقانلارنىڭ بىر تۇتام پۇل دارامەت ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. پۇل بولسا ھەممىنى قىلغىلى بولاتتى، پۇل بولسا يول تاپقىلى ۋە ئادەمدەك ياشىغىلى بولاتتى، بۇ ھەقىقەتنى ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكى ھەممە كىشى بىلگەن ۋە چۈشىنىپ يەتكەنىدى، كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ئەركىن ئابلىزنى دوراپ، مۇز يۆتكەش بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا مېڭىپ باقتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇپ، مۇز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇنغا بىر ئاپتوموبىل مۇزنى ئۇنىڭدىن ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە ئەرزان باھادا يۆتكەپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، بىراق ئەركىن ئابلىزنىڭ مۇز يۆتكەشتىكى ئارتۇقچىلىقى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ 38 يۈەنلىك باھاسىنى تۆۋەنلىتەلمىدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئەركىن ئابلىز ئەتىياز، يازدا يەنە بىر قىسىم دېھقان ياشلىرىنى تەشكىللەپ شەھەرنىڭ يەر ئاستى يول، تۇرۇبا يوللىرى، يول قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئىشلەپ پۇل تاپتى. كېيىنكى يىللاردا سىياسەت چۈشۈپ،

www.uyghurkitap.com

كەنت، مەھەللىلەر كوللېكتىپ تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، قول سانائەت ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ دەيدىغان شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ چاغدا چوڭ كارخانا قورۇشقا مەبلەغ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئەركىن ئابلىز ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان، ئاز مەبلەغ كېتىدىغان ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئىشنى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قىسىم ئائىلىلەردە گازىر ـ پۇرچاق پىشۇرۇپ سېتىش، بەزى ئائىلىلەردە لەڭپۇڭ ئېتىپ سېتىش كەسپلىرىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەرقانداق چوڭ ئىشتىن ياخشى بولدى، ئۇنىڭ كۆپ خىل يول بىلەن پۇل تېپىش تاكتىكىسى دېھقانلارنى پۇلى بار كىشىلەرگە ئايلاندۇردى. بەزىلەر ئېشەك ۋە ھارۋا سېتىۋالدى. بۇ ئىش 1971 ـ يىلىدىن تاكى 1980 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئۇ بۇ جەرياندا قېرىلار، ياشانغانلارنى ھەر تەرەپتىن قوغدىدى، ئۇ شۇ چاغدا ساختا ئاكتىپ بولۇۋالماي، ھەمىشە ئىشتا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى تەرەپتە تۇردى، ئۇ نامراتلىققا بەكلا ئېچىناتتى. دېھقانلارنى كۆپرەك دارامەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تولا چاغلاردا ئىچى سىقىلاتتى، يول ئىزدەيتتى، تەدبىر ئويلايتتى. كېسەلچان كىشىلەرگە، ئاياللارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى، نومۇر قويۇشتا ئېتىبار قىلاتتى، قىسقىسى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ ئىشلەيتتى. شۇڭا، دېھقانلار ۋە تەشكىل ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۇنى قوللايتتى، دەردى بارلار دەردىنى تارتىنماي دەيتتى، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ھالىغا يېتىپ، قىيىنچىلىقىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ھەل قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى، بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئۈلگە بولاتتى. مانا بۇلار ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۈتۈلۇق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسىنى سېلىپ بەردى. شۇڭا ئۇ، مەھەللىنىڭ ئامانلىق مۇدىرى، نومۇر خاتىرىلىگۈچىلىكتىن كەنتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

## تاۋلىنىش

قىيىن، غورىگىل كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، باياشات كۈنلەر كەلدى. ھەر كۈنىنىڭ، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس يارىشىقى، مۇناسىپ تەبىرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بولىدۇ. ئاشۇ پۇرسەت قولدىن كەتسە، باياشاتلىقمۇ، پاراۋان، بەختىيارلىق-

مۇ ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدۇ.

ئەركىن ئابلىز ئاساسىي قاتلامنىڭ تۈگىمەيدىغان ئۇششاق ئىشلىرىنى توختاۋسىز، قېتىرقىنىپ، ۋايىسماي قىلدى ۋە ئۇزاق يىل داۋاملاشتۇردى، مەنپەئەت، شان- شەرەپ، مەرتىۋە تالىشىپ ئولتۇرمىدى، ھەممە ئىشنى شۇنداق ئاددىي تەرتىپ بىلەن توختاۋسىز داۋاملاشتۇردى، زېرىكمىدى، تېرىكمىدى، قاچمىدى، توختاپ قالمىدى. مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىنچىلىق، مۇشكۈلات ۋە ئازاب ياندىشىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەقىقەتەن تاسادىپىيلىق، بەزىسى ھەقىقەتەن سەۋەنلىك، بەزىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ۋە كۈتمىگەن، ئەمما يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئىش، نېمە دېگەنبىلەن ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنىڭ شاھىتى. ئۇ پىشتى، تاۋلاندى.

ئۇ شۇنچە يىل داۋامىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، جەمئىيەتنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋە كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى نۇرغۇن قىيىن، مۇشكۈل ئىشلار ئۈچۈن تېگىشلىك قۇربان بەردى، ئۈن - تىنسىز قىلغان ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ماڭدى، ياخشى خۇلق بىلەن ئەدەپ - ئەخلاقنى ساقلاپ، تۇرمۇشنىڭ ھەربىر دەقىقىلىرىدە سەۋرچان، تىرىشچان، سەمىمىي بولۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى، تەلىپىنى قاندۇرۇپ رازى قىلدى. مانا مۇشۇ جەرياندا شەرت- شارائىتتىن پايدىلىنىشقا، ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولدى. ئۇ بۇ يەردە سىياسەتنىڭ پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى، شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتى داۋالغۇشتىن خالىي ھالدا قەدەممۇقەدەم ئۆرلەش، مۇستەھكەملىنىش بىلەن نەتىجىلەندى، سىياسەتنىڭ پۇرسىتىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشنى ئەڭ مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى قىلىپ كەلدى. پارتىيە قىل دېگەننى قىلدى، پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قىلما دېگەن ئىشنى قىلمىدى. بىراق، قىلىش - قىلماسلىق تەكىتلەنمىگەن ئىشلاردا خەلققە پايدىلىق بولغانلىرىنى قىلىپ، مۇھىم ئىشلاردا مۇقىمسىزلىقنى كەسكىن توسۇپ قالدى، ۋەزىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ئاساس سالدى، ئىشلاردا ئاشۇرمىچىلىق، دورامچىلىقتىن ساقلىنىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ماس ئىش قىلىشنى نىشان قىلدى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان مول بىلىم ۋە تەجرىبە توپلاپ، ھەممە تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق بولغان كەيپىيات ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلدى. ئىچى تارلىق، كۆرەلمەسلىكتەك ئىللەتلەردىن ساقلىنىپ، كەڭ قورساق، ئېدىتلىق بولدى. شۇڭا، ئۇنى كىشىلەر تەدبىر بەلگىلەشكە ماھىر، يېتەكلەشكە قابىل، بۇ ئادەمدە بار تەدبىر ھەرقانداق ئادەمدە يوق، دەپ تەرىپلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەربىر ئادەمنى تولۇق چۈشىنىدۇ، ھەربىر نەرسىنى تولۇق بىلىدۇ، ھەربىر تۈپ دەرەخ، گۈل ـ گىياھنى تونۇيدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى، نېمە ئىشلارنى قىلىشنى چۈشىنىدۇ، مانا مۇشۇنداق چۈشىنىش ئۇنىڭ تەدبىر بېكىتىشنى ۋە مەسىلە ھەل قىلىشنى قۇلايلىقلىق ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ دېھقانلارغا ئىچى بەكلا ئاغرىيدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا كۆيۈنىدۇ، بۇنداق كۆيۈمدە ھەقىقىي بىر ئەقىدە بار. ئۇ ئەتراپىمدىكى ھەربىر ئادەم مېنىڭ قېرىندىشىم، ھەربىر ئادەم مېنىڭ ئۇيرازىم، ھەربىر ئادەم مېنىڭ مەدەتكارىم ، ئۇلار بولغاچقىلا مېنىڭ ئۇبرازىم بار. ئۇلارنىڭ ئاۋازى، ھەربىر ھەرىكىتى مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىدى. بۇنداق تۇيغۇ ئۇنىڭ پاك قەلبىنى ئەندىشە ۋە غەمدىن يىراق قىلدى. روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك بىلەن ئىچكى ئىلھاملىنىش ئۇنى بارلىقىنى ئاشۇ كىشىلەرگە ئاتاش روھى بىلەن ھەتتا بۇ جەھەتتىكى تەشنالىقىنى مەنىۋى مەنبە بىلەن بېيىتىپ كەلدى. ئۇ بۇنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالسا قىلغان ئىشلىرىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلاتتى.

## تەشنالىق ئوتىدا

ئەركىن ئابلىزنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بىر ئىشى يېتەرلىك ئوقۇيالمىغىنى ئىدى، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ پۇشۇقۇناتتى، بەزىدە كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئازابلىنىپ كېتەتتى. ساپاسى يوق ئادەمنىڭ مادارى چاغلىق بولىدۇ، دەيتتى ئۇ شۇ خىل مۇنازىرىگە دۇچ كەلسە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەمىشە مائارىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن نەزەر سالاتتى، ئۇ كىمنىڭ بالىسى مەكتەپكە بارمىسا، ئاچچىقى كېلىپ چىداپ تۇرالمايتتى، ئۇ بىز نادان ياشاپتىمىز، ئەمدى بالىلىرىمىزمۇ بولسا نادان قالمىسۇن، ئۇلار بىلىم ئالسۇن، ئىقتىدارلىق ئادەملەردىن بولسۇن، دەيتتى. ئۇنىڭ مەھەللىسى شەھەرگە يېقىن بولغىنى بىلەن ئەينى يىللاردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە مە-

دەنيەت جەھەتتىكى قاششاقلىق، نادانلىق تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، مائارىپ كۆزقارىشى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ، بۇ خىل قاششاق ـ نادانلىق ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يارىتىش تۈيغۇسىنى نابۇت قىلىپ، دەماللىق پايدىنى ۋە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېلىش ئۈچۈن بالىلارنى مەكتەپتىن چېكىنىدۇ. رۇش، ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشكە ئاجرىتىۋېلىش ئىشلىرى دائىم بولۇپ تۇردى، بۇنداق ئىشلارغا ئۇنىڭ بەكلا زەردىسى قايناپتتى، ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇ شۇنچە يىللار داۋامىدا دېھقانلارنىڭ بۇ خىل قاششاق ئىدىيىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى، قىيىنچىلىق ۋە داۋالغۇشنى ئاسانلا شتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامىنى، بالىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۇرۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىنى كۆپ خىل يول بىلەن ئازاد قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلدى، مەكتەپ ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا مەبلەغ سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈردى.

ئەركىن ئابلىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قىلغان تەسىرلىك ئىشلىرىنى بۇ يەردىكى كىشىلەر ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. مانا ھازىر بۇ يەردىن بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرى، يۇقىرى مەلۇماتلىق كادىرلار، زىيالىيلار، پاراسەتلىك سودىگەرلەر يېتىشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈيلىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى تىلسۇزاق كەنتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ئوقۇتقۇچى، باشقۇرغۇچىلارنى سەپلەپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، مەكتەپ شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاشقا ئايانماي مەبلەغ سېلىپ بەردى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە جەھەتتىكى شارائىتىنى قۇلاي پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئەسلىھەلىرىنى كەنت بىلەن تەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، ئەركىن ئابلىز قاراپ تۇرمىدى، 1999 ـ يىلى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپ، ئىشخانا قۇرۇلۇشى يېڭىدىن سېلىندى. كەنتكە، مەكتەپكە ھۆسن قوشۇلدى، ئەمما مەكتەپنىڭ ئورنى تارلىق قىلدى، مەيدان ۋە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى يېتىشمىدى، بۇنى كۆرگەن ئەركىن ئابلىزنىڭ بەكلا ئىچى پۇشتى. ئۇ ھەر قېتىم مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن تىقىم ـ تىقىم بوي ـ بەستى توپا ـ چاڭ ئارىسىدا چىقىۋاتقان بالىلارنى كۆرسە جىددىيلىشەتتى. 2000 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. ئۇ بىر كۈنى

سەھەردە مەكتەپ مەيدانىغا بېرىپ، بىر قانچە ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلاشتى، ئاندىن كەنت كومىتېتىغا بېرىپ يىغىن ئېچىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىرى بىلەن كېڭەشتى، ئۇنىڭ پىلانى ھەممەيلەننى قايىل قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن ئەركىن ئابلىز 10 مىڭ دانە پىششىق خىشنى مەكتەپ مەيدانىغا يېقىن جايغا تەق قىلدى، ئارقىدىن كەنت، مەھەللىنىڭ كادىرلىرى 1000 ــ 5000 غىچە پىششىق خىشنى ئۇ خىش تىزغان يەرگە تەييار قىلدى. بىر قانچە كۈندىلا 60 مىڭ دانە خىش تەييار بولدى، بۇ خىش مەكتەپنىڭ نۆۋەتتىكى قۇرۇلۇشىغا يەتمەيتتى، شۇڭا كەنت تەۋەسىدە ئالدىن باي بولغان بايلارنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

ــ مەكتەپ بىزنىڭ، شۇنداقلا بۇ يەردە ئوقۇيدىغانلار بىزنىڭ كېلەچەكتىكى ئىزباسارلىرىمىز، شۇڭا بىز كەنت كادىرلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرى ھىممىتىمىزنى داستىخانغا تۆكۈپ باقتۇق، ئىش تولۇق ھەل بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمدى گەپ سىلەرنىڭ ئىلتىپات ـ ھىممىتىڭلارغا باغلىق بولۇپ قالدى، ئۇ سىلەرنى تەربىيلىگەن بىلىم بۆشۈكى، بىز سىلەرنىڭ ئالقىنىڭلارنى ئېچىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز، يەنە 100 مىڭ دانە پىششىق خىش سىلەرنىڭ ھەل قىلىشىڭلارغا باغلىق...

ــ شۇجى، خاتىرجەم بولسىلا، مەكتەپ بىزنىڭ، بالىلارمۇ بىزنىڭ، بىز ئالدى بىلەن بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇۋاتقان پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە، ئاندىن مەكتەپكە، ئەۋلادلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سىلىگە رەھمەت ئوقۇيمىز، بىز مەكتەپ ئۈچۈن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز!

ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن دەپ قارىغان ئىشنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر ياقلىق قىلدى، ئەمدىكى گەپ مەكتەپ ئەتراپىدا ئۆيى ۋە يېرى بار تۆت ئائىلىلىك دېھقاننىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ئورنى ۋە باغ يېرىنى مەكتەپكە بىكارلىتىپ بېرىشتە قالغانىدى. بۇ تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. بۇ يەردە شۇنداق بىر ئادەت باركى، كىشىلەر قانىنى، جانىنى بەرسە بېرىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى يەرنى بېرىشكە رازى بولمايدۇ. ئەركىن ئابلىز مۇشۇنداق بىر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلدى، ئەمما ئۇ ئەنسىرەپ كەتمىدى، ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۇپراقتىكى نەچچە يىللىق تەسىرى ۋە تۆھپىسىنىڭ خاسىيىتىنى سىناپ بېقىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە نۇرغۇن ئەجرى بار، ئۇنىڭ بۇ يەر ئۈچۈن ئوت بولۇپ

كۆيگەن يۇرىكى، بىۋاستە كەچمىشى ۋە ئەقدە گۈللىرىدىن تىزغان گۈل بىغى بار ئىدى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەرۋىشلەپ يېتىشتۈرگەن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەرپا قىلغان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى مىۋە بەرسە، بەھرە ئالغىلى بولارمىكىن، دەپ تىككەنىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىت دەل ئاشۇ مىۋىنى ئۈزىدىغان، قىقىپ كۆرۈپ باقىدىغان چاغ ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ كىشىلەر مەكتەپ ئەتراپىدا ئۆيى بار دېھقانلارنىڭ يەرنى ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بۇ ئىشقا چىشى پاتمايدىغانلىقىنى سۆز – چۆچەك قىلىپ يۈرگەنىدى، ھەتتا شۇ جايدا يېرى بار بىر قىسىم دېھقانلار يەرنى بەرمەي جېنىمىزنى بېرىمىز دەپ يۈرۈشكەنىدى. يېزىمۇ، شەھەردىكى بىر قىسىم رەھبەرلەرمۇ بۇ ئىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل، سەگەك بولۇپ مەسىلە چىقىپ قالماسلىقىنى، مۇقىمسىزلىق پەيدا بولماسلىقىنى تىلەيتتى. بەزىلەر ئۇلارغا ئەركىن ئابلىزنىڭ كۈچى يەتمەسلىكى مۇمكىن، دەپ قارىدى. ئەمما، ئەركىن ئابلىزمۇ كۆپ خىل تەييارلىق قىلىپ قويىدى. ئۇ بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەمنى چۈشىنىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ نېمىلەرنى ئويلىشى ۋە قانداق قىلىشىنى، نېمىلەرنى دېيىشىنى چۈشىنىدۇ. بەزىلەر ئۇلارغا پۇلنى كۆپ بەرسە، ئىش ھەل بولىدۇ دېسە، بەزىلەر يەرنى كۆپ بەرسە بولىدۇ دېدى. بەزىلەر خەلق ئەسكەرلىرىنى ياكى ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ بېسىم قىلسا ھەل بولىدۇ دېدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇشۇ يولغا تەۋەككۈل قىلدى، ئۇ بىر قاتار چۈشەندۈرۈشتىن كېيىن، يەرنى بىكارلاپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ، تەلەپئارزۇلىرىنى قاندۇرىدىغان ۋەدىنى بەردى. شۇ يەردە ئۆيى بار دېھقانلار ئۇنىڭ ئۇقۇئۇقۇتۇش، بالىلارنىڭ كېلەچىكى، كەنتنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەھلىل، قاراشلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى ۋە كەنت قانچىلىك يەر بەرسە بىز رازى، بىزگە پۇرسەت بەرسۇن، كۆرستىپ بەرگەن يەرگە ئۆي سېلىپ كۆچۈپ بېرىۋالايلى، مەكتەپ ئۈچۈن يېرىمىزنى تەقدىم قىلىشقا بىز قارشى ئەمەس، دېدى. ئەركىن ئابلىزمۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ مەكتەپ ئەتراپىدىكى تۆت ئائىلىلىك ئۈچۈن ھەر كۋادرات مېتىر يەر ئۈچۈن ئىككى – ئۈچ ھەسسىدىن ئارتۇق يەر كۆرستىپ بەردى. مەكتەپنىڭ مەيدانلىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇش ۋە ئورنىنى كېڭەيتىش، ئۆيى چىقىلىدىغان دېھقانلارغا ئۆي سېلىش قۇرۇلۇشى بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدىن بۇرۇن مەكتەپنىڭ 1800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قورۇ تېمى پۈتتى،

5000 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى تەنتەربىيە مەيدانى پىششىق خىش بىلەن قاتتىقلاشتۇرۇلۇپ يېپيېڭى قىياپەت ھاسىل بولدى.

مانا ئەمدى توپا ـ تۇمان ئىچىدە ئوقۇيدىغان باللار چىرايلىق كىيىملىرى بىلەن پاكىز ھەم ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولدى. مەكتەپ قىياپىتىنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ۋە سۈپەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولدى، باشقا جايلاردىكى مەكتەپ ۋە ئورۇنلار بۇ مەكتەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆرنەك قىلدى، ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تەجرىبىسىنى ئۆزلەشتۈردى، شۇ بىر قېتىملىق ئىش بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىش، ئەسلىشكە تېگىشلىك خاتىرە بولۇپ قالدى.

بۇنىڭدىكى تۆھپە ۋە شەرەپ كىشىلەر قەلبىدە نۇرلىنىپلا قالماستىن، ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇكاپاتلىنىشىدەك شەرەپلەرگىمۇ سازاۋەر بولدى.

## مەسئۇلىيەت

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئەركىن ئابلىزنى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، بېيىش باشلامچىسى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى دەپ قارىغان قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئۇ ھەقتە بىر تەشۋىقات فىلىمى ئىشلىدى، ئوپېراتور ۋە فىلىمنىڭ يازغۇچىسى يېرىم ئاي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەركىن ئابلىزنىڭ پەزىلەتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر پەزىلەتنى فىلىمنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ دەل مەن بۇ ئەسەردە كىچىك ماۋزۇ قىلغان «مەسئۇلىيەت» ئىدى. شۇنداق، ئەينى چاغدا بۇ فىلىم پۈتۈن ۋىلايەتكە تەكرار تارقىتىلىپ، ئەركىن ئابلىزنىڭ ساداقەت بىلەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، بېرىلىپ ئىشلەپ دېھقانلارغا باشلامچىلىق قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بىر قاتار ئىزدىنىش ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇتقانىدى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بار. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى دائىرىسىدە ھەربىر خىزمەتكە مەسئۇل بولۇش، ھەربىر ئادەمگە مەسئۇل بولۇش، ھەربىر ئىشتا ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشتەك مۇھىم ھالقىلار بار ئىدى. مانا شۇنىڭ ئىچىدە دەردكە دەرمان بولۇشمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا باشقىلارنىڭ

دەردىگە دەرمان بولۇشنى باش تارتىپ بولمايدىغان ئىش قىلىپ تۇتۇپ كەلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ دەردى تۈگىسە مېنىڭ دەردىم تۈگەيدۇ، باشقىلارنىڭ ھالى خاراب بولسا مېنىڭ ھالىم خاراب بولىدۇ، باشقىلارنىڭ دەردى، ئازابى كۆچىيىپ كەتسە مېنىڭ دەردىم، ئازابىم كۆچىيىپ كېتىدۇ، باشقىلار خاتىرجەم بولمىسا مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن، دەرد بار يەردە ئامانلىق يوق، بەختەرلىك، مۇقىملىق بولمايدۇ، باشقىلار ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم بولسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئەركىن ئابلىز ھەممە ئادەمگە سەمىمىيەت بىلەن ئاتا ـ بالىدەك، ئاكا ـ ئۇكا، ئىنى ـ سىڭىلدەك پوزىتسىيىدە بولۇپ كەلدى.

بىر دېھقان مۇنداق بىر ئىشنى بايان قىلىپ بەردى: ئالدىنقى يىلى كەنت تەۋەسىدىكى م XX نىڭ ئوغلى ي XX ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈش سەۋەبىدىن دوۋساق قىسمى سېرىقئېتى يېرىلىپ كېتىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بولغانلىقتىن، داۋالىنىش، ئوپېراتسىيە قىلىشتا پۇلدىن قىسىلىپ قالدى، ئەركىن ئابلىز پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ ئىئانە توپلاپ، بىر قىسىم پۇلنى تولۇقلاپ بەرگەن بولسىمۇ، قىيىنچىلىق تولۇق ھەل بولمىدى، ي XX نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ داۋالىنىشىغا يېقىن يولىمىدى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەركىن ئابلىزنىڭ راستىنلا زەردىسى قايىنىدى، بىر كۈنى ئۇ ي XX نىڭ دادىسىنى شەھەرگە ماڭغان پەيتتە ئالدىنى توسۇپ، ئوغلىغا ياردەم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. بىراق، ئۇ پېشقەدەم كىشى قوپال تېگىپ، ئەركىن ئابلىزنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدى.

ـــ ئوغۇللىرىغا ياردەم قىلىش قولىرىدىن كەلمىسە، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، مەن سىلىنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ دۋالىتىمەن، شۇ چاغدا ۋاي دېمىسىلە بولىدۇ!

ـــ شۇجى، مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق، لېكىن بۇ نان قېپى ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېپىپ، بىزگە ئاۋارىچىلىك سالسا بولمايدۇ، ئۆزى تاپقان ئىشنى ئۆزى يىغىشتۇرسۇن دەيمەن، سىلى گەپ قىلىۋاتقان يەردە مېنىڭ بىرنېمە دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ، مەن دادىسى تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلەلمىدىم، قەرز بەرسەممۇ بولىدۇ، لېكىن ئېلىۋالسا بەرمەيدۇ... سىلىنىڭ ياردەم قىلغۇلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، مېنى چېتىۋالمىسىلا!

ـــ بولىدۇ، مەن ئامالىنى بىردەمدىلا قىلىمەن.

— ماڭا زىيان بولمسا بولىدۇ. سىلىغۇ بىزنى زىيانغا ئىتتەرمەيلا، شۇجىي، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

ئۇ كىشى بازارغا كەتتى، ئەركىن ئابلىز يېزىلىق ئورمان پونكىتىدىكى خادىملار-نىڭ تەستىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئادەم باشلاپ بېرىپ، م x x نىڭ تېرىلغۇ ئۈستىر-نىڭ بېشىدىكى تېرەكلىرىدىن 10 نەچچە تۈپىنى كەستى ۋە ئۇنى سېتىپ، پۇل قى-لىپ، x x نىڭ داۋالىنىشىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ ئوپېراتسىيىدىن سالامەت ساقىيىپ چىقتى. م x x تېرەكلىرىنىڭ سېتىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەسلەپ چىچاڭلاپ باقتى، كېيىن باشقىلارنىڭ مەسخىرە، دوق قىلىشىدىن تەپ تارتتى، بىراق ئاغزى جىم تۇرمىدى. ئەركىن ئابلىز مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشقا پىكىرلىرى بولسا دېسلە، ئەينى چاغدا بۇ تېرەكلەرنى كەنت سىلىگە ئۆچ يۈەندىن سېتىپ بەرگەن، مەن سىلىگە شۇ بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىمەن، بىر ئا-دەم قېيىن ئەھۋالدا قالغاندا كېرەككە كەلمىگەن تېرەكنى قانداق چاغدا ئىشلىتىمىز؟ ھەممە تاپقان- تەرگىنىمىز بىزنىڭ ھاياتلىقىمىز، ھاياتىمىز، سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلسىلە! مۇنداق قىلايلى: كەنتىمىزدە ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ، بىراق سىلى بۇنىڭغا قوشۇلالمىسىلا بۇمۇ بولىدۇ، سىلىگە بېرىلگەن باغ يې-رىنىڭ ئارتۇقى، باقمىچىلىق يېرىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، باش-قىلارغا سېتىپ، شۇ يەرنىڭ پۇلىغا ئاغرىقلارنى داۋالىتىش فوندى قۇرايلى.

بۇ گەپ م x x نى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. كېيىن ئۇ، ئەركىن ئابلىزنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقىپ قالدى.

نامراتلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇرۇلدۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ ئەركىن ئابلىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، بىرمۇ ئادەمنىڭ نامرات بولۇپ قالماسلىقىنى نەزەر-دە تۇتۇپ، ھەممە ئادەمگە ئورتاق، بىر خىل كۆز بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى نامايان قىلدى. ئەمما، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭغا كۆپ بولۇپ كەتتى، بۇنىڭغا ئاز بولۇپ قالدى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاشتىن خالىي بولالمىدى. نامراتلار-نى داۋالىتىش، كېسەل يوقلاش، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بې-رىش، تېرىقچىلىق ۋە بازارغا يۈزلىنىشكە مەدەت بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مۇناسىپ تەتبىقلىدى، ئايرىم ئىشلاردا مەخسۇس ئادەم بەلگى-

لەپ قۇتقۇزۇپ، يېتەكلەپ باي بولۇشقا ئىلھام بەردى، نەرسە ـ كېرەك بىلەن تەمىنـ
لەش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلاردا كونكرېت تۈزۈم، چارە، تەدبىر بېكىتىپ، نامراتلىقـ
تىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ، نامرات دېھقان ئائىلىسى يوق بوـ
لۇشنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىنى ھازىرلىدى. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە، قايتا نامراتلىشىپ
كەتكەن 46 ئائىلىكنى 2005 ـ يىلىغا كەلگەندە 14 كە تۆۋەنلەتتى.

ئەركىن ئابلىز ھازىرغىچە كۆپ قېتىم نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى. مەسىـ
لەن، رىسالەتگۈلگە 3000 يۈەن، ئابدۇسۇل ئىمىنگە 2000 يۈەن، تراكتور ھادىسىـ
سىگە ئۇچرىغان سەككىز كىشىگە 5060 يۈەن، ئەمەت ئابدۇرېھىمغا 6000 يۈەن
ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تۆرتكە بولدى. ئۇ بۇ پۇللارنى
ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىئانە قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى تەشكىللىك ئىئانە قىلىش،
تىجارەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىئانە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلدى.

دېمەك، كىمدە پەزىلەت ۋە مەسئۇلىيەت بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق تەتۈر
قۇيۇن تەگمەيدۇ، كىمنىڭ قىلغان ئىشىدا ھەققانىيەت بولىدىكەن، شۇنىڭ يولى
داغدام بولىدۇ. كىمنىڭ قەلبىدە كۆيۈنۈش ۋە سەمىمىيەت بولىدىكەن، شۇنىڭ ئىشى
روناق تاپىدۇ. تىلسۇزاق كەنتىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ ساداسى بايام بىز گېپىنى قىلـ
غان تېلېۋىزىيە فىلىمىدە نامايان بولدى. بۇ فىلىم بۇگۈنكى كۈندە قەشقەر شەھىرىـ
دىلا ئەمەس، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىـ
نىش، قوللىنىشتىكى دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە يەر تەۋرەشكە
چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى داۋامىدا 150 ئائىلىلىك دېھقانغا ئۆي سېلىشنى تولۇق تاـ
ماملىدى ۋە بۇ ئائىلە ئىچىدىكى م x x، ب xx كە كەنت ۋە شەخسلەرنى ھەرىكەتـ
لەندۈرۈپ، ئۆيلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى.

## ئۈلگىنىڭ ئۈلگىسى

ئەركىن ئابلىزنىڭ نەزىرىدە سىياسەت بەرگەن ئىمكانىيەت كىشىلىك تۇرمۇش
ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى مۇھىم بىر كوزىر ئىدى، پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلـ
گەندىلا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، قىلمەن دېگەن ئىشنى قىلغىلى بولاتتى.

xx ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل تۇردە

كىشىلەرنى باي بولۇشقا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، يېتەكلەپ ۋە كونكرېت ياخشى سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ئەمما، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن تىلسۇۋاق كەنتىدىكى دېھقانلار بۇنداق پۇرسەتلەردىن دەمال پايدىلىنىشنى بىلەلمەي قالدى. ئەركىن ئاب-لىزنىڭ بەكلا ئىچى پۇشتى. ئۇ تەكرار تەشەببۇس قىلىشتىن كېيىن، ئۇلگە كۆرۈش-تىپ، تىپ تۇرغۇزۇپ، تىپ ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەشنىڭ يولىغا قەدەم قويدى. ئەمما، بۇ ئىشتا نىشان قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر تېزگىنى تارتىلىپ قالغان تۇلپاردەك، ھەردېگەندە ئارقىسىغا داجىپ تازا ئالغا باسالمىدى، ئۇ كەنتنىڭ شەھەر-گە يېقىن بولۇش، يەر ئاز، نوپۇس كۆپ بولۇش، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۆي قۇش-لىرى باقمىچىلىقى، چارۋىچىلىق، سەي ـ كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىككە بولغان ئېھ-تىياجىنىڭ ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىگە ئاساسەن، كېۋەز، بۇغداي ـ قوناق تېرىقچىلىقىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، بازار ئېھتىياجلىق تېرىقچىلىق قۇرۇلمىغا يۈزلەندۈرۈشكە تەرەددۇت قىلدى. لېكىن ئۇ، ھەممە ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولمىسا بولمايتتى. بۇ ھەقتە توختالغاندا ئۇ مۇنداق دېدى:

— 1995 ـ يىلى مەن يانبولاق چارۋىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، بىر تۇغقىنىمنىڭ توخۇ بېقىپ باي بولغانلىقىنى كۆردۈم، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بازارنىڭمۇ مۇشۇ تۈرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، ئۆز ئۆيۈمدە توخۇ باقمىچىلى-قىنى يولغا قويدۇم. يېزىمۇ شۇ چاغدا توخۇ باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئې-تىبار بېرىشنى يولغا قويغان ۋە تەرەپ ـ تەرەپتە رادىئولاردا تەشۋىق قىلىشقا باش-لىغانىدى...

ئۇ تۇنجى بولۇپ 15 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 3500 دانە چۈجە سېتىۋالدى. تۆت ئاي بېقىۋىدى، ئۇنىڭ خوراز ـ مېكىيانلىرى ئايرىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ توخۇلىرىنى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ دېگەن گۇمانلاردا بولۇپ ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. ئۇ توخۇلارنى تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمىدە تۈرلۈك پەرۋىشلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىپ باقتى، چۈجىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تولىمۇ تۆۋەن بولدى، ئۇ تو-خۇلاردىن خوراز چىققانلىرىنى سېتىپ، 18 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، مېكىيان چىق-قانلىرىنى تۇخۇم توخۇسى قىلىپ يەرلىك يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىپ كۆندۈرۈپ، تۇخۇم نىسبىتىنى ئاشۇردى، ئۇ ھەر كۈنى نەچچە ئون يۈەنگە تۇخۇم ساتاتتى، 10

يۈەنگە ئادەتتە 22 ـــ 25 كىچە تۇخۇم بەردى، ئۇنىڭ ئۆيگە تەرەپ ـ تەرەپتىن تۇخۇم زاكاز قىلىدىغانلار كېلىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ تۇخۇم توخۇلىرىدىن بىر يىلدىلا 70 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى، ئۇنىڭ توخۇ تۇخۇمنى ساتىدىغان ۋاستىچىدىن 33 نەپىرى بارلىققا كەلدى، ئۇ بۇ ئىشنى تاكى 1993 ـ يىلغىچە داۋاملاشتۇردى. ئۇ- نىڭ پايدا ئالغانلىقىنى كۆرگەن باشقا دېھقانلارمۇ قىزىقىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ياردەم بېرىشى، يېتەكلىشى ئارقىسىدا 20 نەچچە ئائىلە توخۇ باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا مېڭىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. كەنتمۇ بۇ ئىشتا ئۈلگە بولۇپ سايلاندى. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

ـــ باشقىلارغا ئۆگەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئوبدان بولۇۋاتقان بازارلىرىنى قوغداپ قالسىلا بولماسمۇ؟ توخۇ باقىدىغانلار كۆپىيىپ كەتسە، سىلىنىڭ پۇل تېپىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ! ـــ دېدى. بىراق، ئەركىن ئابلىز مۇنداق دېدى:

ـــ مەن ئۆزۈملا پۇل تاپسام بولمايدۇ، مەن بازارنى ئاچتىم، مەقستىم پۇل تېپىد- ۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، يەنىمۇ كۆپ كىشىنىڭ بۇ ئىش ئارقىلىق باي بولۇشىنى، پۇل تېپىشنى تەجرىبە بىلەن تەمىن ئېتىش، بىزنىڭ بۇ يەردە توخۇ باقىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ بازىرى شۇنچە كەڭ بولىدۇ، بۇ بازارنىڭ قانۇنىيىتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەردە رىقابەت شەكىللىنىپ تېخىمۇ ياخشىلاش، تېخىمۇ تاللاش پۇر- ستى يارىتىلىدۇ...

2000 ـ يىلدىن كېيىن كەپتەر باقمىچىلىقى ئەۋج ئالدى، ئەركىن ئابلىز يېزد- نىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن 10 ـ مەھەللىدىكى يولۋاسخان مېھماننى نۇقتا قىلىپ تۇتتى، يولۋاسخان ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن خوتەندىن 200 دانە گۆش كەپتىرىنى 2000 يۈەنگە سېتىۋېلىپ ئائىلىسىدە بېقىشقا كىرىشتى، ياندۇرقى يىلى ئۇنىڭ كەپتەرلىرى ئاۋۇپ 3000 دىن ئاشتى، بىراق ئۇنىڭ ئېغىل ـ قوتىنى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. يولۋاسخان مېھماننىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇشى قەدىر ئەھۋال ئۆتەتتى، ئۇ تىرىشچان، غەيرەتلىك ئادەم بولغاچقا، 10 نەچچە يىل ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، چار بازارچىلىق قىلغانىدى. ئۇ يالغۇز ھەم ياشانغان، ھەم كې- سەلچان ئادەم بولغانلىقتىن، ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلالمايتتى، تىجارەت ئىشلىرىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، كەپتەر باقمىچىلىقى ئۇنىڭغا تازا باب كېلەتتى، ئەركىن ئابلىز ئۇنىڭ كەپتەر بېقىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ

ئېغىل ـ قوتان ئىشلىرىنى كېڭەيتىشنى پىلانلىدى ۋە 60 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە پىششىق خىشلىق، ئالدى سىم تورلۇق كەپتەر بېقىش كاتىكى ياساپ بەردى. بۇنىڭغا كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى خالىس ئەمگەك كۈچى چىقاردى، كەنت مالىيىسى 7000 يۈەن ئاجراتتى، بۇنداق ئېتىبار يولۋاسخان مېھماننى قاتتىق خۇشال قىلدى. ئۇ باشقا ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كەپتەر بېقىشقا چوڭقۇر مېھىر بىلەن كىرىشىپ كەتتى، كەپتەرلەرنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە تۈجۈپىلەپ بېقىشتا يەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش بىلەن بىر چاغدا ئۆزى بىۋاستە سىناق قىلىش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىپ، كېسەللىكتىن ساقلىنىش، كەپتەر باچكىسىنى كۆپەيتىشتە ئۆزىگە خاس چىقىش يولى تاپتى، ئۇ يەنە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى بازارلاردا كەپتەر باچكىسى، دورا ـ دەرمان سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بىرقانچە يىلدىلا كەپتەر باقمىچىلىقى بويىچە كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى، كەپتەردىن قىلغان كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. ئۇ كەنت، يېزا، شەھەر ۋە ۋىلايەت بويىچە مۇشۇ تۈردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن كەپتەر باقمىچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەجرىبىسى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرگە ۋە بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كويىدا بولغا دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئۆرنەك بولۇپ نەپ يەتكۈزدى. ئەڭ مۇھىمى ئەركىن ئابلىزنىڭ تەسىرى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا كەنت تەۋەسىدىكى 50 نەچچە ئائىلە كەپتەر بېقىش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلارنىڭ باققان كەپتىرى كەنت بويىچە 20 مىڭدىن ئاشتى، بۇ تۈردىن قىلغان يىللىق كىرىممۇ 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كالا ـ قوي باقمىچىلىقىمۇ بۇ كەنتنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى 1984 ـ يىلىدىن باشلانغان. شۇ چاغدا ئەركىن ئابلىز سىياسەتتىكى قولايلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، كالا ـ قوي باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئۆزى باشلامچى بولۇپ كالا ـ قوي قوتىنى سېلىپ، دەسلەپتە ئەلا نەسىللىك قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ بىرقانچە ئون يىل داۋامىدا ئۇنى ئىزچىل تۈردە كۆلەملەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى، ئۇ قويغا قارىغاندا كالا باقمىچىلىقىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلىسىدە كالا باقمىچىلىقىنى يولغا قويدى، ھەر يىلى كالا سانىنى تەدرىجىي ئاۋۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىگە قاراشلىق 2.5 مو باغ، ئىككى مو كېۋەز، 3.5 مو بۇغداي-

قوناق يېرىنىڭ مەھەللىۋى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى، كالا- قوينىڭ
سۇت، قېتىق، موزايلىرىنى سېتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بېقىشتەك ئار-
تۇقچىلىقىنى نامايان قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ قوتىنىدا 70 مىڭ يۈەنگە يارايدىغان ئەلا
نەسىللىك ئىنەك كالىدىن 14 باش بار بولۇپ، يىللىق پايدىسى20 مىڭ يۈەنگە يې-
قىنلاشتى. شۇڭا ئۇ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان كەنتىنىڭ كالا - قوي باقمىچى-
لىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، ئالدىدا ماڭغان دېھقانلارنى تۈرلۈك ئېتىبار بې-
رىشتىن بەھرىمەن قىلدى، يەنى چارۋا يېمى — بېدە، سىلوس تەييارلاش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس يەم - خەشەك يېرى ھەل قىلىپ بەردى؛ ھەربىر ئائىلىنىڭ
باققان چارۋىسىغا قاراپ بىر ياكى ئىككى ئادەمنىڭ يىللىق مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى
كەچۈرۈم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كالا - قوي باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
دېھقانلار تېز كۆپەيدى ھەم ئۇلارنىڭ ئورگانىك ئوغۇتتىن پايدىلىنىپ تېرىلغۇ يەر،
باغ - ئورمانلىرىنى بېقىش، چىقىمىنى تېجەش ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بولدى. ئۇلار يەنە
زەنجىرسىمان ئىشلەپچىقىرىش، تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پاي-
دىسىنى كۆردى. بىر قانچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ئالدىدا ماڭغان دېھقانلاردىن
50 ئائىلىنى نۇقتىلىق ئائىلە قىلىپ، ئۇلارنى سىياسەت ۋە پۇرسەت جەھەتتە قوللى-
دى، ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە مەلۇم مىقداردىكى چارۋا سانىنى ئاساس قىلىپ ، بۇ
خىل ئائىلىلەرنى يىلمۇيىل كۆپەيتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ كەسپىلىشىش، ئۇزاق مۇددەت
تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ئۇ دېھقانلارغا ئېغىل - قوتان ئورنى بېرىش-
تە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ھەربىر نۇقتىلىق ئائىلىنىڭ ئۆيى ئالدىدا بىر نەچچە فۇڭ
باغ بولۇش، زامانغا لايىق بىر يۈرۈش ئولتۇراق ئۆيى بولۇش تەلىپىنى قويۇش بىلەن
بىر چاغدا، ئارقا ھويلىسىدا چوقۇم بەش پۇڭ ئەتراپىدا ئېغىل - قوتىنى بولۇشىنى
ئىشقا ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ «ئۇ چەت - بۇ چەت تۇرال-
غۇسى» بار بولۇش ئىشقا ئاشتى، بۇ خىل ئائىلىلەرنى ھەرقايسى مەھەللىلەرنى بىر-
لىك قىلىپ، بىر جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدى تەرەپتىكى يولدىن ئولتۇراق ئۆيگە،
ئارقا تەرەپتىكى يولدىن ئېغىل - قوتانغا كىرگىلى بولىدىغان ھالەتنى شەكىللەن-
دۈردى، بۇ خىل يېڭىچە نۇسخا ھەم قولاي، ھەم زامانىۋى بولۇپ، نۇرغۇن يېزا -
بازار، مەيدانلارنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. ھازىر چارۋىچىلىق كەسپىي
ئائىلىسى 100 دىن ئاشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قوتان قۇرۇلۇشى پىششىق خىش-

www.uyghurkitap.com

لىق، يورۇق، زامانىۋى بولۇپ، كۆپ خىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئۇلار قەشقەر شەھە-
رىنى ھەر يىلى 200 ـــ 300 تونىنا سۈپەتلىك كالا ـ قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەي-
دۇ. 300 نەچچە نەپەر دېھقان پەرزەنتى بۇ كەنتلەردىن چىقىپ، ھەرقايسى بازارلارغا
چارۋا مال ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يۆت-
كەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ كەنتنىڭ ۋە ئەركىن ئابلىزنىڭ
چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تەجرىبە ـ پاراستى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا
كەڭ ئېتىراپ قىلىشقا سازاۋەر بولدى.

ئەركىن ئابلىز يەنە ئۆز يېرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چىقىش قىلىپ، باغ، ئورمانچى-
لىق، سەي ـ كۆكتاتچىلىق، پارنىك ئېگىلىكى بىلەنمۇ پائال شۇغۇللاندى. ھازىر بۇ
كەنتتە پارنىك كۆلىمى 100 مودىن ئېشىپ، يىللىق سەي ـ كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش
مىقدارى 2000 توننىدىن ئاشتى. 600 مو يەردە كۆلەملەشكەن ئانارلىق، 500 مو
يەردە كۆلەملەشكەن ئۆرۈكلۈك، 400 مو يەردە كۆلەملەشكەن ئۈزۈم تاللىق بەرپا
قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرگە ماس كېلىدىغان چۈچۈمەل مېۋىچىلىكنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇپ، يىل بويى كەنتتىن چىقىدىغان چۈچۈمەل مېۋە شەھەر بازىرىنى
قاپلاپ تۇرىدىغان، يەنى قوقان گىلاسقا ئوخشاش سېتىپ چىقىرىش باھاسى يۇقى-
رى، بازىرى ئىتتىك رەڭدار چۈچۈمەل مېۋىلەر قەشقەر شەھىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن
ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ سېتىلىپ تۇردى. باغ قىلىنغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر
خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كىرىشتۈرۈپ تېرىلىپ، يەردىن كۆپ
تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئىشقا ئاشتى.

ئەركىن ئابلىز ئۆزى ئۈلگە بولۇش بىلەن بىر چاغدا باشقا ئۈلگىلەرنىمۇ تىكلەپ،
پۈتۈن كەنتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مۇقىم، سىجىل ئىلگىرى
سۈردى ۋە غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنى ياراتتى.

## سەگەكلىك ۋە پاراسەت

بىر كەنت رەھبىرىي ئۈچۈن ئادەملىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇر-
سەت ۋە ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش، كىشلەرنى توغرا پوزىتسىيە بىلەن
يېتەكلەپ، توغرا يولغا باشلاش ئىنتايىن مۇھىم . بۇ ئەركىن ئابلىز ئىزچىل ئۆزىنى

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان قاراش، ئەمما، ھەممە ئىشنىڭ توغرا ، نەتىجىلىك بولۇشى ناتايىن، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ قىلىمەن دې-سە، قىلىدىغان ئىش ھەقىقەتەن بەك كۆپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا تېگىشلىك بو-لىدۇ، قىلمىسا بولمايدىغان ئىشنى قىلماي قاراپ تۇرسىمۇ، قىزغىنلىق بىلەن قىلىپ ۋايىغا يەتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىدۇ... ئەركىن ئابلىزنى ھەر كۈنى نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇرىدۇ، ھەممىسىنى قىلمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ مۇشۇ بىرقانچە ئۇن يىل داۋامىدا كەنت ئىگىلىكىدىكى خۇمداننى قايتا ھۆددىگە بېرىش، بىنەم يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كۆپەيتىش، ئىجارە يەرلەرنى قايتا ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق دېھقانلارغا، كوللېكتىپقا مەنپەئەتى بار، باي بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىشلاردا كەنت ۋە دېھ-قانلارغا خالىس قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، تەرەق-قىياتقا ماسلىشىش ئەركىن ئابلىزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىشى. ئۇ كەنت ئىقتىسادىنى زورايتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ باي قىلىش يولىدا كەنتنى ئائىلىسىگە، ھەربىر دېھقاننى ئائىلە ئەزاسىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا بارلىق ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى سەرپ قىلدى. ئۇ كەنتىمىز ئالغا باسسا، كۈچلەنسە، دېھقانلارمۇ ئورتاق ئالغا باسىدۇ، دەپ قارىدى. 2002 - يىلى ئۇ كەنت تەۋەسىدىكى تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېنقلاپ، بىنەم يەر ئېچىشقا تېگىشلىك يەرلەردىن بىنەم يەر ئېچىپ، دېھ-قانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىدى، بىر قىسىم جايلاردا باغ ئەھيا قىلدى، پارنىك يا-سىدى، 100 مو يەردە بېلىق كۆلى ياساپ يىللىقىنى 10 مىڭ يۈەندىن ئىجارىگە بەر-دى؛ تەرەققىياتى ئانچە ياخشى بولمىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بىر خۇمداننى شەخسىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ، يىلىغا 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇر-دى؛ كەنت ئورگىنى ئالدىغا ئىجارە ئۆي، دوكان سېلىپ، يىلىغا 4200 يۈەن، باش-قىلارغا ھۆددىگە ۋە ئىجارىگە بەرگەن بىنەم يەر، باغلاردىن يىلىغا 33 مىڭ يۈەن كى-رىم قىلىشنى قولغا كەلتۈردى؛ بۇنىڭدىن باشقا كەنت ئىگدارلىقىدىكى مۇقىم مۈ-لۈك، يەرلەرنى ھەر يىلى بازارغا قاراپ باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش، ھۆددىگە، ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق 52 مىڭ يۈەن كىرىم كەلتۈردى. بۇ ئارقىلىق كەنتنىڭ كىرىمىنى يىلىغا 10 — 20 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھازىر ئۇ يەنە 60 نەچچە مو باغنى سەيلە - ساياھەت باغچىسى قىلىپ ياساشقا كىرىشتى، بۇ باغ

www.uyghurkitap.com

ئىشقا كىرىشسە، ھەر يىلى كەنتكە 50 ـــ 60 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلغىلى ۋە 10 ـــ 15 كىچە دېھقان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق تىرىشچانلىق كەنت جۇغلانمىسىنى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيتتى، 2003 ـ يىلى كوللېكتىپ كىرىم 120 مىڭ يۈەنگە، 2004 ـ يىلى بىراقلا 127 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2005 ـ يىلى 180 مىڭ يۈەنگە يېتىش مۆلچەرلەندى. بۇنى 90 ـ يىللاردىكى 26 مىڭ يۈەنگە سېلىشتۇرساق، ھازىر ئالتە ھەسسە ئاشقان بولىدۇ.

ئەركىن ئابلىز كەنت جۇغلانمىسىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارغا تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن پائال شۇغۇللاندى؛ كەنت بويىچە 3700 مو يەرنى سالالاشتۇرۇپ ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇردى، تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس سېمونت ئۆستەڭ ياسىدى؛ 600 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، يەر ئاستىدىن سۇ تارتىش قۇدۇقىدىن تۆتنى كولىتىپ، سۇ كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. كۆلەملىشىش ۋە كەسىپلىشىشكە مەدەت بېرىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرغانلىقتىن، ھازىر كەنت بويىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمى 1920 موغا يەتتى، باقمىچىلىق ئائىلىسى 130 غا، ئۇلار باققان چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى سانى 50 مىڭغا يەتتى، 2672 نوپۇس ئىچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 144 كە يەتتى، قەشقەر شەھىرى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى بازارلاردا مال ئالماشتۇرۇش، سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، تۆت نەپەر دېھقان بىرلىشىپ ۋاستىچىلىك ئەندىزىسى ئاساسىدا ئۇيۇشۇپ، چەت ئەللەردە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. كەسىپلەشكەن ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، بۇلتۇر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2318 يۈەندىن توغرا كەلدى. ھازىر بۇ كەنتتىكى قاسساپلار، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك ئائىلىلىرى شەھەرنى ھەر كۈنى نەچچە ئون تونىنا قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەپ، تەرەققىيات ئۈچۈن ماددىي ئاساس سېلىۋاتىدۇ؛ شۇڭا، كەنت بويىچە بازار يېتىلدۈرگەن كەسىپ تۈرى 47 گە يەتتى، يىللىق باغۋەنچىلىك كىرىمىنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 32 پىرسەنتنى، چارۋىچىلىق كىرىمى 37 پىرسەنتنى، سەي ـ كۆكتات كىرىمى 16 پىرسەنتنى، تىجارەت ۋە باشقا قوشۇمچە كىرىم 45 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كى-

رىمى 2003 ـ يىلى 2119 يۈەن، 2004 يىلى 2628 يۈەن بولدى.

# پاك قەلب

2004 ـ يىلى يازدا، مەلۇم بىر دېھقان يولۋاسخان مېھمانغا :

ــــ ئاڭلىسام، ئەركىن شۇجى پرىنسىپتا بەك چىڭ تۇرىدىكەن، راستمۇ ؟ ــــ دېدى.

ــــ قانداق دەيلا ؟

ــــ مەن دەيمەن، بۇ گۇنكى كۈندە پۇل، مەنپەئەتنى كۆرسە كۆزى قىزارمايدىغان ئادەم يوق. ئەركىن شۇجىغا 500 يۈەن بەرسەم، باشقىلارغا بېرىۋاتقان ئىبغىل ـ قۇ- تان يېرىدىن بىر كىشىلىك بېرەرمۇ ؟

يولۋاسخان مېھماننىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى ۋە :

ــــ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسىلا، پۇللىرىنى كۆزلىرىگە تىقىپ، شۇ پۇلنىڭ ئۇس- تىگە سىيىپ قويىدۇ، جۇما ! ؟ ــــ دېدى.

ھېلىقى ئادەم ئىزا تارتىپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى ۋە :

ــــ خاپا بولمىسىلا، سىنىماق ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ئىدىم ! ــــ دېدى.

ئەسلىدە بۇ ئادەم تىلسۇزاق 17 ـ كەنتلىك كىشى بولۇپ، ئەركىن ئابلىزنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى، يولۋاسخان مېھماندىن ئاڭلىغان دەشنامدىن ئەركىن ئابلىزغا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئەركىن ئابلىز مۇ- شۇ بىر قانچە يىل داۋامىدا كۆپ قېتىم مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلدى. ئۇ بۇ خىل ئىشلارغا ئەخلاقىي ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، پارتىيە ئىستىد- لى، پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئەھدىگە ئەمەل قىلىش نۇقتىسىدىنمۇ قارشى تۇرۇپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ « يەمچۈك » تاشلاپ كۆنۈپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى. ئۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنپە- ئەتى، بولۇپمۇ نامۇۋاپىق تەلەپ ـ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئۇنى قۇربان قىلىشقا، ھەتتا كۆزدىن يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

«ئادەمنىڭ ئالدى گۇل، كەينى تىكەن» دېگەندەك، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىل- گىرى ئۇنىڭدىن غەيرىي نورمال يول بىلەن نەپ ئېلىش غەرىزىگە يېتەلمىگەن بىر- قانچە كىشى ئۇنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان باشقا بىر ئادەمنى

ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ غەرىزىدە بولدى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مەبلىسى بار دەپ ئەرز قىلدى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەركىن ئابلىز ئېغىر-بېسىق بولۇپ، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. بىراق، دېھقانلار بۇ چاغدا ئۇنىڭكىدىن ئايرىلىپ قالساق، كۆڭلىمىز تەس بولىدۇ دەپ قاراپ، غەم يەپ تەكشۈرگۈچى تار-ماقلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەركىن ئابلىز ئۇنداق قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، تولۇق، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، مەسىلىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئايرىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەكشۈرۈشنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە چىرىكلىك ئەھۋالى كۆرۈلمىدى، ئۇنىڭ ساپ، ھەققانىيلىقى قايتىدىن نۇرلاندى. يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە ئۇنىڭ يۈزى يورۇق بولدى.

بىلىش كېرەككى، بىر ياخشى ئادەمنىڭ ئارقىسدا چوقۇم بىر ياكى بىرقانچە نامەرد ئادەم بولىدۇ. چوڭ ئىشنى تەۋرەتكەن ئادەمنىڭ ئارقىسدا چوقۇم بىر ياكى بىرقانچە كۆرەلمەس ئادەملەر بولىدۇ. ئىش قىلساڭ، ئۇتۇق قازانساڭ، ئاشۇ كىشىلەر ھامان سېنىڭ ئۈستۈڭدە مىتە قۇرتتەك غاجاپ تۇرىدۇ، بۇ بىر جەھەتتىن ئۇتۇق قازانغۇچىنى خىرىس ۋە رىقابەتكە سۆرەپ كىرىدۇ، بۇ ھال شۇ كىشىنى سەگەك قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، كۆرەلمەسلەرنىڭ توغرا ئىش ئۈستىدىن، ئۆسەك گەپ قىلىشىدىن، ئەرز قىلىشىدىن قورققاندا، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئىشنىمۇ، بۇ ئىشنى قىلماي، شەكلى ئادەم بولۇپ يۈرگەننىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بىرەر ئىشنى قىلدىڭمۇ، ھەر خىل ئۆسەك سۆز مەۋجۇت بولىدۇ، تۇتقان يولۇڭ توغرا، قىلغان ئىشىڭ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىشقا پايدىلىق بولسىلا، باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئىشىڭنى قىلىۋېرىشىڭ كېرەك، مانا بۇ شۇ كىشىنىڭ چىقىش يولى.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئەركىن ئابلىز كىملەردىندۇر تاما قىلىش، نەپ ئېلىش خىيالىدا بولمىدى، ھەتتا ئۇ نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولغان بولسىمۇ، دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى تەمە قىلمىدى، ئەمەلىي ئىشلەپ، كىشىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالماي، قەلبىدىكى پاكلىق، ھەرىكىتىدىكى ساپلىقنى ساقلاپ كەلدى.

تىلسۇزاق كەنتى ئىلگىرى قوغان يېزىسىغا قاراشلىق ئىدى، 1998 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق دۆلەتباغ يېزىسىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. 2005 ـ يىلىنىڭ

بېشىدا دۆلەتباغ يېزىسى تىلسۇزاق 18 ـ كەنت بىلەن 17 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكـىـ
سىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەركىن ئابلىزنى ياچېيكىنىڭ باش شۇجىسى قىلىپ بېكىتتـى،
ئەسلىدە 17 ـ كەنت 18 ـ كەنتتىن ئايرىلىپ چىققان كەنت بولۇپ، بىرقانچە يـىلـ
دىن بۇيان دېھقانلار بۇ ئىككى كەنتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەركىن ئابلىزنى شۇجى قىلىپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. يېزا ۋە شەھەرنىڭ توغرا پىلانلىشى ۋە ئۇلارنىڭ
خەلق رايىنى نەزەردە تۇتۇشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشقان بولسـمۇ،
ئەركىن ئابلىزنىڭ جاپاسى ئاۋۇپ كەتتى. 17 ـ كەنتتە يىللاردىن بۇيان مۇقىمسىزـ
لىق، يەر ماجىراسى، نامراتلىشىش هادىسىلىرى كۆرۈلگەچكە، بۇ هال ئىشلەپچـىقـىـ
رىش، خەلق تۇرمۇشىغا نۇقسان يەتكۈزگەنىدى، ئەركىن ئابلىز ئىككى كەنتكە شـۇـ
جى بولغاندىن كېيىن، جان پىدالىق بىلەن قاتتىق ئىشلىدى ۋە چارچىدى، ئۇ ئالدى
بىلەن بۇ كەنتتىكى كادىرلارنى تەرتىپكە سالدى، يېزا ۋە شەھەرلەردىن نۇقتىدا تـۇـ
رۇپ ئىشلەۋاتقان كادىرلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىش ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ، كەنتنىـڭ
ھەرقايسى قاتلام، بۆلەكلىرىدە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، يېڭىۋاشتـىن ئـىش
باشلىدى؛ ئايرىم دېھقانلار ئارىسىدا سۆرىلىپ كەلگەن، هەل بولمىغان ئۇششـاق مـاـ
جىرالار ۋە يەر ماجىرالىرىنى بىر ـ بىرلەپ مۇۋاپىق يول بىلەن هەل قـىلـدى، 18 ـ
كەنت دېھقانلىرى بەرپا قىلغان باي بولۇشقا يېتەكلەش تەدبىرلىرىنى تەتـبـىقـلاپ،
باقمىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق، سەي ـ كۆكتاتچىلىق، تىجارەت قىلىش قاتارلـىق
تۈرلەردە ئىقتىدارى بارلارغا ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى، باقمىچىلىقتا يـەم ـ بـوـ
غۇز يېرى بېرىشكە تېگىشلىك دېھقانلارغا مۇناسىپ يەر ئاجرىتىپ بەردى. يولۋاسخان
مېھمانغا پارا بېرىشنىڭ گېپىنى قىلغان هېلىقى كىشىمۇ دەل مۇشۇنداق يەردىن ئېلىش
تەمەسىدە يۈرگەن ئادەم بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۇنىڭغا باقمىچىلىق يېرى بېرىـشـكـە
بولمايتتى، شۇڭا ئۇ ئەركىن ئابلىزغا قايتىلاپ يەر گېپى قىلمىدى.

ئەركىن ئابلىز 17 ـ كەنتتە يەنە 10 ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ، ئامانلىق ساقـلاش،
مۇقىملىق خىزمەتلىرى بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى، هەربىر دېھقان رىئايە قـىـ
لىشقا تېگىشلىك يەرلىك بەلگىلىمە تۈزۈپ يولغا قويۇپ، شۇ بويىچە ئىجرا قـىلـدى،
پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى چىڭـىـتـتـى،
ياشلارنى ئاساس قىلىپ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەشنى قانات يـاـيـ
دۇردى. بۇ بىر قاتار تەدبىرلەر بۇ كەنتنىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، هـازىـر

تۆرلۈك خىزمەتلىرى ئارقىدا قېلىشتىن بىراقلا يېزا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا كىرگەن كەنتلەردىن بولۇپ قالدى.

ئەركىن ئابلىزنىڭ قەلبىدە پارتىيىگە بولغان تەلپۈنۈش تولىمۇ چوڭقۇر، شۇڭا ئۇ قايسى ئىشنى قىلسۇن، قايسى جايدا بولسۇن، بېرىلىپ ساداقەت بىلەن ئىشلىدى، ئەينى يىللاردىكى 26 پارتىيە ئەزاسىنى 54 كە تەرەققىي قىلدۇردى. ھەرقايسى كەنت، مەھەللىلەرگە 10 نەچچە يارامىلىق كەنت كادىرى تەربىيىلەپ بەردى، ئۇ بۇ ئىشلار ئۈچۈن ۋايسىمىدى، تەمەدە بولمىدى. ئۇ ھەقتە توختالغاندا، ئۇ 1992 ـ يىلىدىكى ئىشلارنى ئەسكە ئالىدۇ:

شۇ يىلى ئۇ 30 مىڭ يۈەن دەسمىي سېلىپ، مەھەللىسىدىكى ئابدۇرۇسۇل رېھىم بىلەن رەخت تىجارىتى قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار پۇرسەتنى دەل تۇتقانلىقتىن، تىجارىتى تېزلا روناق تاپتى ۋە تۆت يىلدا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن بولسا، بەلكىم بۈگۈنكى كۈندە ھېلىقى شېرىكىگە ئوخشاش نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلەپ پۇلى بار بايغا ئايلانغان بولاتتى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ شۇ چاغدىمۇ كۆزى يەتكەنىدى، بىراق ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئىشى ئاۋۇپ كەتتى، ئۇ تەرەپكە قارىسا ئۆزىنىڭ پايدىسى بولغان تىجارەت، بۇ تەرەپكە قارىسا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بولغان نۇرغۇن ئىش قاراپ تۇراتتى، شۇ چاغدا قايسىسىنى تاللاشتىن ئىبارەت قىيىن ئىش ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى تاللىمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزدى ـ دە، تىجارەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنى خەلق خىزمىتى يولىغا تاشلىدى. ئۇ بۇ خىزمەتنى پارتىيە تەشكىلى ماڭا تاپشۇرغان مەجبۇرىيەت، خەلق ماڭا بەرگەن شان ـ شەرەپ، مەن تاپقان پۇل ھامان تۈگەپ كېتىدۇ، خەلق تۈگىمەيدۇ، ماڭا ئىشەنگەن پارتىيە ۋە خەلق مېنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دەپ قارىدى ۋە تىجارەتتىن كېلىدىغان ھەممە پايدىسىدىن ۋاز كەچتى. شۇ ۋەجدىن، ساداقەت بىلەن پاكلىق ئۇنىڭغا ھەمىشە يار بولدى ۋە كۆپ قېتىم شان ـ شەرەپ، ئۇتۇققا ئېرىشتى.

مۇبادا سىز تىلسۇزاق كەنت كومىتېتىغا بېرىپ قالسىڭىز، مەخسۇس بىر ئۆينىڭ تاملىرىغا يوپۇشتۇرۇلغان، چاقناپ تۇرغان قىزىل بايراق، لەۋھە، شەرەپنامىلەرنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ 1985 ـ يىلىدىن بۇيانقى شەرەپ، ئۇتۇقلىرىغا نەزەر سالسىڭىز، يېزا، شەھەر، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 67 قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە

ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كەنت كادىرى، باي بولۇش باشلامچىسى، نامراتلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەش ماھىرى، خىزمەت ئىلغارى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولغانلىقىنى كۆرەلەيسىز، شۇنداقلا كەنت كومىتېتىنىڭمۇ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۇدا نەمۇنىچى كەنت بولغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئەركىن ئابلىز پارتىيە ۋە كەڭ دېھقانلار ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان ئادەم. شۇڭا، پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلقىمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى بەردى، مانا بۇ ئىنسانىي بۇرچىنىڭ نامايان قىلىنغانلىقى ۋە بىر ئەركەك ئۈچۈن ھەقىقىي ئوبرازىنىڭ يارىتىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2005 ـ يىل 6 ـ ئاي، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى









ئەركىن ئابلىزنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998-2948250　13999097540













www.uyghurkitap.com

# سەۋر- تاقەت

بىرى سىزدىن: بەخت، پاراسەتنىڭ بەلگىسى ۋە ئاسايىشلىقنىڭ مەنبەسى نېمە؟ دەپ سورىشى مۇمكىن، سىز سەۋر - تاقەت، دەپ جاۋاب بېرىڭ. چۈنكى، سەۋر - تاقەتلىك كىشى مەغلۇپ بولغۇچى ئەمەس، بەلكى تەدبىر كارلىقنىڭ ھامىيسى. سەۋرلىك بولۇش — بىرەر ئىش ياكى بىرەر ۋەقەگە ئالدىراپ ئەمەس، تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، باش - ئاخىرىنى ئويلاپ، چارە - تەدبىر قوللىنىشنى كۆرستىدۇ، ئۇ روھىي ھالىتى، تەپەككۇرنى رېئاللىقتا بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرىكەتلەر ئۈستىگە يىغىنچاقلاپ، ئىلغارلىقنى يېتەكلەشنى، ياخشىلىق تەرەپكە بۇراشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەپەككۇرنىڭ جەريانىدۇر. يۈكسەك نىيەت، ئۇلۇغ ئارزۇلارنى دىلىغا پۈككەن كىشىلەر ئۈچۈن سەۋر - تاقەت يۈرەكنىڭ قېنىغا، ھاياتلىقنىڭ جېنىغا ئوخشاش قەدىرلىك. چۈنكى، سەۋەب بىلەن ماھىيەتنىڭ، سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا باھا بېرىشتە سەۋر- تاقەتكە تايىنىش كېرەك.

بۇ ئالەم سەۋەب ئالىمى، تەدبىر ئالەمدۇر! تەدبىر سەۋر بىلەن تاقەتنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارىلىدۇ. سىز كەم بولۇڭ ھەرقانچە خورلۇق تاتقان چاغدىمۇ سەۋر - تاقەتلىك بولۇڭ، ھېچبولمىسا بىردەملىك سەۋر - تاقەتنىڭ قۇربانى بولۇڭ، خورلۇق، ئار- نومۇس، جەبىر - جاپا، بەتنامى سىزگە باشقىلار بەخشەندە قىلىشى مۇمكىن؛ دېمەك، سىز باشقىلارنىڭ ئاشۇنداق مۇددىئا - مەقسىتىنى چۈشەنسىڭىزمۇ، دەمال تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىسىز. شۇ چاغدا سەۋر - تاقەت بۆشۈكىگە چىقىپ ئويلانسىڭىز، مۇناسىپ «زەررىچە» لەرنى يىغىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز، شۇ چاغدا شېرىن- شەربەت مېۋىلەرگە ئىگە بولالايسىز! چۈنكى، سەۋر چانلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى، ھاياتنىڭ خورىماس بۇلىقى، تاقەت بولسا ئاشۇ ئالتۇن كۆۋرۈكنىڭ سۇنماس تۈۋرۈكى، ھاياتنى قوغداشنىڭ يېڭىلمەس قاراۋۇلىدۇر!

# توزاندىكى گۈل

## يېتىمنىڭ غېمى

روزى ئۆمەر توغرىسىدا گەپ بولسا، ئادىلجان سىيىت كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. شۇنداق چاغدا كۆڭۈل ئېكرانىدىن قىممەتلىك مىنۇتلارنىڭ يادنامىسى ۋە ئۆتمۈشى، مەڭگۈلۈك مېھىر - ۋاپانىڭ ئۆچمەس كۆرۈنۈشلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتىدۇ.

بىر چاغلاردا ئادىلجان سىيىت پوسكام ناھىيىسىدىكى ئايكۆل يېزا 3 - كەنت 4-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق يېتىم بالا ئىدى. ئۇ 10 ياشقا كىرگەن يىلى يەنى 1992- يىلى ئۇنىڭ كېسەلچان ئاتىسى بۇ ئالەمدىن كەتتى، ئادىلجان قاتارلىق سەككىز بالا ئانىغا قالدى، بىر ئانا سەككىز بالىنى قانداق باشقۇرۇپ، قانداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولار ؟ بىراق، نېمە ئامال ؟ بۇ ئائىلە ھەممىنى قىلىشى ۋە باتۇرلۇق بىلەن قىيىنچىلىق ھەم توسالغۇلارنى يېڭىشى كېرەك ئىدى. بالىلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئىشنى قىلىش بىر قەدەر ئاسان بولغىنى بىلەن كىچىك قالغان ئادىلجاننىڭ تەقدىر-قىسمىتىنى ھېچبىرىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى. ئۇ ھەممىدىن بەك جاپا تارتتى، تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىكى، نامراتلىق، پاناھسىزلىقنىڭ پاتقاقلىرى ئۇنىڭ يۇمران قەلبىنى نابۇت قىلىپلا قالماي، روھىنىمۇ بەربات قىلىۋەتتى، مەكتەپكە بارسىمۇ كاللىسىغا ھېچ نەرسە چۈشمەيتتى، ئۇ بۇلۇڭ- بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزەتتى، بەزىدە توق، بەزىدە ئاچ ھالدا ئۆيىگە قايتىپ باراتتى؛ ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ، مەھەللىدىكى كۆيۈمچى بار كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى ، ئۇنىڭغا كىم باشپاناھ بولار ؟ كىم ئۇنىڭ بېشىنى سىيلار ؟ كىم ئۇنىڭ يولىغا پايانداز سېلىپ، چىقىش يولى ھازىرلاپ بېرەر ؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش تولىمۇ قىيىن ئىدى، ئۇ ئۆزى ئويلىسىمۇ

تېگى يوقتەك، ئاسان قولغا كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى، كۆڭلىنى ئاختۇرسا بۇنىڭ جاۋابى يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغاندەك قىلاتتى، تۇيغۇ ھېسلىرى ئۇنى بىئارام قىلاتتى، بىچارە ئانىمۇ ئادىلجاننىڭ غېمىنى ھەممىدىن بەك قىلاتتى، بالىلارنى نورمال بېقىش، ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزۈش ئۈچۈن كۈن بويى ئېتىزنىڭ، تىرىكچىلىكنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تېپىرلاپ، ھالى خاراب بولۇپ كېتەتتى، بالىلارنىڭ غېمى بىلەن دەردىدە، پىراق ئوتىدا باغرى كاۋاپ بولۇپ كۆيەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى پۇچىلىناتتى... بىر قانچە يىلدا باشقا بالىلار ھەر ھالدا دېھقانچىلىقنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ قالدى، بىراق ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئادىلجاننىڭ شۇ قەدەر ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، ئوقۇيالماي تىرىكتاپ بولۇپ قالدى. بۇ ھالدا ئادىلجاننى ئوقۇتۇش پۇرسىتى يارىتىشقا ئىمكان بولمىدى، تۆۋەن تۇرمۇش، تۆۋەن ئىستېمال ئانا ـ بالىلارنىڭ نۇرغۇن قۇربان بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قىلسا ئۇ كەم، بۇنى قىلسا بۇ كەم بولۇپ كەلدى، نامرات تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ئۇنى بىچارە، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇر قىلدى.

1992 ـ يىلى ئادىلجان ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىققاندى، ئۇ ئوقۇش راسخوتى، دەپتەر ـ قەلەم پۇلى دېگەنلەرنى تاپشۇرالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ يېتىملىكى، بىچارىلىكى تازا بىلىندى، ئۇ ئېتىزغا چىقسا قىلىدىغان ئىشى تايىنلىق ئىدى. دەل شۇ چاغدا، كىمدۇر بىرى ئادىلجاننى يەكەن ناھىيىسىدە داڭق چىقارغان ساخاۋەتچى، سىر ـ نەققاشچىلىق ئۇستىسى روزى ئۆمەرگە شاگىرت قىلىپ تۇتۇپ بەرسە ھەم ھۈنەر ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ھەم تۇرمۇشىدىن خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ تەكلىپ ئانىغا ياغدەك ياقتى، ئۇلار سۈرۈشتە قىلىپ، روزى ئۆمەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرىپىنى ئاڭلاپ بەكلا قىزىقتى، كېيىن بىلدىكى، روزى ئۆمەر ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك سېخىي، كەڭ قورساق، كۆيۈملۈك ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇ ئادىلجاننى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ئادىلجاننىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى...

## ئاتا روھىدا

ئۆمەر سادىق ئۆز يۇرتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئىدى، ئۇ ئوغلى روزى ئۆ-



www.uyghurkitap.com

مەرگە بەكمۇ ئامراق بولغاچقا، ئۇ كىچىك روزى ئۆمەرنى نەگە بارسا بىللە ئېلىپ باراتتى، روزى ئۆمەر ئاز - تولا ئەقىل تاپقاندا ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇشكە ئامراقلىقىنى، ھېلىقى ئۆرۈكلۈك يولدا ئويناشقا بەكمۇ خۇشتارلىقىنى بىلدى. بۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبى بار ئىدى، بۇنى سەل يىراقتىن بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆمەر سادىق 64 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە 36 يىل كەنت باشلىقى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى، مۇشۇ جەرياندا پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ياخشى باشلامچىسى، سىردىشى، تەرەققىياتنىڭ ياخشى يېتەكچىسى بولۇپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى يەكەن ناھىيە ئارسلانباغ يېزا يۇقىرىقى ئالۋاقچى كەنتى ناھىيە مەركىزىدىن 18 كىلومېتىر يىراق بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقانىدى، شۇنداق بولۇشقا قارىماي، كەنتنىڭ يىراق - يېقىنغا داڭقى بار ئىدى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەھسۇلات ئەۋزەللىكى ۋە شارائىت ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئىش كەنت يولىنىڭ 12 كىلومېتىر بۆلىكىدە شۇ قەدەر چىرايلىق ئايىنىغان ۋە ياراشقان ئۆرۈك كۆچەتلىرى بولۇپ، كەنتنىڭ ھۆسنىگە - ھۆسن، نامىغا شۆھرەت قوشۇپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە بارغانلىكى كىشى بۇ يەرنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن ھۇزۇرلىناتتى ۋە كەتكىسى كەلمىگەندەك تارتىشاتتى، ئۇلار بۇ باغنى كىمنىڭ بەرپا قىلغانلىقىنى، قانداق بەرپا قىلغانلىقىنى، دېھقانلارغا قانداق پايدا يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى سورايتتى، شۇ يەردىكى كىشىلەر پەخىرلىنىش، ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۆمەر سادىقنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ باغقا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ماختايتتى... ئۆمەر سادىقنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىدا پەم - پاراستى بار بولۇپلا قالماستىن، كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئائىلىۋى مېھىر - مۇھەببەت ، ئەدەپ - قائىدىلەردىمۇ توختالغۇسى بار، پەزىلىتى ئېسىل ئادەم ئىدى. ئۇ ھەم مۇلايىم، ئەستايىدىل، سەمىمىي ئىدى، ئۇ خوتۇنى قۇربانىنىسا قۇربانىنىياز بىلەن ئۆمۈر بويى بىرگە ياشاپ، ئالتە پەرزەنتىنى بىر - بىرلەپ قاتارغا قوشقانىدى.

روزى ئۆمەر 1969 - يىل 12 - ئايدا دەل مۇشۇنداق ئائىلىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ئۈچىنچى ئوغۇل ئىدى. ئۇ ئەقلىنى تاپقاندا ۋۇجۇدىدىن قىزغىنلىق، ھەرىكىتىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە تەڭ قىزىقىدىغان بالا ئىدى. ئۇ 1982 -

يىل 7 ـ ئايغىچە ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1985 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە ئا- رىسلانباغ يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى، ئوقۇغاندىمۇ باللارنىڭ ئالدىن- قى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچ- لۈك ئىدى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ باشقا باللارغا قارىغاندا بۇ بالىمىز ئەقىللىق، سەرگۈل بالا بولدى، ئالىي مەكتەپكە قەدەر ئوقۇتمساق بولمايدۇ، دەپ ئۈمىدلىنىپ، ئارزۇ ـ ئىس- تەكلەر قوينىدا كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈردى. ئەپسۇسكى، «بالا كەلسە كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك ، بىر قېتىملىق تاسادىپىي هادىسى- دە روزى ئۆمەرنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتتى، ئۇ 90 كۈن دوختۇرخانىدا مىدىر قىلماي ياتتى، ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغان هاياتى ھەر هالدا ئامان قالدى، بىراق ئۇ كۈتمىگەن يەردىن مەكتەپتىن قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئۈ- مىدسىزلىك بىلەن پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى خۇن قىلدى، ئاتا بىلەن ئانا ئۇنىڭ بىسەرەمجان كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ئۈمىد بېغىشلىدى ھەمدە ئۇنى بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، كەسىپ ئېگىلەپ، چىقىش يولى ئىپىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ قايسى ھۈ- نەرنى، قايسى كەسىپنى ئۆگەنسە مۇۋاپىق بولار ؟

ئاتا بىلەن ئانا بۇ ئىشقا نەچچە كۈنلەرگىچە باش قاتۇردى، ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋا- لى، كەيپىياتى، كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى قاتارلىقلار ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى، ئاخىر ئۇلار ئۆي بېزەش ـ زىننەتلەش كەسپىنى ئەڭ مۇۋاپىق ھۈنەر دەپ قارىدى. چۈنكى، هاياتلىقلا بولىدىكەن، كىشىلەر ئۆيگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ، كىشىلەردىكى ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۆي بېزەشنى ئېھتىياج قىلماي مۇمكىن ئەمەس، بۇ دەل ئۇزۇلۇپ قالمايدىغان كەسىپ، ئۈكسۈپ قالمايدىغان ئېھتىياج. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، ھەمىشە ئۆي ئىچىدە ئېلىپ بېرىلى- دىغان مەشغۇلات ئىدى. بۇنداق ئىشقا كەلگەندە ئۇنىڭدا ئاتىسىنىڭ ئەستايىدىللىقى، قەتئىيلىكى، سەممىيىتى ۋە جاپاغا چىداش روهى مۇجەسسەم ئىدى!

## گۈل ـ بېزەكلەر ئارىسىدا

1986 ـ يىل 1 ـ ئايدا روزى ئۆمەر ئۆز يۇرتىدىكى داڭلىق سىر ـ بېزەكچىلىك ئۇستىسى ئابلەت سەلەيگە شاگىرت بولۇپ كىردى. ئۇ بۇ ھۈنەرگە قىزغىنلىق بىلەن

كىرىشىپ كەتتى، ئۇستىسى چاچقۇنراق بولسىمۇ، ئەستايىدىل، سەمىمىي ئادەم بول-
غاچقا، ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتىشكە باشلىدى؛ بىراق، ئۇ ئىشلار ئۇنىڭغا تولىمۇ
ئۇششاق، ئىنچىكە تۇيۇلدى. ئۇ دەسلەپتە ئۇستىسى ھۆددە ئالغان ئۆيلەرنىڭ تام ـ
تورۇس، لىم ـ جەگە، ۋاسىلىرىنى قىرىش، تازىلاش بىلەن بەند بولدى، كېيىن شى-
لىم بېرىش، زاماسكا قىلىش، ئەستەر سىرلىرىنى بېرىش بىلەن كەسىپكە ئىچكىرىلەپ
كىرىشكە باشلىدى، بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئۇ سىر تەڭشەش، گۈل ـ نەقىش سى-
زىش، تاراق چىقىرىش ئىشلىرىغا قول تىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بىر ئۆيگە نىس-
بەتەن قۇرۇلۇشچىلىقى مۇھىم بولماستىن، ئۇنىڭ بېزەكچىلىكى ھەممىدىن مۇھىم ئى-
دى، بېزەكچىلىك شۇ ئۆينىڭ پۈتۈپ چىقىشىدىكى ئاساسىي تەرەپ بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىگىلىگەن نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن كەم بولمايتتى. روزى ئۆمەر بۇ نۇقتىنى چۈشى-
نىپ يەتكەندە بۆلەكچىلا ھاياجان ۋە قىزغىنلىق ئىچىگە غەرق بولدى، ئۇ « مەن بىر
ئۇغۇل بالا، نېمىدەپ قىلغان ئىشىمدا ئۇتۇق قازانماي، ئارقامغا يانغۇدەكمەن ؟ بۇ ئوي
ئۇنىڭ روھىنى ييگىتۋاشتىن جانلاندۇردى، ئۇ بۇ كەسىپنى باشقا جايدا ئۆگىنىپ بې-
قىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئۇستازىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى. ئۇ ئۇدۇل قەشقەرگە بې-
رىپ، سىر ـ بېزەكچىلىك ئۇستىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، باشقىلارنىڭ تونۇش-
تۇرۇشى بىلەن ئىسمائىل ئاخۇن نەققاشنى ئۇستاز تۇتۇش نىيىتىگە كەلدى، قەشقەر
شەھىرى قەدىمىيلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆي ـ ئىمارەت ، مىمارچىلىقتىكى ئاجا-
يىپ نەفىسلىكى بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئىدى، مىللىي بېزەكچىلىك، سىر ـ نەققاشلىق
ھۈنەر ـ سەنئىتىدە ئاجايىپ شۆھرەت ، نامايانىدىلەرگە ئىگە ئىدى. روزى ئۆمەر
بۇنداق نەمۇنىلەرنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇنىڭ بۇ كەسىپنى ئۆگىنىش
ئىشتىياقى قايتىدىن قوزغالدى ۋە قەتئىي قارارغا كەلدى.

1987 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئىسمائىل ئاخۇن ئۇستام ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى،
بۇ چاغدا ئۇ كىشى يەكەن ناھىيىسىدە ئىش كۆتۈرە ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بې-
زەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، بۇ ھال روزى ئۆمەرنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ تازا باب
كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا قولى كېلىپ قالغانلىقتىن، ئىسمائىل نەققاش
ئۇنىڭغا تېزلا ئامراق بولۇپ قالدى ۋە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇ-
تۇپ، ھۈنەر ئۆگىتىپ جەلپ قىلىۋالدى. روزى ئۆمەر ھېس قىلدىكى، نۇرغۇن ئىشلار
مەلۇم بىر ياكى بىرقانچە قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلغاندىلا، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى

بولدۇ، ئىسمائىل ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭغا مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەتلەرنى ھەم ئۇنىڭ بىر-لمشى زۆرۈر بولغان چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، چوڭ ئىشلارنىڭ ئۇنۇمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىپ قويىدى، روزى ئۆمەرنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇدى، نۇرغۇن ئىش شۇنداق ئاسان ۋە ئاددىي، راۋان ۋە ماس ھالدا راھبەر بولدى، بۇ ئۇنىڭ قىزىقىش ۋە ھۈنەرگە بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىكىنى ئۇرغۇتتى، ئۇنى كەسپكە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۆز قوينىغا ئالدى...

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئەمەلىي ئىش-لىرى كۈچلۈك ئىلمىيلىققا ئىگە بولدى، ئۇ سىرلىغان، بېزىگەن ئۆيلەرنىڭ ھەممى-سىدە ئۆز گىچىلىك، مىللىيلىق تولۇق گەۋدىلىنىپ، خېرىدارلارنىڭ يۇقىرى باھاسى تەرەپ ـ تەرەپتىن ياغدى؛ بەش يىل، ھەتتا 10 يىلدا بىر قېتىم شاگىرت چىقىرىش ئارقىلىق، ھۈنەرگە پىشۇرۇش بىلەن ئىش ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىسمائىل ئاخۇن ئۇستام ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، تېزلا ھۈنەر ئايرىشقا ماقۇل بولدى، ئۇلار بىر ـ بىرى-دىن رازى بولدى. روزى ئۆمەر مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن كەسپىي ماھارەتلەرنى، بو-لۇپمۇ ئەمەلىي ماھارەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى ، ئەمما نەزەرىيە جەھەتتە تولۇقلىمى-سا بولمايدىغان خېلى بىر قىسىم تەرەپلەر بار ئىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە گۈزەل سەن-ئەت، رەسساملىق بىلىمى قانچىكى ئەتراپلىق بولسا، سىر ـ نەققاشچىلىق كەسپىنىڭ نازۇك ئىش ھالقىلىرى شۇنچىلىك ئاددىي ۋە ئاسان بولاتتى، قىلغان ئىشلىرىمۇ ھەر-قانداق كىشىگە يارايتتى. ئۆز كەسپىدە ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇش ۋە كامالەت-كە يېتىش ئۈچۈنمۇ بۇ مۇھىم نۇقتا ئىدى، ئۇ شۇڭا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى قويۇپ تۇرۇپ، گۈزەل سەنئەت، رەسساملىق كەسپىي سەۋىيىسى ۋە بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ رەسساملىقتا ھەسەن ئىمىن دېگەن كىشىگە شاگىرت بولدى، ئۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ كىشىدىن رەسساملىق ۋە رەختلەرگە مەنزىرە سىزىش، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ قاتارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ رە-سىم، مودېل، تەسۋىرىنى سىزىشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇنىڭدىن باشقا رەڭ ۋە ماي بو-ياقلارنى تەڭشەش، ۋىۋىسكا ئىشلەش قاتارلىق كەسپلەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

ئۇ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە مەشىق قى-لىش، چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىش، كەسپكە بارلىقىنى تەقدىم قىلىش روھىنى نامايان قىلىشتەك قەتئىيلىكى بىلەن ھۈنەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە

ئاساس سالدى؛ قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى قەدىمىي مىمارچىلىق، سىر ـ نەققاشچىلىق ئۆرنەكلىرىنى خاتىرىلەپ، ئۆرنەك ۋە نەمۇنىلەرنى يىغدى، توپلىدى. ئۇنىڭدىن يېڭىنى ئىجاد قىلىپ، ئىش كۆتۈرە ئالغان جايلاردا قوللىنىپ قوللاشقا ۋە قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولدى، بولۇپمۇ ئۇ قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىسى بىلەن يېڭىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولدى، بۇ جەرياندا ئۇ يەنە ھازىرقى زامان سىر ـ نەققاشچىلىق كەسپىگە ئائىت كىتاب، ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۆگەندى ھەمدە كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن بېزەكچىلىكنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆزگىچىلىكنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇنىڭ مۇشۇ جەرياندىكى بىر قىسىم قىيىنچىلىقلىرىنى ئانىسى قۇربانىنىسا قۇربانىياز بىلەن ئاكىسى مۇھەممەتتۇرسۇن ئۆمەر، مۇھەممەتئىمىن ئۆمەرلەر ئۈستىگە ئېلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىدى، روزى ئۆمەرمۇ بۇنىداق ئەھقىدە، ئەجىرگە تېززەك جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، جاپا ـ مۇشاققەتكە چىداپ، جان پىدالىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندى ۋە ھۈنەردە ئۆزىنى كۆرسىتىش، ھۈنەر ئارقىلىق يول تېپىش نىشانىغا ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى.

## شېرىن مېۋە

روزى ئۆمەرنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشقا سالىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالغانىدى. ئۇ تۇنجى ئىشىنى 1989 ـ يىلىنىڭ باھار ئېيىدا ئارىسلانباغ يېزىسىدىن باشلىدى. ئۇ بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك مەنزىرە سىزىش، ۋىۋىسكا ياساش، سىر ـ نەققاشچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويدى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن بارا ـ بارا سودىسى جانلىنىپ، نامى جاي ـ جايلارغا تارقىلىشقا باشلىدى. ئاردىن بىر يىل ئۆتتى، ئۇ بۇ بىر يىل ئىچىدە ئېلىشقۇ بازىرى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم ئىدارە ـ ئورگان ، شەخسىيلەرنىڭ سىر ـ نەققاشچىلىق ئىشلىرىنى ئەرزان باھادا، سۈپەتلىك ھەم چىرايلىق قىلىپ بەردى، بۇ ئۇنىڭ شۇ جايدا كۆزگە كۆرۈنۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى، ئۇ سىزغان مەنزىرە رەسىم ۋە تەسۋىرىي رەسىملەرنى كىشىلەر قىزغىن سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات بولۇپ قالدى،

ھۈنەردىكى كارامىتى ئۇنىڭ راستتىنلا داڭقىنى چىقاردى. 1990 ـ يىلى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ يەكەن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ دۇكان ئېچىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېزا ـ بازارلارغا قارىغاندا، ناھىيە بازىرىدا ئىش كۆپ، ئېھتىياج كۈچلۈك ئىدى. بۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئۆرلەپ، ئۆي بېزەشكە سالىدىغان مەبلىغى ئېشىپ، قىزغىنلىق ۋە بەسلىشىش ھالىتى شەكىللىنىپ بولغانىدى، بولۇپمۇ يەكەن ناھىيە بازىرىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا رېستوران قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەدەپ رېستوران ئېچىش، بېزەش قىزغىنلىقى دەۋر سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ روزى ئۆمەرنىڭ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ئۇ يەكەن ناھىيە بازىرىغا كىرىشىنىڭ خىيالىدا يۈرگەندە ، ناھىيە بازىرىدىكى ئالدىن باي بولغان تىجارەتچى توختى يۈسۈپ ئۇنىڭغا 60 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئۆي ۋە پېشايۋانلىرىنى بېزەشنى 3000 يۈەنگە كۆتۈرە بەردى. ئۇ بۇ ئىشنى تولىمۇ سۈپەتلىك، چىرايلىق پۈتكۈزۈپ، ئىش بۇيرۇتقۇچىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ كىشى يەنە تۈرلۈك سورۇنلاردا روزى ئۆمەرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ نامىنى جەمئىيەتكە كەڭ تاراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، روزى ئۆمەرگە ئىش بۇيرۇتقۇچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى.

شۇنىڭ بىلەن روزى ئۆمەرنىڭ يولى ئېچىلدى، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇيرۇلغان ئىش بېسىۋالدى. ئۇ ئائىلى بۇزۇۋرە ھۈسۈپ بىلەن بىرلىشىپ، بارلىق كۈچ ـ مادارىنى ئىشقا سېلىپ، كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ھۆددە ئالغان ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقتى. ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا 100 نەچچە ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ بېزەكچىلىك، نەققاشچىلىق ئىشىنى قىلىپ بەردى. ئۇ تۇتام ـ تۇتام پۇل تاپتى؛ لېكىن ئۇ، باھادا مۇۋاپىق، سۈپەتتە ئەلا، ھۈنەردە جانلىق، مۇلازىمەتتە سەمىمىي، قىزغىن بولۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىش ـ ئوقىتىنىڭ كامال تېپىشىدىكى مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ جەرياندا ئۇ يەنە 200 نەچچە بالىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى، ئۇلاردىن قولى بالدۇر ئىشقا كىرىشىپ، ھۈنەردە ئۆزۈپ چىققانلىرىنى دەرھال ھۈنەر ئايرىپ، جەمئىيەتكە چىقىرىپ، تۇرمۇش يولى تېپىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ھۈنەردىكى داڭقى يالغۇز يەكەن ناھىيىسىدە چىقىپلا قالماي، بەلكى كورلا، ئاقسۇ، خوتەن، گۇما، كۇچا، قەشقەر شەھىرى، مەكىت،

مارالبېشى، يوپۇرغا، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىدىمۇ پۇر كەتتى، ئۇ بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن سىر ـ بېزەكچىلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، رىزقى — نې- سىۋىسىنىڭ كەڭ بولۇشىغا ئاساس سالدى.

## پۇراق چاچتى غۇنچە ـ بوغۇنلار

1994 ـ يىل 11 ـ ئايدا، يەكەن ناھىيىلىك ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سو- غۇرتا ئىدارىسى روزى ئۆمەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئو- قۇتقۇچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن دەل ئاشۇ يىللاردا ئاشۇنداق بىرى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭغا شاگىرت بولغۇچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەرنىڭ ئۆي بېزەكچىلىككە بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن كۈچلۈك بو- لۇپ، ئۇ قىلىدىغان ئىش نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتى، بۇ ئىشلار ھەم ئادەم كۈچى، ھەم تېخنىكا كۈچى تەلەپ قىلاتتى. يۇقىرىقى تەربىيىلەش ئورنىنى روزى ئۆمەر كېلىش- تىن ئاۋۋال بۇ تەربىيىلەش كۇرسى بىر قانچە قېتىم كۇرس ئېچىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنۇمى ياخشى بولماسلىق، ئادەم ئاز كېلىش سەۋەبلىك تەرەققىي قىلالماي تاقىلىپ قالغانىدى. روزى ئۆمەر بۇ ئورۇننىڭ ئىلگىرىكى يامان تەسىرلىرد- نى بىر ـ بىرلەپ تۈگىتىش بىلەن بىر چاغدا ئېلان ـ تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتۇپ، سىر ـ نەققاشچىلىققا قىزىقىدىغان نۇرغۇن ياشلارنى جەلپ قىلدى. تەربىيىلەش مەركىزىدىكى رەھبەرلەرنىڭ تەكلىپ ـ پىكرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش، كۆر- سەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش ئارقىلىق شارائىتنى ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، روزى ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى مول تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دەرس ئۆتۈش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى يېڭىلىدى. باشقۇ- رۇش بىلەن تەربىيىلەش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن قائىدە ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويى- دى. سىنىپلارنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا كېڭەيتتى؛ ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قو- يۇپ، تەربىيىلەش نىشانى، مەقسىتىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈردى؛ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ نۆۋەتتىكى بېزەك-

www.uyghurkitap.com

چىلىك كەسپىي سىنىپىنىڭ ئىستىقبالىنى كەڭ جەمئىيەتكە، ئاتا ـ ئانىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى، ئوقۇتۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. تەربىيىلەش مۇھىتىنى ئىزچىل ياخشىلاپ، ئازادە ياتاق، تاماق، سىنىپ شارائىتى يارىتىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىدىغان مەشغۇلات سورۇنى ھازىرلاپ بەردى. 1 ـ قارارلىق تەربىيىلەش تېزلا دەرس باشلىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە 30 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش تەربىيىلەشنى قوبۇل قىلدى، ئىككى يېرىم ئايلىق تەربىيىلەش جەريانىدا، روزى ئۆمەر ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىيەتكە كۆپ قېتىم قاتناشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئاساس سالدى، نەزەرىيە دەرسلىكى ئۈچۈن ئۆزى ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلاپ يېزىپ چىققان «سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، بېزەكچىلىك، رەسساملىق نەزەرىيە قوللانمىسى» نى ئاساسىي دەرسلىك قىلىپ ئۆتتى، بۇ ماتېرىيال ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، پايدىلىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغاچقا، كۇرسقا قاتناشقانلار تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، دەرس سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قوللانمىسىدا سىرچىلىق كەسپىنىڭ دەسلەپكى ئۆگىنىش باسقۇچى، سىرچىلىق نەزەرىيىسى، تۈرلۈك جاھازلارنى سىرلاش ئاساسلىرى، زاماسكا بېرىش، قوم قەغەز سۈرۈش تېخنىكىسى، يېلىم ئېرىتىش، يېلىم بېرىش، ئەستەر بېرىش، تاراق چىقىرىش، باسما تاراق، چاچما چىقىرىش، ئىس تاراق، ۋاراق چىقىرىش ئۇسۇللىرى، ھەر خىل سىرلارنى تەڭشەش، دائىم ئىشلىتىدىغان 55 خىل سىرنى ماسلاشتۇرۇش، مەنزىرە رەسىمىنى سىزىش؛ ياز ، كۈز مەنزىرىلىرى، ياغاچ جاھازىلارنىڭ يۈزىنى پارقىراق قىلىش، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاش ئۇسۇللىرى، گەج، گۈل ـ نەقىشلىرىنى ئويۇش، ياغاچقا گۈل ـ نەقىش ئويۇش، ياۋروپاچە نەقىش بىلەن مىللىيچە نەقىشلەرنى بىرلەشتۈرۈش، گۈل ـ نەقىشلەرنىڭ قېلىپلىرى ۋە ئۇنى ياساش، ئىشلىتىش، لايىھىلەش، ئويۇش، بېسىپ چىقىرىش تەرتىپلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ قولاي ئىدى. شۇڭا، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي كەسپىي ماھارەتنى ئىگىلەپ، قولىدىن ئىش كېلىش نىسبىتى ئاشتى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كۇرسنى پۈتكۈزۈپلا ئىش ئورنىغا ئىگە بولدى، تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەڭ ئاتا ـ ئانىلار روزى ئۆمەرنىڭ پاراستى ۋە ھىممىتىدىن رازى بولۇپ تەشەككۈر ياغدۇردى.

بۇ باللار جەمئىيەتكە تارقالغاندىن كېيىن، روزى ئۆمەرنىڭ داڭقىنى جەمئىيەتكە
خالىس تەشۋىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق كۇرسنىڭ ئوقۇغۇچى قو-
بۇل قىلىش دائىرىسى يەكەن ناھىيىسىدىن ھالقىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى
يېزا- بازارلىرى، ھەتتا ئاپتونوم رايون دائىرىسىگىچە كېڭەيدى، بىر قىسىم ئوقۇغۇ-
چىلار باشقا ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەردىنمۇ تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلى-
دى. شۇنداق قىلىپ روزى ئۆمەر 2005 - يىلىغا قەدەر 1800 كىشىنى بېزەكچىلىك
كەسپى بىلەن تەربىيىلەپ، جەمئىيەتكە بىر تۈركۈم يارامىلىق كەسىپ ئەھلىلىرىنى يې-
تىشتۈرۈپ بەردى. ئۇ ھازىرمۇ پەسىلدە بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى
داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ، ھەر قېتىمدا 50 نەپەر قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى سىر - نەققاش-
چىلىق، بېزەكچىلىكنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ، ئۇ-
نىڭ بۇ جەھەتتىكى دەرۋازىسى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگەنگۈچىلەرگىمۇ كەڭ ئوچۇق.

روزى ئۆمەر 1997 - يىلدىن كېيىن، يەكەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
تەكلىپى بىلەن ئارسلانباغ، تومئۆستەڭ، مىشا، زەرەپشان، ئارال يېزىلىرىدىكى تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي سىنىپلىرىغا سىرچىلىق، نەققاشچىلىق، بېزەكچىلىك
كەسىپلىرى بويىچە 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ھەقسىز دەرس بېرىپ، كەسپىي ما-
ئارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

## خاتىمە

ئۇيغۇرلارنىڭ سىرچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ئۇزاق يىللىق تارىخقا، ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سىر تەييارلاش، سىرلاش، نەقىش چىقىرىش، كا-
ھىشلارنى ئويۇشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب نامايان
بولۇپ كەلدى؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئەسلىي رەڭگىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ سىرلاشقا مەركەزلەشتى. بۇ خىل ئەھۋالدا روزى ئۆمەر سىرچىلىك
تېخنىكىسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ كۆتكەن يې-
رىدىن چىقىشقا تىرىشتى. مۇبادا سىز يەكەن ناھىيىسى ئىچىدىكى روزى ئۆمەرنىڭ
سىرچىلىق تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىنلىق
بىلەن مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىماي قالمايسىز :

— سىرچىلىقتا ئالدى بىلەن سىرلايدىغان جاھازلارنىڭ كىر ـ داغلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ زاماسكىلايمىز، ئاندىن قۇم قەغەز سۈرۈپ سىلىقلاپ، تەرتىپ بويىچە سىرلاش ئېلىپ بارىمىز؛ سىرلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى تولۇق ئاتاش بىرقەدەر قىيىن. ئادەتتە 7 — 8 خىل سىرنى تەڭشەش ئارقىلىق 100 — 200 خىل سىرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سېرىق سىردىن ئاقسېرىق قايماق رەڭ، پىلچىشى رەڭ، نەشە رەڭ، مېغىز رەڭ، جۇزە رەڭلەرنى؛ قىزىل سىردىن توق قىزىل، ئوچۇق قىزىل رەڭلەرنى ۋە قىزغۇچ سېرىق، جۇزە رەڭ، قىزىل جىگەر رەڭ، ئەتىرگۈل رەڭ، چىلان رەڭ، گۆش رەڭ، ھال رەڭ، ئاچ قىزىل رەڭ، مېغىز رەڭلەرنى؛ كۆك سىردىن تۆمۈر رەڭ، ئوتتۇرا ھال كۆك رەڭ، توق كۆك رەڭ، ئاچ كۆك رەڭ، ھاۋا رەڭ سىرلارنى؛ يېشىل سىردىن قېنىق يېشىل، ئاچ يېشىل، قىزغۇچ يېشىل، سۇس ماش رەڭ، توق ماش رەڭ، مېۋە كۆك يېشىل رەڭ، سارغۇچ يېشىل، جىگدە غازىڭى رەڭلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. يەنىمۇ يەشسەك، قارا رەڭ بىلەن ئاق رەڭ قوشۇلسا، كۈل رەڭ ھاسىل بولىدۇ، ئەگەر كۈل رەڭنىڭ ئۈستىگە قىزغۇچ سېرىق رەڭ قوشساق، جىگەر رەڭ ھاسىل بولىدۇ. سىر تەڭشەشتە بىر پارچە ئاق قەغەزگە رەڭ ھالقىسى جەدۋىلى سىزىمىز ۋە ئۇنى مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان يەرگە چاپلايمىز، ئاندىن ئەسلىي رەڭدىن باشلاپ تەڭشەشنى ئېلىپ بارىمىز. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىم تەڭشىگەن رەڭلەرنىڭ ھالقا سېخېمىسىنى تەييارلايمىز ۋە تەڭشىگەن رەڭلەرنى رەڭ ھالقا سېخېمىسىدىكى كاتەكچىگە سۈركەپ، سىرنىڭ رەڭگىنى بېكىتىمىز، مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ھەرقانداق ئېھتىياجلىق رەڭنى ئۆزىمىز ھاسىل قىلالايمىز...

— ئۇستازىم روزى ئۆمەر بەكمۇ پاراسەتلىك ئادەم، — دېدى ئادىلجان سىيىت ئۆزى ھەققىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش جەريانىدا بىزگە تەۋسىيە قىلىش تەلەپپۇزىدا، — ئۇ ھەم كۆيۈملۈك، ھەم كەڭ قورساق. مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك، ئۆزۈمنى ئالسام بەكمۇ بىچارە ـ يېتىم بالا ئىدىم، يۆلەنچۈكۈمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەڭ بىچارە ئادەم دېسە، مېنى دېسە بولاتتى، مەن قاچاندىن باشلاپ روزاخۇن ئۇستامنىڭ ئالدىغا كەلدىم، شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بەختىم ئېچىلدى، ئۇ مەندىن ھېچقانداق تەربىيىلىنىش، ئوزۇقلىنىش پۇلى ئالماي ئوقۇتتى، ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنۈپ تەربىيىلىدى، كېيىن تەربىيىلەش مەركىزىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئېلىپ قالدى، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن، ئۇستامنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە

بېشىمنى سىلاپ ئاتىدارچىلىق قىلىشى بىلەن كىشىلىك هاياتتا چىقىش يولى تاپتىم... ئۇستامنىڭ خىزمىتىنى قانچە ئۇزاق قىلسامۇ، مەندىكى ئەجرىنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن...

روزى ئۆمەرنىڭ سېخىيلىقىغا ئائىت تەسىرلىك ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇ تەربىيىلەش، كۇرس ئېچىش جەريانىدا قىيىنچىلىقى بار، مېيىپ، ئاجىز، ئىش ئورنىدىن قالغان كىشىلەردىن تەربىيىلەش هەققى ئالماي تەربىيىلەش ئارقىلىق، هەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشتى. يېقىنقى بىرقانچە يىل داۋامىدا مۇشۇ خىل كىشىلەردىن 30 نەپەرنىڭ تەربىيىلەش، تاماق، ياتاق راسخوتى قاتارلىقلارنى كەچۈرۈم قىلدى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 120 ئادەم- قېتىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئاغرىپ قالغان چاغدىكى داۋالىنىش راسخوتى ئۈچۈن 6000 يۈەننى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ تۆلەپ قويدى.

روزى ئۆمەر تولىمۇ ئاددىي ـ ساددا ئادەم بولۇپ، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىر چاغدا قىلغان ئىشىنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەيدۇ، هەرقانداق ئىشنى ئېغىر كۆرمەي ئادا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى چوڭقۇر مۇهەببەت، كۈچلۈك ئەقىدە بىلەن سۆيۈپ، قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى جان ـ دىل بىلەن قوغدايدۇ، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلىك هاياتقا گۈل ـ نەقىش چەككەنلىكىدەك ئارتۇقچىلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئۇ شۇنچە يىللار داۋامىدا پۇلمۇ، ئابرۇي ـ ئىناۋەتمۇ تاپتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن مەغرۇرلانمىدى، بەلكى ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ، هاياتقا ئۈمىد ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇمىدى، ئۇ هېلىهەممۇ بور توزانلىرى، سىر ـ بوياق پۇسلىرى، گەج ـ نەقىش توزۇندىلىرى ئارىسىدا يۈرىدۇ، ئۇنىڭ قولى تەگكەن هەربىر ئىشتا ئۆزگىچە جۇلا، ئۆزگە خاس پۇراق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاشۇ توزانلار ئارىسىدا سانسىز ئېسىل نەقىش، گۈل ـ بېزەكلەرنى ياراتتى، ئۇنىڭدا يەنە كۈچلۈك ئىچكى هېسسىيات، چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە مەزمۇنلارنى ياراتتى. ئۇنىڭ هەربىر ئوقۇغۇچىسى جەمئىيەتكە گۈل ـ نەقىش بولۇپ تارالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاز ئادەم، كەمچىل ئەسلىهەلەر بىلەن باشلىغان تەربىيىلەش كۇرسى بۈگۈنكى كۈندە كىچىك-

لىكتىن زورايدى، ئاجىزلىقتىن تەرەققىي قىلدى، 150 كىشىلىك پارتا ـ ئورۇندۇقـا
ئىگە يوروشلەشكەن سىنىپ، ياتاق، تاماق شارائىتى، يوروشلەشكەن ئوقۇتـۇش
قورال ـ سايمانلىرى، بەش نەپەر تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچى ئەنە شۇنىڭ دەلىلـ
لى. مانا بۇگۈن بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىـ
نى، ئىستىقبالىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپ قېتىم
سىر ـ نەققاشچىلىق مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېـ
رىشتى؛ 14 يىلدىن بۇيان يېزا، تەربىيىلەش مەركىزى ۋە ناھىيە تەرىپىدىن «ئىشقـا
ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس»، «كەسپىي ماھىرلارنى يېتىشتۈرۈش ماھـ
رى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.

2005 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر



www.uyghurkitap.com











روزى ئۆمەرنىڭ ئىش -

پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998－8556513, 13899107543



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئىنتېرنېتنىڭ يېڭى ئادرېسى

















# كۈلكە ۋە يىغا

تۇرمۇشتا ئويناش ۋە كۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما دائىم ئۇنداق ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، بىر كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى، ھەتتا مىڭ يىغىسى، بىر قېتىملىق ئويۇنىنىڭ بىر كۈلپىتى، ھەتتا مىڭ كۈلپىتى بىللە بولىدۇ؛ يىغا بىلەن كۈلكە تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئاشۇرىدىغان تەم تەڭشىگۈچكە ئوخشايدۇ.

بەزىلەر ئۇنىڭ بىرىنىلا ئادەت قىلىشقا ئامراق، يەنى ئويناشتىن كېلىپ چىقىدىغان كۈلكىگە خۇشتار. كىم شۇنداق قىلىشقا خۇشتار ئەمەس؟ بىراق، ھەر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، ئۇنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە ئۆزىگە بەختسىزلىك، يىغا ـ زار كېلىپلا قالماستىن، باشقىلارغىمۇ ئاھ ـ زارلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەۋلادلارغا باقىي بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنداقلار بۇنى دەمال ھېس قىلمايدۇ، ئويۇنغا قانچە بېرىلگەنسېرى ئۇنىڭ پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ، بۇ شۇ كىشىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئويۇن ـ تاماشا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنىڭ ئاساسى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىزىقىمۇ ئەمەس. لېكىن، ساپاسى تۆۋەن كىشىلەر مۇتلەق شۇنداق قارايدۇ، ئۇلارچە ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈلۈپ ياشاش ھەقىقىي ياشىغانلىق بولىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەخمىقانە يەكۈن. شوپۇر بىلەن سېسترا توي قىلغان، ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ساپاسى تۆۋەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ياشلىقى ئويناش ـ تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتتى، ئىككى بالىسى چوڭ بولدى، بىراق ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئۇلارنىڭ ۋاقتى چىقمىدى، سوقۇندى ـ دوقۇندى چوڭ بولغان بالىلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ئويۇن ـ تاماشىچى بولدى، ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارنى باشقۇرالماي، ئاھۇ ـ زار پۈتۈن ئائىلىنى قاپلىدى...

« ئويناۋالغىن بىر كۈن بولسىمۇ، كۈلۈۋالغىن بىر كۈن بولسىمۇ ؟» بۇ روھنى كۈلدۈرىدىغان ناخشا . ئويناش ـ كۈلۈش روھىڭىزنى ياشارتىشقا تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئەكس تەسىرى جىسمىڭىزنى، ماددىي ھاسىلاتلىرىڭىزنى خورىتىدۇ. كۈلدۈم دەپ كۈلۈۋالغان، ئوينىدىم دەپ ئويناۋالغان ھېساب ئەمەس؛ شۇڭا، ھاياتتا چوقۇم ساپا ـ سۈپەتنى قوغلىشىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ھەرقانداق ئىشنى تەڭشەشكە، ساپاسىزلىقنى ئۆزگەرتىشكە، بولۇپمۇ ئائىلە ـ نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە گۈل ـ گۈلگە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكى، ياخشى خۇلق بىلەن تەربىيىلىنىشى ۋە ساپا ـ سۈپىتى ئۈچۈن يورۇق يول ئېچىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ساپاسىزلىق ھاياتقا زەھەر تارقىتىدۇ، ساپالىق ھايات كىشىلىك دۇنياسىغا ئىپار ـ ئەنبەر ھەدىيە قىلىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «گۈلخان»دىكى سۆيگۈ

## تومۇز ئاخشىمى

گۈلخان ئادەمگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنى مەن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولسامۇ، بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە ئەمەس ئىدىم. گەرچە كىچىك چاغلىرىمدا دادامغا ئەگىشىپ ئېتىزلىقلاردا سۇ تۇتقان، جاڭگاللاردا ئوتۇن تەرگەن، ئوت - چۆپ ئورغىلى بارغان چاغلاردا تۈز يەرگە قالىغان ئوت بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقان بولسامۇ، رەسمىي يوسۇندا گۈلخان يېقىپ، يېمەكلىك پىشۇرغان ۋە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ نەغمە - ناۋا قىلغان، ياخشى - يامان كەچمىشلەر ۋە ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرغان مەنىلىك چاغلار ماڭا نېسىپ بولۇپ باقمىدى. شۇڭا، كۆڭلۈمدە قاچان بولسۇن بىر كۈنى بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىمەن، دەپ يۈرەتتىم، ھەتتا بۇنداق پۇرسەتنى تەكرار ئۇچرىتىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرى، ھاۋا ئىنتايىن دىمىق، ئېتىزلىقلاردىن چىققان ئىسسىق ھاۋا ۋە پاشا - كۇمۇتىلار ئادەمگە رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى، بىز بۇنداق دىمىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يېزا بازىرىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراق جايدىكى مەمتىمىن شايار ۋە ئابدۇۋايىت ئاۋۇت دېگەن تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ باردۇق، بۇ يەردىكى ئېرىق سۈيىنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئوت ئېلىپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، بىز چىدىمىساق بولمايتتى. كەچ كىرگەندىمۇ دىمىق پەسەيمىدى، ئىشىك ئالدىغا ساماندا ئىس سېلىپ پاشا - كۇمۇتىلارنى قوغلىدۇق. بىردەمدىن كېيىن بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدۇق، كىمدۇر بىرى گۈلخان يېقىش تەكلىپىنى بەردى،

بۇ گەپ ھەممىزنىڭ قولىقىغا خوپ ياقتى. قاغا جىگدىنىڭ ئوتتۇنى بىلەن يۇلغۇن ئوتتۇنىدا سېلىنغان گۈلخان كېچە قوينىنى رەڭدار تۇسكە كىرگۈزدى. شەھەردە چوڭ بولغان باللىرىم گۈلخاننى تۇنجى قېتىم كۆرگەچكە، بەكمۇ ھاياجانلاندى ۋە بۇ يېڭىلىققا ئەسىر بولۇپ قالدى، ئۇلار گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپ بىرنەچچە پار- چە سۈرەتكە چۈشتى، پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت، ئۇچقۇنداۋاتقان يالقۇن، چوغ ئۈستىگە تاشلانغان ئوغلاق گۆشىنىڭ پىژ - پىژ قىلىپ پىشۋاتقان كۆرۈنۈشى ئۇلارغا بىر خىل يېڭى كۈي بولۇپ تۇيۇلدى ۋە ئۇنتۇلماس تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

— ئوت شۇنچە كۈچلۈك ، قىزىق بولسىمۇ ئادەم نېمىشقا يەنە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بارغۇسى كېلىدۇ ؟ — دەپ سورىدى گۈلخانغا يېقىن جايدىكى كۆتەك ئۈستىدە ئول- تۇرغان بوۋايدىن ئوتتۇرانچى ئوغلۇم.

— شۇڭا گۈلخان - دە ، ئۇ ؟— دېدى بوۋاي، — گۈلخاندا مۇھەببەت بار، گۈل- خاندا سۆيگۈ بار! گۈلخان سىزگە ھارارەت بېرىدۇ، خامنى پىششىققا ئايلاندۇرۇپ بې- رىدۇ، قىشتا سوغۇق مۇدھىشنى قوغلايدۇ، يازدا زېمىننى ئويغىتىپ، تەبىئەتنى ئىللى- تىپ، ئادەمگە ھوزۇر - ھالاۋەت بېرىدۇ. گۈلخان يەنە ئادەمنى يىرتقۇچلاردىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۆرۈنمەس سۆيگۈ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، سىز - بىز بۇنى دەمال ھېس قىلالمايمىز، گۈلخاننىڭ سېھىرلىك كۈچى مانا مۇشۇ سۆيگۈدە!

بوۋاينىڭ گەپلىرى مېنىڭ گۈلخان ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى تېخىمۇ چوڭ- قۇرلاشتۇردى، ئەجدادلارنىڭ گۈلخان يېقىش بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى- لىگەن ھالدا تونۇتتى، بۇ ئاخشامدىكى چوڭقۇر تەسىرات ۋە كۈچلۈك ئىلھام مېنى قان- چە كۈنلەرگىچە ھاياجانغا سالدى. چۈنكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئۆمۈر ھەققىدىكى، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات، پۇرسەت، جاپا - مۇشەق- قەت، بەخت - سائادەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بايان قىلىپ مۇڭدىشىدۇ، ياخشى ئادەملەر ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، بىزمۇ گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ باللارنىڭ ئىچكى جايلاردىكى ئوقۇشى، تۇرمۇشى توغرۇلۇق پاراڭ سالدۇق، كېيىن پاراڭ تېمىسى ساقچىلار ، سوتچىلار ھەققىگە بۇرالدى؛ ھېلىقى بوۋاي ئايرىم ساقچىلار- نىڭ شۇ قەدەر رەزىللىكى ۋە نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى سۆزلەپ غەزەپلەندى ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە ھەقىقەتەن ياخشى ساقچىلارنىڭمۇ بارلىقىنى دەپ، ئەخەت تۇرسۇن ھەققى-

ده پاراڭ قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققانىيەتچىل، جىگەرلىك، كىشىگە قاراشانىمايدىغان، ھەق ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغان ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى، ئەخەت تۇرسۇندەك ساقچىلار بولمىغاندا بەزى ئادەملەرنىڭ زىيانكەشلىككە، ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاشۇنداق ساقچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ ئادەم يەيدىغان قىلمىشلىرى پاش قىلىنىپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنداقلارنىڭ خەلق خىزمىتى ئۈچۈن گۈلخاندەك يېلىنجاپ ھارارەت بىلەن ھاياتقا مەنە، سۆيگۈ تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى؛ شۇ چاغدا ئۇزاقتىن بۇيان تەرىپىنى ئاڭلىغان ۋە بىر قىسىم خام ماتېرىيال ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن ئەخەت تۇرسۇننىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇنىڭ سۆيگۈسى راستتىنلا گۈلخاندەك سۆيگۈمىدۇ؟...

-ئىنساننىڭ كىشىلىك چىقىش يولى ئوخشاش بولمايدۇ. دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەخەت تۇرسۇننىڭ چىقىش يولىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىمۇ ئېگىز - پەس بولۇپ كەلسە كەلدىكى، داغدام بولغىنى يوق. ئۇ 1972 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى دۆلەتباغ يېزا 18 - كەنت 3 - مەھەللىدىكى تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئۆيىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، يىل بويى كۆچىنىپ ئىشلەپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بۇ ئائىلە ئۈچۈن ئەخەتجان ھەم بەختىنى، ھەم خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدىغان ھاياتىي كۆچكە ئىگە مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ، چوڭ بولسا ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىغا ئاسانلىق تۇغدۇراتتى، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى، بەرىكەت ۋە ئامەت ئاتا قىلاتتى. ئۇ نېمىلا بولسۇن، ئوغۇل بالا - دە؟ ئەخەتجان ساغلام چوڭ بولدى. ئۇ 1980 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا تاماملىدى، بۇ جەرياندا ئۇ ياخشى ئوقۇدى ۋە بويى تارتىپ قاتارغا قوشۇلدى.

## تۇنجى ئۇتۇق

1994 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەيۋەتلىك ساقچى فورمىسى ئەخەت تۇرسۇننىڭ ئوبرازىنى باشقىچە نۇرلاندۇرىۋەتتى. ئۇ بەكلا ھاياجانلاندى، قەلبى شادلىق ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا ئەللەيلەندى، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەنسىرەش، ئېسەنكى-

رەش ئىچىدە دىلىغۇل بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ساقچى فورمىسى كىيگەنگە لايىق ساقچىلىق بىلىم، ساقچىلىق خىزمەت تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت ساقچىلىق كەسپىگە بولغان قىزغىنلىق، مۇھەببەت، ساداقەت بار ئىدى.

ئەخەت تۇرسۇن كىچىكىدىن شوخ، ئايىغى يېنىك، ئاغزى يۇمشاق، تىرىشچان بالا ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ – ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ باللارنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى. پائالىيەتچانلىقى ساۋاقداشلىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەم قىلسا، ئۆگىنىشتىكى نەتىجىسى ۋە قىزغىنلىقى ئوقۇتقۇچىلارنى خۇشال قىلاتتى، ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ئالغان شەرەبنامىلىرىگە نەزەر سالساق، مۇنەۋۋەر سىنىپ باشلىقى، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەندەك ناملارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. 1988 – يىلى ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتى. شۇ يىلى 9 – ئايدا ئۇ ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، تۇنجى قېتىم باشقا جايغا سەپەر قىلدى، يەنى ئۇنى ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكومى ئۆز قوينىغا ئالدى، ئۇ بۇ مەكتەپتىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدى، نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا بولمىسىمۇ، ئوتتۇرا قاتلامنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالمىدى . تەلىيىگە پېشانىسى ئوڭ كەلمىدىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلىمى ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمايۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ يىللاردا مائارىپ تۈزۈلمىسىدە بولسۇن، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈلمىسىدە بولسۇن، تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى، كونا تۈزۈلمىدىكى داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش ھالىتى تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. شۇ ۋەجىدىن، نۇرغۇن تارماقلار دىلىغۇللۇق ۋە بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، ئەخەت تۇرسۇن مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كېلىشكە بايقىدەك خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئەمما ئىقتىدارى بار ئادەمنىڭ تەقدىرى تەتۈر بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان ئەخەت تۇرسۇن ئىش ئورنى تېپىشتىن ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئۇ تاكى 1993 – يىلغىچە ئۈچ يىل ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالدى، ئاتا – ئانىسى، ئۇرۇق – تۇغقانلىرى «چىگدە دەرىخىدىن بادرا چىقمايدۇ، دېھقاندىن كادىر چىقمايدۇ» دەيدىغان ئۈمىدسىز قاراشتا بولدى، بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن تاپا – تەنە ۋە قاملاشمىغان گەپ – سۆزلەرمۇ تەرەپ – تەرەپتىن ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، غۇرۇرىغا، زېھنىغا تەگدى. ئۇ بەكمۇ ئىچى سىقىلغان ھالدا ئاتا – ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلاتتى، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئايلىناتتى، ساۋاقداشلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خىزمەت ئورنى تېپىش ھەققىدە پاراڭ قىلاتتى، بەزىدە ئۇلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ، بىر پۈتۈن ئادەم بولۇپ كەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنۈپ كىملەرگىدۇر تاپا ـ تەنە قىلاتتى. كادىرلار تارماقلىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىن ئىش ئورنى ۋە خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتى، ئۇچۇرلىرىنى ئىزدەپ باقاتتى، كادىر قوبۇل قىلىش ھەققىدە مىش ـ مىش گەپلەر، ئەپقاچتى گەپلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇ گەپلەر، ئۇچۇرلارنىڭ ساپلا ئىگىسى يوق ئىدى، نۇرغۇنلىرى يالغان چىقاتتى، شۇ چاغدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى كادىرلار تارماقلىرىنىڭمۇ بېشىنى تازا قاتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ئاددىي بىر دېھقان بالىسى ئىدى، لېكىن خېلى ـ خېلى ئەمەلدار ـ پۇلدارلارنىڭ بالىلىرىمۇ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتالمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ تولا چاغلاردا ئۆزىگە ھاي بېرىپ، ئۆزىدىكى جىددىيلىك، غەملەرنى زورىغا بېسىشقا تىرىشاتتى.

ئارزۇ قىلغان كۈنلەرمۇ ئاخىر كەلدى. 1993 ـ يىل 10 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىسى ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش بويىچە كادىر قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئالدى، ئەخەت تۇرسۇن ئۇچۇن بۇ بەك ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئۇ ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تەييارلىقنى پۇختا قىلدى، ئىمتىھاننى تولۇق، ئەستايىدىل بېرىپ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولدى، ئىمتىھاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇلنى كۆتۈرۈپ، بالىلىرىنى قوبۇل قىلىش سىزىقىغا كىرگۈزۈشنىڭ ھەلەكچىلىكى ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈردى. ئەخەت تۇرسۇننىڭ ئۇنداق قىلىشقا «دەسمىي» سى يوق ئىدى، ئارقىسىدىن ماڭىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، ئۇ ھەم مەيۈسلەندى، ھەم ئۈمىد بىلەن ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى چىقىشىغا تەلمۈرۈپ تۇردى. ئاخىر ھەقىقەت ساختىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلدى، ئەخەت تۇرسۇن ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى، ئۇ ئالدىنقى قاتاردا تاللانغانلار سانى ئىچىگە كىردى... ئۇ شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن خىزمەتكە چۈشۈپ، چارباغ يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىشقا چۈشتى. ئۇ ئۆز ئەجرىنىڭ قەنتىنى چاقتى، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇلار تىرىشسا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدىكەن، دېيىشتى.

ئاسان قولغا كەلمىگەن خىزمەتنى ئەخەت تۇرسۇن چىن دىلىدىن قەدىرلىدى ۋە بېرىلىپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئىشلىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىن يىراق جايدا ئىشلىسىمۇ،

جاپا تارتىسمۇ، قىيىنچىلىققا يولۇقسىمۇ، پۇشۇقۇنۇپ كەتمىدى، ھەر كۈنى 34 كىلومېتىر يولنى ۋېلسىپىت بىلەن ماڭاتتى، ئۇ مەكتەپنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتناشتى. خىزمەت جاپالىق بولسىمۇ، سەممىي، قەتئىي ئىرادە ئۇنىڭ ھەممە ئەمەلىرىنى بەربات قىلىپ، ئۇنى پارلاق كېلەچەككە ئىنتىلدۈردى. ئۇ مەكتەپتە تېزلا كۆزگە كۆرۈندى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

1994 ـ يىل 9 ـ ئايدا، ناھىيەدە ساقچى كۈچلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ چاغدا ناھىيە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى ياخشى كادىرلار، ياش، قابىل كۈچلەرنى سىياسىي قانۇن قوشۇنىغا تونۇشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ چاقىرىق ساقچى بولۇشقا قىزىققان ئەخەت تۇرسۇنغا يېڭى بىر باھارنى ئېلىپ كەلگەندەك بولدى. ئۇ مەكتەپ، مائارىپ ئىدارىسى ۋە ج خ تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مائارىپ سېپىدىن ج خ قوشۇنىغا قاتقىپ چىقتى.

ئەمما ئۇ، بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى ئەمەس، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، بۇ سەپكە كىرىپلا چارباغ يېزىلىق ساقچىخانىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. چارباغ يېزىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى دائىرىسى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى مۇرەككەپ يېزا ئىدى. يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى 49 ـ، 52 ـ تۈمەن بىلەن پاسىل بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلار پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. مانا بۇلار ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى يوق ئەخەت تۇرسۇنغا زور بەدەل تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن رەھبەرلىككە ماسلاشتى. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى، ئۆزىدە خەلققە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى تۇرغۇزدى. شۇ جەريانىدا ئۇ ـ نىڭغا ئامانلىق قوغداش، نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتى يۈكلەندى.

ئۇ ئىشقا چۈشۈپلا چارباغ يېزىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جەمئىيەت ئامانلىقى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئىگىلەپ، ئاممىغا يېقىنلىشىپ، ساقچىخانا خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەسسە قوشتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇ، ئۈچ پارچە دېلو ئىشلىدى، دېلولاردىن بىرى لۈكچەكلىك، بىرى يۇرت زومىگەرلىكى، يەنە بىرى يانچۇقچىلىق دېلوسى ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى پارچىسى بىر قەدەر تەلەپكە لايىق ئىشلەنگەن بولسىمۇ، يانچۇقچىلىق قىلمىشىغا ئائىت دېلونىڭ پاكىتلىرىنى بېكىتىش، تولۇقلاشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. دېلونى ئىشلەپ يۇقىرىغا

تاپشۇرغان بولسىمۇ، دەلىل ـ ئىسپاتلىرى يېتەرلىك بولمىغان دېگەن تەستىق بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى. ئۇ بۇ دېلودا نۇرغۇن جايلاردا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، بۇنداق ئىشتا سەل بىخۇدلۇق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ 20 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى ۋە ئىلگىرى ئىشلەنگەن شۇ خىل دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق، بۇ دېلونى قايتىدىن تەلەپكە لايىق ئىشلەپ، گۇماندارنىڭ جىنايىتىگە توغرا جازا ئۆلچەشكە ئاساس سالدى. ئۇنىڭدىن باشقا قىمار ئويناش، جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان دېلودىن 34 پارچىنى ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ، خاتالىق سادىر قىلماي ئۇتۇق قازاندى. شۇ يىلى چارباغ يېزىلىق ساقچىخانا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ۋە يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار ئورۇن» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئەخەت تۇرسۇنمۇ «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپكە سازاۋەر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسىدە، كەيپىياتىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا كەلتۈردى، ھەتتا 1995 ـ يىل 10 ـ ئايدا چاقىرىلغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قۇرۇلتايغا قاتناشتى.

## «بىر ئېغىز ئۆي» دىكى ئىشلار

ئەخەت تۇرسۇن كۆزگە كۆرۈندى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشتى، كۆڭلى تۈز، سىر ساقلايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بۇ ياش قىلغان ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن مىننەت قىلمىدى، جاپالىرى ئۈچۈن ۋايسىمىدى. ئۇنى ئىشقا چاقىرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر قانچە يىل چېپىپ يۈرۈپ ئىشلەپ، جاپاغىمۇ، چارچاشقىمۇ كۆنۈپ قالدى. يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارغىمۇ ئادەتلىنىپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە بىر بوشلۇق بار ئىدى، ئەمەلىيەتتە كەسپىي جەھەتتىن يېتىلگەن ۋە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە يېتىش ئۈچۈن، نەزەرىيە ئاساسى بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئۇ كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كەسپىدە ئوقۇشى، بىلىمىنى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى كېرەك ئىدى. 1996 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى، ئۇ 1998 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ جامائەت

خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى، ئوقۇش
جاپالىق، قىيىن بولدى، ئۇ ئۆز ئارزۇسى ۋە پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش
ئوتىدا پۇرسەت ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە
ياخشى ئىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۇنى دۆلەت ئىچى بىخە-
تەرلىكىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى قارىمىقىدىكى قوغلاپ تۇتۇش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ
باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى، ئەسلىدە ئۇ، ئوقۇشقا مېڭىشتىن ئاۋۋالمۇ مۇشۇ ئەترەتكە
يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغانىدى. بۇ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ مەس-
ئۇلىيىتى ئېغىر، خىزمىتى تولىمۇ جاپالىق ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى خىزمەت ئۇسلۇبى ۋە
ئىستىلى بىلەن ئىشلىسە، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايت-
تى. ئەخەت تۇرسۇن مەسئۇللۇق مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن يۈكسەك سىياسىي
سەزگۈرلۈكىنى ئىشقا ئاشۇرمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭدا شۇنداق تۇيغۇ ۋە قەتئىيلىك
بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئالدى بىلەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پارتكومىنىڭ رەھبەرلى-
كىگە قەتئىي بويسۇنۇشنى خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلدى. ئۇ يەنە دۆلەت بى-
خەتەرلىكىگە ئائىت قانۇن- نىزاملارنى، سىياسەت- پرىنسىپلارنى بېرىلىپ ئۆزلەش-
تۈردى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشىپ ئاز ۋاقىت ئۆتمەي رەسمىي كۈرەشكە ئاتلاندى. دەل
ئاشۇ يىللاردا بىر تۈركۈم مىللىي بۆلگۈنچى، تېررورچى، ئەسەبىي دىنىي كۈچلەر
جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش، قۇترات-
قۇلۇق قىلىش، بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى، ئۇلار
قۇتراتقۇلۇق قىلىش بىلەن توختاپ قالماي، يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش، بۇز-
غۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ئامانلى-
قىغا تەھدىت پەيدا قىلدى. ئەخەت تۇرسۇن دەل مۇشۇ كەسكىن كۈرەش قوينىغا
ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ، تەشكىل تاپشۇرغان ۋە-
زىپىلەرنى كېچىنى ـ كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدى. ئۇ بىر قىسىم قاچقۇن جىنايەت
گۇماندارلىرىنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە
بېرىپ، جاپالىق، مۈشكۈل سەپەرلەرنى باشتىن كەچۈردى، قوغلاپ تۇتۇش، پاش
قىلىش داۋامىدا ئۇ نۇرغۇن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى.

2000 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئەخەت تۇرسۇن ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى جەنۇبىي
شىنجاڭدا تەسىس قىلغان تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا مەسئۇل بولدى. بۇ ئورۇن قەشقەر

ۋىلايىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چېگرىسى دەپ قارالغان «بىر ئېغىز ئۆي» دېگەن تاغ ئارىسىدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. بۇ نۇقتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يوشۇرنۇپ ئېقىپ يۈرۈپ بۆلگۈنچىلىك، مۇقىمسىزلىق، تېررورلۇق قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان گۇماندارلارنى تۇتۇش، زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش تولىمۇ قىيىن ئىدى.

تەكشۈرۈش پونكىتىغا دەسلەپتە 19 نەپەر كادىر ـ ساقچى ئەۋەتىلدى. ئادەم كۆپ ئاز، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. ئەخەت تۇرسۇن بۇ خىزمەت داۋامىدا يۇقىرىدا پارتىيە، دۆلەتنى، تۆۋەندە كەڭ خەلق ئاممىسىنى نەزەردە تۇتتى. ئۇ ھوشيارلىقنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرمۇ گۇمانلىق كىشىنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ياخشى كىشىگە ئۇۋال قىلماسلىق پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى، كادىر ـ ساقچىلارغا بولغان باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تەلەپنى يۇقىرى قويدى، يولۇققان قىيىنچىلىقنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، توغرا ھەل قىلدى. «بىر ئېغىز ئۆي» جايلاشقان جايدا بىرەر تۇپمۇ دەرەخ يوق، ئەتراپى قاقاس، تاغلىق، چۆل بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 70 نەچچە كىلومېتىر يىراق بولغاچقا، يېتىپ ـ قوپۇش، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىق مەۋجۇت ئىدى. ئۆزگىرىشچان ھاۋارايى، چاڭ ـ توزان، قۇرغاقچىلىقتىن ئۇنىڭ ئېغىز ـ كالپۇكلىرىنى يېرىلىپ، تېرىلىرى قۇرغاقلىشىپ كەتتى. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا غىزالىنىش، ئارام ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. توختىماي ئۆتۈۋاتقان ئاپتوموبىل، ئادەملەر تۈپەيلى ئۇلارغا بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەيتتى. ئارىدىن تۇققۇز ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەخەت تۇرسۇن قول ئاستىدىكى كادىر ـ ساقچىلارنى نۆۋەت بىلەن ئائىلىسىنى يوقلاشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى ئائىلىسىگە بارمىدى، پەقەت بەش ـ ئالتە نۆۋەت خىزمەت دوكلاتىنى ئېلىپ ناھىيە مەركىزىگە باردى. ئۇ يەردە يىگەن قۇرۇق نان، جاپالىق كۈنلەر ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىدى، جاسارىتىنى ئاشۇردى، ئۆزىدىكى تەمكىنلىك ۋە پاراسەتنى يېتىلدۈردى. بىر قانچە قېتىملىق سوغۇق تېگىپ زۇكام بولۇش، ئىسسىق ئۆتۈپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەندە، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدىن دورا ئەكەلدۈرۈپ يېدى.

ئۇنىڭ جاپا تارتقىنىغا يارىشا نەتىجىسىمۇ بولدى. ئوغرىلىق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللانغان شايكىدىن سەككىزنى قولغا چۈشۈردى. جىنايەت سادىر قىلىپ قېچىپ



www.uyghurkitap.com

يۇرگەن توت نەپەر قاچقۇن قولغا چۈشتى ۋە ئۇلار يەنە باشقا جايلاردا قېچىپ يۇرگەن جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇشقا ھەمكارلاشتى. دەل شۇ چاغدا جايلاردا ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان «511 ـ نومۇرلۇق» يۇقۇملۇق كېسەللىك يامراپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش، مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنىمۇ ئىشلىدى، ئىممۇنىتېت ئىشلىرى تولۇق ئىشلەنمىگەن قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سىرتقى جايلاردىن كىرىشىنى ۋە سىرتقا چىقىشىنى كەسكىن توستى.

ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا چېتىشلىق بولغان يۇقىرىقى دېلولاردا گۇماندارلار بىردەك قانۇننىڭ ھەققانىي جازاسىغا ئۇچرىدى.

ئەخەت تۇرسۇن جاپا تارتتى، ئۇ شۇ جاپاغا لايىق شەرەپكىمۇ ئېرىشتى. ناھىيە ئۇنىڭ «بىر ئېغىز ئۆي» دىكى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، تۇتۇش خىزمىتىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى قىلىپ بېكىتتى؛ قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن «قوغلاپ تۇتۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ مۇكاپاتلاندى ۋە شەرەپ مېدالى بەردى.

# سولاقخانىدىكى كەچمىشلەر

ـــ ئەخەت سوجاڭنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ!

ـــ نېمە ئىش بوپتۇ، خېلى جېنى تۇزۇك بالا ئىدى!؟

ـــ ساقچىدا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ بېشىدا ھامان بىر كۈلپەت بولىدىكەن، توت ئادەم سولاقخانىدا ئۆلۈپ قاپتۇ، بۇ ئىشتا ئەخەت سوجاڭنىڭ جاۋابكارلىقى بارمىش!

ـــ ھەي، يامان بوپتۇ ـ دە!؟ قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ـــ مەنمۇ باشقىلاردىن چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىدىم، زادى قانداق بولغان مەنمۇ ئېنىق بىلەلمىدىم!

ـــ ئۇنداق بولسا ئۇمۇ مىش ـ مىش گەپكەن دەگە!

ـــ ئازراق راست بولمىسا، بۇنداق پاراڭمۇ بولمايدۇ، شامال چىقمىسا، تېرەك لىڭشىمايدۇ ـ دە!

ـــ لېكىن، بۇ گەپ ئاخىرىدا جىڭدا توختىماي قالارمىكىن!

شۇ كۈنلەردە جەمئىيەتتە مۇشۇنداق گەپلەر تارقىلىپ يۇردى، بىراق ھېچكىم بۇ

گەپكە كەسكىن جاۋاب بېرەلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ راست گەپ، راست ۋەقەلە-كنى، بولۇپمۇ ئەخەت تۇرسۇننىڭ بىۋاستە قولى بىلەن يۈز بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلمەيۋاتاتتى. راستىنى دېسە، نۇرغۇن ئادەم بۇ ئىشقا يې-قىندىن نەزەر سالدى، ئەخەت تۇرسۇننىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالماسلىقىنى، مىش ـ مىش گەپلەرنىڭ يالغان چىقىشىنى تىلەيتتى...

2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەخەت تۇرسۇننىڭ خىزمەت ئورنىدا يە-نە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولدى، بۇ قېتىم ئۇ تەقسىمات بويىچە ناھىيلىك سولاقخا-نىغا باشلىق بولۇپ باردى. قايسى جاي، قانداق خىزمەت بولسا قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ۋە دەرھال ئۆزلىشىپ، كەسپىي خىزمىتىنى راۋانلاشتۇرۇشقا ماھىر ئەخەت تۇرسۇن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئەمما، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە دېگەندەك، بۇ يەرنىڭ خىزمەت مۇھىتى ئالاھىدە، خەتىرى كۆپ، مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. شۇ يىللاردا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتىدا قور-قۇنچلۇق مەسىلىلەر كۆپ، ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولۇۋاتاتتى. تەشكىلىنىڭ كۆزدە تۇتقان ئىشىمۇ دەل مۇشۇ بولۇپ، ئەخەت تۇرسۇن ئۇچۇن بۇ كۈچلۈك سىناق ۋە مۇھىم باسقۇچ ئىدى، شۇ چاغدا سېرىقبۇيا بازىرى، ئالاغىر يېزىسى قاتارلىق جايلاردا خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قوناقلىقلارغا تاشلاپ قويۇپ تېررورلۇق قىلىش، سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، ۋەتەننى پارچىلاشتەك زور سۇيىقەستنى پىلانلاش، قورال ـ ياراغ ياساش قاتارلىق بىر قاتار جىنايى ئىشلار ئار-قا ـ ئارقىدىن پاش بولۇۋاتاتتى، جىنايەت گۇماندارلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن قولغا چۈشۈپ، قاماقخانا گۇماندارلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قاماقخانا كىچىك بول-غاچقا، گۇماندارلار قىستىلىشىپ، پات ـ پات جېدەل چىقىرىش، بىر ـ بىرىنى زە-خىملەندۈرۈش، زورلۇق قىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

بۇ يەرگە يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن ئەخەت تۇرسۇننى بۇ بىر قاتار ئىشلار تەمترەتتى، ئۇ بۇ ئىشلارغا ئىنتايىن ئەستايىدىل قاراش، سەگەك بولۇش، مەسئۇل-يەتچانلىقنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى يېتەرلىك قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كادىر ـ ساقچىلار، باشقۇرغۇچى، نازارەتچىلەرگە بولغان تەرتىپ ـ تۈ-زۈمنى يەنىمۇ ئىلگىرىگەن ھالدا چىڭىتتى. قاماقخانىلارنى باشقۇرۇش ۋە گۇ-ماندارلارنى قوغداپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى

خېلى ئىلگىرىلا ئۆزلەشتۈرگەن ئەخەت تۇرسۇن مەسىلىلەرگە ئۇدۇلىغا، ئاددىي قارىماستىن، شۇ يەردىكى پېشقەدەم ساقچىلار ۋە تەجرىبىلىك باشقۇرغۇچىلاردىن سولاقخانىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تەرتىپ ـ تۈزۈمنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئۆزلەشتۈردى، تۈرلۈك يوچۇقلارنى ئېتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە ئىزدەندى.

«كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ» دېگەندەك، 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ، ئەخەت تۇرسۇننىڭ بارلىق خىيالى ۋە پىلانلىرىنى بەربات قىلىۋەتتى. دەل شۇ كېچىسى، بىر كامېردا ياتقان ئالتە نەپەر جىنايەت گۇماندارى ئىچىدىكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن باسقۇنچى جىنايەتچى مەمتىمىن چويۇن مەشىنىڭ تۇۋۇقى بىلەن بەش ئادەمنى ئۇرۇپ، تۆت ئادەمنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ، بىر ئادەمنى ئېغىر يارىلاندۇردى. ۋەقە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ھەم ج خ نازارىتى تۇشمۇتۇشتىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، ئەھۋال ئېغىر، مەسىلە زىددىيەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق بولۇپ، ھەممەيلەننى ئېغىر دەرىجىدە نەس باسقانىدى. ئەخەت تۇرسۇن بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۆكۈندى ۋە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىش، توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، ھەر قايسى تارماقلارغا يېقىندىن ماسلاشتى ۋە ھەمكارلىشىپ، سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكلەرنى قالدۇرماي، يوشۇرماي ئەينەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆزى ھېس قىلغان سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەتنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. «تامنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەندەك بۇ ئىش ھەش ـ پەش دېگۈچە سىرتقا يېيىلىپ كەتتى. ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تولۇق بىلمىگەن كىشىلەر ھەر خىل قاراش، مۇلاھىزىلەرنى قىلىشتى، ھەتتا ئايرىم كىشىلەر ئەخەت تۇرسۇننى توختىتىپ قويۇپتۇ، خىزمەتتىن قالدۇرۇپتۇ، دېيىشتى.

ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىك مەسىلىنى يالغۇز ئەخەت تۇرسۇندىنلا ئىزدىمەي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش نۇقتىسىدىن ئىزدەپ ، ئەتراپلىق مۇئامىلە قىلدى. ئاخىرىدا تۈرمە ئىچىنىڭ تارلىقى، قامالغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكى شۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر سەۋەب ئىكەنلىكى، ئادەتتىكى گۇماندارلار بىلەن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ بىر يەرگە قاماپ قويۇلغانلىقى بۇ ئىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئەخەت تۇرسۇن تۈرمە مەسئۇلى بولسىمۇ، بۇ بىر قاتار ئىشلاردا چوڭ مەسئۇلىيىتى

www.uyghurkitap.com

يوقلۇقى پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇپ چىقتى. بۇ ساۋاق ئەخەت تۇرسۇندا كۈچلۈك باش سىلكىش، چۆچۈشنى پەيدا قىلدى. ئۇ يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاماقخانىدىكى يوچۇق، بوشلۇقلارنى ئىزدىدى، قاماقخانا باشقۇرۇش قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى كەڭ تۈردە تەرتىپكە سېلىپ، نازارەت قىلىشنى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈردى. يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا لايىھە سۇنۇپ، بىر قىسىم مەبلەغ ھەل قىلىپ، قاماقخانىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى قىلدى. قاماقخانىدىكى جىنايەتچىلەرگە بولغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە، قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى ئاساسلىق خىزمەت قىلىپ تۈزۈملەشتۈردى. ئۇ ھەر كۈنى ئىشلەيدىغان كادىر ـ ساقچىلارنى ياخشى جىپسىلاشتۇرغاندىن باشقا، ئىدىيىسى قاتمال جىنايەتچىلەر بىلەن تەكرار سۆھبەتلەشتى. ئۇلارغا قانۇن ـ نىزاملارنى چۈشەندۈردى. رەھبەرلىكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ـ بۈگۈر ناھىيىلىك قاماقخانىغا كادىر ـ ساقچىلارنى ئاپىرىپ تەجرىبە قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىقلاپ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قاماقخانا باشقۇرۇشتا مەدەنىي بولۇش، پاكىز بولۇش، رەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇڭا، بۇ قاماقخانا 2002 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىكى باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا ۋىلايەت بويىچە «تۈرمە باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» قاتارىغا ئۆتتى ۋە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ئەخەت تۇرسۇننىڭ تۈرمە باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسى باشقا جايلاردا كېڭەيتىلدى.

2002 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇ زور تۆھپىسىگە ئاساسەن ج خ نازارىتى تەرىپىدىن «3ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىنىپ شەرەپ مېدالىغا ئېرىشتى.

## مەرۋايىت باغرىدا

سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدا داڭقى بار. بۇنىڭدىن باشقا سەل چوڭقۇرلاپ تەتبىقلىساق، ئىچكى جايلاردىمۇ داڭقى بارلىقىنى چەتكە قاقالمايمىز. چۈنكى، ئىچكى جايلاردا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى سېرىقبۇيا بازىرىدىن، ھېچبولمىسا سېرىقبۇيا بازىرىنى بىلىدۇ. بۇ بازاردىن نۇرغۇن نەرسىلەر چىقىدۇ، قابىل تىجارەتچىلەر، كىشىنى ھا-

ياجانغا ۋە ئىلھامغا چۆمدۈرىدىغان سېخىيلار، قابىل ئىگىلىك تىكلىگۈچى، بالىش-
قۇرغۇچىلار... بۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى غەزەپ ـ نەپرەت، ئار ـ نومۇسقا قويىدى-
غان قەبىھ قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارمۇ چىقىدۇ. بۇ بازاردا ھەممە ئىش بول-
سىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇ ئىشلارمۇ، ئاشۇ كىشىلەرمۇ ئۆز يولى بىلەن مېڭىپ
ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئومۇمي كەيپىياتىنى نىسپىي
تىنچلىق ئىچىدە ساقلاپ، ئۆزلىرىگە يارىشا قىممىتىنى تېپىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇ-
ڭا، بۇ يەردىكى ئادەملەر خۇشاللىق ۋە ياخشىلىققا ئالقىش، قەبىھلىك ۋە بەختسىز-
لىككە نەپرەت ياغدۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسىنى تەڭشەپ ما-
ڭىدۇ. بىر ياخشىنى كۆرۈپ ھەممىنى ياخشى، بىر يامانىنى كۆرۈپ ھەممىسىنى يا-
مان دېسەك بولمايدۇ. ئادەم بەزىدە نۇرغۇن ئىشلارغا ياخشىمۇ ـ يامانمۇ دەپ باھا
بېرەلمەي قالىدۇ. «يېزا ـ بازار كارخانىلىرى سېپىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دەپ
نام ئالغان بۇ بازارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى، بەخت ھەم غەم ـ ئەندىشىلە-
رىمۇ بار. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ھەممىنى تارتىشقا ۋە يېڭىشكە ئادەتلىنىپ قالغان،
لېكىن بۇ ئىشلار قاتارىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىــــدىغان بىــــر ئىش ـــ ئۇلار
ھەققانىيەتنى، پەزىلەت ۋە ساداقەتنى، ۋاپا ۋە ئەھدىنى يەردە قويمايدۇ، ۋەدىسىدە
تۇرۇپ، مەردلىك ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن قۇربان
بېرىشكە جان پىدا قىلىشنى بىلىدۇ، نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى ئەنە شۇنداق پەزىلەت
يۇيۇپ، تازىلاپ تۇرىدۇ...

2000 ـ يىل 5 ـ ئايدا، قايسى جاي جاپالىق بولسا شۇ جايغا بارلىقىنى ئاتاپ قويى-
غان ئەخەت تۇرسۇنغا ئاشۇ مەرۋايىتتىن ئىش چىقىپ قالدى. ئۇ بازارلىق ساقچىخانى-
غا باشلىق بولۇپ باردى. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇ بازاردا شىنجاڭدا مۇستە-
قىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «ئىسلام قېرىنداشلار تەشكىلا-
تى» غا ئوخشاش تەشكىلاتتىن يەتتىسى پاش قىلىنغان ۋە ئىلگىرى ـ ئاخىر قاتتىق
زەربە بېرىلىپ قاتتىق باستۇرۇلغانىدى. خاراكتېرى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات دەپ
بېكىتىلگەن ئاشۇ تەشكىلاتلاردىكى جىنايى جازاغا تۇشقان جىنايەت گۇمانىدارلىرىنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمە، قاماقخانىلاردا ئۆزگەرتىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە 100 دىن
ئارتۇق جىنايى جازاغا تۇشماي قويۇپ بېرىلگەن، تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تاپ-
شۇرۇلغان كىشى بۇ بازارنىڭ ھەرقايسى كەنت، مەھەللىرىدە بار ئىدى. ئۇنىڭدىن

باشقا تۈرلۈك جىنايى جازانى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن 69 نەپەر ئۆزگەرگەن خادىم بولۇپ، ئۇلار سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدىكى ئاساسىي نۇقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى جايلاردا تىجارەت قىلىدىغان، ئېقىپ يۈرۈپ ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، يانچۇقچىلىق، ئادەم سودىسى قىلىدىغان 300 دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ئۇلار سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ ئامانلىقىغا ھەدەپ تەھدىت پەيدا قىلىۋاتاتتى. ناھىيە رەھبەرلىكى مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئەخەت تۇرسۇننى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلىدى. ئەخەت تۇرسۇنمۇ بۇنى ئوبدانلا بىلەتتى ۋە چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ئىككىلەنسە، قاراپ تۇرسا بولمايتتى. ئۇ ساقچىخانىغا كەلگەندىن كېيىن، كادىر - ساقچىلارغا قارىتا مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) ھەرقايسى جايلارنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ مەسئۇل بولىدىغان كادىر - ساقچىلار مەسئۇل بولۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدۇ؛ (2) ھەرقايسى ئاھالە كومىتېتلاردىكى 22 نەپەر ئامانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىمنى كەسپىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تەربىيىلەيدۇ؛ (3) قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىدۇ؛ (4) ۋەقە، ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاساس، زەربە بېرىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرىدۇ؛ (5) ھەرقايسى مەكتەپ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش»، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»، «ئامانلىق نىزامى» قاتارلىقلارنى ھەر ئايدا بىر نۆۋەت دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈشنى يولغا قويىدۇ؛ (6) مەكتەپ ۋە ئاتا - ئانىلار بىلەن قۇرامىغا يەتمىگەن ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالايدۇ ۋە ھەر پەسىلدە بىر نۆۋەت تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى يولغا قويىدۇ؛ (7) ھەرقايسى رايونلارغا مەسئۇل بولغان ساقچىلار ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆز رايونىنىڭ ئامانلىق خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ ئاممىغا ئاشكارىلاشنى تۈزۈملەشتۈرىدۇ؛ (8) كادىر - ساقچىلارنىڭ خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىدۇ؛ (9) خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، ساقچىلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ؛ (10) پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ، ئامما بىلەن كادىرلارنىڭ، ساقچىلار بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە

ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، تىنچ بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئورتاق قۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ؛ (11) 24 سائەت دىجورنىلىك تۈزۈمىنى مۇنتىزىملاشتۇرىدۇ.

ئۇ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر ئىشقا ئاشۇردى، «ئاسماندا تور، يەر قاپقان» دېگەندەك، ھەممە تارماق، ھەربىر ئادەم كادىر ـ ساقچىلارنىڭ خىزمىتىگە ۋە مۇقىملىق خىزمىتىگە باغلاندى.

كىشلەرنىڭ ئاغزىدا سېرىقبۇيا بازىرىنىڭ «پۇلپەزلىك يۇرت» دېگەن نامى بار. بۇ بۇگۈنكى بازار ئىگىلىكى ۋە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، ھەممىلا ئادەمنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرۈپ، ھاياجانغا سالىدىغان نام بولسىمۇ، تىجارەتكە ماھىر سېرىقبۇيا خەلقى ئىچىدىنمۇ پۇل ئۈچۈنلا ياشاپ، پۇل ئۈچۈنلا قۇربان بېرىپ، ئىنساپ ـ دىيانەتنى يوقاتقان كىشلەرمۇ، ناشايان ئىشلار بىلەن ئۆزىنى خاراپ قىلىۋاتقان، باشقىلارنى ۋەيران قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ھورۇن، مىشچان، ئەخلاق ـ دىيانىتى يوق، ناكەس كىشلەر بولۇپ، قىلمىشى قەبىھ، ئۇسۇلى ۋەھشىي ئىدى. ئاشۇ كىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى شايكا بولۇپ شەكىللىنىپ، جەمئىيەتتە زورلۇق ـ زومبۇلۇق، مۇشتۇمزورلۇق قىلمىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇش، بۇلاش، ئوغرىلىق قىلىش بىلەن مۇقىملىققا تەھدىت پەيدا قىلىپ تۇراتتى. 19 مەمۇرىي كەنت، 40 تىن ئارتۇق ئىدارە ـ ئورگان، 43 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە سېرىقبۇيا بازىرىدا ھەر بازار كۈنلۈكى 60 ــــ 100 مىڭغىچە ئادەم ۋە تىجارەتچى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇڭا بۇ يەردە يەنىلا كونا ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلسا بولمايتتى، ئۈچۈرلاشقان ۋە ھەر كۈنى نەچچىلىگەن يېڭىلىق بولۇۋاتقان جەمئىيەتتە، ھەربىر ئىشقا قارىتا يېڭىچە ئۇسۇل، يېڭى چارىلەرنى قوللانمىسا، ئالدىنى ئالمىسا بولمايتتى، شۇڭا ئۇ كادىر ـ ساقچىلارنى زەنجىرسىمان ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىش بىلەن بىر چاغدا، ئومۇميۈزلۈك ئارخىپ تۇرغۇزۇشنى قانات يايدۇردى ۋە بازار تەۋەسىدىكى 43 مىڭدىن ئارتۇق تۇراقلىق نوپۇسنىڭ ئارخىپىنى ئىشلەپ، كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى. نوپۇسنى يۆتكەشتە ناھىيە ئىچىدە بىۋاسىتە كومپيۇتېر ئارقىلىق يۆتكەپ ئامىمغا قۇلايلىق تۇغدۇردى.

كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن ئاققۇنلارنى تىزىملاشنىمۇ نۇقتىلىق قانات يايدۇردى ۋە 820 نەپەر ئاققۇن نوپۇسنى يۇرتىغا ئالاقە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى

ئىگىلەپ، تەلەپ بويىچە كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى.

ئەخەت تۇرسۇن سىرىقبۇيا بازىرىدا بىر يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىق قىلىش شايكىسىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىۋاتقىنىغا بىر قانچە يىل بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مەخسۇس ساقچى كۈچى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆزەتتى ۋە پاش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 2003 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇ 90 كۈن قاتتىق تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. بۇ قېتىم ئۇ هەم مەست بولۇپ قالغانلارنى بۇلاشقا ئادەتلەنگەن، هەم ئوغرىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن 11 نەپەر ئادەمدىن تەشكىل تاپقان شايكىنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈردى، بۇ شايكا بەش قېتىمدا بەش دانە يانفون، ئىككى دانە موتسىكلىت، 1500 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى ئوغرىلىغان ۋە بۇلىغان بولۇپ، دېلونىڭ ئومۇمىي سوممىسى 15 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلاردىن ئالتە نەپىرگە قانۇنىي جازا بېرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق شايكىدىن يەنە ئىككىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قانۇننىڭ ئادالىتىنى، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

2003 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سىرىقبۇيا بازىرىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 8 ـ كەنت تەۋەسىدىكى «كۆكتال» جاڭگىلىدا نامسىز جەسەت بايقالغانلىق توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئەخەت تۇرسۇن بۇ ئىشقا جىددىي قارىدى. ئەسلىدە بۇ جەسەت تۆت كۈن ئاۋۋال يوقاپ كەتكەن ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت كىراكەشنىڭ جەستى ئىدى. ئەخەت تۇرسۇن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىلىرىگە ئەھۋال مەلۇم قىلدى هەم بۇ يەردىن كەلگەن رازۋېدكىچىلار بىلەن هەمكارلىشىپ، دېلونى تۆت كۈندىلا پاش قىلدى ۋە گۇماندارنى تېزدىن ئىزدەپ تېپىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن قولغا چۈشۈردى.

2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە، سىرىقبۇيا بازىرىدىكى رېمونتچى ن xx بىر كۈن قىلغان تىجارىتىنىڭ پۇلىدىن 2000 يۈەننى يانچۇقىغا سېلىپ، كېچە سائەت 12 دىن ئاشقاندا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ بازاردىن چىقىپ، ئۆيىگە يېقىن جايدىكى ئۆستەڭ بويىغا بارغاندا ئىككى قارا كۆلەڭگە ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، پىچاق تەڭلەپ يانچۇقىدىكى پۇلنى تولۇق ئېلىۋالدى ۋە ن xx نى ئۆستەڭگە ئىتتىرىۋەتتى، بولاڭچىلار قېچىپ كەتتى، زىيانلانغۇچى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سۇدىن چىقىپ، دېلونى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلدى. ئەخەت تۇرسۇن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ، كېچىلەپ كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، 24 سائەت ئىچىدە ئىككى نەپەر گۇماندار ـ

نى تۇتۇپ، قانۇنىي جازاغا تارتىشقا يوللاپ بەردى، پۇل ئىگىسىگە قايتتى، زىيانلانغۇ- چى ن XX ئەخەت تۇرسۇندىن كۆپتىن - كۆپ مىننەتدار بولدى.

2005 - يىل 3 - ئايدا، سېرىقبۇيا بازىرى بىلەن ئاۋات بازىرى ئارىلىقىدىكى تاشيول- دىكى يولۇچى توشۇش ئاپتوبۇسىدا مېۋە شەربىتىگە هوشسىزلاندۇرۇش دورىسى سې- لىپ، يولۇچىلارنى هوشسىزلاندۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسى يۈز بەردى، دېلونىڭ ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىدى، قىلمىشى قەبىھ، ئۇسۇلى ئىنتايىن ئېچى- نىشلىق بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن 12 ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىدى. ئەخەت تۇر- سۇن دەرھال يوللارنى قامال قىلىش ۋە گۇمانلىق كىشىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقى- لىق، جىنايەت گۇماندارىنى بەش سائەت ئىچىدە قولغا چۈشۈرۈپ، زىيانلانغۇچىلارنى غەمدىن، زىياندىن خالاس قىلدى. «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» دە بۇ دېلونىڭ پاش قىلىنىش جەريانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زىيانلانغۇچىلارمۇ دېلو مەلۇم قىلىپ، بۇ جىنايەت گۇ- ماندارلىرىنىڭ بەش قېتىم هوشسىزلاندۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىنى، زاڭ مال قىممىتى- نىڭ 100 مىڭ يۈەندىن ئاشقانلىقىنى پاش قىلدى.

2004 - يىلى يازدا سېرىقبۇيا بازىرىدا كەندىر ئۆستۈرۈپ زەھەرلىك چېكىملىك ياساش ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. تېرىش، ساقلاش، ئۆستۈرۈش، سېتىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان بۇ زىرائەتنى بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئوغرىلىقچە ئۆستۈرگەن بولۇپ، سانى كۆپ، دائىرىسى كەڭ ئىدى. بۇ چاغدا ئەخەت تۇرسۇن ھەرقايسى جايلارنىڭ ئامانلىق مۇ- دىرلىرى ۋە يېزا - كەنتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەتراپ- لىق تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، پاش قىلىشنى قانات يايدۇردى ۋە بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 3000 تۈپ كەندىرنى تېپىپ كۆيدۈرۈپ، نەشە ياساش، چېكىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى، ئالتە كىشى قانۇنىي جازاغا تارتىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھىيە ۋە بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەخەت تۇرسۇن سېرىقبۇيا بازىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، قائى- دە - تۈزۈملەرنى جارىلاشتۇردى ۋە كۆپ قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىپ، 1 مىليون ئادەم قېتىم قانۇن - تۈزۈم بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلدى؛ 30 مىڭ يۈەنگە كادىر - ساق-

چىلارنىڭ مەشىق، چېنىقىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىدى؛ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ۋە يې-زىنىڭ قوللىشى بىلەن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئەسلىھە، ئاپ-توموبىللىرىنى يېڭىلىدى؛ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، پارتى-يە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش پائالىيىتى داۋامىدا، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشنى قا-نات يايدۇرۇپ، 3 ـ كەنتتىكى 15 ئائىلىلىك نامرات دېھقانغا 3000 يۈەندىن پۇل ياردەم قى-لىپ، 15 تۇياقتىن قوي ئېلىپ بېرىپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

بۇ ساقچىخانا بۇلتۇردىن بۇيان ئەخەت تۇرسۇننىڭ بىۋاستە قول تىقىشى بىلەن 26 پارچە جىنايى ئىشلار دېلوسى، 60 پارچە ئامانلىق دېلوسىنى پاش قىلدى. ئەخەت تۇرسۇن بۇ جەرياندا قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلىپ دېلو بېجىرگەنلىك-تىن، دېلولارنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولدى.

## سۆيگۈدىن ئىزھار

شۇنداق، ھەرقانداق ئادەمدە سۆيگۈ بولىدۇ، لېكىن ئادەم ھەممە نەرسىنى سۆ-يۈۋەرمەيدۇ، ھەربىر ئادەمدە ئوخشاش بولمىغان سۆيگۈ، سۆيۈش، سۆيۈلۈش بول-دۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە بولسا سۆيگۈ مەڭگۈلۈك بولغاندىن تاشقىرى، تۇراقسىز بولىدۇ، مەڭگۈلۈك سۆيگۈ نۇرغۇن كىشىلەردە ئۆزىگە بولغان ساداقەتمەن-لىكتە، ئائىلىسىگە ساداقەتمەنلىكتە، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆزلىگەن ساداقەتمەنلى-كىدە كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا كەسىپكە بولغان ساداقەتمەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. كەسىپكە بولغان ساداقەتمەنلىك بىر خىل ئىچكى ـ تاشقى باغلىنىشقا ئىگە ساداقەت-مەنلىك بولۇپ، پەقەت ئادەمنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققاندا تاشقى جەھەتتىن نامايان بولۇپ بولىدۇ، ئاندىن ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. بۇنداق ۋىسال پەيزىنى سۈرەلىگەن ئادەملا گۈلخاندەك كۆيەلەيدۇ، ئۆز كەسپىدە كامال تاپالايدۇ، مۇراد ـ مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

ئەخەت تۇرسۇندا ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر باغلانغان رىشتە، ساداقەت ھاسىل قىلغان سۆيگۈ مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئاشۇ جاپالىرىنى يىغىپ كەلسە، قەلبىدە سۆيگۈ، كەسىپكە بولغان ساداقەتتىن باشقا ئالاھىدە نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. جاپالىرىنىڭ نەتىجىسى-مۇ، شەرەپ ـ ئۇتۇقلىرىنىڭ مەركىزى نۇقتىسىمۇ شۇ. ئۇ شۇنچە يىللار مابەينىدە نۇر-

غۇن قىيىن ئىشقا يولۇقتى، نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى، ھەر خىل پاراكەنـ
دىچىلىك پەيدا قىلغان ساۋاقلارغا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ ئىككىلەنگەن، دەرد تارتقان،
ئازابلانغان، خورلانغان كۆڭلىرى خۇشال بولغان، بەخت پەيزىنى سۇرگەن كۈنلىرـ
دىن كۆپ. كۆرۈمەللىككە كىشىلەرگە ئۇ ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق كۆرۈنەتتى. ئەمەـ
لىيەتتە، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەمەلىي قىيىنچىلىقى، قىيىنلىدىغان ئىشلىرى بار، ھەل قىلالمىـ
غان، ھەل قىلسا بولىدىغان ئىشلارمۇ، شەخسىيىتى ئۈچۈن قۇربان بەرمىسە بولمايدىغان
ھالقىلىق ئىشلىرىمۇ بار. بىراق ئۇ، بۇلار ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالمىدى، بۇلار ئۈچۈن
باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشقا رايى بارمىدى. ئۇ ساقچى بولسىمۇ، ساقچى
تۇرۇپ ئۆزى ئۈچۈن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن قىلىپ بەرسە، ھەل قىلسا بولىدىـ
غان نەچچە ئون تۈرلۈك ئىشى بار ئىدى، ئۇ ئۇلارنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ
بۇ ئىشتا ھەم ئۆزىنى تارتتى، ھەم شۇ ئىشلارنى جايىدا قىلالماي ئۆزىگە ئېغىرلىق سېـ
لىپ، سۇرەلمە بولۇۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە تاپا قىلدى. ئاشۇ ئىشلار قاتارىدا، ئۇ ئائىـ
لىسىدە بىر ـ ئىككى كۈن ئولتۇرۇپ خاتىرجەم ئارام ئالسا، بەخىرامان غىزالانسا، ئايالى
ۋە باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ باغچا ئايلاندۇرسا، ساياھەتكە بارسا بولاتتى، بىر ئائىلىنىڭ
ھەممە ئېغىر ـ يېنىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئايالىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولسا بولاتـ
تى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ ئوقۇتقان، ئۇنىڭ ئوتىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ غەم
يەيدىغان، جاپاكەش ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرسە، ئۇلارنى تولۇق
رازى قىلسا بولاتتى. گەرچە ئۇ ئۇلارغا تۈزۈكرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇلار ئۇـ
نىڭدىن رازى، ئۇلارنىڭ روھىدا شۇنداق كەڭلىك، سېخىيلىق ۋە ۋاپادارلىق مەۋجۇت،
ئۇلار ئۇنىڭ خىزمەتنى ياخشى قىلىپ، خاتىرجەم بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا
يەرگە قاراپ قالماسلىقىنى تىلەيدۇ، دوئا ـ تىلاۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ئامانلىق، ئاسايىش،
ئۇتۇق تىلەيدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بەدىلىگە ياخشى نام ـ ئاتاق ئېـ
لىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇ قاچان ساقچى فورمىسىنى كىيدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىـ
نىڭ لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ، قەبىھلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، ياخشىلارنى
قوغداۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، مانا بۇ ئەل خىزمىتى، ئەل خىزمىتىنى قىلغان ئادەم ئۇلۇغ ئاـ
دەم، ئەل خىزمىتىنى قىلغان ئادەم خاسىيەتلىك ئادەم ئىدى. مانا مۇشۇ خىل تۇيغۇ ئۇـ
نىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەلبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈل ئاغرىقى،
قەلب يارىسىنى ساقايتالايتتى. ئۇ قانچە كۈنلەرگىچە كەلمىسىمۇ، يوقلىمىدى دەپ رەنـ

جەمەيتتى، بىرەر ئىشنى قىلىپ بەرمىسمۇ، قىلىپ بەرمىدى دەپ خاپا بولۇپ، تەنبىھ بەرمەيتتى، دەپ كەلسە ئۇلارنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن گەپلەر بار، سېغىنىش، تەشنالىق ۋە كۈتۈشلەر بار. بىراق، تارتقان كۆڭۈل ئاغرىقنى، ئويلىغان پىلانلىرنى قىلماقچى بولۇپ تەمشەلگەن ھەربىر ئىشلىرىنى ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلاپ قويسىمۇ، ئۇ ئالدىدا پەيدا بولغاندا بىرسىنىمۇ دېيەلمەيدۇ، ئۇنى ئايايدۇ، قوغدايدۇ، شۇڭا ئەخەت تۇرسۇن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەربىر ئىشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇۋاتقانلىقىنى، قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ كېتىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئاتىلارنىڭ سۆيگۈسى، قېرىنداشلارنىڭ سۆيگۈسى. ئەمما، باللاردىكى سۆيگۈ كەسپكە، يەنە تېخى ئۆزى ئۈستىدە ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈستىدە بولىدۇ.

ئەخەت تۇرسۇن ئائىلە سۆيگۈسىنى كەسىپ سۆيگۈسى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كەسىپنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، كۆڭلىدىكى سۆيگۈسىنى ھەردىكتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلمەي كەلدى، ئۇ ھەر قېتىم خىزمەتكە ئاتلانسا، ئايالىنىڭ يۈرىكى قارت قىلاتتى، ئۇنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە يولۇقۇشىنى، قايسى ئىشلارنى قىلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقاتتى. ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇنىڭ تىنچ ـ ئامان، سالامەت كېلىشىنى كۈتەتتى. گاھىدا ئۇ ئېرىنىڭ بىرقانچە كۈنلۈك خىزمەتتىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق سۆيۈنەتتى، بۇنداق سۆيۈنۈش ئۇنى بەختكە چۆمۈلدۈرەتتى. چۈنكى ئۇ، ئېرىگە ئۆز قولى بىلەن بىر نەچچە ۋاخ تاماق ئېتىپ بېرىۋالالايدۇ، ئائىلىدە جەم بولۇپ مۇڭدىشۇالالايدۇ، بىراق بۇنداق خىياللار ئۇنى بەزىدە داغدا قوياتتى، ئۇ ئەمدىلا ئۆيگە كىرسە، ئارقىدىنلا يەنە بىر چاقىرىق، بۇيرۇق كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىراش چىقىپ كېتەتتى، ئازاب ۋە زېرىكىش، غەم ۋە ئەندىشە، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئۇنى گاراڭ قىلاتتى، بۇنداق روھىي ئازاب گاھىدا ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقىرىپ قويۇشقا تاسلا قالاتتى. ئەمما، ھەر ئىككىسى بەرداشلىق بەرمىسە بولمايتتى، چىدىمىسا ۋە تەخىر قىلىپ كۈتمىسە بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ خاتىرجەم باللىرىنى بېقىپ، ھەر كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ ئىشلەۋاتقان ساقچىلارنى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ ساقچىلارغا مەسلىكى ۋە ھەۋىسى كېلەتتى، ئەمما ئۇلارنى ئەخەت تۇرسۇنغا سېلىشتۇرغاندا بىردىنلا رايى يېنىپ قالاتتى، ئەخەت تۇرسۇن ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭدا چېپىپ يۈرۈپ ئىشلىگەنگە لايىق سالاپەت ـ سۈپەت بار، ئاۋۇ بىجىنبوش ئىشلىگەن كىشىلەردە ئۇنداق سۈپەت ـ سالاپەت يوق. دەل مۇشۇ پەرق ئەخەت تۇر-

سۇننى ھەممىدىن ئالدىراش، ھەممىدىن قىزغىن قىلىپ قويغان. دەل ئاشۇنداق ئەرنىڭ بولغىنى ئايالنىڭ بەختى ئەمەسمۇ ؟

ئەخەت تۇرسۇنمۇ ئايالىنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەلبىدىكىنى بىلەتتى، ھەر ھالدا كۆپ قىسىم ھېسسىياتلىرىنى چۈشىنەتتى، گەرچە ئۇ جىنايەتچىلەر بىلەن تولا ھەپىلىشىپ، قورقماس ، يۈرىكى پۈتۈن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، نازۇك مەسىلىلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭمۇ يۈرىكى گۆش، باغرى شۇنداق يۇمشاق. بىراق ئۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى، ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى، ئىزاھات بېرىپمۇ يۈرمىدى؛ بەزىدە ئۇ خىزمەت داۋامىدىكى ئېچىنىشلىق ھادىسىلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى، ھېسداشلىق قىلىش ۋە سېخىيلىق بىلەن كىشىلەرنى ئازابتىن، بىچارىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بارلىقىنى ئاتاپ كۆچەيتتى، گاھىدا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مېھرىبانلىقىنى باشقىلارنىڭ بىچارىلىكى، باشقىلارنىڭ ئۇۋالچىلىقىنى ئازايتىشقا سەرپ قىلاتتى. ھەر كۈنى ئالدىغا ئۇچرىغان تۈرلۈك قىسمەتلەر ئۇنى ئويلاپ باقمىغان ئازاب ۋە مېھرىبانلىققا سۆرەپ باراتتى. ئەمما ئۇ، ھەممىنى قۇتقازغۇچى، ھەممىگە ھېسداشلىقىنى بېرىپ كىشىلىك قىممىتىنى خوراتقۇچى بولالمايتتى. ئۇ ھەر بىرئىشتا ئۆز لايىقىدا بولۇشى، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە تارازىنىڭ چوكىسىدەك تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق تەڭپۇڭلۇق ئۇنى ھەممە بالا ـ قازادىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن خالاس قىلاتتى. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىشى، ئەقىل ـ پاراسەت سەرپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ خەلق يۈكلىگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىر چاغدا پارتىيە، ھۆكۈمەت بەرگەن مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلىشى، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇنداق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كەسىپ ئىشقىدا گۈلخان بولۇپ كۆيدى. ئۇ كۆپ قېتىم ئويلاندى، ئۆزىنىڭ بىر گۈلخان ئىچىدە ياشىغانلىقىنى، ئۇ گۈلخان قەلبىدىكى گۈلخان بولۇپ قالماستىن، ساقچىلىق فورمىسى ئىچىدىكى گۈلخان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھەيران قالدى. بىر ساقچىخانىنى ئالدىغان بولسا ئۇ بىر گۈلخان ئۇچىقى بولاتتى، ئاشۇ ئوچاقتا نۇرغۇن نەرسىلەر كۆيەتتى، نۇرغۇن نەرسىلەر تاۋلىناتتى. ئەمما، ئاشۇ گۈلخاندا نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار ئىكەن. بەزىلەر گۈلخان يېقىشقا ئامراق بولىدىكەن، بەزىلەر گۈلخاندا ئىسسىنىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئامراق بولىدىكەن. گۈلخان ياققۇچىلارغا قارىغاندا، گۈلخاندا ئىسسىنغۇچىلار

www.uyghurkitap.com

كۆپ بولىدىكەن. ئەخەت تۇرسۇننىڭ ھاياتىمۇ گۈلخان ياققان ھاياتقا ئوخشايتتى، ئۇ شۇنچە يىل داۋامىدا گۈلخاندا گۈلخان يېقىپتۇ، گۈلخاندىن پايدىلىنىشنى بەك بىلىپ كەتمەپتۇ. ئاشۇ گۈلخاننى ئۇ باشقىلار ئۈچۈن يېقىپ كەپتۇ.

— بەزىدە بەكلا باغرىم ئېچىشىدۇ، — دەيتتى ئۇ ھاياجانلانغان چاغلاردا، — ئارقىسىدىن ئەڭ كۆپ گەپ تارقىلىدىغان ئادەممۇ ساقچى، پىتنە ـ ئىغۋا بىلەن بولمىغۇر پاسات ئەڭ كۆپ ئەگىشىپ يۈرىدىغانمۇ ساقچى ئىكەن. تەۋەيىمىزدە بىرەر ۋەقە بولىدىمۇ، ساقچىلارنىڭ ئۈستىدىن كېلىدىغان توقا ـ لەنەت گەپ، مىش ـ مىش پاراڭلار ئارقىسىدىنلا پەيدا بولىدۇ. ئەمما، بىز باشقىلارنىڭ گېپىگە، توقا ـ لەنىتىگە قاراپ بوشىشىپ كەتسەك بولمايدۇ، قۇرۇق گەپكە، تاپا ـ تەنىگە قاراپ قالساق، بىزنىڭ مەغلۇپ بولغىنىمىز شۇ. شۇڭا، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، خىزمەتنى ياخشى ئادا قىلساقلا، كىمنىڭ نېمە دېيىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. گەپ بىزنىڭ ھەربىر ئىشىمىزنى توغرا قىلىشىمىزدا.

شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئاددىي بىر خەلق ساقچىسى بولسىمۇ، ئەل ئارىسىدا تەرىپى بار، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالدىدا شان ـ شەرەپكە نائىل ئەمەلدارغا ئايلاندى.

* * *

سېرىقبۇيا ساقچىخانىسى 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى ج خ خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى، 1995 ـ، 1996 ـ، 1997 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، 1997 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مەركەزلىك تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، 2000 ـ يىلىدىن 2004 ـ يىلغىچە بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك ئورۇن، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ مۇكاپاتلاندى ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك ج خ ساقچىخانىسى بولۇپ باھالاندى. ئەخەت تۇرسۇن، خۇيۇك، مەمەتتۇرسۇن غوپۇر، يۈكتاۋ ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ 2004 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا بۇ ساقچىخانا ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئەخەت تۇرسۇن ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

2005 ـ يىل 7 ـ ئاي، قەشقەر















ئەخەت تۇرسۇننىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998—6160889, 13909988868

www.uyghurkitap.com



















# ئىنسانلىق بۇرچ

ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ھالبۇكى، ھەر كىم ئۆز ـ زىدىكى ئاشۇ نەرسىنى ئىسسىدىن چىقارمىسا ۋە ئۇنى ھەرىكىتىگە سىڭدۇرسە، بۇرچ تۇيغۇسى يېتىلىدۇ. بۇرچ ماھىيەتتە ھەم بەختتىن، ھەم بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرى ـ دۇ: بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن مەقسەت ـ مۇددىئاغا يېتىش، ئەجايىپ تۆھپە يارىتىش بەخت. ھالبۇكى، بەختتىن بەھرە ئېلىشنى بىلمەسلىك بەختسىزلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا تۈندىن تاڭغىچە باغرى خۇن ھالدا نالە قىلىپ داد ـ پەرياد چې ـ كىدۇ. بىراق، ئۇ ھەمىشە گۈل ئېچىلىدىغان تاڭ سەھەردە ئۇيقۇغا پېتىپ، گۈل ۋەس ـ لىگە يېتەلمەيدۇ. گۈل بۇلبۇلغا ئاشىق ئەمەس، بۇلبۇل گۈلگە ئاشىق بولسىمۇ، ئۇ گۈل ـ نىڭ ھەقىقىي جۇلاسىدىن، ھەقىقىي لەززىتىدىن بەھرە ئالالمايدۇ. شۇڭا، بەختىنىڭ بېشارىتىدىن بەھرە ئېلىشنى بىلمىگەن بۇلبۇل بەختسىزلىك ئىچىگە مەڭگۈ گۇمران. بۇرچ كۆپ خىل مەنبەلەرگە باغلىق، بۇرچنىڭ مەقستى ئۆزىگىزنى ۋە باشقىلارنى بەختكە يۈزلەندۈرۈش بولىدۇ.

سىز كىم بولۇڭ، بۇرچ تۇيغۇسىغا تويۇنۇڭ، پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز، كىشىلىك تۇرمۇشتا خىرىس سىزنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ؛ بۇرچ سىزگە ھەربىر ئىشنىڭ قانۇنىيىتى، پۇرسەتنىڭ ۋاقتى، ئورنىنى بەلگىلەپ بې ـ رىدۇ؛ دەل ئاشۇ پۇرسەتنى قەلبىڭىزدىكى بۇرچ تۇيغۇسى، پىلان ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن بىرىكتۈرەلىسىڭىز ھەم ئۇنى ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق دەل ۋاقتىدا ئەمەلىيەتكە تەتبىقلى ـ يالىسىڭىز، بۇلبۇلغا ئوخشاش مەڭگۈ دەردمەن بولۇپ قالمايسىز!

بۇرچ بەختنى يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇ ئاشۇ نىشانغا يەتكەندە بالاغەت ـ كە يەتكەن بولىدۇ، بەخت كىمگە يار بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ياخشىلىق، ئاسا ـ يىشلىقتىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى، مۇشۇ نۇقتا دەل بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى بۇرچنىڭ ئانىسىدۇر. بۇرچ سۆيۈملۈك ئانىلار ـ نىڭ سىيماسىدەك قەدىرلىك!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# مەۋجۇتلۇق ــــ بىباھا

## سىلكىنگەن يۈرەك

ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جاسارەتنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغاندا، ئۆزۈمنى قايتىدىن تۇغۇلغاندەك، ئادەم ۋۇجۇدىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي ھېكمەت ماكانى ئىكەنلىكىنى قايتىدىن چۈشەنگەندەك بولدۇم ۋە شۇنداق بولغاچقىلا ئادەم بارلىق روھىي، جىسمانىي ئازابلارنى بەرداشلىق كۈچى بىلەن يېڭەلەيدىغانلىقىنىڭ يېشىمگە ئېرىشكەندەك بولدۇم. مۇشۇنداق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشتىن سەل ئىلگىرى دوختۇر نۇرمۇھەممەت مامۇت ماڭا بەدەن گۆشلىرى چىرىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىر كىشىنى داۋالاۋاتقانلىقىنى، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دېگەنىدى.

ــــ ئالدىنقى قېتىممۇ بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە دېگەن، بىمار مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان خېلى ساقىيىپ، ھاياتىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى، ــــ دېدى نۇرمۇھەممەت دوختۇر ماڭا ئىلتىجا قىلغان، ئۆتۈنگەن تەلەپپۇزدا، ــــ ئادەمنىڭ ھاياتىدا نى ـ نى قىسمەتلەر يۈز بېرىدۇ، مېنىڭ دوختۇرخانامغا كېلىشتىن ئاۋۋال چوڭ ـ كىچىك دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسى بىمارنى قوبۇل قىلماي، قايتۇرۇۋەتكەنىكەن، مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن دوختۇرلۇق بۇرچ، ئادىمىيلىك تۇيغۇ ئالدىدا كەت دېيىشكە ۋىجدانىم ئۇنىمىدى، داۋالىدىم، ساقىيىشىدا زور ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇمۇ بىر ئادەمغۇ؟ قاراپ تۇرۇپ سەۋەب قىلماي، ئۆلۈپ كەتسە، ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇ قايتا تىرىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت كەلگەندە قاراپ تۇرساق، بىزدىكى دوختۇرلۇق سالاھىيەت نېمىگە تەڭ بولۇپ قالىدۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرى كۈچلۈك، ۋەزمىن ۋە چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىدىكى جىددىيلىك، ھەرىكەتلىرىدىكى ئېچىنىش ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىپ، قى-

ـزنقسنىش ھېسسىياتىنى قوزغايتتى، مەن ئۇنىڭدىكى بۇنداق تەققەززالىق ۋە سەممىـ
يەتتىن ئۆزۈمنى چەتكە تارتالماي، ئۇنىڭ تەلپىگە ئىختىيارسىز ماقۇل بولدۇم.

ئۇ دەۋاتقان بىمار — ئۇنىڭ يەكەن ناھىيە يەكەن بازىرى گەيشاڭ مىللىي تېبابەت شىپاخانىسى دوختۇرخانىسىدا ئىدى، مەن دوختۇرخانىغا كىرگەندە، نۇرمۇھەممەت مامۇت بىرنەچچە سېسترا ۋە دوختۇرنى جىددىي تەييارلىق قىلىشقا تەشكىللەۋاتقانـ كەن. ئۇلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېلىقى بىمارنىڭ يانىغا كىرىپ، تەكشۈرۈش، تېڭىق ئالماشتۇرۇش، تازىلاش، داۋالاش ئېلىپ بارماقچى ئىكەن، بىردەمدىن كېـ يىن،دوختۇر نۇرمۇھەممەت مامۇت خالاتلىرىنى كىيدى ۋە باشقا دوختۇر - سېسترالارنى تەييارلىقنى پۇختا قىلىشقا بۇيرۇدى ، ئۇلار ئىككىدىن ماسكا ۋە قوللىـ رىغا پەلەي كىيىپ، خۇددى زەھەرلىك گاز ئازگىلىغا كىرىدىغاندەك تەييارلىق بىلەن مۇھاپىزەت كىيىملىرىنى كىيدى.

— سىلىمۇ خالات، ماسكا، پەلەي كىيىۋالسىلا ؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم ۋە :

— بولا، بىر - ئىككى پارچە سۈرەت تارتساملا قايتىپ چىقىمەنغۇ ؟ — دېدىم.

ئەمەلىيەتتە بولسا مەن بۇ ئىشنى شۇ قەدەر ئاددىي، خەتەرسىز دەپ قارىغانىدىم. ئەسلىدە ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا كۆڭۈل بۆلۈش، سالامەتلىكىمنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. مەن رەسىم ئاپپاراتىمنى بوينۇمغا ئېسىپ، ھېلىقى خىللانـ غان، جابدۇنغان دوختۇر - سېسترالارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم.

بىز بىر كىچىك ھويلا ئىچىدىكى گۈللۈكتىن ئۆتۈپ، شەرق تەرەپتىكى بىر ئېـ غىز ياتاق ئۆيگە يېقىنلاشتۇق، قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمىگە چۆمگەن، سۈرلۈك كـ يىنگەن ۋە قەۋەت - قەۋەت ماسكا تاقىۋالغان دوختۇر - سېسترالارنىڭ شۇتاپتىكى ھەرىكەتلىرى ماڭا ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق دەقىقىلەرنى كۆرسىتىـ دىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، مەن يەنىلا بىغەم ئىدىم. ئەپسۇس، بەكمۇ ئەپسۇس! شۇ قەدەر سۈرلۈك نىقابلىنىۋالغان بۇ ئادەملەرنىڭ ۋەھىملىك ھالەتلىرى بىكارچىلا پەيدا بولغان ئەمەس ئىكەن. چۈنكى، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن ئۆي ئىچىگە كىرگەنـ دىن كېيىن چوڭقۇر چۈشەندىم. ئاھ، خۇدا...

60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، يۈزىدىكى چوڭقۇرلاپ كەتكەن كۆزلىرى پىلـ

دىرلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بىر ئادەمنىڭ يۈز قىسمى كۆرۈندى، مەن ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بولغۇچە بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان تولىمۇ ئاچچىق، تولىمۇ قاڭسىق سېسىق پۇراق كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى، مېڭە ھۇجەيرىلىرىمنى غىدىقلاپ چۈشكۈرۈك پەيدا قىلدى، مەن بۇرنۇمنى قولۇم بىلەن توسۇپ ئارقامغا داجىدىم، دوختۇر ـ سېسترالار كىرىپ كەتتى... مەن دېرىزىدىن ماراپ كۆرۈش نىيىتىگە، ئاندىن قوغدىنىش كىيىمى كىيىپ ماسكا تاقاپ كىرىش قارارىغا كەلدىم.

ـــ بۇ ئۆيدىكى كېسەل يۇقۇملۇق كېسەلمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدىم ھويلىدا تۇرغان بىر سېستىرادىن.

ـــ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، نۇر دوختۇر بۇ كېسەلنى غەلىتە كېسەل، بەك ئاز كۆرۈلىدۇ، دېگەنىدى.

مەن دوختۇرنىڭ بايىقى نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغانلىقىمدىن ئۆزۈمدە خىجىللىق ھېس قىلدىم. مەن دېزىنفېكسىيە ئۆيىگە كىرىپ، ماسكا تاقاپ، ئاندىن ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا باردىم. بىراق، ئىچىگە كىرمىدىم. دوختۇرغا ئىشارەت بىلەن سۈرەت تارتىدىغان سورۇن ھازىرلاشنى ئۆتۈندۇم. مەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىككى پارچە سۈرەت تارتتىم ـ دە، دەرھال ئىشىك ئالدىدىن يىراقلاپ كەتتىم، گوياكى ئاپپاراتىممۇ ئاشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك، ئاشۇ كېسەل كىشى ئاپپاراتىم ئىچىدىگە كىرىۋالغاندەك نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، ئىچىمنى تىت ـ تىت قىلىۋەتتى، يۈرىكىمنى ئازاب، ئۆكۈنۈش ئېگىلەپ كەتتى ... بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىغاندەك بولدۇم، پۈتۈن بەدەنلىرىمنى تەر بېسىپ، ھارغىنلىق پۈت ـ قولۇمنى چىرماپ، ماغدۇر سىزلىنىپ كەتتىم...

قەلبىم بۇلدۇقلاپ قايناپ كېتىۋاتاتتى، ئېپادىلەپ بولالمىغان بايان، ئېپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان تەپەككۇرلار ۋۇجۇدۇمغا پاتماي، نېرۋىلىرىمنى غاجاشقا باشلىدى، ئۇ گوياكى ئىچىمگە كىرىۋالغاندەك باغرىمنى خۇن قىلىۋاتاتتى، بەدەنلىرىم چاراسلاپ كەتتى...

بىر كىمنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلدى، مەن شۇ چاغدا دوختۇرنىڭ پارىڭىدىن ئەسلىمىگە كەلدىم. مەن خىيالدىن، ھېلىقى مېنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئازابلارنىڭ قوينىدىن قۇتۇلالمىغان بولساممۇ، ھەر ھالدا ھاياتلىق ئالىمىگە قايتتىم. شۇ چاغدا مەن، ئۆزۈمنى يوقىتىش ـ ئېسىمنى بەربات قىلىش بەدىلىگە بۇنىڭدىن



www.uyghurkitap.com

كېيىنكى كىشىلىك ھايات پائالىيەتلىرىمنىڭ نورماللىقىنى بەربات قىلىۋەتكىلى تاس- تاس قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، قورقۇپ كەتتىم .

— كۆردىلە مانا، بىز ھايات - مامات ئىچىدە ياشايمىز، بىراق ئادەمنىڭ جېنى بەكمۇ چىڭ. ھاياتلىقتا نى- نى مۇشكۈلاتكا دۇچ كېلىدۇ.

— بەزى ئادەمنىڭ تەقدىرى نەقەدەر ئېچىنىشلىق - ھە ؟ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى پولاتتەك مۇستەھكەم بولىدىكەن.

— مەن ئاددىي بىر دوختۇر، مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇر بولۇپ قالغانلىقىمدىن سۆيۈنىمەن، دوختۇرخانا ئېچىپ، كېسەل داۋالاپ، جەمئىيەتكە ئاز - تولا ھەسسە قوشالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. بىراق، دوختۇرلۇققا ھەممە ئادەم تەلپۈنىسىمۇ، دوختۇرنىڭ دوختۇرلۇق ھاياتى باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ئاسان، قۇلاي ئۆتىدىغان ھايات ئەمەس !...

مەن ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىغاچ، دەرىزە سىرتىغا نەزەر تاشلىدىم.

## كەسىپ قەسىدىسى

دوختۇرلۇق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىدى. كىم نېمە دېسۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەقىللىق، چېۋەر ئادەم ئىدى. بەلكىم بوۋىسى، مومىسى ياكى ئۇلارنىڭ باشقا ئەجدادلىرىمۇ ئاشۇنداق ئەقلى كامىللاردىن بولسا كېرەك. تەلەپ - سەۋەب، تەلەي تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ دادىسىغا دوختۇرلۇق كەسپىي نېسىپ بولغان دېگەن تەقدىردىمۇ، تەلىيى تازا جايىدا، پېشانىسى تازا ئوڭ كەلگەن دېسەك ئاشۇرۇۋەتمەيمىز، زامان قانداق چۆرگىلىسۇن، كىشىلەر قانداق سەنەمگە دەسسىسۇن، ئۇنىڭ كەسپى ئېقىۋېرەتتى، كىشىلەر، ساقسىزلار ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئىدى. كىم بولسۇن ئۇنىڭغا تەلمۈرەتتى، سالامەتلىكى، ساغلاملىقى ئۈچۈن ھاجەتمەن بولاتتى. ئەسلىسە شۇنچە يىللار داۋامىدا، ھەتتا شۇنچە دىشۋارچىلىق كۈنلەردىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ كەپتۇ، تارتقان ئازابى، تارتقان جاپاسى ھەرقانداق ئادەمنىڭ تارتقانلىرىدىن ئاز ياكى بېسمى يېنىك، ئېغىرچىلىقى تۆۋەن بولۇپ كەپتۇ. قىيىن كۈنلەردىمۇ دوختۇرلۇق سومكىسىنى ئېسىۋالسا، ئۇنىڭغا ئارام ئېلىش، ھاياتتىن بىرقەدەر ئاسان بەھرە ئېلىش

پۇرسىتى چىقىپ تۇرۇپتۇ، مانا بۇ كەسپىنىڭ خاسىيىتى بەنى ھاياتلىقنىڭ ئىبارەت
ئۇلۇغ مۆجىزىنى قوغداش، كېسەل ئازابىدا قالغانلارنى ئاسايىشلىققا ۋە ساغلاملىققا
ئىگە قىلىشتەك خاسىيەتنىڭ شاپائىتىدىن بولغان ئىش ئىدى. قاچانلا بولسۇن،
ئۇلار ئاشۇ كەسپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەرگە ئازاب ئەمەس، بەختى ۋە پاراغەت بەخش ئەتتى. ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىن بۈيۈك تۆھپە بولمىسا كېرەك. ئاتا ـ ئانا
مۇشۇلارنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئوغلىنىڭ ئۆز كەسپىدە كامال تېپىشىنى ۋە
مۇشۇ كەسپىنىڭ نېنىنى يەپ، مۇشۇ كەسپىنىڭ ئىقتىدارلىق ساھىبى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق ئارزۇ ئۇنىڭ ئانىسىدا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدا، ھەتتا
يۇرت خەلقىنىڭ تىل ۋە دىللىرىدىمۇ مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. كىچىك نۇرمۇھەممەت
بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلايتتى. بۇيرۇقىنى
ئادا قىلاتتى، چوڭقۇر چۈشىنىشتىن يىراق بىر نۇقتىدا تۇرسىمۇ، بىلىپ ـ بىلمەي
ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا، ھەرىكەتلىرىگە يېقىنلىشىپ قالاتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئاتا بالىسىنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى نىشانلىرى ئۈچۈن قانچە يىللاپ تەر تۆكتى، ئەجىر
سىڭدۈردى، ھەربىر ئىشتا ئۇنى دوختۇرلۇق كەسپىنىڭ ئىنچىكە قاتلاملىرىغا سۆرەپ
كىردى، ئىتتىرىپ سىغداپ، ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا بىلىم ۋە ئىقتىدار يۇقۇپ قېلىشىنى
تىلىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەر ئازلىق قىلاتتى، ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ دەۋرنىڭ
ئۆز ئائىلىسى ۋە باشقىلارغا كەلتۈرۈۋاتقان پايدىسىنى كۆپەيتىپ، توقۇنۇش ۋە
زىددىيەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئازايتىشقا تىرىشتى. كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان، ھايات
ياقتۇرىدىغان يېڭى سەھنىلەرگە باشلايتتى. بۇنداق بىر قاتار ئۇتۇقلار ئۇنىڭ ساداقەت ۋە سەمىمىيەت، دادىللىق ۋە ئەستايىدىللىق، ئەخلاق ۋە ئادىمىيلىك تۇيغۇ، ئادىمىيلىك قىممەت قارىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، ئادەمگە ئادىمىيلىك پاساھەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، كەمسىتىشتىن يىراق بولغان ئاق كۆڭۈللۈك قاتارلىق ياخشى
خۇلقمۇ ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىدا ئىپادىسىنى كۆرسەتتى، ئاشۇ خىل تەپەككۇرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئاشۇ خىل ئېسىل كىشىلىك ئىمتىياز ۋە ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىشقا
سەۋەب بولغانىدى، دوختۇرلۇق ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى دەل ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا مۇھەببىتىنى بەرگەن ئادەمدە ئاجايىپ ساپ،
ساغلام يۈرەك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاشۇ يۈرەك قاتلىمىدىكى نىشان كىشىلىك
ھاياتنىڭ ئادەملەر جىسمىغا كەلتۈرىدىغان بارلىق دىشۋارچىلىقى، ئازابى ۋە مۇشكۇ-

لىنى سەۋەبكارلىق بىلەن ئازايتىش، يوق قىلىش بىلەن تۈگەللىنەتتى. ئاتىنىڭ ئا-
ساسىي نىشانى يەنىلا نامراتلار، داۋالىنالمايدىغان بىچارىلەر، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، تو-
لىمۇ سەممىي، تولىمۇ بەرداشلىق كىشىلەر قاتلىمىغا قارىتىلغانىدى. شۇڭا، كېسەل
بولۇپ ئالدىغا كەلگەنلىكى كىشىگە سەممىيەت ئىزهار قىلاتتى، كىم بولسۇن، باي ـ
نامرات دېمەيتتى، ئېغىر ياكى جاپالىق دېمەيتتى، ھەتتا قەبىھ ھەم يىرگىنچلىك بول-
سىمۇ ئۆزىنى قاچۇرماي ھېسداشلىق، سەۋەبكارلىق قىلاتتى، كىم بولسۇن، قانداق
كېسەل بولسۇن كەمستمەيتتى. بىمار بولغاچقا، مەن دوختۇر بولالايمەن، بىمارلار
مېنىڭ يولۇمغا پاياندار سالغان ئاتا ـ ئانام دەيتتى ئۇ.

ئاتا ئوغلىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئادەم بولۇشىنى تىلەيتتى، ھەربىر دەۋەتلىرىدە داۋالاش
ھەققىدىكى بىلىم تەلىماتىدىن باشقا، ئەخلاق تەلىماتى، بۇرچ تەلىماتى، ھېسداشلىق قى-
لىش تەلىماتى بېرەتتى. بۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنداق چوڭ ۋە ئۈنۈملۈك بولدى.

نۇرغۇن نەرسىلەر ئىنسان ۋۇجۇدىدا ۋە قەلبىدە بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن نەرسى-
لەر تاشقى كۈچ، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا تەربىيىسى
ۋە ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى نۇرمۇھەممەت مامۇتتا ئۆزلەشتى ۋە بىخ سۈر-
دى، ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ، دوختۇرلۇق، دورىگەرلىك، داۋالاش ئىلمى-
نى ئۆگەندى، ئۇنىڭدا شۇنىڭغا مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە سەزگۈرلۈك تۇيغۇسىمۇ
پەيدا بولدى، غۇبارسىز قەلبىدە ئىنتىلىش، ئىزدىنىش، ئالغا بېسىپ ئىلگىرىلەش
روھى بىخ سۈردى، ئۇنىڭ گۆدەك قەلبى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك كۆۋەجەپ،
كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن قەلب قىرغاقلىرىغا نەقىش چېكەتتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى
يۇلتۇزلاردەك چىمىرلاپ ئاۋۇپ باراتتى، بىمارلار ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىراتلار،
رىغبەت ۋە تەشەككۈرلەر ئۇنى ھاياجانغا سېلىپ، خىيال بۆشۈكىدە ئەللەيلىتەتتى،
گۈزەل تۇيغۇ، گۈزەل ئىستەكلەر ھاياتىنىڭ ئۆزىگە تەقسىم قىلغان قانداقتۇر پاراسەت
ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى بىمالال بەجا كەلتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئى-
چىدە ئەڭ چوڭ ئارزۇسى تېببىي ساھەدە ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇش ئىدى. چۈنكى
ئۇ، دادىسىنىڭ ئەمەلىي داۋالاش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرى، بىلىملىرى شۇنچە
كۆپ، ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك بولسىمۇ، يەنىلا كېسەللەرنىڭ ئېھتىياجىدىن تولۇق چى-
قىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى، بۇ دەل ئۇنىڭ كۆپ ئوقۇمىغانلىق، ھازىرقى زامان تېبـ-
بىي ئىلمىنىڭ ئىلغار ھۈنەر ـ تېخنىكىسىنى يېتەرلىك قوبۇل قىلىشقا پۇرسەت تاپال-

مايۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. نۇرمۇھەممەت مامۇت داۋالاش جەريانىدا ھەربىر كېسەل ۋە پەۋقۇلئاددە بىمارلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان داۋالاشنىڭ ھەممىسىدە داۋالاش تەدبىرىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىدىكى ئۇسۇللارنىڭ تولىمۇ كۆپ تەرەپلىمە، مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىن خېلى ئىشلار كېلىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مۇشۇ بىر-قانچە تەرەپ ئۇنى تىت ـ تىت قىلاتتى، ئۆگىنىشكە، بىلىم ئېلىشقا قىستايتتى ...

## تەشنا قەلب

1954 ـ يىل 3 ـ ئايدا، يەكەن ناھىيە يەكەن بازار تۆمۈر غوجىكۆل ئىجتىمائىي رايون 5 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق مامۇت ھاجىم تېۋىپ دەپ نام قازانغان، ياخشى نام ـ ئاتىقى بىلەن داڭق چىقارغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن نۇرمۇھەممەت مامۇت كىچىكىدىن تېبابەت كەسپىگە ھېرىسمەن بولۇشتەك ئىشتىياق بىلەن باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى ۋە 1979 ـ يىلغىچە دادىسىغا يار-دەملىشىپ ئەينى چاغدىكى گەيشەڭ ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئازغىنە بىلىم بىلەن كۈندىن ـ كۈن-گە ئېشىپ بېرىۋاتقان داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققى-لى بولمايتتى. بۇ ھال ئۇنى ئۆگىنىشكە، بىلىم ئاشۇرۇشقا قىستايتتى. 1980 ـ يىلى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى. 1982 ـ يىلغىچە ئۇنىڭ تەشنا قەلبىگە قەشقەر ۋىلا-يەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى مۇھەممەت ئېلى مەھمۇدى ھاجىم، ئابدۇ-قادىر مۇھەممەت ھاجىم، ئىبراھىم قارىھاجىم قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلار بىلىمدىن دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تىزدى، «پارىسى مىزان تىب تېبابەت دەستۇرى»، «تېبە-بىي ئەكبەر»، «قارا بادىن قادىرىيە» قاتارلىق كىتابلارمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ گۈلزارىنى تېخىمۇ رەڭلەشكە، تاكامۇللاشتۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. نۇرغۇن تەج-رىبە ۋە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، كېسەل كۆرۈش، دىئاگنوز قويۇشنىڭ نوقۇل، دائىم ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، بىر خىل كېسەلگە كۆپ خىل دىئاگنوز قويۇپ ئېنىقلاش، مۇقىملاشتۇرۇش لازىملىقىنى، داۋالاش ـ ئالدىنى ئېلىشتا بولسا كۆپ خىل ئۇسۇل، چارە ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئوخشاش كېسەلگە ئوخشاش بولمىغان

داۋالاش، دورا بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى، ئۇ يەنە ئەڭ مۇھىمى داۋالاش سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ كۆپ خىل تەدبىرىنى توختاۋسىز ئىجاد قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ تۇرۇش لازىملىقىنى ئەتراپلىق تونۇپ يەتتى. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆگەنگەنلىرىنى داۋالاش ـ ئالدىنى ئېلىشقا تەتبىقلىدى ، ئەمەلىيەت داۋامىدا زور يۈكسىلىش ھەم بۇرۇلۇش ياسىدى. ھازىرقى زامان داۋالاش پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە قوللىنىش جەھەتتە ئۇ ھەمىشە ئىزدەندى ۋە ئۆگىنىپ قوبۇل قىلىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتىدە قوللاندى. ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆزىنىڭ داۋالاشتىكى ھۈنەر ـ سەنئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئورگانىك ھالدا بىرىكتۈرۈپ ، داۋالاشنىڭ يېڭى تۈر، يېڭى كۆزنەكلىرىنى ئاچتى ۋە بارلىققا كەلتۈردى. ئۇزۇن يىللىق كېسەل داۋالاش تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ ئۆزى ئىجادىي ھالدا 10 خىلدىن ئارتۇق رېتسېپ ئىجاد قىلدى ۋە شۇ رېتسېپ ئاساسىدا ئۆلچەملىك دورا ياساپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بىمارلارغا ئىشلىتىپ، داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجەلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## تىنىم تاپماس رۇھ

نۇرمۇھەممەت مامۇتنىڭ بىر كۈن قېنىپ ئۇخلاپ باققىنى ئېسىدە يوق، ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بىمارلار ئارىسىدا يۈرگەنلىكىنى، بىمارلار ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىشلىگەنلىكىنى بىلىدۇ. مەيلى ئۇ ئاتىسىغا ئەگىشىپ كېسەل داۋالىغان ھەم دوختۇرخانا ئېچىپ كېسەل داۋالاش، دوختۇرلۇق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردا بولسۇن، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى بىمارلار بىلەن ئۆتكۈزدى. تۈن نىسپىدىكى شېرىن ئۇيقۇدا ياتسۇن ياكى بىرەر جايدىكى توي ـ تۆكۈن پائالىيەتلەردە بولسۇن، كىمدۇر بىرىنىڭ كېسەللىك خەۋىرى يەتكەن ھامان نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، بىمارنىڭ دەرد ـ ھالىغا يەتتى، ئاھ ـ زارىغا شېرىك بولدى، بولۇپمۇ ئۇ، 1982 ـ يىلى ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ، يەكەن ناھىيە گەيشاڭ ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراش ئۆتتى. ئۇنىڭ باش قاشلىغىلى ۋە بىرەر كۈن ئارام ئالغىلى ۋاقتى چىقمىدى، كېچە

بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ھالدا ئىشلەش ئۇنى قاتتىق چارچاتقان بولسىمۇ، بەرداشلىق بەردى ۋە ئاشۇنداق ئىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بەك ئېغىر، جاپاسى بەك كۆپ، مەجبۇرىيىتى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شىپاخانىمۇ نامدىلا بار بولماستىن، ئۇنىڭ زور بەدەل تۆلىشى داۋامىدا كۆلەمگە، ئۈ- نۈملۈك داۋالاش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانىدى. بىمارلارنى، ئەل ـ جامائەتنى قايىل قىلىدىغان داۋالاش ئارتۇقچىلىقى، بىمارلارنى ساقايتىشتا قوللانغان بىر قاتار ياخشى تەدبىرلىرى، بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە داۋالاش ئۈنۈمدارلىقى شىپاخانىنىڭ ئوبرازى ۋە ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولغاچقا، نۇرمۇھەممەت ماموت بارلىق ئەقىل ـ پاراستىنى، زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىشتىن ئايانمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ دوختۇرخانىسىغا ھەر كۈنى 100 ـــ 200 لەپ بىمار كېلەتتى، تەكشۈرتەتتى، دورا ئالاتتى ۋە ياتاقتا يېتىپ داۋالىناتتى. ئۇنىڭ غەربچە داۋالاش بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشتىكى تەجرىبىسى ۋە بىر قاتار ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى يىراق ـ يېقىندىكى بىمارلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئۇ قىزىلئۆڭگەچ راكى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى راكى، ماتكا راكى، ئاياللاردىكى تۇرۇبا ئىششىقى، بەل ـ پۇت رېماتىزم ئاغرىقلىرى، ئاقكېسەل قاتارلىق كېسەللەرنى نۇقتىلىق داۋالىدى. ھەر خىل جاھىل خاراكتېرلىك تېرە كېسەللىكى، سۇلۇق تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسى، يۇقۇملۇق قىچىشقاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى دورا ۋە پار ئارىشىدا بوسلاپ داۋالاپ ساقىيىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ھەر خىل مەدەدە قۇرت كېسەللىكلىرى، ئۆتتىكى تاشنى دورا ئارقىلىق ئېرىتىپ چۈشۈرۈش ۋە ھەر خىل زەخىملەرنى داۋالاشتا زور ئۇتۇق قازاندى. ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىدىكى ئارتۇقچىلىقلار كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا، جۈملىدىن يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، ئاقسۇ، خوتەن، قاراماي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ داۋالاندى ۋە ساقايغاندىن كېيىنكى تەشەككۈرنى ھەر خىل خەت، تەقدىر قەغىزى، لەۋھە قاتارلىقلار بىلەن ئىزھار قىلىپ ئالقىش ياغدۇردى.

نۇرمۇھەممەت ماموت يېزا ـ بازارلاردا تۇبېركۇلىيوز كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ ياتقان بىمارلارنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ داۋالاش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى نەزەردە

تۇتۇپ، ئىز قوغلاپ داۋالاش بىلەن مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ داۋالاشنى بىرلەش-تۈرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي قازاندى. بىمارلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگە-شىپ، ئۇ داۋالاش ئۈسكۈنە- سايمانلىرىنى تەدرىجىي كۆپەيتتى، ھازىر ئۇنىڭ تۈر-لۈك داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن رېنتگېن ئاپپاراتى، قېزىش ماشىنىسى، كىچىك تىپ-تىكى ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى بار بولۇپ، مەبلەغ ئومۇمىي قىممىتى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 26 ئېغىز داۋالاش ئۆيى، 25 كارىۋاتلىق كېسەل-خانا، 1000 خىلدىن ئارتۇق داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش دورىسى بار ھالەتكە يەتتى.

## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

نۇرغۇن كىشىلەر دوختۇرنىڭ يۈرىكى پۈتۈن، رەھىمسىز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي دوختۇرنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى خۇ-سۇسىيىتى بولۇپ، قايسى دوختۇر تاش يۈرەك، رەھىمسىز بولسا شۇنداق دوختۇر داۋالىغان كېسەللەرنىڭ ساقىيىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىمىش! بۇمۇ تېگى ـ تەكتى-دىن ئالغاندا بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، ھەقىقىي دوختۇرنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئالا-ھىدىلىكى ۋە داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. نۇرمۇ-ھەممەت ماموتتا شۇنداق روھىي ھالەت ۋە ھەرىكەت ھالىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ باغرى يۇمشاق، كۆڭلى تولىمۇ ئاق ۋە تۈز، راستچىل ئىدى. سەممىمىي يا-شاش، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، بىمارلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بەزى بىمارلارنى كۆرۈپ باغرى ئۆرتىنىپ، ئى-چى ئېچىشىپ كېتەتتى، ھەقىقەتەن بەزىلەرگە غەزىپى كېلەتتى، بىراق ئايرىم شەرت- شارائىتلارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاچچىقتىن، چېچىلىشتىن، غەزەپلىنىشتىن توختاپ قالاتتى. ئېغىرلىشىپ كەتكەن بىمارلارنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئۇلاردا ئو-زۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ئۇزاق مۇددەت ئالدىنى ئالماسلىق، كېسەل تۇرۇپ داۋالانماسلىق، داۋالىنىشمۇ ئەستايىدىل، تولۇق پەرۋىش قىلىشقا سەل قاراش قاتار-لىق خائىشلارنى سېزىپ ئاچچىقى كېلەتتى، لېكىن ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي جەھەتتى-كى يېتىشسىزلىك قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندە، ئۇلارغا ھېسداشلىق، كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانلار ۋە شەھەر ـ بازار كەمبەغەللىرى بولۇپ، سانى كۆپ، دەردى ئېغىر كىشىلەر ئىدى. نۇرمۇھەممەت مامۇت بۇ خىل كىشىلەرگە ئەستايىدىل قارىدى ۋە ئۇلارنىڭ پۇلىغا قاراپ داۋالاشنى كېسەلگە قاراپ داۋالاشقا ئۆزگەرتىپ، پۇلى بولسا ئالدى، پۇلى بولمىسا كەچۈرۈم قىلدى ياكى تاپقاندا بېرىشكە كېلىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنى، يەرلىك دورىلاردىن پايدىلىنىپ دورا ياساپ داۋالىنىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپ قويدى، ئۆزى داۋالىغان كېسەللەرگە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەكرار تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، پىكىر ئېلىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى ؟!» دېگەندەك، نۇرمۇھەممەت مامۇت بىمارلارغا ئىللىق، سەممىي، قىزغىن بولۇشنى ئىزچىل ئادەتكە ئايلاندۇردى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدا ئۇ زور بىر قىسىم بىمارنى ھەقسىز داۋالاپ مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلدى. تۈبىر كولېۋز كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان بىمارلاردىن يەكەن ناھىيىسىدىن مەلىكەم، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن گۈلزىبە، قاغىلىق ناھىيە غوجىئېرىق يېزىسىدىن مۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق بىمارلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئاجىز، يېتىم ـ يېسىر، مېيىپ كىشىلەرنىڭ 5000 يۈەندىن ئارتۇق داۋالاش، دورا ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ داۋالاش پونكىتىغا 25 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارنى يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ داۋالاش، سېستىرالىق كەسپىي تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلىدى، ئۇلاردىن ئىككى جۇپ قىز ـ يىگىتنىڭ تويىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قىلىپ قويدى. پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندە 1500 يۈەن نەق پۇل، كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلدى؛ 1998 ـ يىلىدىن بۇيان يۇقىرىنىڭ سەھىيىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ سەييارە داۋالاش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، خالىس كېسەل كۆرۈپ، 3500 يۈەن قىممىتىدىكى دورىنى ھەقسىز ياردەم قىلدى؛ بۇلاردىن باشقا ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياتاقتا يېتىپ داۋالانغان ۋە ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان كېسەللەردىن 15 مىڭ يۈەن داۋالاش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى.

# تىتىلغان تەن

نۇرمۇھەممەت دوختۇر بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز شۇ يەرگە كەلگەندە، مەن خاتىرە يېزىشتىن توختاپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدىم. ئاۋۇ تەرەپتىكى بوش ئورۇندۇقلاردا 10 نەچچە ئادەم ئۆزىنىڭ بىكار بولۇشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئولتۇرۇشاتتى. مەن سەل ئوڭايسىزلاندىم ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدىم. ھېلىقى كىشىلەر بىر- بىرلەپ ئۆزىدى، نۇرمۇھەممەت ماموت ئۇلارنى بىرمۇبىر ئەستايىدىل تەكشۈر- دى ۋە دىئاگنوز قويۇپ دورا بەردى، بىر قىسىملارغا مەسلىھەت بەردى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، بىراق بايىقى ئۆيدىكى كىشىنىڭ يىرگىنچلىك ھالىتى مېنى يەنە ئۆز قوينىغا ئېلىۋالغىلى تۇردى. ئىچىم سىقىلىپ كۆڭلۈم ئېلىشقىلى تۇرغاندا، مەن يەنە ئەسلىدىكى ئورنۇمغا كىرىپ ئولتۇرۇپلا:

بايىقى كېسەلگە نېمە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاۋاتىسىلا؟ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— بۇلچۇق گۆش چىرىش كېسەللىكى دەپ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاتىمىز، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — بۇ خىل كېسەل كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ، ۋاقتىدا داۋالانسا، ساقىيىپ كېتىش ئېھتىماللىقى زور بولىدۇ. بىراق، بۇ ئادەم نامراتلىق تۈ- پەيلىدىن ۋاقتىدا داۋالىنالمىغان، گەرچە سول پۇتىنىڭ گۆشلىرى سېسىپ تىتىلىپ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، روھىي ھالىتى ياخشى، باشقا ئەزالىرى نورمال، شۇڭا ھازىرغىچە ھايات قالغان، ھازىرقى ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدۇ، مېنىڭ تۇبېركولىيوزنى داۋالاشتىكى بەزى دورا، تەجرىبىلىرىم بۇ كېسەلنى داۋالاشقا باب كېلىپ قالدى. تەتقىق قىلىپ كۆرسەم، چىرىش كېسەللىكى بىلەن تۇبېركول- يوز كېسەللىكىنىڭ سېسىش، تېشىلىش، ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا ئىشلەتكەن دورىلار ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ... ئەگەر ئۇلار بۇ كېسەلنى بالدۇراق ئېلىپ كەلگەن بولسا، ساقىيىشى تېز بولاتتى، ئەسلىدە بۇ نامرات دېھقان بولسىمۇ، كۆپ قېتىم ئۇششاق - چۈششەك داۋالانغان، داۋالاشتا دىئاگنوزنى توغرا قويمىغان، ئۈنۈمى بار، ماس كېلىدىغان دورىنى بەرمىگەن، ھەتتا رېماتىزم، تۇبېر- كولىيوز، قان بۇزۇلۇش، يەل تاشما، تېرە ياللۇغى، كالا تەمرەتكىسى دېگەندەك ناملارنى قويۇپ، بۇ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەن. چوڭراق دوختۇرخانىلارغا بېرىپ

دىئاگنوز قويدۇرمىغان، داۋالانمىغان، يېزا- كەنت دوختۇرخانىسىدا بىر - ئىككى كۈن ئاسما ئوكۇل ئاستۇرۇپ، دورا يەپ دېگەندەك، گول بولۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، گۆشى، مۇسكۇللار تېشىلىپ، سېسىپ، گۆش، تومۇرلار تىتىلىپ چۈشكىلى تۇرغاندا مىدىرلىيالماي، ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان. بىر قىسىم دوختۇرلار كېسەلنىڭ ئېغىر ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، داۋالاتماي، ئاخىرەتلىك تەييارلىقلارنى قىلىپ قويۇشنى، كېسەل نېمە دېسە شۇنى بېرىشنى تاپىلاپ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ساراڭ قىلىۋەتكەن. ئەل ـ جامائەت، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ رازىلىق بېرىپ بولغان، لېكىن بۇ ئادەم ئۆلۈم كەلمەي ياشاۋەرگەن، ئۆلۈپ كېتىدۇ دېگەندىن كېيىن يەنە نەچچە ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاجىزلاپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا تېخى رىزقى باردەك قىلغان، بالا ـ چاقىلىرى بۇنىڭغا قاراپ داۋالىتايلى دېگەن بولسىمۇ، كېسەلنى كۆرگەنلا دوختۇر داۋالاشنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى ئازابلىغان. مەن بىر دوستۇمدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنى داۋالاپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. قارىسام، ھالى خاراب ئادەملەر ئىكەن، مەخسۇس بىر ئۆينى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ داۋالاۋاتىمەن، ھازىر ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم تېڭىق يەڭگۈشلەپ 15 كۈن تولدى. سول پۇت يوتا قىسمىدىكى بولجۇك گۆشلەردىن ساق قالغانلىرى ۋە تومۇرلارنىڭ بىر قىسمى سەل ياخشىلىنىپ، يېرىلىك، ئاقمىلارنىڭ ئاغزى قېتىشتى... ئۇنىڭ زور، يەنە ئىككى قېتىم تېڭىق يەڭگۈشلىسەك، ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن...

— ساقىيىپ كېتىدۇ!؟ ساقايسىمۇ ئاشۇ پۇت- چوكىدەك قالغان پۇت سۆڭەكلىرى بىلەن ماڭالامدۇ ؟ تومۇرلار ئۈزۈلۈپ تۈگىشىپتۇ! ئېقىپ بولغان جايدىكى تومۇرلاردىن قان قانداق ئايلىنىدۇ ؟ — دېدىممەن ھەيرانلىق بىلەن.

— ئادەم ئاجايىپ بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە مۆجىزە، بىز ساقايمايدۇ دەپ قارىغان نۇرغۇن كېسەل ساقىيىدۇ، ساقىيىدۇ دېگەن كېسەل ساقايماي قالىدۇ. بۇ ئېھتىماللىق. بۇ ئادەمنى ساقىيىدۇ دېيىشىم ھازىر ئۇنىڭ ئۆلگەن روھىدا ياشاش ئىستىكى قايتا تۇغۇلدى، ئىچكى ئەزالىرى ساغلام، كەيپىياتى تۇراقلىق. مەيۇسلۇك ۋە بىزارلىق ئالامەتلىرى يوق! ئۇنىڭدىكى قايتا ياشاشتىن ئىبارەت روھ ھامان ئۇنىڭدا جاسارەت پەيدا قىلىدۇ! باشقىنى قويۇپ تۇرايلى، بەزى ئادەملەرنىڭ پۇت ـ قولى بولمىسىمۇ ياشاۋېرىدۇ، بۇ ئادەم ساقايسا، تىتىلىپ چۈشۈپ كەتكەن گۆش ئورنى قورۇلۇپ قا-

لىدۇ، ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان مېدىتسىنا ئىلمى ياراتقان تەرەققىيات، مۆجىزىلەر ئار-قىلىق سەپلىمە سۇنئىي ئەزا سالدۇرسىمۇ ياكى يەرلىك ئۇسۇللارنى مۇناسىپ قوللى-نىپ، چىرايلىق كىيىنىپ ئېغىر نەرسە كۆتۈرمەي، يېقىلىشتىن، ئۇرۇلۇشتىن ساق-لىنىپ يۈرۈۋەرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئادەم ئۇچۇن يارالغاندىن كېيىنكى يارالمىش ئۆ-زىگە باغلىق! مەن بۇ ئادەمگە ھەر كۇنى نەچچە قېتىم روھىي ئوزۇق بېرىمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى سېسىقچىلىق، ئەسەبىيلىكلەردىن سەسكىنىدۇ، نومۇس قىلى-دۇ، مەن ئۇنداق قىلماسلىقنى، ئادەمگە ئوخشاش تۇيغۇ بىلەن تۇرۇشقا دالالەت قىلى-مەن. ئۇ ئەمدى ئاشۇ مەرەز كېسەلدىن قۇتۇلۇشقا، تېزرەك ساقىيىشقا تىرىشىۋاتى-دۇ، بۇ دەل بىمارنىڭ كېسەل ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىكى!

— سىلى ئەجەبمۇ مۇشۇنداق ئېغىر كېسەلنى خالىس داۋالاش قارارىغا كېلىپ قاپ-تىلا؟ بۇنىڭدىن مەقسەت تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۇشمۇ ياكى ئۆزلىرىنى سىناپ كۆرۈشمۇ؟

— كىم بولسۇن، بۇ سوئالغا ئىنسانلىق بۇرچ، دوختۇرلۇق مەسئۇلىيەت بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىش ئۇچۇن شۇنداق قىلدىم، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇم-كىن، مەنمۇ شۇنداق دېسەم بولىدۇ، ئەمما مەن چىن دىلىمدىكىنى دېسەم، بىر ئادەم بولسىمۇ ھايات قالسا، قايتا ياشىسا، مەن شۇنداق ئىشلاردا سەۋەبكار بولۇپ قالسام، ئۇلار خۇشال بولسا دېگەنلەرنى ئويلايمەن. بۇنداق تۇيغۇ ماڭا ئاتامدىن ئۇدۇم قال-غان، ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم تۇغۇلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تۆرىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئادەمگە قايتا تۆرىلىش بولمىغان بىلەن قايتا ياشاش پۇرسىتى بىر ياكى بىر قانچە قېتىم بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەملەرنىڭ قايتا ياشاش پۇرسىتى ئۆزىدە ۋە باشقىلارنىڭ ۋاستىچىلىكىدە بولىدۇ. دەل بىزدەك دوختۇرلار ئادەملەرنىڭ قايتا ياشاش پۇرسىتى ئۇچۇن مۇھىم ۋاستە بولىدىغان ئادەملەر. مېنىڭچە، بىر ئا-دەمنىڭ قايتا ياشاش پۇرسىتى ئۇچۇن تۇرتكە بولۇش ناھايىتى چوڭ بەخت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۇنكى ئادەمنىڭ ھاياتلىق ئەخلاقى، كىشىلىك ئوبزارىنىڭ ئىپادىلى-نىشى دەل مۇشۇنداق چاغدا نامايان بولۇپ قالىدۇ. دوختۇرغا نىسبەتەن كېسەل داۋالاپ پۇل تاپالىغان ھېساب ئەمەس، كىشىلەرگە قايتا ياشاش پۇرسىتى يارىتىشقا تۇرتكە بولالىغان، دوختۇرغا خاس سۇپەت، دوختۇرغا خاس ئەخلاق يارىتالىغان ھېساب. بىزدە پۇل تېپىش ئۇچۇن دوختۇرلۇق قىلىدىغان، پۇل تېپىش ئۇچۇن دوختۇرخانا ئاچىدىغان ئاچ كۆزلەر ناھايىتى كۆپ، مۇبادا ئۇلاردىن بەزىلىرى مەن

داۋالاۋاتقان ئاشۇنداق ئېغىر كېسەلنى داۋالاپ، ئاز ـ تولا ئۇنۇم قازىنىپ قالسا ئۇنى كارامەت ئىش، كاتتا دەسمىي قىلىپ، ئېلان ـ تەشۋىقاتلاردا كۆرسىتىپ، كۆزىر قىلىپ، ئوبرازىنى كۆككە كۆتۈرۈشتە دەستەك قىلىدۇ. بەزى دوختۇر، دوختۇرخا-نىلار توختاۋسىز ئېلان بېرىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، جار سېلىشۋەرسەك، ھەممە ئادەمنى بىزار قىلمايمىزمۇ ؟ مەن ئېلان بەر-مەيمەن، بىراق مەندە داۋالىنىدىغانلار يەنىلا كۆپ. ماڭا ئىز پۇلى بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ خاپا بولمايمەن، بىر كۈن پايدا بولسا، 10 كۈن زىيان بولسىمۇ ۋاي دەپ قالمايمەن. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم بارلىق ئادەملەرنىڭ ساغلام بولۇشى! دوختۇر، دوخ-تۇرخانىلارنىڭ ئېسىل ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، ساغلام كەسپىي ئەخلاق بىلەن ئەمە-لىي ئىش قىلىپ، ئاز چىقىم بىلەن بىمارلارغا كۆپ مەنپەئەت بېرىشنى ئىشقا ئاشۇر-سا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە ؟

بىز بۇ ھەقتە بىرھازا پاراڭلاشتۇق، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىدىن خالىسلىق، مېھىر ـ شەپقەت دوردانىلىرى تۆكۈلۈپ تۇردى. ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

ـــ ئادەم بىر ئۇلۇغ مەخلۇق، لېكىن ھاياتلىق ـ سالامەتلىكنىڭ مەلۇم دوقاللى-رىغا دۈچ كەلگەندە، ئادەم ئۆزىدەك ئاجىز مەخلۇق مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قى-لىپ قالىدۇ. شۇڭا، كىم بولسۇن، كېسەللەرگە قارىتا مەيلى ئۇ ئېغىر بولسۇن، مەي-نەت، ئېپلاس بولسۇن، ئۇنىڭغا ئادىمىيلىك، ئىنسانلىق تۇيغۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، كەمسىتسەك بولمايدۇ، دوختۇرلارغا ۋە دوختۇرخانىلارغا نىسبەتەن ئالدىن پۇل تۆلەيسەن ئەمەس، ئالدىن داۋالاپ، ئاندىن پۇل ئېلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ھۆكۈمەت دەل مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن شەخسلەرنىڭ مۇستەقىل دوختۇرخانا ئېچە-شىغا كەڭ يول قويۇپ، بىزدەك يەككە دوختۇرلارنىڭ پاراستىمىزنى جارى قىلدۇ-رۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ پۇرسەت بىرىنچىدىن، كەسپىي ساپانى كۆتۈ-رۈشكە؛ ئىككىنچىدىن، رىقابەتنى كۈچەيتىپ، داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە؛ ئۈچىنچىدىن، يەنىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە سەھىيە ساقلىقنى ساقلاشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پۇرستى يارىتىپ بېرىشكە پايدا يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن دوخ-تۇرلار نۇرغۇن بىمارلارنى ھەقسىز داۋالىدى، ئۇلارنى خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلاپ قالدى. مەن ئادەملەرگە ئادىمىيلىك تۇيغۇ بىلەن قاراشتا، ھەربىر ئادەمنى ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ باقساقلا بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئالايلۇق، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېسەل

بولۇپ كەلگەن ئادەم سىزگە ئوخشاش ئادەم. ئۇمۇ سىز بەھرىمەن بولۇۋاتقان بارلىق ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق، شۇنداق ھوقۇقى بار. بىراق، ئۇ ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھاجەتمەن بولۇپ، سىزگە تەلمۈرۈپ قالدى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ سىزگە ئوخشاش ياشاشنى، ئويلاشنى، ئىشلەشنى خالىمايدۇ دەمسىز ؟ سىز ياشاۋاتقان بارلىق پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشنا ئەمەس دەمسىز ؟ بىراق ئۇ، ھازىر ئۇنداق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەس. سىز ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قەلبىنى، ھېسسىياتىنى چۈشىنىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىشىڭىز كېرەك. مانا شۇ چاغدا سىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ھازىر بولالايسىز. ئەنە ئاشۇ چىن مەنىدىكى ئادىمىيلىك بولۇپ، دەل مۇشۇ خىل ئادىمىيلىك ئادەمنى مۇرادىغا يەتكۈزۈلەيدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز، مەن شۇنچە يىللار مابەينىدە نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ھەربىر كېسەلگە قاراڭ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە، ئاۋازىدا، ھەرىكىتىدە بىرلا سادا مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ «ياشىسام دەيمەن» دېن ئىبارەت ! 100 ياشقا كىرىپ ئىككى پۇتى كۆرگە ساڭگىلىغان، رىزقى ـ نېسىۋىسى قالمىغان، يېمىگەنىنى يەپ، كىيمىگەننى كىيىپ بولغانلارمۇ ياشىسام دەيدىكەن. ئېغىر كېسەل چىرماپ ھالى خاراب بولۇۋاتقانلارمۇ، بىر تىنىقتىن قالسىلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىششقا ھازىرلانغان ئىمجانلارمۇ ياشىسام دەيدىكەن. ياشىسام دەپ تەلپۈنۈش، زارىقىش بىلەن نىدا قىلىدىكەن، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك جاھان ياخشى بولغان، توقچىلىق، شاد ـ خۇراملىق دەۋر سۈرگەن كۈنلەردە ئۇزاق، شۇنداق ئۇزاق ياشىسام دەيدىكەن.

نۇرمۇھەممەت مامۇتنىڭ پەم ـ پاراستى مېنى قايىل قىلدى. قەلبىمدە گۈزەل بىر سېيما نۇرلىنىۋاتقاندەك بولدى. بىراق، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىمۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ كارىۋات ئۈستىدىكى تەقى ـ تۇرقى، قورقۇنچلۇق سىياقى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى :

ئەنە، ئۇ ھېلىقى ئۆيدە، كارىۋاتتا ئىسكىلىتتەك ياتىدۇ، 55 ياشلاردىكى بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بۇ بىمارنىڭ كاسىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كارىۋاتنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا پوملاپ قويغان يوتقان ـ كۆرپە ئۈستىگە تېرەپ قويۇلۇپتۇ، سول پۇتى بىلەن ئوڭ پۇتى كارىۋاتنىڭ ئاستى ئالدى تەرەپكە قويۇلغان جىگەر رەڭ سولياۋ داسنىڭ ئىككى يان تەرەپ گىرۋىكىگە قويۇلۇپتۇ، داستا سارغىيىپ كەتكەن داكا ۋە دېرىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ئارىسىدا تىتىلىپ چۈشكەن دانە ـ دانە گۆش پارچىلىرى لەيلەپ تۇرۇپتۇ، خۇددى تەكلىماكان قۇملۇقىدا قاغجىراپ ئۆلگەن

هايۋاناتلارنىڭ قاغا ـ قوزغۇن يەپ ئاقلاپ تاشلىۋەت ئۈستىخىنىدەك بولۇپ قالغان سول پۇتىنىڭ يوتا، پاچاق، تىز سۆڭەكلىرى ... چوڭراق چوكاندەك ئادالىسىپ قارىداپ كېتىپتۇ ! پاچىقىدىكى تىتىلىپ ئاز قالغان گۆش بىلەن يوتا سۆڭىكىگە چاپلىشىپ قالغان ئازغىنە بۇلجۇڭ گۆشلەر ئادەم ئىشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە « يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل » بولۇپ كەتكەن چاپاننىڭ يېڭىدەك تەرەپ ـ تەرەپتىن « ساڭگىلاپ » قاپتۇ. ئاشۇ يەردىن كېلىۋاتقان دەھشەتلىك بەتبۇي پۇراق ئادەمنى شۇ يەردىلا نابۇت قىلىدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈر ۋە سېسىق ئىدى!...ئاھ، خۇدا! بەندىلىرىڭنى ئاشۇنداق ئازابلاردىن خالاس قىلىپ، ئۇلارغا ساغلاملىقتىن ئىبارەت زور بەختنى ئاتا قىلغايسەن!

ئىھ هايات! ئىھ مەۋجۇتلۇق! سەن نەقەدەر بىباھا ـ ھە ؟ !

2005 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر



نۇرمۇھەممەت مامۇتنىڭ
پائالىيەتلىرىدىن
كۆرۈنۈشلەر

0998 - 8512382
13899141053







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى













# ماھىيەتلىك مەخپىيەتلىك

بىر چوقۇنغۇچى دائىم كۈلۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن دانىشمەنــدىن سوراپتۇ : «سىز خاپا بولۇپ باققانمۇ ؟» دانىشمەن « ئۆمرىمدە بىرەر قېتىم خۇش بولغىنىمنى بىلمەيمەن، مەن ھەمىشە دەرد ـ ئازاب ئىچىدە تېڭىرقايمەن!» دەپتۇ. بۇ قىسمەتلىك بولسىمۇ، رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىر كۆلكىنىڭ مىڭ يەغىسى، بىر ئىشنىڭ مىڭ پۈتىقى بار، شۇڭا بىر ئىشقا بىر ئىش ئۇدۇل كەلمەيدۇ، سىز ياقتۇرغان ئىشنى ۋە ئادەمنى يەنە بىرى ياقتۇرمايدۇ، سىز ياقتۇرمىغان ئىش، ئادەمنى يەنە بىرى ياقتۇرىدۇ، بۇ كۆپ تەرەپكە باغلىق بولسىمۇ، ئۇ بىزگە ھەرقانداق بىر ئادەم ۋە ئىشنىڭ مۇكەممەل، مۇتلەق بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

بەزىدە زور شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولغان ئىشلارنى ۋە كىشىلەرنى كۆرسەك، ھاياجانلىنىپ ئىلھام دېڭىزىغا غەرق بولىمىز. بۇ ياخشى نىيەت ۋە تەشەككۈرىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا بۇ بىز چوقۇم شۇنداق قىلمىساق بولمايدىغان ئەقەللىي تۈيغۇ، ئادىمىيلىك سالاپىتىمىزنىڭ ئاددىي بايانى. بىراق، بىز ئاشۇ ئىش، ئاشۇ ئادەمنى بىر پۈتۈن ئادەم، مۇكەممەل ئىش قىلغۇچى دېيەلمەيمىز. چۈنكى، بىز ئاشۇ ئىشنىڭ ئەسلىي ئىش جەريانى ۋە مۇلازىمەت، مەجبۇرىيەت ۋە ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئۇتۇق قازىنىش جەريانىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن ئىش قىلغانلىقىنى بىلىش بىلەن بىرچاغدا، مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىر ئادەم بىرەر ئىشنى قىلىش جەريانىدا چوقۇم ئۆزى قۇربان بەرگەندىن باشقا، باشقىلارنىمۇ قوربان بېرىشكە مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ خىل ھادىسە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېنىقكى، ھەرقانداق ئادەم ۋە ئىش بىر پۈتۈن، مۇتلەق بولمايدۇ. بىز بىر پۈتۈن دەپ قارىغان نەرسە نىسپىي بولىدۇ، مۇبادا ئۇ ھەقىقەتەن بىر پۈتۈن، مۇتلەق بولۇپ قالسا، تەبىئىيكى ئۇ نۇقسانى كۆپ، مەۋجۇتلۇقى قىسقا، كۈچى ئاجىز، ساپاسى تۆۋەن مەۋجۇدات بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ھۈنەر — گۈل ئۈنەر

## 1

تىككۈچىلىك ماشىنىسىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى پۈتۈن دەرسخانىنى بىر ئالغان
بولسىمۇ، يەنە بىر توپ قىز ئوقۇغۇچى دەرسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئىش
ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باش تەربىيىچى ئابدۇ-
قېيۇم تۇرسۇن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان بىر پارچە رەختنى
كەسمەكتە ئىدى، ئۇ تولىمۇ ئەستايىدىل ، قىزغىن ۋە سەممىي تەلەپپۇز بىلەن ئو-
قۇغۇچىلارغا كېسىش تەرتىپلىرىنى، سىزىش، قاتلاش، بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللى-
رىنى بىرمۇبىر چۈشەندۈرەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىن، چۈشەندۈرۈش ھالەتلىرىدىن شۇ
قەدەر كۆيۈنۈش، ئۆتۈنۈش ۋە تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ بىرمۇ بالىنىڭ بۇ
چۈشەندۈرۈش، تەلىم - تەربىيىدىن چەتتە قالماسلىقىنى، شۇ پېتىچە ئۆزلەشتۈرۈ-
ۋېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنداق ھالەت ئۇنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان
داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى ۋە ئەقىدىسى ئىدى، بۇ ھال ئۇنى يەنە ئاشۇ ئىشقا،
ئاشۇ كەسىپكە، ئاشۇ يۇمران بالىلارغا چەمبەرچاس باغلاپ تۇراتتى، بۇنداق باغلى-
نىش ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆ-
پەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈپ، جەمئىيەت قويىندىكى ئوبرازى، قىممىتىنى ئاشۇردى؛ رىقابەتچىلىرىنى ھاك -
تاك قالدۇردى، ئۇلارنى يەنە ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە كەلتۈرۈۋاتقان تەسىرلىرىنى قانداق
قىلىپ يوقىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە تېپىرلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ بۇنداق ئۇتۇقنى
نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت بەدىلىگە قولغا كەلتۈردى، ئۇنىڭ بۇ خىل جاپاسىنىڭ
راھىتى ئۇ يېتىشتۈرگەن شاگىرت ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يو-

لىدىكى ئاسايىشلىقلىرىدا نامايان بولدى، ئۇ چاچقان ھەربىر ئۇرۇق، ھەربىر غۇنچە
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا پورەك - پورەك گۈل بولۇپ ئېچىلدى، كىشى-
لەر قەلبىگە ئىللىق سېزىم ۋە يارقىن نۇر بولۇپ تارالدى. بۇ نۇر ئۇنىڭ كىشىلەر ئا-
رىسىدىكى يىلتىزى، ئورنى، ئوبرازى، تارتىش كۈچى، ئىقتىدار جەھەتتىكى ئار-
تۇقچىلىقىنى نامايان قىلدى، بۇ ئۇنىڭ بىر قاتار ئىشلىرى ئۈچۈن دەسمىي، دەستۇر
بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەربىيىلەش كۇرسىغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمىدى، كىچىك دائىرىدىن چوڭ دائىرىگە، چوڭ دائىرىدىن كەڭ ئومۇمىيلىققا
قاراپ تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى ياراتتى. ئۇ قاچان تەربىيىلەش كۇرسىنى باشلى-
دى، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ كۇرس مىقدارى ئېشىپ باردىكى، كىچىكلەپ - كەم-
لەپ كەتمىدى، تەرەققىي قىلدىكى، سۇسلىشىپ قالمىدى، ئۇ بۇنىڭدىن خۇش، ئۇ-
نىڭ كۇرسىدا ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇغۇچىمۇ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ يۈزلىگەن ئاتا - ئا-
نىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئالەمچە خۇش؛ شۇڭا ئۇ، بەزىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىش-
لىرىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىنى، تولىمۇ جايىدا ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىنىپ قالاتتى ۋە
ھەم بەخت تۇيغۇسىغا، ھەم خىرىس تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى، بەخت تۇيغۇسى ئۇ-
نىڭ ئۆتكەن ھاياتى ۋە قىلغان ئىشلىرىدا يارىتىلغان تۆھپە، نەتىجىلىرى بەدىلىگە
بولسا، خىرىس تۇيغۇسى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ھا-
يات، تۇرمۇش، كەسىپ ۋە چىقىش يولىدىكى غېمىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئىدى. بەخت
بار يەردە غەم بولىدۇ، غەم بار يەردە يەنە بەخت بولىدۇ، بەخت كىشىگە خاتىرجەملىك
بەرسە، قايغۇ ئادەمگە ئازاب ۋە پۇشايمان، بىسەرەمجانلىق، خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ
كېلىدۇ، ئۇ يەنە ئادەمدە ئىنتىلىش، ئازابتىن قۇتۇلۇش رىقابىتى پەيدا قىلىپ، قەلبىنى
روشەن، سەزگۈر قىلىشقا سۆرەپ بارىدۇ. ئابدۇقېيىيۇم تۇرسۇن بۇنى بەك ئوبدان
بىلىدۇ، ئۇ ھامان ئۆزىگە بەختسىزلىك كەلمايدۇ دەپ قارىمايتتى، ئۇ بەختسىزلىك
دەل ئۇنىڭغا كېلىدىغان خىرىستىن كېلىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن
سەۋرچانلىق ۋە كۈچلۈك ئەستايىدىللىق بىلەن ئەتراپىغا قاراپ، پۇختا تەييارلىق بى-
لەن ئىشلىمىسە بولمايتتى، بۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى، بولۇپمۇ كەسپىي ھايات
مۇساپىسىدىكى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ. بىراق، ئۇنىڭدا بۇنىڭغا قا-
رىتا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان توپلىغان تەجرىبە - ساۋاق بار، چىقىش يولىنى داۋاملىق
ئېچىشقا يەتكۈدەك قۇربەت، ئىمكانىمۇ بار. بىراق، ئىش ئۇنىڭ دېگىنى ۋە قىلغىنى

بويىچە ئۆزلۈكىدىن راۋان بولۇپ كەتمەيدۇ، نۇرغۇن مەسىلىمۇ ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، تەرەققىيات ۋە رىقابەت كىشىلەرگە ھەر خىل يوللارنى تېپىشقا، ئېچىشقا ھەمدەمچى بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق چاغدىكى ھالەت ۋە قىسمەتتىن يول ئېچىشقا ، ئىلگىرىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەل قىلمىسا بولمايدىغان، سەل قارىسا بولمايدىغان ھايات يولى، ئۇنىڭ بىرلا ئارزۇسى سەممىي ئەقىدە بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ھۈنىرىنى بىمالال ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قايىنمىدا چىقىش يولى تېپىشىغا تۈرتكە بولۇش .

## 2

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئابدۇقېيۇم تۇرسۇننىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىن تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئۇ ئاددىي بىر دېھقان پەرزەنتى ئىدى، ئۇنىڭ ئۆيى يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يوپۇرغا يېزىسىنىڭ 2 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىسىدە بولۇپ، 1975 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە شۇ يەردىكى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى، ئۇنىڭ يەنە ئوقۇغۇسى بار ئىدى، بىراق، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۆرلەپ ئوقۇشتىن توختاپ قالدى، ئەمما ئۇ بىرەر كەسىپنى ئۆگىنىشى، ئىش ئورنى تېپىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ ئېتىزنىڭ ئىشىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئېتىز ئىشىغا يارىمايتتى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ خىل يېتەرسىزلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىتىشىنىڭ غېمىگە چۈشكەندە، ئۇ ئۆزى ناۋايلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىش تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەلەپ ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھېسسىياتىغا ياغدەك ياقتى، بىرقانچە ئايدىلا ئۇ بۇ ھۈنەرنىڭ ئۈبدانلا ئەھلى بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ ھەمىشە باشقىلارغا ئىشلەپ، دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، ئىش قىلىشۇرسىمۇ بولمايتتى، بۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش ئىدى. بىراق، ئۇ ھۈنەر ئايرىپ چىقىپ، دەمال ئىش يۈرۈشتۈرۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق پەرىشانلىق ئىچىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ياخشى نىيەتلىك بىر تونۇشى ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنى قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلدى. ئۇ بۇ مەكتەپنىڭ تىككۈچىـ

لىك كەسپىي سىنىپىدا ئىككى يىل ئوقۇدى، تەلىيىگە ئۇ بۇ ھۈنەرگە تولىمۇ قىزغىن، تولىمۇ ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ كەتتى، بۇنداق بېرىلىش ئۇنىڭ ئىستىقبال يولىنى كەڭ ئاچقاندەك قىلاتتى، ئۇ قىزغىنلىق، ھېرىسمەنلىك، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بارلىقىنى كەسپكە ئاتاپ، ئۆزىنى كەسپ زەنجىرىگە مەھكەم باغلاشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى، ئۇ مەيلى تىككۈچىلىكتە بولسۇن، مەيلى پىچىم- كېسىمچىلىكتە بولسۇن، بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىۋالدى، بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش، باشلامچى بولۇش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكىمۇ ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، ئەلا نەتىجە ، تەكرار ئېرىشكەن مۇكاپاتلاردىن ھاسىل بولغان شان - شەرەپتىن ئۇ مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولدى؛ مەكتەپ پۈتكۈزگەن يىلى مەكتەپ ئۇنى تىككۈچىلىك كەسپىي سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ قالدى. ئۇ بىر يىلدىن كۆپرەك تىككۈچىلىك ئۇستىسى، يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ، ھەم ئۆز كەسپىنى پىشۇردى، ھەم بۇ يەردە تەربىيلەشنىڭ ھەرقايسى قاتلام، بۆلەكلىرى بويىچە مول تەجرىبە ـ ساۋاق توپلىدى، بۇ ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىمكانىيىتى ۋە شەرت ـ شارائىتىنى ياراتتى. 1986- يىلى ئۇ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش قارارىغا كەلدى، بۇ چاغدا مەكتەپ ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىشىنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتى ۋە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسى ئىزچىل بوغۇلۇپ قېلىشتەك تۇرغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ قالدى، بو ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ، باشقا جايغا چىقىپ كېتىپ، ئىش قىلىش نىيىتىنى ئاۋۇندۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەربىيلەش مەركىزىگە بېرىپ، تىككۈچىلىك كورسى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلدى ، ئۇلار دەل مۇشۇنداق بىر كەسپىي ئىشنى قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، ئۇنى بۇ يەردە تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلدى، ئابدۇقېييۇم تۇرسۇن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان تىككۈچىلىك ـ رېشلىيە ئىشلەش كورسىنى ئېچىشقا تۇتۇش قىلدى، ئۇنىڭ يۈرىكى شادلىق ۋە بەختىيارلىققا چۆمدى، پارلاق كېلەچەك ئۇنىڭغا يۈرۈق يۇلتۇزدەك يۈز ئاچتى.

# 3

دېگەندەك، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ قايتىدىن تۇغۇلدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى؛ بىر نەچچە تال قايچا ـ دەزمال ۋە بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رېشلىيە ئىشلەش ماشىنىسى ئازلىق قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئۇ ھەر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى بەرگەندە، يۈزلەپ ئوقۇغۇچى كېلىشكە، سىنىپ ـ ياتاق ئازلىق قىلىشقا باشلىدى؛ ئابدۇقېيۇم تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ھەم مەبلەغ توپلىدى، ھەم رەھبەرلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ غېمىنى قىلدى. ۋاقىت ۋە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرمايتتى، ئۇ يۇرتداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش ئىشىنى قىلدى. بۇ دەل ھەرقايسى جايلاردا ئىش ئورۇنلىرى تۇراقسىزلىشىۋاتقان، ئالىي ـ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر، بولۇپمۇ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش مىقدارى كېمىيىۋاتقان ياكى بازارغا يۈزلىنەلمەۋاتقان، نۇرغۇن كىشىلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئېرىشەلمەيۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، كىشىلەر قىز ـ ئوغۇللىرىنى تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىشكە بېرىشنى ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، بۇ ئۇنىڭ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم پۇرسەت ئىدى. قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىزچىل ھالدا ئەمگەك ـ سوغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە بولۇپ كەلگەنىدى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەقەززاسى بىلەن 1990 ـ يىلى تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسى رەسمىي ھالدا ئابدۇقېيۇم تۇرسۇننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قەدىمىنى باستى. كېيىن، ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ھۆددىگەرگە ئايلاندى. بۇ ھال ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوزغاپ، قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. بۇ چاغدا ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇشقا، كىشىلەر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تولىمۇ

ماهىر بولىدى، سەيپىدىن پازىل، ئالىمجان مامۇت، پاتىگۈل ھاشىر قاتارلىق تىك-كۈچىلىك ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇش سۇپىتى ۋە ئۇنۇمىنى ئاشۇردى. دىگەندەك ھەرقېتىملىق كۇرسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تېزدىن كۆپىيىپ باردى، بۇ ھال مۇشۇخىل كۇرس ئاچقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنى دوراپ تىككۈچىلىك-رېشىلىيە ئىشلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ باقتى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىتنە-پاسات تارقىتىپ، ئىناۋەت-ئوبرازىنى يەرگە ئۇرماقچىمۇ بولدى. بىراق، ئۇ بۇش تۇرماي، بېرىلىپ ئۆگىنىش بىلەن سەمىمي، قىزغىن كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياخشى تەرىپىگە سازاۋەر بولدى.

# 4

«ئىسمىم ئىززەتگۈل مۇھەممەت، تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزا 3-كەنت 1-مەھەللىدىن، دېھقان قىزىمەن، — دېيىلگەن ئىدى بىر پارچە تەشەككۈر خېتىدە بايان قىلىنىپ، — مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى ئالاھىدە كىيىم-كېچەكلەرنى لايىھەلەش مەكتىپىدە تۆت ئاي بىلىم ئاشۇرغانىدىم، كىيىم-كېچەك دۇنياسى ئاجايىپ بىر دۇنيا، بۇنىڭ ئىچىدە كىيىم-كېچەك لايىھەلەش، پىچىش-تىكىش بولسا تېخىمۇ ئاجايىپ قىزقارلىق دۇنيا. مەن بۇنى تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگىنىش جەريانىدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم، بۇ كەسپنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر سېھىرلىك، شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە زىل كەسىپ ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلگەن ئىكەنمەن. مانا ئەمدى بىلدىمكى، بۇ كەسىپ ھەم جاپالىق، ھەم كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، ھاياجان ۋە بەخت ھېس قىلدۇرىدىغان كەسىپ ئىكەن، مەن بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە پېشمىنى بۇ يەردە دەپ ئولتۇرمىسامۇ بولىدۇ. دەل ئاشۇنداق بولغاچقا، مەن ئاجايىپ بىر غايىۋى ھېس-تۇيغۇ بىلەن كىيىم-كېچەك دۇنياسىغا، تىككۈچىلىك كەسپى ساھەسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش يولىدا ئىزدىنىۋاتىمەن. بۇنداق ئىزدىنىشنى بىر ياكى بىر قانچە جايدىن، بىر ياكى بىر قانچە مەنبەدىن ئىزدەسە بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقي كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئىزدەشكە، ئۇلاردىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ، مەن ئىز-دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن ئادەملەر-

نىڭ بىرى دەل ئابدۇقېيىيۇم ئۇستام. مەن تەرەققىي قىلغان زامانىۋى شەھەردىن قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە كەلدىم. سەۋەب، دەل يۇقىرىدا مەن دەپ ئويلىغانىدىم.

قەشقەر قەدىمىي شەھەر، بۇ يەردە ئاجايىپ قەدىمىي مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئاجايىپ قەدىمىي ئۆرنەك، نەمۇنىلەر بار؛ قويۇق مىللىي يۇراقتا ئىگە كىيىم -كېچەك مەدەنىيىتى ۋە خاس كىيىم -كېچەك نۇسخىلىرى مول. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى بىلىشى، تونۇشى ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەجدادلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىزدىنىشنى بىلىشى كېرەك. مەن كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بۈگۈنكى زامانىدىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە شۇ يولدا تەر ئاققۇزۇشقا بەل باغلىغانمەن. شۇ ۋەجىدىن، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ بەرنالىرى مەركەزلەشكەن قەشقەرگە كېلىپ، ئابدۇقېيىيۇم ئۇستامنىڭ تىككۈچىلىك كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىمەن. مەن بۇ يەردە ھەيران قالغان بىرقانچە ئون تۈرلۈك ئىش بار: بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىنچىسى، ئابدۇقېيىيۇم ئۇستامنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز بالىلىرىدەك كۆيۈنۈشى مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ كەسىپكە ساداقەتمەنلىكى ۋە كەسپىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بولدى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭ كەسىپكە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كەسپىنى تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن باشقىلارغا تېز ئۆگىتىشى بولدى؛ تۆتىنچىسى، ئوقۇغۇچىلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىپ، خۇشاللىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتەك ئەخلاق ـ پەزىلىتى بولدى؛ بەشىنچىسى، ئۆزى توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كەسىپتە ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا يول تېپىشىغا ياردەم بېرىشتەك خالىس ئىشى بولدى.

مېنىڭ قەشقەردە، ئابدۇقېيىيۇم ئۇستامنىڭ كۇرسىدا ئوقۇشۇمنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ـ ئۇنىڭ مۇشۇ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى بارلىق تەجرىبە ـ ئۇتۇقلىرىنى ، ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئارتۇقچىلىقىنى بىرمۇ بىر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەم كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان، ھەم مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى ئومۇملاشتۇرۇپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. مەن تۇرپانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئابدۇقېيىيۇم ئۇستامنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكى.

خاسلىقى ۋە جەلپكارلىقىنى نامايان قىلىمەن، ئۇنى يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان مەنبەگە ئايلاندۇرىمەن.

## 5

2000 ـ يىلى ئابدۇقېييۇم تۇرسۇننىڭ كىشىلىك ھاياتىدا يەنە بىر قىيىن ئىش يۈز بەردى، بىر كۈنى بىرنەچچە كىشى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ خالىس مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى، مەلۇم ئورۇندىكى ئىككى نەپەر مېيىپ بالىنىڭ كەسىپ ئىگىلىشى ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى، ئابدۇقېييۇم تۇرسۇن دەمال نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، كېيىن ئۇلارنى تەربىيىلەپ بېرىشكە ماقۇل كەلدى، ئەسلىدە بۇ بالىلار پۇتى كېسىۋېتىلگەن ئېغىر مېيىپلاردىن بولۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇ چاغدا، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى تەربىيىلەش ئورنىنىڭ 2 ـ، 3 ـ قەۋىتىدە ئوقۇيتتى، بۇ مېيىپ بالىلارنى ئۇ يەرگە ئېلىپ چىقىش ـ چۈشۈش شۇ قەدەر مۈشكۈل ئىدى . بىراق، ئابدۇقېييۇم تۇرسۇن بۇ ئىشتىن باش تارتىشقا روھىي جەھەتتىن يول قويالمىدى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلىپ، مېيىپ بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇلارنى ھەر كۈنى بىناغا ئېلىپ چىقىپ ـ چۈشۈرۈپ، تاماق بېرىپ، تەرتىپنى راۋانلاشتۇرۇپ، كىشىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىدىكى مېيىپلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، تىككۈچىلىك كەسپىدە ماس كېلىدىغان رېشىلىيە ئىشلەشنى ئۆگىتىشكە بەلگىلىدى، ئۇلارغا مەخسۇس رېشىلىيە ماشىنىسى ئاجرىتىپ بەردى، ئۇلار ئۈچ ئايدىلا كەسپتە لاياقەتلىك بولدى.

بۇنداق ئىش مۇشۇ بىرلا قېتىم بولغان ئەمەس. ئۇ بىرقانچە يىل داۋامىدا 300 دىن ئارتۇق مېيىپ، يېتىم ـ يېسىر، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىنى ھەقسىز تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى تېپىپ بەردى؛ بۇنىڭدىن باشقا، بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلىپ سېخىيلىقىنى نامايان قىلىپ ماختاشقا ئېرىشتى...

# 6

— ئابدۇقېيۇم تۇرسۇننىڭ تىككۈچىلىك كۇرسىدا بۇنداق ئىش بىرلا قېتىم بولغان ئەمەس، تىككۈچىلىك كۇرسىغا 50 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا تېلېۋىزوردا ئېلان بەرسە، 70 نەچچە ئوقۇغۇچى كەپتۇ.

— قالتىس ئىش بوپتۇ-دە؟

— بۇمۇ بىر تەلەيكەن، بەزى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا تەكرار ئېلان بەرسىمۇ، كېلىدىغان ئوقۇغۇچى پىلانلىغان سانغا يەتمەيدۇ، ئاڭلىساق هازىرمۇ ئۇنىڭ كۇرسىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەس ئىكەن، يىل بويى سىنىپلىرى لىق تولۇپ تۇرىدىكەن، كەسپداشلىرى ئۇنىڭدا نېمە خسلەت باركىن دەپ، هەيران قالىدىكەن.

— هازىرقى زامان ئادەملىرىنى بوش چاغلىقلى بولمايدۇ، نېمە ياخشى، نېمە ئەسكى، ئۇنى تاللاشقا بەك ئەهمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار باشقا جايلاردىكى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئوقۇيدىغان گەپ.

بىر سورۇندا بولۇنغان بۇ گەپلەر مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى، كۆز ئالدىمنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەن قەشقەر شەهەرلىك كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ قەشقەر شەهىرىدىكى يېڭى ئەسىر يولىغا جايلاشقان قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىر بىناغا باردىم ۋە تىككۈچىلىك كەسپىي تەربىيىلەش كۇرسى بولۇۋاتقان يەرگە ئىزدەپ كىردىم، بىنانىڭ يان تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن كىرىپ، دەرۋازىۋەننىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن بىنانىڭ 3 - قەۋىتىگە چىقتىم. كارىدورغا بۇرۇلغىنىمدا، ئەڭ دەسلەپ ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن ئىش تىككۈچىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شالدىرلىغان ئاۋازى بولدى. بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ئاۋاز ماڭا بىر خىل جەسۇر مۇزىكا ساداسىنى هېس قىلدۇردى؛ مەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، تىزىملاش ئورنى دېگەن خەت يېزىلغان ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە قارىدىم. ئاق پېشماق، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان، ئوتتۇرا بويى، سەل ياداڭغۇ، ئەمما خۇشخۇي كۆرۈنىدىغان بىر يىگىت مېنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن باشلاپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشى مۇشۇ تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ يېتەكچىسى ھەم ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن ئىدى.

— ھازىر كۇرسقا كەلگەن بالىلار كۆپ، سىنىپ يېتىشتۇرۇپ بولالماي، بەزى بالىلارنى كېيىنكى قېتىملىق تەربىيىلەشكە قاتنىششقا تەۋسىيە قىلىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ كېلىش مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن، — سىنىپ كۆپەيتىمىز دېسەك، شارائىتىمىز يار بەرمەيۋاتىدۇ، ئىدارە ھازىر بۇ بىنانى چېقىپ ئورنىغا كېڭەيتىپ، ئائىلىلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىشخانا، سىنىپ ، ياتاقلارنى سېلىپ، زامانىۋى تەربىيىلەشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز دەۋاتىدۇ، بۇ ئىشمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئىشقا ئېشىپ قالار دەيمىز... سىنىپ، دەرسخانىلارنى كۆرۈپ باقاملا ؟

مەن ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تىككۈچىلىكتىن نەزىرىيە دەرسى ئۆتىۋاتقان، ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە كېسىش، تىكىش مەشقى قىلىۋاتقان 10 نەچچە سىنىپنى بىرمۇبىر ئارىلاپ چىقتىم، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى، مەشىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىكى كەسپىي ئىقتىدارنىڭ يۇقىرىلىقىنى، دەرس بېرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشىلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆزى ئاچقان كۇرسانتلار ئاشخانىسى ۋە كۇرسانتلار ياتاقلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم، ئاشخانىنى بىر ئاشپەزگە ھۆددە بەرگەن بولۇپ، ئەرزان باھا، يۇقىرى سۈپەت، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق كۇرسانتلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاماق، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاتا - ئانىلارنى، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئوبدان رازى قىپتۇ. شۇ ئەتراپتىكى بىر شەخسنىڭ ئۆيىنى سېتىۋېلىپ، كارىۋات قاتارلىقلارنى سەپلەپ، تۆۋەن باھالىق ياتاق ئۆي ھازىرلاپ، كۇرسانتلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئارتۇقچىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، بۇ يەرگە يىغىلىپ ئوقۇپ، تىككۈچىلىك كەسپىنىڭ كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولۇشقا تۈرتكە بوپتۇ.

مەن بۇ يەردىكى سىنىپلاردا لىقمۇلىق ئولتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، شۇنچە كۆپ ئادەم تىككۈچىلىك كەسپىنى ئۆگەنسە، جەمئىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىش ئورنى تېپىلارمۇ- قانداق دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم.

مانا بۇ 2001- يىل 9- ئايلاردا تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسىنى تەكشۈرگەندە پەيدا بولغان تۇيغۇ ئىدى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، يەنى 2005 - يىلى

يازدا مەن يەنە بىر قېتىم ئابدۇقېيىيۇم تۇرسۇننىڭ تىككۈچىلىك كۇرسىنى زىيارەت قىلدىم. قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سوغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى سالغان ئالتە قەۋەتلىك بۇ خىزمەت مۇلازىمەت بىناسىنىڭ كۆلىمى ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن، ئاساسلىق ئۆيلەر پۈتۈنلەي چوڭ ۋە ئازادە سېلىنغان بولۇپ، بىرلا قېتىمدا 1000غا يېقىن كىشىنى تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلىگىلى ۋە تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىكەن، ھازىر يەنىلا بۇ يەردىكى ئاساسلىق تەربىيىلىنىۋاتقانلار تىككۈچىلىك كۇرس سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار رەتلىك ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاپ، ئەمەلىي مەشىق قىلىپ، تىككۈچىلىكنىڭ يېڭى باھارىنى ئېچىۋېتىپتۇ. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا تېرىكىشىۋاتقان ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەختىنى پەقەت تىرىشىش ئارقىلىق يارىتىپ ۋە بەرپا قىلىپ، كېلەچىكىنى، كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى يارىتىدىكەن؛ ھالبۇكى، مۇشۇ يولدا ھەركىم ئۆزىنىڭ مۇناسىپ كەسىپ تاللاش يۆزىلىنىشىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىكەن. بۇ يەردىكى ھەربىر كىشىنىڭ نەزەرىدە مانا مۇشۇ خىل ھايات پائالىيىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى، ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى شۇ خىل پائالىيەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، چىقىش يولىغا پاياندار سېلىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ؛ بۇنداق يولدا ھامان كىشىلەر تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ، چۈنكى ئادەم ئۆز ئېھتىياجىدىن ھالقىغان ئىككىنچى بىر خىل ياكى ئۈچىنچى بىر خىل ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسىنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۆگىنىش ۋە كەسىپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. تىككۈچىلىك كۇرسىنىڭ شۇ قەدەرئۇزۇن داۋاملىشىشى ھەم ئادەم سانىنىڭ ئىزچىل كۆپ بولۇشىنىڭ تۈپ نېگىزىمۇ دەل باشقىلار ئېھتىياجىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ ۋە شۇ قەدەر ئۇزاق زامانلارغىچە داۋام قىلدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا بىرقانچە سەۋەب بار: بىرى، كىشىلەر باي بولدى، شۇڭا كۆزى پۇلغا، قورسىقى ئاشقا تويدى، بۇ ھال كىشىلەرنى مودا قوغلىشىپ، يۈرۈش- تۇرۇش، كىيىنىشتە سالاپەت يارىتىشقا ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ھەر خىل كىيىملەرنى كۈنسايىن يېڭىلاپ كىيىشكە يۈزلەندى، بۇ تىككۈچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە تەقەززا قىلىشقا تۈرتكە بولدى؛ ئىككىنچىسى، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشى قايىنىمىدا تىككۈچىلىككە ئوخشاش جاپاسى كۆپ ، كىرىمى كۆپ بولمىغان كەسىپلەرنى قوغلاشماي، تەرەققىيات خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، ئەقلىي ئەمگەك ساھەسىگە يۈ-

رۇش قىلىپ، تۆۋەن قاتلام دەپ قارىلىدىغان تىككۈچىلىككە ئوخشاش بىر قىسىم كەسپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتى. ئۇ شەھەرلەردە، كەڭ زىيالىيلار قاتلىمىدا ئەۋج ئالدى، بۇ هال يېزا ـ بازارلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تىككۈچىلىكنى كەسىپ قىلىپ تاللاپ، تۇرمۇش يولى تېپىشىغا سەۋەب بولدى. ئۈچىنچىسى، تىككۈچىلىك كۆپ دەسمي تەلەپ قىلمايدىغان ۋە قاچان ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ چىقسا ئىش ئورنى تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ بولغاچقا، دېھقان ـ چارۋىچىلار قىز ـ ئوغۇللىرىنى هۈنەرسىز قويماسلىق مەقسىتى بىلەن بۇ كەسىپنى تاللاپ بەردى.

مانا بۇلار ئابدۇقېيىۇم تۇرسۇننىڭ تىككۈچىلىك كۇرسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىۋاستە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل ئىدى، ئۇ بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بىر قانچە يىل داۋامىدا، پۈرسەتنى چىڭ تۇتتى. شۇڭا ئۇ، سىنىپ يېتىشمەسلىك كۆرۈلگەندە باشقا جايلاردىن ئۆي، سىنىپ، ياتاق ئىجارە ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى، دەرس ۋە باشقا ئىشلاردا ئورتاق بولغان باشقۇرۇش، دەرس ئۆتۈش، مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تىككۈچىلىك ساھەسىدىكى ئوبرازى ۋە سالاپىتىنى يوقاتمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ زامانىۋى تۈسكە ئىگە ئازادە سىنىپلاردا دەرس ئۆتكەندە بولسا بۆلەكچىلا سۆيۈندى ۋە هاياجانلاندى.

مەن كېيىنكى قېتىم تەكشۈرۈشتە بولغاندا بىنانىڭ 3ـ، 5ـ قەۋەتلىرىدىكى يېڭى ئىشخانا، سىنىپلارنى بىرـ بىرلەپ كۆردۈم . ئۇ قېتىم قارىسام، ئىش بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ياخشىدەك تۇيۇلدى، كۇرسانتلار، ئوقۇغۇچىلار سىنىپلاردا لىقمۇلىق ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش، مەشىق قىلىش، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بەند بولۇۋېتىپتۇ. دېمەك، مەن بۇ قېتىم ھېس قىلدىمكى، تىككۈچىلىك كەسپى تولىمۇ مۇھىم كەسىپ بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى قانچىلىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيەتكە چىقارسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ تىككۈچىلىككە بولغان تەلىپى ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىكەن.. ھازىر بۇ تىككۈچىلىك تەربىيىلەش كۇرسى مۇنداق بىر قانچە ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان :

بىرىنچى، شەرتـ شارائىتنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئەينى يىللاردا مەيلى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ بولسۇن، مەيلى تىككۈچىلىك كۇرسىنىڭ بولسۇن، شەرت ـ شارائىتى دېيەرلىك ئەمەس ئىدى، تەربىيىلەش مەركىزىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە كۈچ چىقىرىپ، مەبلەغ توپلىشى ۋە توغرا

يېتەكلەپ، بازار ئىگىلىكى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەش، كونترول قىلىش سىياستىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھازىر شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن تىككۈچىلىك كۇرسىنىڭمۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى شارائىتى تولۇق ۋە يېتەرلىك بولۇش ئىشقا ئاشتى، بۇ كۇرس ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ھەر خىل ئەر - ئايالچە كىيىم - كېچەكلەرنى كېسىش، تىكىش، ئۆلچەش، لايىھەلەش ئاساسىي بىلىملىرى قاتارلىقلار بىلەن تەربىيىلەشتەك خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەرستە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قابىل ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئىشقا قويدى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى زور كۈچ بىلەن تولۇقلىدى. ھازىر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەقسىز بېرىلىدىغان تىككۈچىلىك ماشىنىسىدىن 120 سى، رېشلىيە ئىشلەش ماشىنىسىدىن 22 سى بار بولغاندىن باشقا، 40 دانە قايچا، 20 دانە دەزمال بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلغار تىپتىكى چاپلاق ماشىنىسى، پار دەزمال، توك بىلەن رەخت كېسىدىغان قايچا قاتارلىقلارمۇ بار.

ئىككىنچى، تەربىيىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان بۇ تىككۈچىلىك كۇرسى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاشتا ئۇلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ۋە تەجرىبىسىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويدى ۋە ئۇلارنىڭ تەربىيىلەشتە رىقابەتلىشىپ دەرس ئۆتۈش، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلار ئوقۇتۇش جەريانىدا يېڭى نۇسخا ۋە ياخشى چارىلەرنى قوللىنىپ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىشكە ئەتىبار قىلدى. بىر سائەت نەزىرىيە ئۆتسە، بىر سائەت ئەمەلىيەت ئۆتۈش، ئىككى سائەت نەزىرىيە ئۆتسە، ئىككى سائەت ئەمەلىيەت ئۆتۈش، سەككىز سائەت مۇقىم دەرس ئۆتۈش بىلەن بىر چاغدا ھەر كۈنى ئىككى سائەت كەچلىك ئۆگىنىش، مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى، ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەت دەرسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا رەخت، كىيىم - كېچەك ساتقۇچى تىجارەتچىلەر بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك كىيىم - كېچەك تىكىپ بېرىش بويىچە توختام تۈزدى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل بۇيرۇتمىلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ تىكىش بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ تىكىپ، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىنى پۇشۇرۇپ كۆزىنى ئاچتى، ھەم ئىش مەنبەسىنى ئۆزۈپ قويماي،

ئىش بۇيرۇتقۇچى خېرىدارلارنى رازى قىلىدى، شۇڭا بۇ يەردە تىككۈچىلىكنى ئۆ-گىنىشكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەلگىلەنگەن ئوقۇش ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى ئىزچىل ھالدا 98 پىرسەنتتىن تۆۋەنلىمەي، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۈچىنچى، ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرىنى كۆپەيتتى. ئابدۇقېيىيۇم تۇرسۇن كۇر-سانتلارنىڭ تەلىپى، بازار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلار قايسى خىل تىككۈچىلىكنى تەلەپ قىلسا، شۇنى يولغا قويدى، ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدىكى تىككۈچىلىكتىن رېشلىيە ئىشلەش، گۈل- نەقىش ئىشلەش، گۈل چېكىش، گۈل چېكىپ تىكىش، مودا كىيىملەرنى ئىشلەش، تىكىش، كېسىش ۋە لايىھەلەش قاتار-لىقلارغا يۈزلىنىپ، كۇرسانتلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگىنىشىنى قۇلاي ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ جەرياندا ئۇ ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق مۇددەتكە بۆلۈپ ئوقۇتۇشنى، مۇددەتكە بۆلۈپ ھەق ئېلىشنى، ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن ھەق تۆ-لەشنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇردى.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ماسلىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇ-رۇش بېسىمىنى يېنىكلەتتى. 1998 ـ يىلىدىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈتاش خىزمەتكە تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىپ، شەخسلەر ئۆزى ئىش ئورنى تېپىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يۈزلەندى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ئورنى كۆرسەتكۈچى تەدرىجىي ئازىيىپ، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان، ئالدىن تەربىيىلە-نىدىغان، ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقىدىغان مېخانىزم تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كان ـ كارخانىلاردىمۇ نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىشى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشتەك ھالەت مەيدانغا كەلدى، مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقېيىيۇم تۇرسۇن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا يېقىندىن ماسلىشىپ ، جەمئىيەتتە تېخى-مۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزۈش ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئىجتىمائىي رايون بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى بىر-قىسىم كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىغا بېرىپ، شۇ جايلاردا تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خادىملىرىنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەپ، چىقىش يولى تېپىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى؛ ئۇ يەنە ئو-

www.uyghurkitap.com

قۇغۇچى قۇبۇل قىلىش دائىرىسىنى قەشقەر شەھىرىدىن باشقا ناھىيە، يېزا ـ
بازارلارغىچە، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىگىچە كېڭەيتتى.
يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خىزمەتلەر بۇ تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ، بولۇپمۇ ئابدۇقېيۇم
تۇرسۇننىڭ داڭقىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاتتى، شۇڭا بۇ تىككۈچىلىك كۇرسى قەش-
قەر شەھەرلىك ئەمگەك سوغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى تەربىيىلەش مەر-
كىزىنىڭ بىر قېتىم مەملىكەت بويىچە ئىلغار كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى بولۇپ با-
ھالىنىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، كۆپ قېتىم قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەش-
قەر شەھىرى تەرىپىدىن تەربىيىلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇقىملىق، نامراتلارغا
يار ـ يۆلەك بولۇش، مېيىپلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش بويىچە مۇكاپاتلاندى،
شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ تىككۈچىلىك كۇرسىنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇقېيۇم تۇرسۇنمۇ
كۆپ قېتىم يۇقىرىقى تۈرلەر بويىچە مۇكاپاتلاندى.

## 7

ـــ ئادەم ياخشى ئەخلاق ـ ياخشى خۇلق بىلەن گۈزەل بولىدۇ، سالاپەت نۇقتى-
سىدىن ئالغاندا، ئادەم چوقۇم مۇناسىپ كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش بىلەن
سالاپەتلىك بولالايدۇ، ـــ دېدى ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئا-
خىرلىشىش ئالدىدا، ـــ مۇشۇنداق گۈزەللىك ئۈچۈن مېنىڭ بۇ تەربىيىلەش ئورنۇم
20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، 180 قارارىدىن كۆپرەك كۇرس ئېچىپ، 14 مىڭدىن
ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى كىيىم ـ كېچەك تىكىش، پىچىش، لايىھىلەش ۋە رەشلىيە ئىش-
لەش بويىچە ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈردى...
شۇنداق، ئۇنىڭ جاي ـ جايلاردا يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى، ئىز باسارلىرى
بار. ئۇنىڭدا تەربىيىلەنگەن بىرمۇ بالا جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئىشسىز قالمى-
دى، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا دۇكان ئاچتى، بەزىلىرى تەربىيىلەش، شاگىرت يېتىشتۈ-
رۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، 100 لەپ كىشىنىڭ ئاغزىنى ئاشقا تەگكۈزدى. قىسقى-
سى، ئۇنىڭ خىزمەت ۋە ئەجرى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى
قامدىدى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىش ۋە تاشقى سالاپىتىنى يارىتىش
ئۈچۈن ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى

ياراتتى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

نۇرغۇن كىشىلەر ئابدۇقېييۇم تۇرسۇنغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن مول تۆھپە قوشتى، يەنە ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىدىقش يولى تېپىش، ھايات ئىزلىرىنى يورۇتۇشقا ئاجايىپ ھىممەت ۋە سېخىيلىق تەقدىم قىلدى، بۇنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كىشىلىك قەدىر- قىممەتكە ئېرىشكەن ئۇنىڭ ھەربىر ئوقۇغۇچىسى بىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەسىرى، تەربىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ نامايان قىلىنىشى بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن تۆھپە ياراتتى. بۇ تېگى - تېگىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ھىممىتىدىن بولغان، ئۇنىڭ سەۋر - تاقەت بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ئەجىر قىلغانلىقىدىن، خالىس ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىدىن كەلگەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ كەسپىي قىزغىنلىقى، كەسپىي پاراستىدىن باشقا، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، ئەدەپ - ئەخلاق قاتارلىق كىشىلىك ئوبرازىدىنمۇ تەسىرلىنىدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى يورۇتتى، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىلىم - ھۈنەر سالدى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى ۋە تالانتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلاردىكى ھاياتىي كۈچنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى ۋە يارقىن تۈسكە كىرگۈزدى، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى تېپىشنى ۋە ئېچىشنى بىلىدىغان ھالغا كەلتۈردى. بۇ يىللار ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ئۇ بۇ يىللاردا بىر كۈنمۇ ئارام ئالغىنى يوق، بىر كۈنمۇ ئۆزىنىڭ خائىشى بويىچە ئىش قىلىپ باققىنى يوق، بىر كۈنمۇ ئۆزىنىڭ خاس شەخسىيىتى ئۈچۈن قۇربان بەرگىنى يوق. ئۇ ھەمىشە تىرىشتى، ھەربىر تىرىشچانلىقىنىڭ ھالقىسىدا ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئەجىر قىلىش بەدىلى مەۋجۇت. ئەمما ئۇ، بۇلار ئۈچۈن ھېچقاچان پۇشايمان يېمىدى، بۇلار ئۈچۈن ئازاب تارتىسمۇ كۆڭلى يېرىم بولمىدى، ۋايساپ باقمىدى؛ بىراق، ئاشۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا بەك قىسقىدەك تۇيۇلىدۇ، مانا ئەمدى ھاياتىكى ئىزلىرى، تۆھپە- نەتىجە ئارخىپلىرىنى ئاختۇرسا ۋە ھەربىر بالىنى كۆرسە، ھەربىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسكە ئالسا، شۇنچە كۆپ باللار ۋە شۇنچە كۆپ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ھەركۈنى جىددىي ئۆتكەن ھايات، تۇرمۇش تۈپەيلىدىن، ئۆتكەن ھەربىر دەقىقە شۇنداق قىسقا، شۇنداق يېقىن بولۇپ تۇيۇلغان. ئۇ بەزىدە بۇنىڭ ئۆزى ئۇ-

چۈن تولىمۇ بەختلىك كۈنلەر بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئىختىيارسىز ھاياجان قايناملىرىغا غەرق بولىدۇ. ئەمما ئۇ، ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئارام ئالسىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى كۆنۈپ قالغان تۇرمۇشمۇ بۇنىڭغا يول قويىدىغاندەك قىلمايتتى. مانا ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىدە پىشتى، يېتىلدى، ئۇ بۇ كەسىپنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولىمۇ پۇختا ۋە ئەستايىدىل بىلدى...

ئۇ ئۆزى نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى بەك ئاددىي: «ئىشلەيمەن، داۋاملىق بۇ ئىشنى قىلىپ، باشقىلارنى ھۈنەرۋەن - كاسىپ قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم». بۇ بەك ئاددىي جاۋاب. بىراق، ئۇنىڭ قەلبىدە نى ئارمان، ئۇلۇغ تۇيغۇ، يېڭىلمەس پاراسەتنىڭ كۈچى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ كېلەچىكى، مانا بۇ ئۇنىڭ بەخت يولى، مانا بۇ ئۇنىڭ قايچىسىدىن جاراڭلايدىغان يېقىملىق ناخشا!

ئەمما، مەن ئۇنىڭ مۇنداق بىر ناخشىنىمۇ ئېيتىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: ھەرقانداق نەرسە تەرەققىي قىلىدۇ، تەرەققىي قىلالمىسا، مەغلۇپ بولۇش ئېھتىماللىقى يىراقتىكى ئىش ئەمەس. شۇڭا، ئابدۇقېيۇم تۇرسۇن كىيىم - كېچەك لايىھىلەش، تىكىش، تەربىيىلەش، سېتىش بىر گەۋدىلەنگەن كارخانا قۇرۇپ، زامانىۋى پەن - تېخنىكا، يۈرۈشلەشكەن ئۇسكۈنە - ئەسلىھەلەر ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرگە يەنىمۇ پارلاق يول ئېچىشى كېرەكمۇ - قانداق؟!

2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قەشقەر








ئابدۇقېيۇم تۇرسۇننىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998—2614237, 13899168137

www.uyghurkitap.com



















# ئۆزىنى چۈشىنىش

ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر بەك كۆپ. ئەمما، ئۇلار دۆت ـ كالۋالاردىن ئەمەس. قارىسىڭىز ئۇلاردا ھەقىقەتەن سۆلەت ـ سالاپەت بار، گەپ ـ سۆزى جايىدا ئادەملەر. بىراق، ئۇنداقلارنىڭ كۆپى ئۆزىنى چۈشىنىشتىن كۆرە، باشقىلارنى چۈشەندۈرۈشكە ئامراق كېلىدۇ.

ئۆزىنى چۈشىنىش بىلەن باشقىلارنى چۈشەندۈرۈش باشقا ـ باشقا ئىككى ئىش : ئۆزىنى چۈشىنىش ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى دەلىللەش ۋە بىلىشكە ماھىر بولۇشنى، باشقىلارنى چۈشەندۈرۈش كىملەرنىڭدۇر ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ھامان باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن كۆرە يېتەرسىزلىكىنى سۆزلەشكە بەك ئامراق. بۇنداق ئادەملەر غەيۋەتچى، قۇسۇرچى، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان راھەتپەرەس كېلىدۇ، ھاياتقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، گىدىيىۋالىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشەنسە، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭمۇ بىر خىل ئەيىبلىك ئىش ۋە ئۆزىدىكى ئېغىر روھىي كېسەللىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولىدۇ.

ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنى تولۇق، توغرا چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ باشقىلارنى چۈشەندۈرۈشى چەك باسمايدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، سىز غەلىبە قىلغۇچى بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئۆزىڭىزنى چۈشەندۈرۈشىڭىز تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ؛ مۇبادا سىز مەغلۇپ بولغۇچى بولسىڭىز، سىزنى چۈشەندۈرگۈچىلەر كۆپ، چۈشەندۈرۈش كۆپ خىل، ھەتتا چەكسىز بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆزىڭىزنى ئاقلاشقا پۇرسەت، ئىمكان بولماي قالىدۇ. ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە باشقىلارنى توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چۈشەندۈرۈشمۇ بىر خىل پاراسەت ۋە سەمىمىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ۋە باشقىلارنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشى قىيىن. ئۇنداق ئادەم ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى مەڭگۈ يارىتالمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ مەغلۇپ بولغۇچى ۋە يېتىم قالغۇچى. شۇڭا، ئادەم ئۆزىنى چۈشەنگەندىلا ئۇتۇق قازىنىش يوللىرىنى ئاچالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بازاردىكى چۇش

## مۇقەددىمە

سىز مۇنداق بىر ئېلانغا قىزىقامسىز ؟

1 ـ كۆرۈنۈش : سەنئەت فىلىمىدىكى مەشرەپ مۇزىكىسى باشلىنىدۇ، يەنى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «مارالبېشىدا مەشرەپ » فىلىمىنىڭ باشلانما مۇزىكىسى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ.

2 ـ كۆرۈنۈش : ئاتاغلىق ناخشىچى ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ « مەشرەپ، بىباھا مەشرەپ... » دېگەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

3 ـ كۆرۈنۈش : مەشرەپ مۇزىكىسى ساداسى تەدرىجىي پەسىيىشكە باشلايدۇ.

4 ـ كۆرۈنۈش : پەسىيگەن مەشرەپ مۇزىكىسىغا بىرلەشتۈرۈپ، دىكتور مۇنۇ تېكىستلەرنى دانە ـ دانە قىلىپ ئوقۇيدۇ :

بىپايان توغراقزار، ساپ ـ گۈزەل مۇھىت،
ياراتتى قوينىدا يېشىل يىمەكلىك؛
دوستلارغا سوۋغات ئۇ ، سەپەردە ھەمراھ،
لەززەتتى مېھماننى قىلۇر ئىززەتلىك!

5 ـ كۆرۈنۈش : مەشرەپ مۇزىكىسى ئارقا تەرەپتىن يېنىك ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، دىكتور يۇقىرىقى مەزمۇنغا ئۇلاپ، مۇنۇلارنى تېز ـ تېز ئوقۇيدۇ : ناسىر كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھازىرقى زامان ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقارغان يەرلىك مەھسۇلات ـــ مارالبېشى باچكا كاۋىپى، مارالبېشى پاقلان گۆشى تونۇر كاۋىپى،

مارالبېشى بېلىق گۆشى كاۋىپى، مارالبېشى تۇخۇ ـ ئۆردەك كاۋىپى ئۆزگىچە يەرلىك پۇراقتا، تەبىئىي تەمگە ئىگە بولۇپ، سىزگە سەپەردە ھەمراھ، ئائىلىدە ياردەمچى، دوستلىرىڭىزغا ئېسىل سوۋغات، ئۆزۈقلىنىشىڭىزغا كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەسى بولالايدۇ.

بۇ مەھسۇلاتلار ھەرقايسى جايلاردىكى تاللا بازارلىرى ۋە توپ ـ پارچە سېتىش ئورۇنلىرىدا سېتىلىدۇ.

زاۋۇت ئورنى: مارالبېشى ناھىيە بازىرى ناسىر كەسپىي چەكلىك مەسئۇلى- يەت شىركىتى.

ئالاقىلەشكۈچى: ناسىر ئابدۇرېھىم.

دوستۇم، سىز بۇ ئېلاننى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ رادىئو ياكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى- نىڭ ئېلان ـ سەنئەت پروگراممىلىرىدا ئاڭلىتىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ بىراق، بۇ سوئالغا سىزمۇ، مەنمۇ جاۋاب بېرەلمەيمىز، جاۋاب بەرسەكمۇ ئىجابىي جاۋاب بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. راستىنى دېسەك، بىز بۇنداق ئېلاننى ئاڭلىغانمۇ، كۆرگەنمۇ ئەمەس. دېمەك، بۇ ئېلان يېزىلغىنى بىلەن ئېلان قىلىنمىغان، بار بولغىنى بىلەن جەمئىيەتكە ئاشكارىلانمىغان... بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ بۇنىڭغا ھەر خىل جاۋابلارنى بېرىش مۇمكىن. مەسىلەن، پۇلغا چىدىماي ئېلان بەرمىگەن؛ مەھسۇلاتى كۆپ بولمىغاچقا، ئېلان بەرمىگەن؛ مەھسۇلاتى داڭلىق بولۇپ، ئېلان بەرمىسىمۇ، بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، ئېلان بەرمىگەن؛ مەھسۇلاتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشتىن ئۆ- زىنى قاچۇرۇپ، ئېلان بەرمىگەن... بۇنىڭدىن باشقا جاۋابلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇلاردىن بىرسىنىڭمۇ راست چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر سىر. بىز دەل مۇشۇ سىرنى بىلىش، يېشىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىپ باقساقلا، خىيالدىن خالىي بولغان ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشىپ قېلىشقا كۆزىمىز يېتىدۇ.

## بازغان ساداسى

كونىلاردا «بازغان چۈشكىچە كۆتەككە ئارام» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھالبۇ- كى، كىچىك ناسىر ئابدۇرېھىم بازغانغا خوجا بولغان يىللاردا ئۆزگىمۇ، بازغانغىمۇ،

كۆتەككىمۇ ئاراملىق بولمىدى.

ئۇ شۇ چاغدا ئاران 15 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولۇشى بىلەن بىر چاغدا تېنى ئاجىز، جۇغى كىچىك ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭ، ئۇچىلا-نى بار، چېچەن ـ چاققان بالا ئىدى. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، غۇربەتچىلىك ئۇ-نىڭ گەجگىسىدىن ھەرتەرەپلىمە قىسىپ تۇراتتى، ئۇ ئاشۇ يىللاردا ئاشۇنداق بېسىم-بىئىلاجلىق قوينىغا غەرق بولمىغان بولسا، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاددىي بىر بازغانچى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى جەمئىيەت ئەربابى، ئىلىم ـ پەن پەرۋانىسى بولۇپ يېتىشىپ، ھاياتقا، كېلەچەككە پارلاق يول ئاچقانمۇ بولار ئىدى! شۇڭا ئۇ، بازغانچى بولۇپ قالغانلىقىغا بەكمۇ پۇشۇقۇناتتى، ھەسرەت چېكەتتى، دادلايتتى ۋە ئېغىر بېسىملاردىن قۇتۇلۇشنى، تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. ئەمما ئۇ دادىسىنى، ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىنى ۋە ئاچچىق قىسمىتىنى ئويلىسا، ئۆزىنى بېسى-ۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييار ئىدى، شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆتكەن ئىشلار بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتەتتى:

دادىسى ياۋاش، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، ئۇ «كونا» جەمئىيەتتىن قالغان ئادەم بولسىمۇ، ياش ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا بىلىم نۇرۇقىنى سېلىش بىلەن شۆھرەت تاپقان ئۇستازلاردىن ئىدى؛ شۇنداقلا ئۇ سەۋر ـ تاقەتلىك، جىگەرلىك، يىراقنى كۆرە-لەيدىغان پەزىلەتكە ئىگە كىشى ئىدى. بىراق، ھاياتنىڭ پېشكەللىكى ئۇنىڭ كىشى-لىك تۇرمۇشىغا ئوخشاش بولمىغان دىشۋارچىلىقلارنى سالدى: بۇنداق بولۇشتا ئۇ، 1917 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان ۋە كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا دىنىي مەكتەپتە ئو-قۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان، 1934ـ يىلىدىن باشلاپلا ئۆز مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى-لىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، ھالبۇكى 1966 ـ يىلىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىغا كىشەن سېلىپ، ئۇنى «كونا جەمئىيەت-نىڭ داشقىلى، سېسىق زىيالىي» دەپ تارتىپ چىقىرىپ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى-نى كىيدۈرۈپ، پېيەن ـ كۆرەشكە تارتىشتى. بۇ ئېغىر ئەلەم ئۇنىڭ يۈرىكىنى زەرداپ قىلدى، ئائىلىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنى يوققا چىقاردى؛ ھەتتا ئۇ تەربىيەلەپ ئوقۇتقان كىشىلەرنىمۇ بىسەرەمجانلىققا دۇچار قىلدى، بىراق بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارا تۇرالمىدى، ئاخىر ئۇنى ئائىلىسى بىلەن كۆچۈرۈپ، شامال يېزا 2 ـ كەنت 1 ـ مەھەللىگە ھەي-

دىۋەتتى، پۈتۈن بىر ئائىلە ۋەيرانچىلىق پاتقىقىغا كىرىپ قالدى. سەۋر ـ تاقەتلىك ئابدۇرېھىم ئاكا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھەممە دىشۋارچىلىققا چىدىدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى ھەرقېتىم كۆرگەندە، باغرى خۇن بولۇپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ پەرزەنتلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، ئۇلارنىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار تۇراتتى، بىراق ئۇلارنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك قىلىشتا، ئوقۇتۇش شارائىتى بولمىغانلىقى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ بىرەر مەكتەپتە ئوقۇشىغا رۇخسەت ئېلىشمۇ تەس بولغاچقا، ئېتىزنىڭ ئىشىغا سېلىشقا توغرا كېلەتتى، ناسىر ئابدۇرېھىم باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتكۈزۈپ تۇرۇشىغا، مەھەللە باشلىقى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە چاقىرىپ كىردى، بۇنى كۆرگەن ئابدۇرېھىم سادىقنىڭ ئوغىسى تازا قايىندى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى. ناسىر ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇغۇسى بولسىمۇ، ئۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمايدىغاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا « گۇمىنداڭ داشقىلىنىڭ كۈچۈكى » دېگەن بەتناممۇ چاپلىنىپ بولدى، ھەتتا نەگە بارسا كۈرەش ـ پەيەنلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم سادىق ئۇنى ئېتىزنىڭ ئېغىر ئىشىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ غېمىگە چۈشتى. بىر كۈنى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ :

— ئوغلۇم، ھەممە ئىش تەس بولۇپ كەتتى، كونىلاردا : «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق » دېگەن ھېكمەت بار، بىزمۇ شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، سەن ئوقۇيمەن، بىز ئوقۇتىمىز دېسەك، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويىمىز. ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلايلى، سېنى تۆمۈرچىلىككە شاگىرت بېرەيمىكىن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى، بۇنداق قىلساق، توسالغۇ كۆپ ئەمەس، بۇنىڭغا يول بار، ئېتىزنىڭ ئەمگىكىدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن ھەم ھۈنەر ئۆگىنىپ قالىسەن، ھۈنەرلىك ئەر يەردە قالمايدۇ... — دېدى.

ناسىر ئابدۇرېھىم ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە نى ـ نى ئارمان ـ پىلانلار ئوقچۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇنى كۈتمىگەن بىر ئىش ھەسرەت قوينىغا ئالغانىدى. دادىسى ئۇنىڭ ئىككىلىنىشلىرىنى بىلىپ تەسەللى بەردى :

— بۇمۇ ئوبدان ئىش، بىز ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭمىسەك بولمايدۇ، بالام ! سەن بىر ئوغۇل بالا، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقساڭ بولمايـ

www.uyghurkitap.com

دۇ، ئېگىلمەي ـ سۇنماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭ، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيسەن. ھالال ئىشلەپ، ھالال مېھنەت قىلساڭ، بەخت ھامان ساڭا يار بولىدۇ، ھەرگىز مەيۇسلەنمە!

ئۇ دادىسىنىڭ نازۇك ھېسسىياتى ۋە قەلبىدىكى چوڭقۇر كۆيۈمىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، تەسسەۋۋۇرى بويىچە ئۇنى دەمال قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى، ئۇ تۆمۈرچى بولۇشنى دەمال قوبۇل قىلىپ، ئاكىسى ئابلاجانغا شاگىرت بولۇپ، باشقىلارنى بىر قەدەر خاتىرجەم قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەم كۆرەكچى ، ھەم بازغانچى بولدى. ئۇنىڭ سەھەردىكى قۇياشتەك باللىقى ۋە ئالتۇندەك جۇلالىق ياشلىقى كۆرەك چۆرۈش، بازغان ئۇرۇش بىلەن ئۆتتى، كۆرەك بىلەن بازغاننىڭ ساداسى ئۇنىڭ مۇڭ ـ ئەلەملىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، كىشىلىك ھاياتىغا مەنە قوشۇشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولدى؛ ئاي ، يىللار ئۆتتى. ئۇنىڭ ھۈنەردە كۆزى پىشتى، قولى يۇمشاپ، مۇستەقىل ھۈنەر قىلىشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى.

1980 ـ يىللىرى باھار ئىللىق كەلگەن يىللار بولدى، سىياسەتتىكى يېڭىلىنىش دەۋر ئېقىمىنى يېڭىلىققا يۈزلەندۈردى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى قاتماللىقنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ، ھەرىكەت ۋە پائالىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى تېخىمۇ ئىجابىي تۈسكە كىرگۈزدى. «سول» چىللىق ئېقىمى پەيدا قىلغان ئاسارەتلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ يوقىلىشقا باشلىدى، كىشىلەر ئازادىلىك تۇيغۇلىرى ئاستىدا ھاياتنىڭ گۈللىنىدىغان پۇرسەتلىرىگە ئېرىشتى. بۇنداق پۇرسەت ناسىر ئابدۇرېھىمگىمۇ چوڭ غەنىيمەت ئاتا قىلدى. شۇ چاغدا ئۇ دۇكان ئايرىپ مۇستەقىل ئىش قىلىشقا كىرىشتى ۋە شۇ يىلى 3 ـ ئايدا مارالبېشى ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە كىرىپ ئىشچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بولدى، تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى تېخىمۇ پىششىق پۇختىلاپ، كەسپىي ماھارەتتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى، تۆت يىلدىن كېيىن ئۇ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش يولىغا قەدەم قويدى. بۇ چاغدا جايلاردا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قىسمەن يولغا قويۇلدى، ئۇ مانا مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىش ئورنىدىن ئاجراپ چىقىپ، يېڭىچە يولدا مېڭىشنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ قايسى ئىشنى قىلسا بولار ؟...

# ھۆنەرنىڭ ياخشىسى

« ھۆنەرنىڭ ئوبدىنى چويلىچىلىق » دېگەندەك ، ناسىر ئابدۇرېھىم قانداق پۇل تېپىش، نېمە ئىش قىلىش توغرۇلۇق بەك چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ كەتمىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن ئىزدىدى، شۇ چاغدا يەرلەر دېھقانلارغا قەدەر بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىلىپ، يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقى بىردىنلا ئەۋجىگە چىقتى، ئۇلار بۇنداق ئىشلەگەنىنىڭ پايدىسىنى كۆردى، كۆپ سانلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى، ئۇلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، كۆزى ئېچىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاسانلاشتۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇشقا يۈزلىنىشكە باشلىدى. بىر قىسىم دېھقانلار كىچىك قول تراكتورى سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىش دولقۇنى قوزغالدى، ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندە، بۇنداق ئائىلىلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى ۋە زاپچاس، چاتما سايمان سەپلىمە قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولدى. بۇ مۇشۇ ساھەدىكى تىجارەت قىلسا بولىدىغان بوشلۇق بولۇپ شەكىللەندى، بۇ ھەم پۇل تېپىشنىڭ ئوبدانلا يولى ئىدى، ناسىر ئابدۇرېھىمنىڭ سەزگۈر كاللىسى دەل مانا مۇشۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىپ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمان ، زاپچاسلىرىنى سېتىش، رېمونت قىلىش، ياساش تىجارىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ ناھىيە بازىرىدا بىر تىجارەت دۇكىنى ئېچىپ، كىچىك تىپتىكى ساپان، كوزۇپ، سېيالكا، كەتمەن قاتارلىقلارنى ياساپ ساتتى، تراكتور قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. دەسلەپتە ئۇ، ئاران 300 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۆت ئادەم بىلەن ئىش باشلىدى. ئۇ ئاچقان دۇكاننى ناھايىتى ياخشى باشقۇردى ۋە مۇلازىمەتنى ئەتراپلىق قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى؛ بۇ جەرياندا ئۇ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا- سايمانلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش ۋە سۇۋاركىچىلىق مۇلازىمەتلىرىنى جانلىق يۈرۈشتۈردى؛ شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئالىيۇمىن قازان قۇيۇش، كارىۋات، پارتا - ئورۇندۇق ياساش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلدى؛ كېيىنكى يىللاردا

www.uyghurkitap.com

ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆي بېزەشكە بېرىلىپ كېتىشىنەك قىزغىنلىد-
قىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر دېرىزە، تۆمۈر رىشاتكا، تۆ-
مۈر- ئالیۇمىندىن ياسىلىدىغان جازىلارنى ياساشنى كۆلەملەشتۈردى. 1994 - يى-
لىغا كەلگەندە، ئۇ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ئۆز رايونىدىلا ئەمەس، قەشقەر شە-
ھىرى، ئاقسۇ، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىمۇ بازار تېپىپ، شۆھرەت قازىنىشقا باشلى-
دى. بۇ ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ بازارغا ئىگە قىلىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى 300 كۋادرات مېتىر دۇكان ئورنىنى 1000 كۋادرات
مېتىرغا كېڭەيتتى: ئادەمنى تۆتتىن 15 كە، مەھسۇلات سانىنى ئالتىدىن 12 گە يەت-
كۈزدى، دەسمى ۋە ئەسلىھە ئۈچۈن يەنە 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئۇ كېچىنى
كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلىدى، ئىشنىڭ كۆپلۈكى ۋە سىجىللىقىدىن باش قاش-
لىغىلىمۇ پۇرسەت چىقماي قالدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، ئىش قوبۇل
قىلاتتى، قوبۇل قىلغان ئىشلاردىن پۈتكەنلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ پۇلىنى ئالاتتى
ۋە قېپقالغان پۇللارنى سۈيلەيتتى ، ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئەسلىھە، ماتېرد-
ياللارنى سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىدىكى سۈپەت، تېخنىكا ئۆتكىلىنى
نازارەت قىلىش، يېتەكلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەند بولاتتى؛ مۇشۇ جەرياندا ئۇ
يەنە ئىش دائىرىسىنى دېھقانچىلىق ئۇل - ئەسلىھەلىرى تۈرلىرىگە قەدەر كېڭەيتتى،
تومۇ - تاقاق، ئۆلچەش جازىسى، كەلكۈن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
پولات- چۆيۈنلۇق سېۋەت، تور قاتارلىقلارنى ياسىدى؛ 1999 - يىلىدىن باشلاپ
چوڭ ماي قاچىلاش تۇڭى قاتارلىق تېخنىكا تەلىپى ، سۈپەت ئۆلچىمى يۇقىرى بول-
غان نازۇك ئىشلارنىمۇ كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلىدى، ئۇ بىر قانچە يىلدىلا سۇ قۇرۇلۇشى
ئەسلىھەلىرىنى ياساشتىن 150 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەردىن 380 مىڭ يۈەن كىرىم
قىلىپ، ساپ پايدىسىنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى.

*　　　*　　　*

ھەممىگە مەلۇمكى، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى نۇرغۇن نەرسىلەر-
نىڭ يولىنى، ھەرىكەت ھالىتىنى، ئىستېمالىنى ۋە ئېھتىياجىنى ئۆزگەرتىپ، كىشى-
لەردىن شۇنىڭغا يارىشا ئىش تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالەت بارلىققا كېلىدۇ. دې-

گەندەك، يېڭى ئەسىرنىڭ قىستاپ كېلىشى نەتىجىسىدە، زامان تەرەققىيات ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېڭىلاپ، تەسەۋۋۇرغا
سىغمايدىغان نەرسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەممىلا
قاتلىمىدا مۇناسىپ ئۆزگىچىلىك ۋە ئېھتىياجنى پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر-
قايسى تەرەپلەردە مەنپەئەتنى مەركەز قىلغان زىددىيەت ۋە زىددىيەتتىن ھاسىل بول-
غان رىقابەت مەيدانغا كېلىپ، باشقا شەكىلدىكى مونوپوللۇق زەنجىرى جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ئۆزىرىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا سىياسەت ئار-
قىلىق چەكلەپ تۇرىدىغان مەنپەئەت ئېلىش مەنبەلىرى ئېچىلدى، بۇنداق مەنبە
خاسلىقتا ۋە قاراتمىلىقتا ئىگە بولغاچقا، ئېرىشكۈچىلەر مەنپەئەتدار بولىدىغان، باش-
قىلار دەمال ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا بارالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. بۇ خىل
مېخانىزم چوڭ كاپىتالنىڭ كىچىك كاپىتالنى يۇتۇۋېلىشى، چوڭ گۇرۇھلارنىڭ كى-
چىك كارخانا ـ تەشكىلاتلارنى يۇتۇۋېلىشى، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
ۋە بۇيۇملىرىنىڭ سانائەتلەشتۈرۈلۈشى، بازارلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا
كەلگەنلىكتىن، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان كىچىك كۆ-
لەملىك ئىگىلىك خوجايىنلىرىنى چېكىنىش گىرۋەكلىرىگە قىستاپ قويدى. كىچىك
كارخانا ـ تەشكىلاتلار ئۈچۈن مەبلەغ سېلىپ سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن مەھسۇلات-
لىرىنى كەڭ بازار ئومۇميلىقىغا ئىگە قىلىش، زورايتىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قال-
دى، شۇنداق قىلماسلىق چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ بازار ئى-
گىلىكى قانۇنىيىتى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئىسپاتلاپ قويدى.
شۇنى بىلىش زۆرۈركى، سانائەتلىشىش مەبلەغ سېلىشنى، تېخنىكا يېڭىلاشنى، كەڭ
بازار ئېچىشنى، بازار رىقابىتىدە ئۇتۇپ چىقىشنى ئېھتىياج قىلىدۇ، ئۇ يەنە سىياسەت-
نىڭ قوغدىشىنى ئېھتىياج قىلىدۇ؛ ئۇ ئىپتىدائىي، قالاق، ئۇنۇمسىز، ئەنئەنىۋى، قو-
پال مەھسۇلاتلارنى شاللاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئازايتىۋېتى-
دۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم ئۆز كەسپىي ھاياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا چوقۇم زامان
نېمە دەيدۇ، ئادەملەرچۇ؟ زامان نېمىنى ئېھتىياج قىلىدۇ، ئادەملەرچۇ؟ زامان نېمىنى
شاللايدۇ، ئادەملەر نېمىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ دېگەنلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەس-
لىكى كېرەك. بۇنداق سادا ھەر كىمنىڭ قەلب ئېكرانىدا زاھىر بولۇپ تۇرمىسا بول-
مايدىغان سادا بولۇپ، كىم ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتسە، شۇنى بىخۇدلۇق قوينىغا

ئالىدۇ؛ كونا يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كونا يول ـ ماھىيەت
جەھەتتىن ئالغاندا يېڭىلىنىشنى، كېڭىيىشنى، ياخشىلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ كې-
شىلەرنى قانداق قىلىش لازىملىقى ھەققىدىكى پىكىر بىرلىكىدە ئويغىنالىدۇ. كىشى
دەل مۇشۇ تەقەززالىقنى قاندۇرۇشى، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، زۆرۈرىيەتنى ئىمكانى-
يەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىش رېئاللىققا ئايلانمىسا، تەبىئىيكى قىلىۋاتقان ئىش
نەتىجىلىك بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك ؟

ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى سانائەتلەشتۈرۈش، مەھسۇلاتلىرىنى سۈپەت ، چىدام
قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشىلاش، ھالقىش شەكلىدىكى ئومۇمىيلىقنى يارىتىش كې-
رەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭغا زور بىر تۈركۈم مەبلەغ كېتەتتى،
تېخنىكا كۈچى، بازار ئېچىش كۈچى زۆرۈر بولاتتى... ناسىر ئابدۇرېھىم بۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇرغۇن بەدەل تۆلىدى. ئۇ تىرىكچىلىك يولىدا ئۆزىگە نان بەرگەن كەسىپ-
نىڭ جاپاسى ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ھەر ۋاقىت چىقىش يول-
نى ئېچىشنىڭ غېمىدە بولدى.

## بازاردىكى بارگاھ

XXI ئەسىر بازار ئەسىرى بولىدىغاندەك قىلاتتى، ھەممە نەرسە بازارغا كىرىپ
بولدى، راست بىلەن ساختا مەھسۇلات ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى. بىراق، ھەر-
بىر مەھسۇلاتنىڭ سېتىشقا ئىجازەت قىلىش رۇخستى ۋە مۇناسىپ خېرىدارى بو-
لۇشمۇ ئىشقا ئاشتى... بازاردىكى ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ قانداق بولۇشى كىشىلەر-
نىڭ قانداق ئادەم ، قانداق تۇرمۇش ئىچىدە بولۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئۇلارنى
جاسارەت ۋە پاراسىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلدى. بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە ئەگەشكەن ھالدا بىر قىسىم يېزا بازارلىرىنىڭ
سودا ـ سېتىق بازىرى نۆۋەتتىكى سودا ـ سېتىق ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى.
يەرلىكنىڭ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بازارغا مەبلەغ سېلىپ ئې-
چىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى تولۇق يار بەرمىگەنلىكتىن، شەخسلەرنىڭ
مەبلەغ سېلىشىغا يول قويۇلدى. بۇ پۇرسەت بازاردىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ناسىر
ئابدۇرېھىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بازار قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالسا ھەم ئۆزىنىڭ

تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىدىن پايدىلىناتتى، ھەم بازاردىن ئۇزاق مۇددەت ئىجارە يىغىش يولى بىلەن كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ 2001 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقان ئاۋات بازىرىغا تەۋە سودا - سېتىق بازىرىنى ھۆددىگە ئېلىش رىقابىتىگە قاتناشتى. ئۇ بۇ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىپ، بازارنىڭ 50 يىللىق پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ بازارنىڭ كۆلىمى چوڭ، سودىسى جانلىق بولسىمۇ، ئەسلىھەلىرى كونا ھەم ناچار ئىدى. ھەر چارشەنبە كۈنىدە بولىدىغان بازارغا مارالبېشى، مەكىت، يەكەن، يوپۇرغا، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 15 مىڭدىن 20 مىڭغىچە ئادەم كېلىپ سودا - تىجارەت قىلاتتى، مانا بۇ مۇشۇ بازاردىكى چوڭ كوزىر بولۇپ، ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاپ، بازار تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرغاندا زور مىقداردا ئىجارە پۇلى يىغىۋالغىلى بولاتتى. ناسىر ئابدۇرېھىم ناھىيىلىك بازار ئېچىش شىركىتى ۋە ئاۋات بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق بازارنى قايتا قۇرۇشنىڭ پىلان - لايىھەلىرىنى تۈزۈپ، زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سالدى، ئىلگىرى - كېيىن 15 مىڭ كۋادرات مېتىر ئورۇننىڭ ئۈستىنى تۆمۈر قۇرۇلما، ئاستىنى تاش سۇپا قىلىپ ياساپ، بازاردىكى توپا - تۇماننى تولۇق يوقاتتى. سۇ ، توكنى راۋانلاشتۇردى، ئوتتىن ساقلىنىش ۋە باشقا تۈردىكى قوغدىنىش ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، زامانىۋى بازار بەرپا قىلىشتا باشلامچى بولدى؛ بۇ قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بازار قىياپىتىنى ياخشىلىدى.

ناسىر ئابدۇرېھىمنى نۇرغۇن كىشىلەر تىنىم تاپماس كىشى دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىسى راست، ئۇ شۇنچە يىل داۋامىدا قايسى ئىش ئۇدۇل كېلىپ قالسا شۇ ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمىدى، ئەمما ئۇنى جاپا بىلەن مۇشەققەت بىر كۈنمۇ ئارامىدا قويمىدى... 2003 - يىلى ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۆزى قاراشلىق بولغان مارالبېشى بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇس قىلىپ قوللىشى ئارقىسىدا، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، مارالبېشى - يەكەن تاشيولى بويىغا يېڭىدىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇشقا ئىش باشلىدى، بۇمۇ چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، زور كۈچ ۋە مەبلەغ تەلەپ قىلاتتى، ئۇ بازار قۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك بازار ئېچىش مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن توختاملىشىپ، بازارنى ئۇنىۋېرسال لايىھەلەپ، ئەتراپلىق پىلانلاپ،

36 مو يەرگە 888 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىجارە ئۆي، 3600 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە تۆمۈر قۇرۇلمىلىق لاپاس ياسىدى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ھالبۇكى، مۇناسىپ سىياسەت چۈشمەسلىك، بازارنى كۆچۈرۈش خىزمىتى قانات يايماسلىق تۈپەيلىدىن، ھازىر بۇ بازار قىممىتىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى، ئۇ شورلۇقتىكى بارىگاھ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ناسىر ئابدۇرېھىمنى ئېغىر خىرىسقا دۇچار قىلىۋاتىدۇ.

## پەرۋاز قىلىش روھىدا

ناسىر ئابدۇرېھىم سەممىيەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئۆزۈلدۈرمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. 2002 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇنىڭ تىجارەت يۆنىلىشىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولدى، ناھىيە، بازاردىكى رەھبەرلەر شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئۇنى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىشتى، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئېتىبار بېرىش تەشەببۇسلىرىنىڭ ھەقىقەتەن پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ ئىدى. ناسىر ئابدۇرېھىم راستىنلا قىزىقىپ قالدى، ئۇ ئەتراپىغا قارىۋىدى، بۇ ئىشنىڭمۇ راستىنلا پايدىسى باردەك قىلدى، ئۆزىمۇ بۇ جەھەتتە مەلۇم تەجرىبە ۋە شارائىت ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغان ئانار كۆل يېزىسىنىڭ 1 ـ كەنتى تەۋەسىدىن 45 مو يەرنىڭ 50 يىللىق پايدىلىنىش ھوقوقىنى سېتىۋېلىپ، 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يۇرۇشلەشكەن، زامانىۋى قوتان سېلىپ باقمىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 2002 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيە بىلەن يېزا ئۇنىڭغا گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بازارغا سېلىش تەكلىپىنى بەردى ۋە كۈچلۈك يۆلەشكە ۋەدە بەردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىمۇ ئىشقا كىرىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلىنى ئۈرۈمچىدىكى گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئورنىغا ئەۋەتتى ۋە كۆپ مىقداردا پۇل سەرپ قىلىش بەدىلىگە ئوغلىنى ئىقتىدارلىق كەسىپ ئەھلى قىلىپ يېتىشتۈردى. ناسىر ئابدۇرېھىم 834 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ كىچىك تىپتىكى گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش

زاۋۇتى سېتىۋالدى ۋە زاۋۇت ئۆيلىرى، ئىشخانا ئەسلىھەلىرى، قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تەييار قىلدى ۋە شۇ يىلى 12 ـ ئايدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىدىغان يەرلىك قوي، بېلىق، كالا، توخۇ، توشقان، كۆك كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىدىن بىر قاتار سۈپەتلىك سۈرلىمە كاۋاپ، پىشىقلاپ تەييار قىلىنغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تەمى ئۆزگىچە يەرلىك پۇراققا ئىگە، ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ ئىستېمال قىلىشقا ۋە يىراق ـ يېقىنغا ئېلىپ بېرىپ ئىستېمال قىلىشقا ئەپلىك بولغانلىقتىن، مارالبېشى ناھىيىسىدە تېزلا بازار تاپتى ۋە نام ـ شۆھرەت قازاندى. 2003 ـ يىلى ئۇ رەسمىي ھالدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى بۇ كارخانىنى «مارالبېشى ناسىر كەسپىي چەكلىك شىركىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئىشلەپچىقارغان ھەربىر مەھسۇلات ئالاھىدە مەھسۇلات بولغانلىقتىن، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى كوزىر مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ، ھەر قېتىمقى يەرمەنكە، باھالاش، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش پائالىيەتلىرىدە ئالدىن تونۇشتۇرۇلىدىغان تىپ بولۇپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئۈرۈمچى سودا كېڭىشىش يىغىنى، قەشقەر ـ غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد چەمبىرىكى يىغىنى ۋە سودا كېڭىشىش پائالىيىتى قاتارلىق سورۇنلاردا ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققەت نەزىرى چۈشكەن ۋە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ تەشۋىقات ئوبيېكتى بولغان مەھسۇلات بولۇپ شەكىللەندى. قەشقەر ـ غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا سودا يەرمەنكىسىدە پاكىستان، تاجىكىستان سودىگەرلىرى ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، ئۆز دۆلەتلىرىگە كىرگۈزۈش بويىچە مۇددىئانامە ئىمزالىغان بولسىمۇ، مەبلەغ قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئىش خىيالىي چۈش بولۇپ قالدى.

ناسىر ئابدۇرېھىم يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىرىس كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي بوھران تۈپەيلىدىن زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلگەن مەبلەغ كەمچىلىكى ئۇنى ھالسىراتتى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ياخشى، كۆپلىگەن جايلاردا قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بازارنى كەڭ ئېچىش جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچراپ، ناھىيە بازىرى ئىچىدىن ھالقىپ چىقىشقا كۈچى يەتمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2000 خالتا بولسىمۇ، ھازىر ئاران كۈندە 500 خالتا ئىشلەش بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. دورىلىق ھەم ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەبىئىي

www.uyghurkitap.com

تەملىك، ساپلاشقان بۇ مەھسۇلاتنىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بازىرى ئىتتىك بولـ-
سىمۇ، ئۇدۇللۇق ئىشلەپ، ئۇدۇللۇق ساتىدىغان تار دائىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ،
شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ داڭقى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتتى
ۋە 2004 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇ كارخانا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن
« 10 ـ بەش يىللىق پىلان » مەزگىلىدىكى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا دەپ ئەنگە ئېلىندى،
دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىقى، جۇڭگو خەلق بانكىسى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتى قىلىپ بېكىتىلدى.

ھازىر ئۇنىڭ شىركىتى قارىمىقىدا ئىككى سودا بازىرى، بىر گەج زاۋۇتى، بىر
سۇۋاركىچىلىق مەركىزى ۋە بىر گۆش مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى
بار. سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 4 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

## خاتىمە

تىجارەتتە ھەمىشە ئالدىنىپ قېلىش، ھېسسىياتقا بېرىلىپ زىيان تارتىش يۈز بې-
رىپ تۇرىدۇ، بىراق كىشلەرنىڭ بازارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە قىزىقىشى ئوخشاش
بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ بازارنى، كىشلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىشنى چىڭ
تۇتۇپ، تىجارەتكە بارلىقنى ئاتىغان كىشلەر ھامان غەلبە قىلماي قالمايدۇ.

ناسىر ئابدۇرېھىمنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىمۇ ئۇنىڭ بارلىقىنى ئاتاش روھى
ۋە تىرىشىش روھىدىن، ئۆزۈلدۈرمەي ئەجىر قىلىشتەك پاراسىتىدىن بارلىققا كەل-
گەن. بۇنىڭغا نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلار ۋە قىممەتلىك پائالىيەتلەر يوشۇرۇنغان، ئۇ
ھەربىر ئىشنى قىلىشتا تەپەككۇرى ۋە سەزگۈسىگە تايىنىدى. ئۇنىڭچە، قىلماقچى
بولغان ھەممە ئىش مۇھىمدەك، ھەممە قىلغان ئىشىدا ئۇتۇق قازىنىدىغان تۇيغۇ
مەۋجۇت ئىدى ، بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنى قىزغىنلىق، تىرىشچانلىق، قەتئىيلىككە دەۋەت
قىلاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئايىغى تېتىكلىشىپ قالاتتى ھەمـ-
دە ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىقتىدارى ۋە پاراستىنى سىناپ باقاتتى، ئۇنىڭ غۇ-
رۇرى كۈچلۈك، ۋىجدانى ھەققانىي ئىدى، بىراق يەنە بەزى نەرسىلەر ئۇنى چەكلەپ
قوياتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھەمىشە كاپالەت بىلەن ئىمتىياز ماس كەلمەي قالاتـ-

تى، ئايرىم ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئېچىلىشى، پۇرسەت بېرىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، يېتەرلىك ھەمدەمچى بەرپا قىلىشمۇ كاپالەتكە ئىگە بولماي قالاتتى. شۇ ۋەجدىن، باشقىلار ئۇنىڭ يېرىمچىلىك ئىشنى قىلىپ، كىچىككىنە نەتىجە قازىنىپ قويسا، ئاي ـ ھاي... قوللىغۇچىلار، ياردەم قىلغۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن چىقاتتى، ھەتتا ئاشۇ تالاشقۇچىلار ياردەم قىلغۇچىنىڭ ئىشلىرى بىلەن شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى. ھەرقېتىملىق تەكشۈرۈش، باھالاشلاردا ئۇنى دەسمىي ـ دەستەك قىلىپ، شان ـ شەرەپكە نائىل بولۇشاتتى، ئوبرازىنى كۆككە كۆتۈرەتتى، بىراق ناسىر ئابدۇرېھىمغا كەلگەندە ئۇنداق بولمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى بەك كۆپ بولسا كېرەك! ئۇنىڭ رۇخسارىغا قارىسىڭىز، چاچلىرى چۈشۈپ شالاڭلاپ قالغان، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بادام دۇپپىسى بېشىدىن چۈشمەيدۇ. زىيالىي، كاتتا خوجايىنلاردەك گالستۇك تاقاپ، چاچلىرىنى بوياپ، داڭلىق ماركىسى بار كىيىملەرنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئۆزىنى پەدازلاپ يۈرمەيدۇ؛ ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل. شۇڭا ئۇ، تەكەببۇرلۇق بىلەن نەيرەڭ قىلىشنى بىلمەيدۇ، خالىمايدۇ؛ راست، ھەققانىي ئىش قىلىش ئارقىلىق ھېسسىياتىنى خورلىمايدۇ، بەزى ئىشلار ئۈچۈن شۇنداق قاتتىق ئىچى سىقىلسىمۇ بەرداشلىق بېرىدۇ.

دوستۇم ، سىز ھەممىنى بىلدىڭىز، سىز مۇشۇنداق مىللىي كارخانىچىلارغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇشنى خالامسىز ؟ شۇنداق قىلالىسىڭىز، كىشىلىك بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىش يولىدا ئالتۇن تەر ئاققۇزغان بولىسىز! مۇشۇنداق كارخانىچىلارغا پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلسە، نەقەدەر ياخشى ئىش بولار ئىدى ـ ھە ؟!

2005 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر











ناسىر ئابدۇرېھىمنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998 — 6211190, 13899115141



www.uyghurkitap.com










www.uyghurkitap.com

# بەخت ئىزدەش

ئادەملەر ھەمىشە بەخت ئىزدەپ ئاۋارە بولىدۇ، ئەمما بەزىلەر بەختنىڭ ئۆزى ئەتراپىدا ۋە ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

بەزىلەر ماددىي جەھەتتىكى ئېرىشىشنى بەخت دەپ بىلىشى، يەنە بەزىلەر روھىي جەھەتتىكى غەلىبىنى بەخت دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ قارىماققا بەختنىڭ ئۆلچەم، چېگرىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە بەختنىڭ چەك-چېگرىسى، مەزمۇنى، مەنىسى بولىدۇ.

بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت رازىمەنلىكتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىللىق تۇيغۇنىڭ نامايان قىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئېھتىياجنى قاندۇرغاندىن كېيىنكى خۇرسەنلىك، رازىمەنلىك، شادلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى قايسى؟ بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا ئۇنىڭ مەنبەسى تەر سىڭدۈرۈش ۋە ئەجىر قىلىشتۇر. چۈنكى، ئادەم تەر – ئەجرى بىلەن ئەقىدىسى، ساداقىتى، ۋاپادارلىقى، سەمىمىي مېھرىبانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، پىلان- تەسەۋۋۇرلىرى، ئارزۇ – ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدۇ.

بىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ بەخت ھاياتلىق مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ بولغانلىقىدا، قەدىرلەيدىغان بەخت كەسىپ ئۇتۇقىنىڭ بەدىلىدە بولىدۇ. چۈنكى، بەخت چوڭ – كىچىك دەپ ئايرىپ قاراشقا بولىدىغان ماددىي نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ كىشىلەرگە شاپائەتنى بىلەن سۆيۈنۈش تەقدىم قىلىدىغان روھ بولغاچقا، مەۋجۇتلۇق ياراتقان ئۇتۇق ئۇنىڭ چىن مەنىسىنى يېشىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ماددىي، روھىي جەھەتتىن تەسەللى تېپىشمۇ بىر خىل بەخت، كەسىپتە، بىرەر ئىشتا نۇسرەت تېپىپ نەتىجە قازىنىشمۇ بىر خىل بەخت، شۇنداقلا نۇرغۇن چوڭ – كىچىك بەختتىن چوڭ بەخت، بەختتىن بەخت ھاسىل بولىدۇ. بىراق، ھەمىشە بەختكە بەختسىزلىك قوشكېزەك بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، بەختكە ئېرىشىشمۇ بەك تەس. بەخت ئىزدەش يولىمۇ ھەر خىل ۋە مۇشكۈل. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەربىر كۈلكە بىر بەخت، ھەربىر ھۇزۇرمۇ بىر بەخت، ھەربىر نەتىجىدىن سۆيۈنۈشمۇ بەختتىن دېرەك بېرىدۇ.

# ئېھ، بەخت

## مۇقەددىمە

بىر دانىشمەن: «ئۆزىنىڭ بەختىنى ئىزدەشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزگىنى بەختلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ناۋادا سىز ئۇنى تىرىشىپ باشقىلارغا بەرسىڭىز، ئۇ ئۆزلۈكىدىن يېنىڭىزغا كېلىدۇ» دېگەنىدى. پېرسوناژىمىز قادىر ئابدۇللا دەل ئاشۇنداق قىلغان كىشى، شۇڭا ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر تەرىپىدىن سانسىز تەشەككۈرگە نائىل بولالىدى.

## «بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن!»

— بالىلىرىم، ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئاتىغىنىڭلارنى سەدىقە بېرىڭلار، مەنىدەك قېرى، ئاجىز، كۆزى كۆرمەس ئادەمگە بەرگەن سەدىقەڭلارغا ئاللا بىرنى بەر- سەڭلار، مىڭنى بېرىدۇ. ئامىن، ئامىن!...

ياداپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بۇ ئادەم قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن توختىماي يالايتتى، سامانىدەك سارغايغان چىرايى ۋە نالە - پەريادى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى، ئەمما ئۇ شۇنچە بىچارە بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كىشىلەر قاراپ قويياتتىيۇ، ھېچ نەرسە بەرمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايۋاتاتتى. چۈش بولاي دېگەندە، ئۇ بازاردىكى يولنىڭ بويىدا ئورنىدىن تۇرالماي يىقىلدى، بىرقانچە كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ: «كېسىلى تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ پارىڭى ئىشتىن يېنىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قادىر ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ توپنى يېرىپ يەردە سۇنايلىنىپ جان تالىشىۋاتقاندەك ھالەتتە ياتقان «تىلەمچى» بوۋاينى كۆرۈپ جىددىيلەشتى ۋە ئۇنى يۆلەپ ئەھۋال سورىۋىدى، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىدى، لەۋلىرى بىلىنەر - بى-

لىنىمەس مىدىرلىدى. قادىر ئابدۇللا نەدىندۇر ئازراق سۇ تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى. «تىلەمچى» بوۋايغا سەل مادار كىرگەندەك بولدى. ئۇنى بىر ھارۋىغا سېلىپ، بازارنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قىرلار ساناتورىيىسىگە ئېلىپ باردى، چاي، ئاش ـ تاماق بېرىپ قورسىقىنى تويدۇردى. بىرھازادىن كېيىن «تىلەمچى» بوۋاي :

ــــ مەن تاماق دىدارىنى ئاغزىمغا سالمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئاغرىپ ياتسام مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، بىرنەرسە بەرمىدى، ئار ـ نومۇسلۇق بو يولغا نائىلاج كىرگەن بولساممۇ، ئۈچ يىلدىن بۇيان جېنىمنى ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆمىلەپ تىلەمچىلىككە كەلگەن بولساممۇ، بۇ «ھۈنەرىم» كارغا كەلمىدى. مېنىڭ ئۆلۈشۈم بەرھەق ئوخشايدۇ، دەپ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئولتۇرۇپ، ئاچلىقتىن ئايلىنىپ قاپتىمەن. مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، كۆزۈم كۆرمىسە، ئىشلەپ يەي دېسەم مادارىم بولمىسا، تىلەپ يەي دېسەم خەق بەرمىسە... ھەي، بۇنداق سېسىق جانىنىڭ نېمە كېرىكى؟ مېنى قۇتقۇزۇپ نېمە پايدا تاپارسىز؟... ــــ دېدى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قادىر ئابدۇللانىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

ــــ ئۇنداق دېمەڭ. سىز ـ بىزگە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بار... ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. ئۆلۈپ قالمايسىز. ئاش ـ نېنىڭىز مەندىن بولىدۇ!...

ــــ بالام، سىزگە ئاللا بەرسۇن، ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز بەركاتىنغا خۇدايىم بىر جېنىڭىزغا مىڭ جان بەرسۇن! ئاللا بەختىڭىزنى مەڭگۈ زىيادە، تاغلاردىن ئۈستۈن قىلسۇن، ئامىن، ئامىن!...

قادىر ئابدۇللا بوۋايغا كۆپ تەرەپلىمە چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ ساناتورىيىدە تۇرۇپ قېلىشىنى تەۋسىيە قىلدى ۋە رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ جايلاشتۇردى.

ئەسلىدە، سادىق سادىن ئىسىملىك بۇ بوۋاي مارالبېشى ناھىيىسىدىكى سېرىقبۇيا بازار يېڭىمەھەللە 2 ـ كەنتتىن بولۇپ، ھېچقانداق باققۇچىسى يوق ئىدى، ئۇ نامرات، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە» بولغانلىقتىن، ئۇزاق يىل مابەينىدە يېزا، كەنت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن، يېقىنقى ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاچقا، تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇ-



www.uyghurkitap.com

قوّپ ھېلىقىدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. قادىر ئابدۇللا ئۇنى بىرقانچە كۈن كۆتۈپ مادارىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ موتسىكلىتىغا مىندۈرۈپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى ۋە تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنى دائىملىق قۇتقۇزۇش، بېقىش، مۇھاپىزەت قىلىش قاتارىغا كىرگۈزدى، ئاندىن كۆزىنى داۋالىتىش ئىشىغا كىرىشتى. قادىر ئابدۇللا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىقتىسادى يوق ئەھۋالدا ئۆزى 500 يۈەن تەييار قىلدى ۋە 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ، دوختۇرخانىنىڭ ماددىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى يۈتۈشۈپ قايتىپ كەتتى. ئۇ بازار ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، دوختۇر-سېستىرالار ۋە جەمئىيەتتىن 1000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل توپلاپ، 2001 - يىل 4 - ئايدا سادىق بوۋاينىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. ئۇ ساقايغۇچە بولغان ئارىلىقتا قادىر ئابدۇللا يولنى يىراق كۆرمەي دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى، ئۇنىڭ بۇنداق پەزىلىتى بوۋاي ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. سادىق بوۋاينىڭ كۆزى يورۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەگە بارسا، قادىر ئابدۇللانىڭ تەرىپىنى قىلىپ، كۆرگەنلا ئادەمگە سېخىيلىقنى ماختاپ بېرىدىغان بولدى.

## كىچىككىنە ئائىلە پارىكى

تۇرمۇش كۆپ قىرلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر كىشىگە ۋە ھەربىر ئائىلىگە تەقدىم قىلىدىغان نەرسىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋە ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە يارىشا دەردى، خۇشاللىقى بولىدۇ. قادىر ئابدۇللا 2000 - يىلى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئىشلىرى باشلىقى، بازارلىق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدە كۆپ قېتىم سۇر كىلىش يۈز بەردى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. چۈنكى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئاياللىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىش ئىدى. تەكرار چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ ئايالىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تەلتۆكۈس قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ ھامان بۇنى چۈشىنىپ خېجىل بولىدۇ ياكى قانائەت ھاسىل قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئىش ھەققىنى ئالغان مەلۇم بىر كۈنى ئايالى:

— قولىڭىزغا قانچىلىك پۇل تەگدى ؟ — دەپ سورىدى.

— سەل كەم 1000 يۈەن.

— پۇلنى مەن ساقلايمىكىن دېگەن.

— بولىدۇ، بىراق بۇ پۇلدىن 200 يۈەننى ھېلىقى كۆنى ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەت موللام بىلەن ئوبۇل تاشلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا قەرز ئېلىپ ئىشلەتكەن پۇلغا ئىئانە قىلىۋەتتىم. 70 يۈەننى ساناتورىيىگە قەرز بولۇپ قالغان سەي ـ كۆكتات پۇلىغا بەردىم. يەنە بىر سىنىڭ دورا پۇلى بار ئىدى، شۇنى بېرىۋەتسەم، بۇ ئايدىكى دەردىمىز سەل بېسىقىدۇ...

— ئۆيىنىڭ تۇرمۇشىنى، بالىلارنىڭ كەلگۈسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كېتىدىغان پۇلنى نېمە قىلىپ غەملەيمىز ؟ سىزگە ئاشۇ تەييارتاپ كىشىلەر بولسىلا بولامدۇ ؟ ئۆي بىلەن ئىللا ـ بىللا كارىڭىز يوق، جاق تويدۇمغۇ بۇ ئىشلىرىڭىزدىن! سىزنى ئۇلارغا شۇنداق كۆيدۈرىدىغان قىلىپ قويغان زادى قايسى جىنىڭ ئەرۋاھىيكىنتاڭ! ؟ نېمە قىلىپ بىرەر سىزگە شۇ كىشىلەر ؟ ... سىزدىن باشقا ئىگىسى يوق شۇ ئادەملەرنى بىزگە نەدىن مۇپتىلا قىلدى خۇدايىم. ئاشۇ ھۆرۈنلارغا قىلغان ئەقدىنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئاتا ـ ئانىڭىزغا قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىپ، مىڭنى دۇئا قىلاتتى...

— ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىمغا ئوخشاش، خوتۇن، كايىماڭلا، ھەر ئىشنى ئالدىمىزغا كەلگەندە كۆرمەيمىزمۇ ؟ كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىسىدىن ئايرىمايدۇ.

— ئۇ خەقنىڭ كاللىڭىزغا كىرىۋالغان جىنلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ... قانداق قىلىسىز قېنى بىر قىلىڭە. كېيىن پۇشايمان قىلغاندا توختارسىز. مېنىڭ گېپىمنىڭ ئاساسىنى شۇ چاغدا بىلەرسىز. خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ، كىم داغدا قالمىدى بۇ جاھاندا ؟

بۇ يالغۇز ئۇنىڭ ئايالىنىڭ دەۋاتقان گەپلىرى ئەمەس. بۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ يېقىنلىرىمۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ قىلدى، بۇنداق گەپ جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ، ئاغزىدىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭغا مۇشۇ ۋەجدىن تەربىيە ـ نەسىھەت قىلغۇچىلارمۇ نۇرغۇن. ئەمما ئۇ، ھەممىگە سۈكۈت قىلدى. ئاز ـ تولا نەزەر، گۆزىرىگە ئالسىمۇ، بەك چوڭقۇرلاپ، مەيۈسلىنىپ كەتمىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، قادىر ئابدۇللا ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن ساناتورىيىدىكى

كىشىلەرگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ كېتەلمىدى. ئەنئەنە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ بىر خىل سەۋەنلىك، بىر ئەركەكنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىغا خاس ئىش بولمىسىمۇ، ئۇ ئائىلىسىدىكى ئىمكانىيىتىنى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى. دەمال پايدىلىنالايدىغان ۋە ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغان پۇرسەتمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىمكانىيىتى ئىدى. مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ئائىلە بىلەن ساناتورىيىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر - بىرىگە بىرىكتۈرۈپ قويدى، ئۇمۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ شەخسىي ئىشى ھېسابىدا يۈرۈشۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ غۇدۇراشلىرىمۇ ئارتۇقچە ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەكسىچە ئۆزىگە دائىم زىيىنى تېگىپ تۇرىدىغان بۇ ئىشتا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى دورىيالمىدى. بارچە ئادەم پۇل - مال تېپىش، ھەربىر ئىشنى مەنپەئەت ئېلىش ئۈستىگە قويۇش بىلەن خىزمىتىنى ئۆلچەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ باشقا بىر خىل مەنىۋى مەنپەئەت يولىغا ماڭغانىدى: «روھىم، تېنىم سالامەت بولىدۇ، مانا بۇ چوڭ بايلىق ۋە بەخت» دېدى ئۇ بىراۋلار مەنپەئەت ئېلىش توغرىسىدا گەپ قىلغاندا كەسكىن قىلىپ. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىرقانچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، ئۇ بۇنداق گەپلەردىن كۆرە بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئويلايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ناھايىتى قىيىن ئىشقا، يەنى ئاۋارىچىلىكى كۆپ، تۈگىمەيدىغان ئۇششاق ئىشقا قالغانىدى، قىلسا - قىلسا تۈگىمەيدۇ، تۈگىدى دەپ ئولتۇرسا يەنە بىر ئىش، ئويلاپ باقمىغان ئىشتىن بىرسى چىقىپ قالاتتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەتتى. ئۇ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى دېگەنلا چاغدا تاپالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆيىدە بولسۇن، يانچۇقىدا بولسۇن ئىككىلىنىپ، قىسىپ ئولتۇرمايتتى، ئەمما ئۇ تېجەشكە، جانلىق بولۇشقا تىرىشاتتى، بىر كۈن قارىسا ساناتورىيىدىكى قېرى، مېيىپ - ئاجىزلارنىڭ يېمەك ئىچمىكى، ئوتۇن - كۆمۈرى تۈگەيتتى، يەنە بىر كۈنى قارىسا بىرسىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشاتتى، يەنە بىر كۈنى ئۇلاردىن بىرى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ ھالى يامانلىشاتتى، ھەتتا ئاش - تامىقىنى تۆكۈۋېلىپ كۆيۈك يارىسى پەيدا قىلاتتى، بۇ ئىشلارنىڭمۇ دەردى ئۇنى بىئارام قىلاتتى، تىنىم تاپماي ئىشلەشكە، توختاۋسىز چېپىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاھ ئۇراتتى، ئۇلار

ئۇچۇن تەڭ ھەسرەت چېكەتتى، ئۇ ئۆيىدىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىنى، ھەتتا قاچا-قۇچا، يوتقان - كۆرپە، تۆشۈك سايمانلىرىنى، كىيىم - كېچەكلەرنى ساناتورىيىگە توشۇپ تۈگەتتى، ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە بىرمۇنچە ئىشلارنى ئۆزىنىڭ مۈلكىنى بىلەن قۇراشتۇرۇپ، كىم بولسۇن، كىم نېمە دېسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالىغۇدەك ھالغا يەتتى، ھەتتا ئۇ خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلىپ، ساناتورىيىنىڭ ھويلىسىغا بىر ئازگال كولاپ، قۇم يۆتكەپ كېلىپ، «داۋاقۇم» ياساپ، رېماتىزم، يەل كېسەللىكلىرىنى ئاشۇ قۇمدا داۋالىدى. ئۇ بۇ ئىشتىمۇ تېبابەت قائىدىلىرىدە دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ، داۋالانغۇچىلارنى ئەھۋالىغا قاراپ تاماققا تويۇندۇرۇپ، بەدەنلىرىنى بىرمۇبىر ياغلاپ، بېشىغا كۆنلۈك تۇتقۇزۇپ، قىزىق قۇم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەدەن ھارارىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيىگە بارالمايتتى، ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ بېرەلمەيتتى. ياز - تومۇزدا ساناتورىيىدىكىلەرگە سەل بىخەستەلىك قىلسا، ئىسسىق ئۆتۈپ، ئىچى سۈرۈپ ئاۋارىچىلىك بولسا، قىشتا سوغۇق تېگىپ زۇكام، يۆتەل، كاناي، نەپەس يوللىرى ياللۇغى، ئۆپكە مەنبەلىك كېسەللىك، بەدەن ئاجىزلىقى، قېرىلىق كېسەللىكلىرى يوپۇشۇپ ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ساناتورىيىگە بىر بېرىپ قالغانچە بىرقانچە كۈنگىچە ئۆيىگە بارالماي قونۇپ قالاتتى. بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆي ئۇنىڭغا شۇنداق يىراقمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سوئالى ئىدى.

50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ بۇ ئادەم 30 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدا نۇرغۇن جاپالارنى تارتتى، كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇ، بىرەر كۈنمۇ ئالدىرىماي ئۆتكىنىنى ئۆزىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئۇزاق يىل مابەينىدە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى بولدى، خەلق ئىشلىرى، شۇنىڭدەك يۇگۇر - يېتىم ئىشلارنى قىلدى، قۇمدەك ئۇششاق - چۇششەك ئىش ئۇنى ئاشۇنداق ئىشلەشكە كۆندۈرۈپ قويدى، مانا ئەمدى ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئۇششاق، بىخەتەرلىكنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدىغان ئىشقا كىرىشىپ قالدى. ئىشلەپ چارچىغان، ھالىدىن كەتكەن چاغلاردا، ئۇنىڭ رېماتىزم، جىگەر كېسىلى بىئارام قىلىپ، ئاغرىق جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى: «سىرتتىكى كىشىلەر بۇ ھالىمنى بىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرۈنۈشتىنلا قاراپ ئاسان دەيدۇ، مەن بولسام بۇ يەردىكى ئىشلارنى، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ دەردىنى بىلىمەن، پەقەت مېنىڭ

دەردىمنى بۇ يەردىكى دەرد تارتقانلار، كۆرۈۋاتقانلار بىلىدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپا- يە» دەپ ئويلايتتى ئۇ.شۇڭا ئۇ ئىككى يىل جەريانىدا ئاشۇ بىچارىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ 5000 يۈەندىن كۆپرەك قىممەتتىكى مال ـ مۈلكىنى خالىس ھەدىيە قىلىپ، ئۆزگىـ- لەرگە بەخت ئاتا قىلىشتىكى ئىستىكىنى نامايان قىلدى.

## خاسىيەتلىك ھەدىيە كىچى

ـــ مىجىت ھاجىم، ھوي، مىجىت ھاجىم، توختاپ تۇرسىلا...

بازار كوچىسىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان مىجىت ھاجى ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان قادىر ئابدۇللانى كۆرۈپ توختىدى. قادىر ئابدۇللا سالام ـ سەھەتتىن كېيىنلا:

ـــ ئاز ـ تولا ئۆشرە ـ زاكاتلىرى باردۇر، ھاجىم، ساناتورىيىدىكىلەرنى قوللاپ قويغان بولسىلا، ئۆشرە ـ زاكاتلىرى زايە بولمايتتى! ـــ دېدى ئۇدۇللا.

ـــ ماقۇل، مەن ئاپىرىپ بېرەيمۇ ياكى...

ـــ مەن باراي، ھاجىم، قاچان بارىمەن؟ شىركەتلىرىگە بۇگۈنلا بارايمۇ ؟!

ـــ چۈشتىن كېيىن بولسىمۇ بولىدۇ.

ـــ ماقۇل، يەنە بىر گەپ: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بىرقانچە مېيىپ كىشى بار ئىدى، شۇنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسىلا، مەن بەكلا خۇشال بولاتتىم...

ـــ ماقۇل، بۇنى ئايرىم دېيىشەيلى...

ـــ ئۈمىدىم يەردە قالمىسا، ھاجىم...

ـــ ياق، سىلى ئەل ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان ئادەم، ئەسلىدە بىزمۇ سىلىدەك قىلالىغان بولساق، ئاندىن ئۆزىمىزنى ئادەم قاتارىغا ئۆتتۇق دېسەك بولاتتى. سىلىنىڭ ساخاۋەت- لىرى بىزگە ئۈلگە. سىلىنىڭ ھەققانىي، خالىس ئىشلىرىنى بىز قوللاپ مەدەت بەرمە- سەك سەت ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ نامرات، بىچارە خەلق بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ـ دە!

قادىر ئابدۇللا مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى نامايان قىلدى. پاتىگۈل تۇرەكىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، ئۇمۇ قادىر ئاب- دۇللانى قۇرۇق قول قايتۇرمىدى. سېرىقبۇيا بازىرىدا ئالدىن باي بولغان بۇنداق سېخىيلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، گۈلدەك

هۈنەر ـ كەسپى، تىجارىتى بىلەن باي بولغان ۋە سېخىيلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. ئالايلۇق، مەخەت ئېلى هاجى ترانسپورت كەسپي ئائىلىسى بولۇپ، نەچچە ئون يىل جەريانىدا 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، «مەخەت ئېلى باشلانغۇچ مەكتىپى» نى سالغان، يول ياسىغان ۋە نەچچە 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ دوختۇرخانا سالغان، هەر يىلى نامراتلارغا بىرقانچە تونىنا ئوتۇن ـ كۆمۈر بېرەتتى، ئۆي ـ ياغ، يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىقلارنى خالىس ياردەم قىلاتتى، مىجىت هاجى، پاتىگۈللەرنىڭمۇ بۇ جەھەتتە تەرىپى تىللاردا داستان ئىدى. قادىر ئابدۇللا بۇ ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئالدىغا بارغاندىن باشقا، ساخاۋەت قىلىشنى بىلمەيدىغان يەنە بىر قىسىم بايلارنىڭمۇ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ باردى. ئەتراپلىق، تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى، تەسىرلىك سۆز، ھەدىسلەرنى ئۇلارغا سۆزلىدى ۋە ئۇلارنى سەۋرچانلىق بىلەن سېخىيلىق قىلىشقا يېتەكلىدى، ئۇ بۇنداق يېتەكلەشنىڭ ئاخىر ئۈنۈمىنى كۆردى. هېرىپ قالمىغان، تېلىپ قالمىغان بۇ ئادەم ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ هېچقانداق مەجبۇرلاش خاراكتېرى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار سېخىيلىقنى ئىختىيارسىز قىلىپ، قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن يېنىكلەپ قالغانلىقلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ، پات ـ پات سېخىيلىق قىلىدىغان پەزىلەت يېتىلدۈردى.

قادىر ئابدۇللا يەنە ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى كىشىلەردىنمۇ پاناھلىق تەلەپ قىلدى، بازارلىق پارتكومىنىڭ ئەينى چاغدىكى شۇجىسى سەمەت ئىسمائىل، بازار باشلىقى ھەسەنجان ئابدۇكېرىم ۋە ئابدۇرېشىت قۇددۇس، بازارلىق يېزا ـ بازار كارخانىلىرى پونكىتىدىكى ئوبۇلقاسىم ئابلا، يېزىنىڭ مالىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملىرىدىن ئۆمەر مەخمۇت، ۋاسىل ۋارىس، قېيىۇم سەلەي قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن بازار تەۋەسىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ياشانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مېيىپ ـ ئاجىزلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ياردەم قىلىشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ساپ، چىن ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەقىدىسى، سەمىمىي، كۆيۈملۈك كۆڭلى، «بۇدۇ شقاقتەك» بېرىلىپ ئىشلەش روھى سېرىقبۇيىدىكى سانسىز كىشىلەرنىڭ قەلبىگە خىسلەت ئۇرۇقى بولۇپ چېچىلدى.

# خارابە ئارىسىدىكى روھ

1991 ـ يىلى قۇرۇلغان سېرىقبۇيا بازارلىق قېرىلار ساناتورىيىسى تۇرلۇك سەۋەبـ لەردىن كۆرە بىرەر جان كۆيەر كىشىنىڭ بولماسلىقى بىلەن تاشلىنىپ قالغان. بەزىلەر مىڭ كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قايسى تەرىپى پاكىز، ئەپلىك بولسا شۇ يەرنى ماكان قىلغان ۋە يۇندى ـ ئەخلەت، گەندە ـ سۇيدۇكلىرىنى تام ـ تاملارغا تۆكۈپ، نە كەلسە تاشلاپ، قۇرۇلۇشنىڭ كۆپ قىسمىنى نابۇت قىلىۋەتكەنىـ دى. بىرقانچە ئۆينىڭ تاملىرى ئۇلتۇرۇشۇپ يېرىلغان، ئۇستى پەسلەپ كەتكەن، پېـ شايۋاننىڭ بىر بۆلەك قىسمى بۆلۈنۈپ خەتەرلىك هالغا كېلىپ قالغانىدى.

قادىر ئابدۇللا بۇ خارابىلىككە بېرىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ بەكلا زەردىسى قايىندى، بىر تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەنگە سالىۋات دېگۈسى كەلدى. هازىرچە شۇنداق دېمەيمۇ ئىلاج يوق ئىدى، ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا قايتىدىن قۇرۇش لازىم دەپ قارىدى ۋە قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. بازارنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەهبەرلىرىگە دېۋىدى، ئۇلار قوشۇلدى. لېكىن، بۇ ئىش پۇل بىلەن هەل بولىدىغان بولغاچقا، ئۇلارمۇ دەرهال ياردەم بېرەلمەيتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازاردا ئارتۇق مەبلەغ يوق، ئۇلارمۇ تۇرلۇك خىراجەتلەرنى ئاران ـ ئاران غەملەپ كۈن ئۆتكۈـ زۈۋاتاتتى، قادىر ئابدۇللا بۇنى ئوبدان بىلەتتى. هەر هالدا ئۇلارنىڭ هېسداشلىق قىلغىنىمۇ چوڭ ئۇتۇق ئىدى، ئۇ تۇزەش پىلانى ۋە دوكلاتىنى يېزىپ كىرىش بىلەن بىر چاغدا، ناهىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگىمۇ ئەهۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە تەكرار بېرىپ ياردەم بېرىش، قوللاشنى ئۇمىد قىلدى. ئۇ شۇ خىل يوللار بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن 17 مىڭ 600 يۈەن هەل قىلىپ، ساناتورىيىنىڭ ئەبجەق بولۇپ كەتكەن قۇـ رۇلۇشىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۇردى ۋە قورۇتام، ئىشخانا، هاجەتخانا، داۋالاش ئۆيى قاتارلىقلارنى سالدۇرى. ئۇ توك تارقىتىش پونكىتى بىلەن تۇرۇبا سۇيى پونكىتىغا بېرىپ، يۆلەكسىز قېلىش، ياشانغاندا هاجەتمەن بولۇپ قېلىشنىڭ ئازابلىرى ۋە مۇشكۇلاتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۇردى ھەمدە ساناتورىيىگە توك تارتىش، تۇرۇبا ياتقۇزۇپ سۇ يەتكۈزۇش ئىشلىرىنى خالىس قىلدۇردى. تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش پونكىتىمۇ سىملىق تېلېـ

ۋىزىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ھەقسىز تارتىپ، قوراشتۇرۇپ بەردى. ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلار ئىدارىسى رەڭلىك تېلېۋىزور، كىرئالغۇ تەقدىم قىلدى. ئۇ يەنە بىرقانچە كە-شىنىڭ ئۆيىگىمۇ بۇ خىل مېھرىبانلىقنىڭ رىشتىنى تۇتاشتۇرۇپ بەردى. كەنت كا-دىرلىرىنىڭ ماشىنا ــ تراكتورلىرىنى خالىس ئىشلەپ بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ، بو-پەتلىك توپا يۆتكەپ، ساناتورىيىنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلەك تاشلاندۇق يەرنى تۈزلە-دى، تىندۇردى. ساناتورىيە ئادەملىرىنىڭ ئىش قىلالايدىغانلىرىنى تەشكىللەپ، ئورمان بەلۋېغى ياساپ، گۈل ــ گىياھ تىرىپ، مۇھىتنى ياخشىلىدى، تال ــ باراڭ ياساپ، كۆچەت قويدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىدىش ۋە سايىۋەن قىلىنغان بورا، لاپاسنىڭ مۇلۇكلىرىنى ياغاچچى، سېتىقچىلار ئاپىرىپ ياساپ بەردى.

ئۇ ساناتورىيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىمۇ سەل قارىمىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دوسكا چىقىرىپ، ئۆز قولى بىلەن ئىككى نەپەر ياشانغان كىشىنىڭ رەسە-منى سىزدى، ئۇ رەسىملەر كىشىگە ياشانغاندىمۇ بەختلىك ياشاشنىڭ نەقەدەر مۇ-ھىملىقىنى، نەقەدەر تەسىلىكىنى ئاجايىپ كۈچلۈك تەسەۋۋۇر، رېئال، جانلىق سىم-ۋول ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەچكە، ساناتورىيە ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەم بىر خىل ئىنتىلىش، كۆيۈنۈش، ياردەم قىلىش تۇيغۇسىغا چۆممەي قالمايتتى.

# يۈرەكتىكى چوغ

سېرىقبۇيا بازىرىدا قادىر ئابدۇللانى تونۇمايدىغان ئادەم يوق، 40 مىڭدىن كۆپ-رەك نوپۇسقا ئىگە بۇ بازاردا ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىغان ئادەم ئاز. ئۇ بازارلىق پارتكوم بىلەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى، ستاتىستىكا خادىمى، تەشۋىقات ــ تەربىيە يې-تەكچىسى بولۇپ، ئۇزاق يىل ئاممىۋى خىزمەتكە ياتىدىغان ھەممە ئىشنى بىر، ھەتتا بىرقانچە قېتىملاپ ئىشلىدى، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدى، نۇرغۇن ئا-دەمگە مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسەتتى، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن رەۋىشتە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرى، ھېچبولمىغاندىمۇ يامان دېمەيدىغان ئادەمنىڭ بىرى-گە ئايلانغانىدى. بۇنداق تونۇشلۇق ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرى، مېيىپلار خىزمىتى جەر-يانىدا تازا ئەسقاتتى، كىمنىڭ ئالدىغا بارسا ئۇنى قۇرۇق قول ياندۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ رايى ئۇنىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ، بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىنغاندا، نېمە دېيىد-

شنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما، ئىشلىگۈسى يوق دېيىشكە ئۆزىنىمۇ ئاساس تاپالمايتتى. خىزمەتكە رەسمىي كىرىشكەندە، ئۇ بارا ـ بارا ئېچكىرىلەپ، بىر خىل ئوتلۇق ھېس-سىيات، قەتئىي نىيەت، يۈكسەك ئەقىدە، يەنە قانداقتۇر بىر ئارزۇ، تەسەۋۋۇر ئۇنى چۇلغىۋالدى. قېرى، ئاجىز، مېيىپ، نامراتلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرى، تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن كېيىنكى ھاياتى، ئادەمگە خاس ئائىلە شارائىتىنىڭ يوقلۇقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ قەلبى-نى لەرزىگە سالدى. ئۇ بەزىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن تەڭ يىغلىدى، ئازاب چەكتى ... ئەنە شۇ چاغدا ئۇ، ئۆزىنى، ئۆتكەن ھاياتىنى، كەلگۈسى تۇرمۇشىنى باشتىن ئويلاندى، ئۆتكەن ھاياتىنى خۇلاسىلىگەندە، ئۆزىنىڭ يەنە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى تېپىشقا كېچىكىپ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئەينى يىللاردىكى ئۇلۇغۋار نىشانلار ئەۋجىدە پەرۋاز قىلدى ۋە ئۇششاق ئىشلار بىلەن ۋەيران بولغان يۈكسەك ئارزۇلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن بىخلىرىنى تاتىلاشقا، ئې-چىشقا باشلىدى. راست، ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، نۇرغۇن پەننىي بىلىملەرنى قەلبىگە مۇجەسسەم قىلغان، سانسىز ئەقلىيە سۆزنى، دانالارنىڭ ھېكمەتلىرىنى خاتىرىگە ئالغان، ئۆگەن-گەن، ئەل ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ، خەلقنى بەختىيار قىلىش، ياخشى نام قالدۇرۇش ئىستىكى ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيگەنىدى... ئەمما، ئۇ-نىڭ بۇ نىشانلىرى تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى بىلەن نەلەردىدۇر قېلىپ رويابقا چىقمىغان، ئۇنىڭ پەقەت پۇرسىتى كەلمىگەنىدى. «مانا ئەمدى ئۇنىڭ پۇرسىتى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىر. ئۇنىڭ قەلبىگە بىردىنلا ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، بەختىيار قىلىشتىن ئىبارەت ئوتتەك ئىشتىياق مۇجەسسەم بولدى، ئۇلارنى ئىنساندەك ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۈتكەن ئەڭ چوڭ بەخت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك ھاياجانلاندى، سۆيۈندى... ئۇ : «ھالا بۈگۈن مۇشۇنداق ئىمكانىيەتنى بېرىپسەن، خۇدايىم، مەن بەختلىك ئادەم ئىكەنمەن، بىراق بۇ بەخت پەقەت مېنىڭ قانچىلىك ئىش قىلىشىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن بارلىقىمنى ئاتىشىم كېرەك... ھەممە مۈشكۈلنى يېڭىشىم، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىم كېرەك ...» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدىمۇ بەردى. ئۇ شۇنداق قىلدى ۋە شۇنداق قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ داجىپ

www.uyghurkitap.com

قالمىدى.

ھېلىقى بىچارىلەر نېمە بولۇپ شۇنداق ھالغا كېلىپ قالغان؟ بۇنىڭ نۇرغۇن ئار- قا كۆرۈنۈشى بار، ئەلۋەتتە. بىراق، قادىر ئابدۇللا تولا چاغلاردا: «بەش قول تەڭ ئەمەس، شۇڭا ھەربىر ئادەممۇ ئوخشاش ئەمەس، كىشىنى تەڭ كۆر گۆلۈك ئە- مەس» دەپ خۇلاسىلەيتتى. ئاقتۇرۇپ كەلسە، ئۇ بىقىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىدى، بۇ كىشىلەر ئەينى چاغدا كوپېراتسىيىنى قۇرغان، ھەتتا بەزىلىرى جان پىدالىق بى- لەن ئىشلەپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەمما ئۇلاردىن بىر قىسمى ھازىر تاشلىنىپ قالدى، ھەتتا ئاخىرىدا شاللىنىپ تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى، لېكىن بۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە سەۋەب بار: يېقىنقى زامان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا نۇرغۇن نەرسىلەر شەخسنىڭ ئىجادكارلىقى ۋە شەخسىيەتچىلىك مىزانلىرى بىلەن باغلىنىپ قالدى، كىشىلەرنىڭ كىشىلەر بىلەن كارى بولمايدىغان، كىم بولسۇن، ئىقتىدارى، ماددىي بايلىقى، رىقابەت قاتارلىقلارنىڭ بىسىمىدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، قۇدرەت تاپتۇرۇش دولقۇنى بېسىپ كەتتى، 80 ـ يىللاردا باشلانغان يېڭى ئىسلاھاتى، يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىش ئەينى يىللاردىكى يالغان ئاكتىپلارنى بىر ـ بىرلەپ شاللاپ چىقاردى. ئۇلار ئەينى يىللاردا پۇل ـ مال يىغالمىغان، بەزىلىرى بالىلىرىنى ئوپچىغا قوشۇپ قويۇپ، كېيىنلىك بى- لەن جېنىدىن جۇدا بولسىمۇ كارى بولمىغان، ئۇلار گوياكى جاھاندىن شۇنداقلا ئۆ- تۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بولغان، ئۇلار ھوشىنى تېپىپ ئەتراپىغا باققاندا، ئالل- قاچان مۆكچىيىپ، ھالىدىن كەتكەن... ئاخىر سادىق سادىرغا ئوخشاش تىلەمچىلىك يولىغا ماڭغانىدى...

قادىر ئابدۇللا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۇلارغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشى- نى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ بۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن ئىشلىرى بارلىقىنى، بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن پۇرسەت چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، پەقەت رەنجى- مەيتتى، ئۇ چاغ راستىنلا بۈگۈنكە ئوخشىمايتتى، ھازىر نوپۇس كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىمۇ مۇرەككەپ، جەمئىيەت تولىمۇ زىددىيەتلىك، ھەر كۈ- نى نەچچە خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. نەچچە مىڭ كىشىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى... بۇلارمۇ ئاساسىي سەۋەب بولالمىسا كېرەك، قادىر ئابدۇللا بىلىپ يەت-

تىكى، ساناتورىيەدىكىلەرنى بىرقانچە ئون يىل جەريانىدا شۇ جايلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كەنت ـ مەھەللە كادىرلىرى، ئالدىن باي بولغانلار، سېخىي كىشىلەر ھۆددە ئېلىش، خەۋەر ئېلىش بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان، ساناتورىيەدىكى بۇ كىشىلەر تېگىدىن سۆرەلمە، قاششاق، جاھىل، يۈزسىز بولغانلىقتىن، ھەممە ئادەمنى بىزار قىلغان، ئۇلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى، قىلما دېگەن ئىشنى قەستەن قىلىشلىرى ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئۇغىسىنى قاينىتاتتى. بۇنداق كاجلىق نېمىشقىمۇ ئۇلارنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويىمسۇن ؟ ئەمما بۇنى بىلگەن قادىر ئابدۇللا ئۇلارغا ئىنسانىي نۇقتىدىن قاراپ، ئېغىر ئېلىشنى كۆڭلىدىن ساقىت قىلىۋەتتى...

# ئىز جۇلاسى

ــــ بۇ مېنىڭ ئىلتىماسىم، ماڭا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەرگەن بولسىڭىز ؟

قادىر ئابدۇللا ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇش، ئىلتىماسلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى ۋە :

ــــ قارا، سەنمۇ بىر ئادەم بولغاندىكىن، راست گەپ قىلىپ، قىينىلىپ قالدىم دېسەڭ بولامدۇ ؟ يالغان گەپ قىلىپ قۇتقۇزۇش نىشانى بولىمەن، دەپ ئاۋارە بولماي ؟

ــــ ۋاي، راست باشلىق. مەن ئۆتكەندە سىز تىزىملىغاندا، تىزىمدىن چۈشۈپ قاپتىكەنمەن.

ــــ ئۇنداق ئىش يوق. بېرىپ ئىشىڭنى قىل. مەن سېنى قۇتقۇزۇش دائىرىسىگە كىرگۈزمەيمەن. ساختا نامرات بولغۇچە ئۆلۈۋالساڭ بولامدۇ ؟ سەن ئەسلىدە نامرات ئەمەس، شۇنداقمۇ ؟ قىمار ئوينىدىڭ، كەيپ ـ ساپا يولىغا ماڭدىڭ، ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇلدۇڭ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ساڭا مۇشۇ يولنى كۆرسەتتى. مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ !

ــــ ھەي ئىسست، مەن بۇ خەتنى كەنت سېكرېتارىغا ئۈچ كۈن ئىشلەپ، ئېغىلدىكى قىغنى چىقىرىپ بېرىپ يازدۇرۇپ ئېلىپ كەلگەنىدىم!

ــــ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈنلۈك ئىش ھەققىڭنى ئال. خام ـ خىيال بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا قايتا كېلىپ قالما!

سېرىقبۇيىدا خەلق ئىشلىرى، مېيىپلار خىزمىتى كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىپ،

ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزى قىزاردى ۋە بۇ سەپكە كىرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، خالىغانلا ئادەم بۇ يەرگە كىرەلمەيتتى.

قادىر ئابدۇللا بۇ خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، بازارغا تەۋە ھەممە كەنت، مەيدان، ئاھالە كومىتېتىنى تەكرار ئارىلاپ چىقتى، ياشانغان، مېيىپ، قارىغۇچىسى يوق، ھەقىقەتەن نامرات دېگەن ئائىلىلەرنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، 906 نامرات ئائىلىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزدى، دەرىجىگە ئايرىپ، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، يۆلەش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ھېچقانداق يۆلىگۈچىسى يوقلاردىن 11 نەپەر قېرى، مېيىپ كىشىنى ساناتورىيىگە ئېلىپ بېرىپ ماكانلاشتۇردى. نۆۋەتتە كەلگەندە ئۇ، بۇ ئىشنى شۇ بويىچە بىر ـ بىرلەپ ئىشلىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ كىمنىڭ ئەھۋالى قانداق، قايسى جايدا ئولتۇرىدۇ، قايسى ئىشنى قىلىدۇ، ھازىرقى ئەھۋالى زادى قانچىلىك دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يادقا ئېلىۋالدى. بەزىلەرنىڭ رەسىمىنى، تارىخىنى خاتىرىلەپ، سىخېما ياساپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلىدى، ئۇلارغا ئاشلىق ـ كۆمۈر تارقىتىش بولسۇن، يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىشتە بولسۇن، ئۇ دەل، مۇۋاپىق بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بەھرىمەن بولۇشتەك كەيپىيات شەكىللەندى.

«ئۆردەك گۆشى يەيمەن دېسەڭ، ئۇنىڭ پېيىدە بول» دېگەن گەپ بار. قادىر ئابدۇللا شۇنداق قىلغان ئادەم. ئۇ ھەر تەرەپلىمە چېپىپ يۈرۈپ، خالىس خىزمەت، خالىس نىيەتتە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ خەلقنىڭ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇشتەك كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، قادىر ئابدۇللانىڭ تەۋسىيە قىلىشى، قول سېلىشى سايىسىدا، يەككىلەر ئۈستىگە ئېلىپ قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى ئومۇمىي خەلق ئۈستىگە ئېلىپ قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىشكە ئۆزگەرتىپ قۇتقۇزۇش، يار ـ يۆلەك بولۇشتا ئىختىيارىيلىق بولۇش، ئۈزۈپ قويماسلىق تەلىپىنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ قوللاشقا ئېرىشتى ۋە يېزا بويىچە 30 نەچچە ئائىلە قېرىلار ساناتورىيىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، قېرىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى: ئۇلار 3200 كىلوگىرام ئاشلىق، 8000 يۈەن نەق پۇل، 50 كىلوگرام سۈيىغى ياردەم قىلدى؛ 2000 ـ يىلى قىشتا قادىر ئابدۇللا يېزا

تەۋەسىدىن 30 توننا ئاشلىق، 45 توننا كۆمۈر، 5600 قۇر كىيىم ـ كېچەك قاتار-
لىقلارنى ئىئانە توپلاپ، 1589 نامرات كىشىنى قىشنىڭ غېمىدىن خالاس قىلدى؛
2001 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەبەيدۇللا داموللاھاجى، نۇرئەمەت ھاجى، مۇھەممەت
بەھرام ھاجى، مىجىت ھاجى، مەخەت ئېلى ھاجى، قارى ھاجى، پاتىگۈل تۇرەك قا-
تارلىقلارغا دەپ، بىرقانچە قېتىمدا 1000 يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى ئۇن، ياغ،
گۆش، يېمەكلىك، 10 توننا كۆمۈر تەييارلاپ، تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان 40
نامرات ئائىلىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزدى. بۇ سېخىيلار يەنە ھېيت ـ بايراملاردا
تەشكىللىنىپ، تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئېلىپ، ساناتورىيىگە بېرىپ ھال سوراشنى
ئادەتكە ئايلاندۇردى. بازار تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنى ئىككى قېتىم سەپەرۋەر قىلىپ، 74 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال-
مۈلۈك، ئاشلىق، پۇلنى يىغىش قىلىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە تەق-
دىم قىلدى؛ 800 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى يەنە 43 مىڭ يۈەن ئىئانە قى-
لىپ، مېيىپلارنىڭ داۋالىنىشىغا ھەدىيە قىلدى. قادىر ئابدۇللا بۇ جەرياندا 14 ياشتىن
تۆۋەن بالىدىن 11 نى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارغا 70 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ،
قول ـ پۇتىدىكى مېيىپلىقنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ سۈنئىي پۇت ـ قول سالدۇر-
دى. بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتكە تەكرار تەكلىپ بېرىپ، يەتتە ئائىلىلىك مېيىپ-
نىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى كۆتەرتىۋەتتى، ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە
قايتا ـ قايتا بېرىپ، 65 ئائىلىلىك ماكانسىز نامراتقا 130 ئېغىزلىق پىششىق خىشلىق
ئۆي سالدۇرۇپ بەردى؛ ئەھۋالنى زېرىكمەي مەلۇم قىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان «ئۈچ
يوق» بولۇش سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان قېرى ـ چۈرى، ئاجىزلاردىن 38 ئادەم-
نىڭ ھەربىرىگە ھەر ئايدا 22.50 يۈەندىن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىشنى ئىشقا
ئاشۇردى. ھەربىيلىكتىن قايتقان، نامرات 18 ئادەمگە ھەر ئايدا 1740 يۈەن نەپىقە
پۇلى ھەل قىلىپ تارقاتتى؛ بانكا ئورۇنلىرىنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك پۇلى ۋە مېيىپلار-
غا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق فوندىدىن 55 مىڭ يۈەن ھەل قىلىپ، 40 نەپەر مېيىپقا
قەرز ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھاللىنىشىنى
كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن مىجىت ھاجى سەككىز نەپەر،
مەخەت ئېلى ھاجى 13 نەپەر مېيىپنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، مىجىت ھاجى يەنە
سەككىز نەپەر مېيىپقا ھەر ئايدا 50 يۈەندىن نەپىقە بېرىپ ، ئۇلارنى تۇرمۇشتا خا-

تىرجەم قىلدى؛ قادىر ئابدۇللا يەنە ھەربىيلىكتىن قايتقان بەش نەپەر كىشىنى مۇنا-سىپ جايلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۆيىگە ئوت كەتكەن ھېكىمجان، ئاب-دۇرېھىم نايۇپ قاتارلىق سەككىز ئائىلىگە 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە توپلاپ ياردەم بەردى، ئاغرىپ يېتىپ قالغان، داۋالىنالمىغان مالۇكجاك قاتارلىق 33 نەپەر كىشىنىڭ داۋالىنىشىغا ئىلگىرى - كېيىن 17 مىڭ يۈەن يىغىش قىلىپ يوقـ-لىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئالدىن باي بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تەشكىللەپ، كەنت-لەرگە ئاپىرىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. يەنە بىر قىسىم نامراتلارنى ئالدىن باي بولغانلارنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، تەجرىبە سۆزلىتىپ، باي بولۇش يوللىرىنى ئۆگەتتى.

2000 - يىل 10 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسى خەلق ئىشلىرى، مېيىپلار خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ نەزىرى سىرىقبو-يىغا چۈشتى. تەكرار تاللاش جەريانىدا «قادىر ئابدۇللانىڭ قىلغان ئىشلىرى ئاز ئەمەس، ھەقىقەتەن گەۋدىلىك، قايتا تاللاشنىڭ ئورنى يوق، ئۇنىڭغا يەتكۈدەك ئىش قىلغان ئورۇنمۇ يوق» دېيىلدى. بۇ ھەقىقەتەن كىچىك ئۇتۇق ئەمەس ئىدى. قادىر ئابدۇللا بەكلا سۆيۈندى. ئۇ مانا مۇشۇ پۇرسەتتە بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى دوستلارنىڭ يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ قوللىشىنى، بىر بۆلەك ئىشلارنى قى-لىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ نەق مەيدان يىغىنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، كەڭ جەمئىيەتنىڭ ياشانغانلارغا، مېيىپلارغا بولغان چۈشەنچىسىدە بىر قېتىملىق ئىلگىرىلەش بولدى. قادىر ئابدۇللا بوش كەلمەي، ھەر تەرەپلىمە خىزمەت ئىشلەش، چۈشەنچە بېرىش ئارقىلىق، شۇ بىر قېتىمدا 51 نەپەر مېيىپقا مېيىپلىق ھارۋىسى تەقسىم قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ، كەڭ خەلق ئام-مىسىنىڭ مېھىر- مۇھەببىتىدىن بەھرىمەن قىلدۇردى. قادىر ئابدۇللا ئۆز خىزمىتىدە ناھىيە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئەمما ئۇ، بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمىدى، شادلىنىپمۇ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ 30 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدا، بازار، ناھىيە، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نەچچە ئون قېتىملاپ مۇكا-پاتلانغان، شەرەپكە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردا ئالغان ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر تەشۋىقاتچى، مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر، ئۇلگىلىك ستاتىستىكا خادىمى

دېگەندەكناملاردىكى گۇۋاھنامىلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە چوڭ بىر ئالبومنى ئې-
غىرلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىزنا ـ بەلگىدىن باشقا نەرسە ئە-
مەس ئىدى. ئۇنىڭ ئولايدىغىنى ئاشۇ شان ـ شەرەپلەر ئەمەس ئىدى، ئۇ كىشى-
لەرنىڭ ئاشۇ بىچارىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بولۇشىنى، ئۇلار ئۇچۇن « مەنمۇ قېرىي-
مەنغۇ ؟ » دېگەن ئىدىيىدە تۇرۇپ، بار ئىمكانىيەت بىلەن ياردەم بېرىشىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇ ساناتورىيىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەر-
گە، تەجرىبە ئاڭلىغۇچىلارغا بۇنى بىر ئاساسلىق ئىش دەپ تەكرار تونۇشتۇرۇپ،
كۆڭلىنى نامايان قىلدى...

# خاتىمە

مەخەت ئېلى ھاجى مۇنداق دېدى :

— ھازىر ئەگەر قادىر ئابدۇللادەك مۇشۇنداق بىر تىرىشچان ئادەم بولمىغان بولسا،
سېرىقبۇيا بازىرىدىكى بىچارىلەر نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدىكىنتاڭ ؟ ئۇلاردىن ماغدۇرى
بارلار يامان ئىشلارنى قىلىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزاتتى، ماغدۇرى يوقلار تىلەمچى-
لىك قىلىپ يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى تۆكەتتى، ھەرقانداق ئادەم قادىر ئابدۇللاغا ئوخشاش
بىر ئىشقا ئەقىدە قىلسا، نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن، قادىر ئابدۇللا قىلغان
ئىشلار ئاز ئەمەس، ئەمما ئۇ قىلغان ئىشلار باشقىلار قىلمىغان، قىلالمىغان ئىش ئىدى.
بىزمۇ گاھىدا كۆزىمىز كۆرگەن ئىشلارنى خالىس قىلىپ قوياتتۇق، بەزىلىرىنى قىلى-
مىز دېسەكمۇ ۋاقىت چىقىرالماي قالاتتۇق ياكى ئۇنتۇلىدىغان گەپ ئىكەن. قادىر ئاب-
دۇللانى ئايىغى يېنىك دېيىشمىنىڭ سەۋەبى، ئۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەمىشە باشقىلار
ئۈچۈن خالىس شاپائەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياخشىلىقنى سېلىپ، ئالغۇچى-
غىمۇ، بەرگۈچىگىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلدى. ئەگەر سېرىقبۇيىدا قادىر ئابدۇللادەك بىر
ئادەم بولمىغان بولسا، ئاشۇ بىچارىلەردىن نۇرغۇنلىرى بۇ ئالەمگە تۆرەلگىنىگە ئاللا ـ
تووۋا دەر ئىدى، بىر قىسمىلىرى بىھۇدە ئالەمدىن كېتەر ئىدى، قادىر ئابدۇللانى
نامراتلارنىڭ باشپاناھى دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

بىر گەپدان مۇنداق دېدى :

— نامراتتىن ھەممە بىزار، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قۇتقازغۇچىغا موھتاج بول-

مايدۇ، بەلكى باشقۇرغۇچىغا موھتاج بولىدۇ. قادىر ئابدۇللا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ ھازىر يۇر گۈزۈلۈۋاتقان يېرىم ـ يارتا پىلانلىق يېزا ئىگىلىكى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يوقاتتى، قەرزدارلىق كۆپلىگەن دېھقانلارنى ھالسىراتتى. بۇ بىر چوڭ ئاپەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر تەييارنىڭ قۇلى بولۇشقا رازى بولىدۇكى، ھالال ئىشلەپ قەرزدار بولۇشنى خالىمايدۇ. ئۇ چاغدا ئاشۇنداق نامراتلار قادىر ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىلتىپات كۈتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بېرىدىغىنى تايىنلىق بىر گەپ بولىدۇ ياكى ئۇلارغا ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ، ئالدىغا كەلگەنلەر ئۇنىڭغا نېمە دەيدۇ: خەپ، سەندىنمۇ قالار بۇ جاھان!... ئادەم بېشىنى تىقىپ كىرچە ـ كۈندۈز ئىشلەۋەرسىمۇ بولمايدۇ ـ دە؟ ئەمما ئۇ، نامراتلارنى يۆلەشتە كارامەت ئىش قىلدى. ئۇ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. مانا شۇنىڭ ئۆزى بىر بەخت ئەمەسمۇ؟

ـــ ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ۋە ئوخشاش، ـــ دەيدۇ قادىر ئابدۇللا بەزىدە ھاياجانلىنىپ، ـــ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە پەرق بولىدۇ، بۇ پەرق گاھىدا ناھايىتى چوڭ بولغان پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ پەرق پەقەت ئادەملەرنىڭ بەختلىك بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەن جان پىدا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەختسىز كىشىلەر، شۇڭا ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئالاھىدە پەرق قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، مەن ئۇلارنى ئۇنداق دەپ قارىمايمەن، مېنىڭ ئۇلارنى بەختلىك قىلىشقا ئىشەنچىم بار، بۇ مېنىڭلا قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مەن زور كۆپچىلىك كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ بەختىنى يارىتىمەن. چۈنكى، ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان نەرسىلىرى قانچە كۆپ بولسا، شۇ كىشى ئېرىشىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، بەختتىن بىز باشقىلارنى قانچە كۆپ بەھرىمەن قىلساق، بىز ئېرىشىدىغان بەختمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

قادىر ئابدۇللا جىگەر راكى بىلەن قازا قىلغانغا بىر قانچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ باشلاپ بەرگەن يول كۆمۈلۈپ قالمىدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە، سورۇن ـ سورۇنلاردا داستان بولۇۋاتىدۇ. مىجىت ھاجى، مەخەت ئېلى ھاجى، پاتىگۈل ۋە سېرىقبۇيا بازىرىدىكى يۈزلىگەن سېخىي، كۆڭلى ئاق، مەرد كىشىلەر ھېلىھەممۇ نامراتلارغا ۋە قىيىنچىلىق تارتىۋاتقانلارغا ياردەم بېرىشنى ئۈزۈپ قويغىنى

يوق، ھەسەنجان ئابدۇكېرىم ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، رولىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇردى، ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈمىدىنى، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى قوشۇنىدىكى خادىملارنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى 286 مىڭ 645 نوپۇس ئىچىدىكى 82 مىڭ نامرات كىشى ئارىسىدىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 20 مىڭ 78 كىشى ۋە تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان 9804 كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئېغىزلار بويىچە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش خىزمىتىمۇ ناھىيە بويىچە كەڭ قانات يېيىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۇتۇقلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق پەزىلەت ۋە كۆيۈنۈش قادىر ئابدۇللا كۈتكەن ھەقىقي بەخت ئىدى!

2001 ـ يىل 11 ـ ئايدا يېزىلدى،
2005 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۈزىتىلدى.
قەشقەر ـ سېرىقبۇيا

www.uyghurkitap.com





قادىر ئابدۇللانىڭ پائالىيەتلىرىدىن
كۆرۈنۈشلەر

















## ساخاۋەتچىلەر پائالىيەتلىرىدىن
## كۆرۈنۈشلەر

0998—6212135

13899118355





# چىرايىڭىزدا

ئادەمنىڭ چىرايى ھەممىنى بەلگىلەپ بەرمەيدۇ، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولىدىغان نۇرغۇن يوشۇرۇن، ئاشكارا نەرسىلەرنى، بەخت ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چىراي ئادەم تېنىنىڭ مەركىزىي مەيدانى. شۇڭا، ئادەم باشقا تۆردىكى مىجەز - خاراكتېرى ئارقىلىق گۈزەل بولۇش بىلەن بىر چاغدا، چىرايىدىكى ئىپادىسى بىلەنمۇ گۈزەل ، چىرايلىق بولالايدۇ.

چىراي ھەققىدە گەپ بولسا، ھەر خىل چىرايلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. لېكىن، بىز ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ سەت ياكى چىرايلىق دەپ باھا بېرەلمەيمىز. پەقەت ئىچكى - تاشقى بىرلىك ياراتقان گۈزەللىكنىلا ھەقىقىي چىراي گۈزەللىكى دەپ قارايمىز. ئىنچىكىلەپ قارىساق، چىرايى سەت ياكى چىرايلىق بولسۇن، ماھايەتتە ئۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىر خىل ئەينەك بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاشۇ ئەينەككە چوڭقۇر مەزمۇن، مەنىلەر سىڭگەن بولىدۇ. ئاشۇ مەنبەلەرنى سۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى بىلسىڭىز، ئېنىقكى، ئۇ تۈگىمەس بايلىق بولۇپ يارىلىدۇ. ئۇ مەنبە چىراي گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دەسمىي كەتمەيدىغان ھەم ئەڭ چوڭ بايلىق يارىتىدىغان ئالتۇن جامغا ئوخشايدۇ. سىز پەقەت چىرايىڭىزنى تەبەسسۇم ۋە سەممىيەتنىڭ نۇر - جۇلاسى، تەبىئىي ئىنكاسى بىلەن بېزەپ تۇرالىسىڭىزلا، كىشىلىك ھاياتىڭىزدا مەڭگۈ سۆيۈملۈك ، چىرايلىق كىشى بولالايسىز. ئەكسىچە بولسا مىڭ جانان چىنىدەك چىراي، تەقى- تۇرق بولسىمۇ، سۆيۈلۈشتىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىگە نائىل بولالمايسىز.

چىرايىڭىزدا تەبەسسۇم بولسۇن، ئۇنى پۇلغا سېتىۋالمىڭىزمۇ بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۇچۇن ئازراق ھېسسىي ھاياجان ۋە خۇش پېئىل كەيپىيات دەسمىي سېلىپ قويسىڭىزلا كۇپايە. چۈنكى ئۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بەخت يامغۇرى، بۇ يامغۇر سىزنى پات- پات يۇيۇپ تۇرسۇن، باشقىلارنىمۇ يۇيۇپ تۇرسۇن. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم بەخت يامغۇرىغا، تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان چىرايغا تەشنا!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ئامبىرى

# ئادەم ئەسلىدىنلا گۈزەللىك ئىلكىدە

## مۇقەددىمە

دوستۇم، سىز گۈزەللىكنى نەلەردىندۇر ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ. ئۇ سىز بىلەن بىللە، چۈنكى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزى بىر گۈزەللىكنىڭ ناماياندىسىدۇر. ھايات دېمەك، گۈزەللىك دېمەكتۇر. نېمىشقا دەمسىز ؟ پەقەت ھاياتلىق بولغاندىلا گۈزەللىك بولىدۇ، ئۇ ئەزەلدىنلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلىپ كەلدى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. ئەمما، گۈزەللىك سىزنىڭ قانداق ياشارتىشىڭىزغا بېقىپ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالايدۇ، قانداقتۇر ئۇ ئەزەلدىنلا بولغىنى بىلەن قەدىرلىك بولغان ئەمەس!

گۈلباھار مەتنىياز يەكۈنلىگەن بۇ تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزلەر ئۇ ئىگىلىك تىكلىگەن «گۈزەللىك دۇنياسى چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش ئورنى»دىن ئىبارەت كىچىككىنە رۇجەكتە تەۋەللۇت بولغان، ئەمما بۇنىڭ زادى قانچىلىك ئاساسى بار ؟ ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىدىكى ئىزدىنىشى، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە گۈزەللىكنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىشىمىز، ھاياتقا، تۇرمۇشقا، ھەربىر ئىشقا قايتىدىن مۇھەببەت باغلىشىمىز مۇمكىن...

## يول ھامان چىقىدۇ

1992 ـ يىلى گۈلباھارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئىش يۈز بەردى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىش ئورنى ۋەيران بولۇش گىردابىدا «جان تالىشۋاتاتتى». بۇ ئىش گۈلباھارنىڭ بېشىنىڭ ئىچىنمۇ ـ تېشىنىمۇ قاتۇردى. ئىش ئور ـ

نىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ چىقىش يولى مەڭگۈ بولمايدىغاندەك، نېمە ئىش قىلسا ئاقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ خۇددى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغاندەك، دەرەخنى قويۇپ قويۇلغان شوتىنى كىمدۇر بىرى تارتىۋېتىپ، تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىشلەۋاتقان ئىش ئورنىدىن قېلىش ئۇنىڭغا ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۈچىدىن يىقىلىپ چۈشكەندەك ئېغىر ئازاب، نومۇس ئېلىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى...

— بولدى، ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، ئىشنى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن، يىل بويى بىكارغا ئىشلەۋاتىمەن، بۇنى ئاز دەپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلغىلى بولمىغانلىقتىن، قەرزدار بولۇپ قېلىۋاتىمەن، بۇ ئۆزىنى — ئۆزى نابۇت قىلغانلىق، ئۆمرىنى خاراب قىلغانلىق بولماي نېمە؟ زاۋۇتنىڭ نېنىنى يېمىگەن ئادەمدىن قايسىبىرى ئاچ قاپتۇ؟ ساتىراشلىق قىلىپمۇ بولسا كۈن ئۆتكۈزەرمىنا؟...

گۈلباھارنىڭ بۇنداق قايىنىشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئۇ دېگىنىنى قىلدى...

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مېۋە-چېۋىگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى ئەينى يىللاردا تازا روناق تاپقان كارخانا ئىدى، كېيىنكى يىللاردا ئۇ بازارنىڭ شاللىشى، بولۇپمۇ بۇ خىل كارخانىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ قالاق بولۇشى، باشقۇرۇش، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە زامانغا لايىقلىشالماسلىقتەك بىر قاتار سەۋەبلەردىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان گۈلباھار قاتارلىق ئاچا — سىڭىللارنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ئۆز — ئۆزىنى قۇتقازمىسا، ئۆزىگە ئۆزى چىقىش يولى تاپمىسا بولمايدىغان بىر خىل خىرىس بېشىغا كېلىپ قالدى. نۇرغۇن خىزمەتچىلەر بۇ يەردىن ئۈمىد كۈتۈپ، داش قازاندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى، ئۇلار بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىكى شتاتىنى ساقلاپ، كارخانا روناق تاپقانغا قەدەر سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ بېقىش كويىغا چۈشتى. ئەمما، گۈلباھار بۇ يەردە قۇرۇق ئۈستىخان بولۇپ، ھاياتىنىڭ، ئۆمۈرنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى — دە، مېھرىنى ئۈزۈپ تىجارەت قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ دەل 1993 — يىلى ئىدى، ئۇ شتاتىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن كارخانىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە باردى. ئۇ، ئۇ يەردە تاكى 1997 — يىلىغا قەدەر ھارۋا سۆرەپ يۈرۈپ مېۋە — چېۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تىجارەت ئائىلە كىشى ئۈچۈن تولىمۇ جاپالىق ئىش بولۇپ، تومۇز ئىسسىق بىلەن قەھرىتان سوغۇقنىڭ دىشۋارچىلىقىنى تارتقانغا قارىغاندا، پايدىسى ئاز، كەسپ خاراكتېرى تۆۋەن تىجارەت ئىدى. ئۇ بۇ تىجارەتتىمۇ تۇرمۇشنى يېتەرلىك كاپالەتكە ئىگە قىلالماي،

بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى، ئۇ يا ئۆگزىگە چىقالماي، يا پەسكە چۈشەلمەي ئارىلىقتا تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئاخىر بىرەر مۇقىم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنى ئۆگىنىش، ۋايىغا يەتكۈزۈش قارارىغا كەلدى، دوستلىرى ئۇنى تىككۈچىلىكنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى، گۈلباھار بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم ئويلاندى، جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان، ھەممىشە داۋاملىشىۋاتقان كەسىپلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خۇددى ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك، ساتىراشلىق كەسىپىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالدى.

— تووۋا، تووۋا، — دېدى ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۇۋاپىق كۆرمەي زەنجىپ، — قىز بالا ساتىراشلىق قىلسا نېمىدېگەن سەتچىلىك ـ ھە ؟!

ئەزەلدىن ئايال ساتىراشنى كۆرۈپ باقمىغان تۇغقانلىرى بىردەك قارشى تۇردى.

— مەن باشقىلار قىلىپ باقمىغاننى قىلىپ باقماقچى، مەن باشقىلارغا يېلىنىپ قاچانغىچە ياشايمەن ؟...

ئۇنى توسىدىغانلار رىغبەتلەندۈرگۈچىلەردىن كۆپ بولۇپ چىقتى، ھەتتا ئۇ بۇ تۇيەيلى ئايرىم زىددىيەتلەرنى تېپىۋالدى...

ئەمما، ئۇنىڭغا ئېتىلغان قارشىلىق ئۇقلىرى كار قىلمىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، داڭلىق ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساش ئورۇنلىرىدىن بىرىگە كىرىپ، پۇل تۆلەپ شاگىرت بولدى، ئۇ ئەستايىدىل، قولى چېۋەر، رەتلىك بولغاچقا، تېز ئارىدىلا قولى يۇمشاپ قالدى.

# تۇنجى ئاش

ئۇ بۇ كەسىپتە روناق تېپىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش، تەربىيىلىنىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، 1998 ـ يىل ئۈرۈمچىدىكى پەرھات ـ شىرىن چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش مەركىزىگە بېرىپ ئوقۇشقا كىردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى ھەر تەرەپلىمە قوللاپ ياردەم بەردى. ئىككى يىللىق جاپالىق ئوقۇش ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ دەرس ئاڭلاپ، قاتتىق مەشىق قىلىپ، ۋاقتىنى، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قەدىرلەپ، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلەش ئۇنۇمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈردى، ئۇ-

نىڭ ئىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تاكسى شوپۇرى بولۇپ، پۇل تېپىپ، تۇرمۇشى راسخو-تى ۋە گۈلباھارنىڭ ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش راسخوتى ئۈچۈن ھەمدەم بولىدى. ئو-قۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى گۈلباھارنىڭ تىرىشچانلىقى، قەتئىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى «بەك بىلىدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى ئىلھام ۋە رىغبەتكە ئىگە قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا قىيىن دەپ قارىغان ئەمەلىي ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، مەشىق تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدۇردى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھۆسن تۈزەش، چاچ ياساشنىڭ مۇرەككەپ، قىيىن نۇقتىلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل باغلىرىدىن ئۆرۈن ئالدى... چېۋەر قوللىرىنىڭ بارماقلىرى ئەندىز ئې-لىۋالدى. بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭدەك ئۆگىنىش ئىلھامىغا، قەتئىي نىيەت-كە كەلدى. گۈلباھار مانا مۇشۇ جەرياندا كۈچلۈك ئەقىدە، كەسىپكە بولغان مۇھەببەت-نىڭ گۈللىگەنلىرىدا كۆيۈپ، ھايات مۇساپىسىدە كىشىلەرگە ھەممىشە گۈزەللىك ئاتا قى-لىشتىن ئىبارەت سۆيۈملۈك ئىشقا ئېرىشكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم تونۇپ يەتتى ۋە كۈچ-لۈك ھاياجان بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ كەسىپنى ئىنتايىن توغرا تاللىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كىشى-لەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى، ئۇنى مەڭگۈ سۆيۈش-نىڭ ئەڭ زور بەخت ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى.

ـــ سىزنى مەركىزىمىزدە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالماقچى، ـــ دېدى ئوقۇتقۇچىلى-رى ۋە تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى گۈلباھار مەكتەپ پۈتكۈرۈش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە، ـــ شارائىتىڭىزنى سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ياخشىلاپ بېرىمىز، ئىش ھەققى، تۇرمۇش تەمىناتىدا ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆلچىمىنى تەت-بىقلاپ ئىش كۆرىمىز.

بۇ گەپلەر ئۇنى ھاياجانغا سالدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن زور بەخت ئىدى، بۇنداق بەخت دېگەنلا ئادەمگە، دېگەنلا چاغدا مەنسۇپ بولمايتتى. ئۇ يۇرتىنى چىڭ تۇتۇشى، تۇنجى كەلگەن ئاشنى دەرھال ئېلىشى كېرەك ئىدى. نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ جاپالىق ئۆگە-نىش، تەر ئاققۇزۇشىنىڭ نەتىجىسى، باھاسى چىققاندى، ئۆزىنى ئۆزى قوتقۇزۇش سەپىرىنىڭ بۇ ئۇتۇقى ئۇنىڭ ھەممە ھاردۇقىنى چىقاردى. ئۇ بۇ چاغدىكى ھاياجان تۈپەيلىدىن ئاق ياكى كۆك دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ، ئويلىنىشتىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغان بولدى...

ـــ راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمغا كەتكۈم بار، ـــ دېدى گۈلباھار سە-

مىمىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ــــ مەن ئۆرۈمچىدە نى ـ نى ئىشلارنى قىلىشىم مۇم- كىن، ئەمما يۇرتۇمدىمۇ نى ـ نى ئىشلارنى قىلىدىغانلار بولمىسا بولمايدۇ. بىر مۇنچە دوستلىرىم ئىشسىزلىق، تۇرمۇشتىكى چىقىش يولىنى تېپىش ھەلەكچىلىكىدە ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاش ئادەملەرگە بەكمۇ موھتاج. ئۇلارغا مېنىڭ كىچىككىنە پايدام تەگسە ، ياردەم بېرەلىسەم، خۇش قىلسام، مەن ئاندىن ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كەسپىم ئارقىلىق كىشىلەردىكى بۇ كەسپكە بولغان سەلبىي قاراشنى ئۆزگەرتسەم دەيمەن! ... سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت. ما- ڭا قىلغان ئەجرىڭلارغا مىڭ ـ مىڭ رەھمەت!

ئۇ شۇنداق قىلدى، 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ئۇ بىر قانچە كۈن تەييار- لىق قىلىپ ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بارىن يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىناسىنىڭ ئاستىدىكى «چاچ ياساش، ھۆسن تۈزۈش دۇكىنى »نى ئاچتى، داغدۇغىسى يوق ئېچىلغان بۇ دۇكاننىڭ داڭقى شۇ كۈنىلا ناھىيە ئىچىگە پۇر- كەتتى، ئىللىق چىراي، خۇش پىچىم بۇ چوكان بىر قولىنى ئىككى قىلالماي، خېرىدار- لىرىغا يېتىشەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىدى، تۇنجى كۈنى ئۇ نەچچە ئون ئايالنىڭ چېچىنى ياساپ يولغا سېلىپ قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۆتكەن ھاياتىدىكى قىيىن مىنۇتلارنى، مېۋە ـ چېۋە كارخانىسىدىكى ۋە ھارۋا سۆرىگەن يىللاردىكى ئاۋا- رىچىلىكلەرنى، كىشىلەرنىڭ بۇ ناھىيىدە ساتىراشلىق ئاقمايدۇ، دەپ توسۇشلىرىنى، كەمستىش بىلەن قىلغان مەسخىرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزۈپ چىققانلىقىنى ئويلاپ، ئىچ- ئىچىدىن خۇشال بولدى، كۆ- زىگە ئىسسىق ياش ئالدى. شۇ كۈنى غەللە ساندۇقىغا كىرگەن 140 يۈەننى قولىغا ئې- لىپ، تۇنجى تىجارەتنىڭ بۇ كىرىمىدىن، تۇنجى تەگكەن ئاشتىن كېلەچىكىنى، پارلاق تۇرمۇش يولىنى كۆرۈپ، ئېپتىخارلىق ئىچىدە كىملەردىندۇر پەخىرلەندى... كىملەر- گىدۇر تەشەككۈر ياغدۇردى... ئۆزىگە شۇنداق جاسارەت ئاتا قىلغان مۆجىزىلەرگە ئاپىرىن ئوقۇدى...

## گۈزەللىك سىز بىلەن بىللە

ــــ ئاداش، سىلى نېمشقا شۇنچە چىرايلىق ؟

گۈلباھار كۈلۈپ كەتتى، بۇنىڭغا چاقچاقنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەرسىمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇ بۇنى تۇرمۇشقا باغلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى ــ دە، تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى :

ــ مەن ھاياتنى سۆيىمەن، تۇرمۇشنى سۆيىمەن ۋە قەدىرلەيمەن. ئادەم گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى، بۇنى بىلگەن ئادەم مەڭگۈ چىرايلىق، گۈزەل بولىدۇ!...

ــ ۋىيەي، ما ئاداشنى ؟ ئانام مېنى شۇنداق چىرايلىق، گۈزەل تۇغۇپتىكەن، دەمتىكىن دېسەم، باشقا ياققا ئېلىپ كەتتا ؟!

ــ ئاناڭلا سېلىنىمۇ چىرايلىق، شۇنداق ئوماق تۇغقان ئاداش، دۇنيادا ئادەمدەك چىرايلىق تۇغۇلىدىغان مەخلۇق يوق! تۇغۇلغاندىن كېيىنكى چىرايلىق، گۈزەل بولۇش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يارىتىشىدا بولىدۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ئاداش، قاچانمۇ سىلىدەك چىرايلىق، بىر خىل يۇرىدىغان بولارمەن ــ ھە ؟

ــ نېمە دېگىنىڭلا بۇ ؟

چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش دۇكىنىغا كىرگەن بىر خېرىدارنىڭ گۈلباھار بىلەن بولغان پارىڭى شۇ يەرگە كەلگەندە،خېرىدار چوكان بىر خىل غەمكىنلىك بىلەن ئۇھ تارتتى، گۈلباھارمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى ــ دە، يەنە بىر خېرىدارنىڭ ياساۋاتقان چېچى بىلەن بەند بولدى. بىر كەمدە ھېلىقى چوكان تارتىنىش بىلەن جاۋاب بەردى :

ــ بۇنداق دېسەم، خاتا چۈشىنىپ قالماڭلا، سىلىگە ھەسەت قىلىۋاتقىنىم، چىدىمايۋاتقىنىم يوق. ئېرىم دېگەن ئادەم مەندىن بىزار بولۇپ تالاغا قارىۋالدى. مايمۇندەك ياسىنىۋالغان ئالبۇلىماچ قىزلارنى، چوكانلارنى كۆرسە يۈزۈمدىن يۈزۈمگە «بولىدىغان نېمىكەن» دەيدۇ، جاھاندا بارمۇ ــ يوق بولۇپ كېتىمەن... ئۆزۈمنى تۈزەيمەن دەپ ئالمىغان گىرىم بۇيۇملىرى قالمىدى، بەزىلىرى رېئاكسىيە بېرىپ، يۈز تېرىلىرىم بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەتتا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ساقايدىم. ئېرىم نېمە دەيدۇ، ھەرقانچە قىلساڭمۇ بىربىلىڭ شۇ، قازاننىڭ ئاقارغىنى نەدە بار، دەپ مازاق قىلدى... جېنىم چىقىپ كەتمىدى، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدىم، ئۆيدىن چىقىپ كېتەي دېسەم، موككىدە كىرىۋالىدىغانلار بار. ئەر كىشى دېگەن يۈزسىز خەق، مەھكەم ئولتۇردۇم...

ــ ھەي، ئەخمەق چوكان، بۇنچە قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ گىرىم بۇيۇمى

ئېلشىنىڭ، ئېرىمگە چىرايلىق كۆرۈنىمەن، دەپ ئۇرۇنۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئادەم گۈ-زەللىكنى تاشقى تەرەپتىن ئەمەس، ئىچكى جەھەتتىن ئىزدەش كېرەك. لۇتپۇللا مۇتەل-لىپ: «بۇياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» دېگەن، ئەرلىرى سىلىنى سەت كۆرگەن بولسا، بىرقانچە تەرەپتىن سەۋەبىنى ئىزدىسىلە. مەسى-لەن، ئائىلىدە قانداق كىيىندىم، سىرتلاردىچۇ؟ ئېرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلدىم؟ يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك؟ باللارغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولدۇم؟ سىرتلاردىچۇ؟ ... دېگەندەك. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردا ھەممىشە بىر خىل بولسىلا، ئۇ چاغدا ئەرلىرى سىلىدىن قۇسۇر تاپالمايدۇ. مۇھىمى، گەپ سىلىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى تۇرمۇشقا تۇتقان مۇئامىلىلىرىنىڭ تەرتىپلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىدا. بۇ ئەرلىرىنىڭ سىلىدىن يىرگىنىش- يىرگىنمەسلىكىدىكى مۇھىم ئاساس. بۇ ئىشتا ھەقىقەتەن نۇقسان بولسا، ئەرلىرىنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساس بولۇپ قالىدۇ ـ دە، تالاغا قاراپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشۇمچە ئامىللارمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يۇقىرى-دىكى نۇقتا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ دورىسى مۇنداق: ئائىلىدىمۇ، سىرتلاردىمۇ دائىم بىر خىل كىيىنىش كېرەك، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى رەڭ ـ بۇياقتا ئەمەس، كىيىم ـ كېچەكلەرنى پاكىز، رەتلىك كېيىشتە بولىدۇ، بەزى ئاياللار تالادا ئۇپا- ئەڭلىكلەرنى بولۇشىغا سۈركەپ، كىيىمنىڭ مودا ـ نوچىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، ئۆزىگە كىر قوندۇرماي قېتىۋالىدۇ، بۇ خىل قاتماللىق شۇ كىشىنى بىلىدىغان ئادەمدە يىرگىنچ پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئاياللار ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن، پېتىدىن چۇشۇپ، ساڭگۇل ـ سۇڭگۇل كىيىملەرنى كىيىپ، خېپىمەچكە ئايلىنىدۇ ـ دە، سىرتقى قىياپىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇ سىرتتىكى كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت رەڭۋازلىقنى ، شەكىلۋازلىقنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ ھال ئەرنىڭ كۆڭلىدە خوتۇنۇم نېمىشقا باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە ئامراق؟ دەيدىغان گۇماننى پەيدا قىلىپ قويىدۇ... ئايال كىشىنىڭ ئەر بىلەن تۇرىدىغان ۋاقتى ئائىلىدە كۆپ بولىدۇ، ئا-يال كىشى ئائىلىدە ھېلىقىدەك بولۇۋالسا ئەرنىڭ كۆزىگە غەيرىي كۆرۈنۈشى، گۇمان پەيدا قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟ ... ئايال بولغۇچى ئائىلىدە قىزغىن، سەممىي، ئەستا-يىدىل بولغاندىن تاشقىرى، سىرتتىكىگە ئوخشاش پاكىز بولۇپ، پاكىز كىيىنىشى كې-رەك، كونا بولسا ئېغىر كۆرمەي پاكىز يۇيۇپ، چىرايلىق دەزماللاپ تۇرۇش، ھەدېگەن-

دە ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەك، ئۇپا ـ ئەڭلىك، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئېغىر چىلىقلارنى سالماسلىق، قىزغىن، سەمىمىي يۇسۇندا ئائىلىنىڭ، ئەرنىڭ خىزمەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، گۈزەللىكنى ئىدىيە ۋە بارلىق ھەرىكەتتە ئىپادىلەش كېرەك...

بۇنداق ھاجەتمەن قىزلار، ئاياللار گۈلباھارنى ھەمىشە ئىزدەپ كېلەتتى، ئۇ ئاددىي، تولىمۇ ئاسان ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا تەربىيە بەرگەندىن باشقا، چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەتتى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئۆيسىز بولۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان 20 نەچچە جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىن ئىشىنى چىقىمسىز ھەل قىلىپ قويدى، نۇرغۇن قىزلارنىڭ چېچىنى ياساپ، چىرايىنى تۈزەشتۈرۈپ تاشقى گۈزەللىكنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ قويدى ۋە ئۇلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، سەمىمىي بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ يول كۆرسىتىپ، تەجرىبە سۆزلەپ بېرىپ، كىشىلىك تۇرمۇش گۈزەللىكى يارىتىشقا تۈرتكە بولدى، يەنە بىرقىسىم خانىم ـ قىزلارغا كەسىپنى سۆيۈشنىڭ خاسىيىتىنى، ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئەخلاققا يات كەلمەيدىغان، نەپ ئالغىلى بولىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، قاتمال ئىدىيە ۋە سەلبىي قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇردى.

— بەزى قىز ـ چوكانلارنىڭ سۆلىتىنى كۆرسە ماشىنا تارتالمايدۇ، ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، مەينەتچىلىكتىن ئادەمنى ھۆ تۇتىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ئەتكەن تامىقىنى يېسە ئادەمنىڭ كۆڭلى ئايلىنىدۇ، — دەيدۇ گۈلباھار ھەمىشە گۈزەللىك توغرىسىدا گەپ بولغاندا. — بۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزدە مەۋجۇت ئەھۋال، بۇ دەل شۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىنىڭ يوقلۇقىنىڭ، يەنى قەلبىدە گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. دەل مۇشۇنداق ئاياللار تېخى سەھەردە ئورنىدىن تۇرمايدۇ، ئاخشىمى بالدۇر يېتىۋالىدۇ، ھۇرۇنلۇقى بىلەن ئائىلىسىنى ئېغىلنىڭ ئورنىدا قالايمىقان تۇتىدۇ. يەنە بەزى ئاياللار باركى، ئۇ شۇنداق ئاددىي ـ ساددا، ئائىلىسى ئىناق، ئېرى تالاغا قارىمايدۇ. سەۋەبى: ئۇنداق ئاياللاردا ئائىلە ئەخلاقى، چىن گۈزەللىك تۇيغۇسى بولىدۇ، تاماقنى تۇجۇپلەپ ئېتىدۇ، ئۆي ئىچىنى شۇنداق پاكىز، رەتلىك تۇتىدۇ، كەڭ قورساق، دىيانەتلىك، تېجەشلىك، قەيسەر، تىرىشچان، مەمەدان ئەمەس، بۇنداق ئاياللار ئاشۇ خىل پەزىلىتى بىلەن ئۆزىنىڭ چىن بەختىنى، ئائىلىسىدە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تاپقان بولىدۇ... ۋايىسغان قىز ـ چوكانلار نېمىشقا ئۇلار قىلغان ئىشلارنى قىلالمايدۇ؟ ئەمەلىيەتتە قىلالايدىغۇ؟

# خاسىيەتلىك كەسىپ خاسىيىتىدىن

گۈلباھار ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچ سائەت 11 — 12 گىچە دۇكاندىن ئايرىلماي ئىشلەيتتى، ئۇنىڭدا بۇنداق ئادەتنىڭ يېتىلگىنىگە 10 يىلغا يېقىن بولدى. ئۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن سەرگۈزەشتىنى تەجرىبە قىلىپ توپلاپ بەردى. ئۆيى بىلەن دۇكىنىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ، ئۇ ئائىلىسىدە خىزمەتچى توختاتمىدى، ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئائىلىدىكى تۆت نوپۇسقا ناشتىلىق بېرىپ، ئىككى بالىسىنى مەكتەپكە جابدۇندۇراتتى، تازىلىق قىلاتتى، يىغىشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىرياقلىق قىلاتتى، ئاندىن يەنە ئۇدۇل ئىش ئورنىغا باراتتى ـ دە، كۈن بويى ئۆرە تۇرۇپ، چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش بىلەن بەند بولاتتى، بەزىدە چۈشلۈك تاماقنىڭ ئورنىغا قۇرۇق نان يەتتى، كۆپ ھاللاردا ئۇ ئۆيىگە كەچ قايتاتتى، شۇنداق چاغلاردىمۇ ئېرى ياكى بالىلىرىنىڭ تاماق يېگۈسى بولسا ئېغىر كۆرمەي، ئېتىپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتىسى يەيدىغان تاماقلىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ دەزماللاپ قوياتتى. بۇنداق خىزمەت ئۇنى كۆپ قېتىم چارچىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنى ئىشسىزلىقنىڭ ئازابىدىن مىڭ ئەۋزەل دەپ قاراپ، روھىنى چۈشۈرمىدى. ھەر يىلى كۈز كەلسە ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ئىش ھەسسە ـ ھەسسىلەپ ئاۋۇپ كېتەتتى، بۇ مەزگىلدە ئەۋج ئالىدىغان تۈرلۈك توي ـ مۇراسىملارنىڭ خېرىدارلىرى كېچە ـ كېچىلەپ چاچ ياساتاتتى، ھۆسن تۈزەشتۈرەتتى. بەزىلەرگە بىر ھەپتىدە، بەزىلەرگە 10 كۈندە نۆۋەت كەلسىمۇ، ئۇ ساقلاپ تۇرغان خېرىدارلىرىغا چىن ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، قولى قانچە بېسىق بولسىمۇ، ھۈنىرىنى بۇزماي، ئەستايىدىل ئىشلەپ، تۈجۈپىلەپ چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەشتىكى چېۋەرلىكىنى نامايان قىلاتتى. شۇڭا، كېيىنچە ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئۆز ئورنىدىن ھالقىپ، قەشقەر شەھىرىگە قەدەر كېڭەيدى. ئۇ تىجارەت جەريانىدا خېرىدارلىرىدىن يۇقىرى ئىش ھەققى تەلەپ قىلمىدى، بەرسە ئالدى، بەرمىسە قىستىمىدى، ئاياللارنىڭ يۈز، تېرە قىسمى قاتارلىق نازۇك ئەزالىرىدا پەيدا بولغان غەيرىي نورمال كېسەللىكلەرگە قولىدىن كېلىشىچە مەسلىھەت بەردى. داۋالاش، پەرۋىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى روھىي ئازاب، كەمسىتىش-

تىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ بىر قانچە يىل جەريانىدا 30 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان قىزنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى مۇكەممەل ئۆگىتىپ، دۇكان ئايرىپ، ناھىيە بازىرى ئىچىگە دۇكان ئېچىپ بېرىپ، تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ 250 ئادەم قېتىم تۇرمۇش ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئائىلىۋى مۇ-ناسىۋەت، ئائىلە ئەخلاقى ، يۈرۈش ـتۇرۇش، مەدەنىيەت قاتارلىق بىر يۈرۈش كىشى-لىك مۇناسىۋەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى، يول كۆرسەتتى. نامراتلارنى يۆلەش، خالىس ياردەم قىلىش، باج، بازار باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشتا ئىزچىل باشلامچى بولۇپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال كارخا-نىچى بولۇپ قالدى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرى ۋە تەقدىم قىلغان تاشقى سالاپەت گۈزەللىكى بىلەن قەلبىدىكى ساپ گۈزەللىكىنى، قەلبىدىكى يۈكسەك تىلەكلەرنى روياپقا چىقىرىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ كىچىك، ئاددىي ئىشلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى تاپالايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى.

## خاتىمە

شۇنداق، ئادەمدە گۈزەللىك قانچە كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. گۈزەل قەلب، گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل مەدەنىيەت، گۈزەل ئىدىيە ھەربىر ئادەم يارىتىشقا تېگىش-لىك بۇرچ. بۇ بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ۋە ئاڭ كىشىلەرنى ئىنسانىي ئەخلاق، ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە قىلىدۇ. گۈلباھار كىچىككىنە روجەكتىن كىشىلەرگە تەقدىم قىلغان گۈزەل تۇيغۇلار ھالا بۇگۈن ئۇلغىيىپ، «ساتىراش» تىن ئىبارەت كىشىلەرگە غەيرىي ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇمغا زىننەت ئاتا قىلدى، ھازىر ئۇ كىشىلەرگە بارا ـ بارا ئۇنداق ئاڭلانمايدىغان، ھەتتا كىشىلەر تەلپۈنىدىغان كەسىپكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ نېمە ئۈ-چۈن ؟ چۈنكى، كىشىلەرگە بىر ئىش، بىر كەسىپنى توغرا چۈشىنىش ـقوبۇل قىلدۇرۇش-نىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇنى جەمئىيەت ۋە خەلققە خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەردى!...

2002ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى، قەشقەر

## گۈلباھار مەتنىيازنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

**0998 — 6575556**

**13565388575**













www.uyghurkitap.com



# نىيەتنىڭ ئەلالىقى

ياخشى نىيەت ــ ياخشىلىق ئويلاش، نىيەتنى ياخشى قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە نامايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خالىس ئىش قىلىش، لىللا، توغرا بولۇش، ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سەممىيلىك بىلەن كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش نىيەتنىڭ ئەلالىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ھەمىشە ھەر تۈرلۈك ئىشلار، سۆز- ھەرىكەتلەرنى ياخشى تەرەپكە بۇراشقا تىرىشىدۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۆزىنىڭ شەخسىيتى ئۈچۈن ئەمەس، چىن دىلىدىن باشقىلارنىڭ ، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ۋە مەقسەت - مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرىدۇ؛ باشقىلارنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە مەنپەئىتى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان روھنى يارىتىپ ئۇلىنى پۇختىلايدۇ.

ھىممەتلىك بولۇش ياخشى نىيەتنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى، ئۇ كىشىلىك قىممەت يارىتىشتا ئىپسىل خىسلەتلەرگە تويۇنغان بولىدۇ، كەڭ قوللۇق، باشقىلارغا خالىس مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھىممەت، ساخاۋەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھىممىتى ئۇلۇغ، مېھرى - شەپقىتى شەرەپلىك بولىدۇ، بۇ خىل كىشىلەر ساپ قەلبنى قەدىرلەيدۇ، نەپسنى ئەڭ زور دەرىجىدە يىغىدۇ، روھنى ئاسرايدۇ.

كونىلاردا: « مىننەتلىك بايدىن ھىممەتلىك گاداي ياخشى » دەيدىغان ھېكمەتلىك نەقىل بار. نىيىتى دۇرۇس ، ھىممەتلىك كىشى ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئىبلىپ چىقالايدۇ، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقى ، ساخاۋىتىگە مىننەت قىلمايدۇ، بۇنداقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىرادىسى كۈچلۈك بولىدۇ، ھەرقانداق ياخشى نەرسىلىرىنى باشقىلاردىن ئايىمايدۇ، باشقىلار بىلەن ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى، ھەمنەپەس بولۇشنى، باراۋەر ياشاشنى چىقىش قىلىدۇ، شۇڭا روھى ئازاب تارتمايدۇ، جىسمانىيىتى خاراپلىققا دۇچار بولمايدۇ، ئەل ئارىسىدا ئىزى ئەبەدىي پارلاپ تۇرىدۇ.

نىيەتنىڭ ئەلالىقى ھەرىكەتتىكى پاساھەت ۋە كىشىلەرگە قىلغان ھىممەت ئارقىلىق بىلىنىدۇ، نىيىتى دۇرۇس ئادەمنىڭ يولى مەڭگۈ يورۇق، يۈزى مەڭگۈ نۇرلۇق، پېشانىسى مەڭگۈ ئوڭ، ئۇتۇقلىرى مەڭگۈ چوڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەمەندىن باشلانغان يول (1)

## كەڭ ئالىقان

## 1

شامال چىقسا ئەگىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.
قانداق قىلسا سەگىيدۇ،
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك ؟

كۆز ئايلىرىنىڭ ئايدىڭ ئاخشىمىدا ئوقۇلغان بۇ ناخشىنى كىچىك ئىبراھىم مۇسا ئوقۇغانىدى، ئۇنىڭ چاڭىلداپ ئوقۇغان ناخشىسىنى، ئاۋازىنى سەمەن تەۋەسىدە بىلمەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر، تۈرلۈك-تۈمەن، سەرخىل مېۋە - چېۋىلەرگە تولغان باغلاردىكى يوپۇرماقلار ئۇنىڭ ناخشىسىغا چاۋاك چالاتتى. شۇ تاپتا شىرنە باغلاپ پىشقان ئۈزۈم تاللارنىڭ ھىدى ئۇنىڭ ناخشىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ۋە جەزبىدارلىققا ئىگە قىلغاندەك تۇراتتى، ئەمما ئۇ بۇ ناخشىنى نېمىشقا تەكرار ھەم سۆيۈنۈپ ئوقۇيدىغاندۇ - ھە ؟!

XX ئەسىردە قەشقەر تۇپرىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ناخشىنى بىلەتتى، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئوقۇپ قەلبىدىكى ئوقچۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىيات ۋە كۈۋەجەپ تۇرغان كۆيلىرىنى ئۇنىڭ پاساھىتى بىلەن ئىزھار قىلغان، شۇنى ئويلىسا، ئۇنى ئوقۇغان ھەربىر ئادەم قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇغانلىقىنى، قانچە قېتىم تەكرار ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەي ئاڭلىغانلىقىنى، ھەتتا كىملەردۇر ئوقۇسا، يەنە كىملەردۇر ئۇنىڭغا جور بولغانلىقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. قەشقەردىن ئىبارەت قەدىمىي تۇپراقتىكى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئوقۇلۇپ كې-

لىۋاتقان بۇ ناخشا زامان ـ زامانلارنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇ ئۇيغۇرنىڭ تۇپرىقىدىن، ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىدىن، ئۇيغۇرنىڭ ئۇزاق يىللىق ھايات، تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىن يۇغۇرۇلغان ۋە ئىچكى دۇنياسىدىن تۆكۈلگەن دۇردانە، سانسىز كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە چېتىپ، مۇراد ـ مەقسەت ھاسىل قىلدى، ئاشۇ ناخشىنى ياراتقان ئانا تۇپراق ـ ناخشىچىلارنى يارىتىش بىلەن بىر چاغدا، ناخشىغا خۇمار بولغۇچىلارنى ھەم ناخشىنى بېيىتقۇچىلارنىمۇ ياراتتى. ئۇلار زاماننىڭ رەپتارىدىن ھالقىپ، ئىجاد ـ ئىختىراچىلار يولىنى تېپىپ، كۆڭۈل ئارامىلىرىنى ۋىسالنىڭ يېڭى تاڭلىرى ۋە گۈلشەن باغلىرىغا تەكلىپ قىلدى. ئاشۇ چاغدا ئوت يۈرەك سەمەن ئەۋلادلىرى:

شامال چىقسا ئەگىيدۇ،
سەمەن يولىدا تېرەك.
ئانچە ـ مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

دېگەن سادالىرى بىلەن ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. بۇ يېتەرلىك بولغانمىدۇ؟ ئەمما، بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ مەزمۇنلارنى كىملەردۇر قوشقان بولسىمۇ، دەۋر بۇنى مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئالبومىغا نەقىشلىۋالغانىدى. ئۇ توختاۋسىز كۈۋەجەيتتى، توختاۋسىز جەۋلان قىلاتتى.

ھەي، ئۇيغۇر ناخشىسى، ئۇيغۇر ناخشىسى، سەن نېمانچە سۆيۈملۈك، جەلپكار ھە! سەندە ھەربىر دەۋرنىڭ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىزناسى بار! ئۇنىڭدىكى گۈزەل ھېس-تۇيغۇلار سەمەندىن ئىبارەت ئانا يۇرت كۆرۈنۈشىگە مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭ ھەربىر قۇرىدىن كىشىلىك تۇرمۇشنى، يەنە شۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىن ھاياتنىڭ ئەگرى ـ توقاي، مۈشكۈل، جاپالىق كارتىنىسىنى، مانا مۇشۇ كارتىنىلاردىن دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ مەلۇم قىسمىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئىنتىلىش ئىچىدىكى ئاجايىپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلىرىنى، ئاشۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ۋىسال پەيتلىرىدىكى ئەڭ نازۇك، ئالەمچە تۇيغۇ ـ ھېسلىرىنى نامايان قىلدى.

XXI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ ناخشا مودا ناخشىلارنىڭ قاتارىدىن چۈ- شۈپ قالمىدى. ئەمما، ھەسرەت ــ نادامەتلىك ئىپادىلەشنىڭ كىشىلەردىن قوزغالغانـ لىقتىنمىكىنتاڭ، ئەينى زاماندىكى سەمەن خەلق ناخشىسىدەك ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە، تەرەپ ــ تەرەپتە ئاڭلانمايدىغان، ئەمما بەزمە ــ مەشرەپلەردە ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇلىدىـ غان ناخشا بولۇپ قالدى. بىراق، ئاشۇ ناخشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنى يارىتىپ، بۈگۈنى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسىنى ھېچكىم ئىنكار قىلا- مايتتى. بۇ ناخشىنى يېرىم ئەسىر ئوقۇغان، ئاڭلىغان، ئۇنىڭ تەكرار ئوقۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا پەقەت ۋە پەقەت قانماي كېلىۋاتقان ئىبراھىم مۇسادەك سەمەن يىگىتلىرىمۇ مۇشۇنداق بىر يولنىڭ بارلىقىنى ئاشۇ ناخشىدىن ھېس قىلغانىدى. ئىبرا- ھىم مۇسا بۇ ناخشىنى كىچىككىنە چاغلىرىدىلا مەنىسىنى بىلىپ ــ بىلمەي، كىشىلەرگە ئەگىشىپ ئوقۇغانىدى. شۇنچە يىل ئوقۇش جەريانىدا، ئۇنىڭ ھەممە ۋارىيانتلىرىنى باشقىلار بىلەن بىللە ئىجاد قىلدى، ياراتتى، كۆپ قىسمىنى ئۆزى توقۇپ، ئۆزى پىش- شىقلاپ ۋايىغا يەتكۈزدى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ناخشا ئۈچۈن سوق- قان يۈرىكى، ئاشۇ ناخشىنىڭ ۋايىغا يېتىشى ئۈچۈن قىلغان ئەجرى ئاز ئەمەس. ئۇ يەنە ئاشۇ ناخشىدا ئەكس ئەتكەن ھايات كارتىنىسىنىڭ، ئارزۇ ــ ئارمانلارنىڭ بالدۇرراق ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن، سەمەن خەلقىگە مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، سېخىيلىق ئاتا قىلىش- تىن، گويا قۇرۇماس بۇلاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، كۆڭۈل باغلىرىنى ياشارتىش- تىن بىر مىنۇتمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ باقمىدى. ناخشا ياراتقان يول ئۇنىڭ يولى، ئەجداد- لىرى يارىتىپ بەرگەن يول ئۇ داۋاملاشتۇرغان ۋە ئېچىۋاتقان يول ئىدى...

## 2

ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش نېمىشقا شۇنچە قىيىن بولغىيتتى؟ بۇ ھازىرقى تۇرمۇش بە- لەن سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوئال بولسىمۇ، ئىبراھىم مۇسا بۇنىڭ جاۋابىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ سەمەن خەلق ناخشىسىنىڭ تۇنجى كۈيلىيتىلىرىنى ئوقۇغان چاغلاردا ئائىلىسى نامرات، ئۆزى كىچىك ئىدى. ئاتا ــ ئانىسىغا، كېيىنچە باشقىلارغا ئەگىشىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرگەندە ۋە شەھەردىن يانغان كەچلەردە يول بويى ئاشۇ ناخشىنى توۋلايتتى، شەھەرگە شۇنچىلىك ھەۋەس قىلسىمۇ، شەھەرلىك بولۇشقا كۆزى

يەتمەيتتى. ئاشۇ شەھەرلىكلەردەك ياشىسا، تۇرمۇش كەچۈرسە، ئېتىزدا يىل بويى ئىشلىمەي، شەھەردە ياشىسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ـ ھە ؟! بۇ بىر ئارزۇ ھەم بىر خىل ئىنتىلىش ئىدى. ئەمما، ئۇ ئاخىر قىغ ھارۋىسىنى سۆرەپ، شەھەرگە ھەر كۈنى قاتناپ، شەھەر خەلقىنىڭ گەندىلىرىنى توشۇشقا باشلىغاندا، ئۇمۇ سەمەن خەلق ناخشىلىرىنى توۋلايدىغان، ئەڭ چىرايلىق ئوقۇيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. ئارىدىن قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ غايىبانە، شېرىن خىياللىرى، كېلەچەكى بار ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن سوققان يۈرەك دولقۇنلىرىنىڭ ساداسى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ غورىگىل كەچمىشلىرى، بوران ـ چاپقۇنلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى. غۇربەتچىلىك بىلەن باياشاتلىقنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ئاشۇ زامان كىشىلىرى جەمئىيەتنىڭ بىر خىل مەجبۇرىيىتىنى ئاڭسىز رەۋىشتە ئادا قىلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە جان پىدا قىلىپ ئىشلىسىمۇ، قورسىقىنىڭ نېمە ئۈچۈن تويمىغانلىقى بىلەن كارى بولمايتتى، ھەتتا بەزىلەر كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىقنى بىر خىل لەززەتلىك ئىش دەپ قارايتتى. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئىشلەپ توپلىغان ئاشلىق ۋە دارامەت ئۇلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايتتى. دەردىگە دەمال دال بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن داغۇ ئارماندا قوياتتى... ئىبراھىم مۇسا باشقىلار بىلەن بىللە قىش كىرگەندىن ئەتىيازغىچە شەھەرگە كىرىپ قىغ ـ گەندىلەرنى توشۇپ، ئەترەت قويغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىش، ئاشۇرۇپ ئورۇنداش بىلەن جاھانسازلىق قىلاتتى. ھەربىر ئىشقا بېكىتىپ قويغان نومۇر بويىچە نومۇر ئېلىپ، يىل ئاخىرىدا ئۆزى ئالغان نومۇرغا ئاساسەن ھەربىر نومۇرغا بىر موچەندىن بىر يۈەنگىچە دارامەت پۇلى ئېلىشمۇ تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قالغانىدى. نومۇر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن كىشىلىك قىممەت ھەم ئەمگەك قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكى ئۇنى يىل بويى ئېتىزدىن، ھاشاردىن باش ئالدۇرمايتتى.

شۇ ۋەجدىن، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشلىرى ئۆلگەن ۋە يوقالغان، تىرىلگەنلىرىمۇ بىخلىنالماي، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا تۇنجۇقۇپ رېئاللىققا يۈز ئاچالمايۋاتاتتى. كىچىك ئىبراھىم مۇسانىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان نۇرغۇن ياخشى ئوي ـ تەكلىپلەرمۇ ئاشۇ خىل رېئاللىقنىڭ قاتلاملىرى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ كەتتى. ئۇ كەنت ئەزالىرى نېمە ئىش قىلسا شۇنى قىلاتتى. ئۇ جىگەرلىك، چېچەن، جاسارەتلىك، ئىشنى ئېغىر ئالمايدىغان يىگىت بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشنى قارىسىغا ئەمەس، بىلىپ قىلاتتى. ئۇ ئەترەتتە ھەممىدىن كۆپ نومۇر ئالاتتى، يىل ئاخىرىدىمۇ ھەممىدىن كۆپ دارامەت ئالاتتى، ئەم-

ما ئۇ بۇنىڭغا رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، دارامەتنى ئاشۇرۇش يوللىرى توغرىسىدا ئەترەت رەھبەرلىرىگە كۆپ قېتىم تەكلىپ، مەسلىھەت بەردى، بەزىلىرى قوللاشقا ئېرىشتى، بەزىلىرى ئاڭلاپ قويۇلدى، بەزىلىرى پىسەنتىگە ئېلىنمىدى، ھەتتا قايسىسىدۇر بىر رەھبەردىن:

— كاپىتالىزمنىڭ گېپىنى ئاز قىلىڭ، بۇنداق تەتۈر تەشۋىقات ئەزالارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ... — دېگەندەك دەككىنىمۇ ئاڭلىماي قالمىدى.

ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە كىرسە بىر يېڭى ئەقىل تاپقاندەك، بىلىمگە ئىگە بولغاندەك روھلىناتتى. شەھەر خەلقىمۇ ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلمايدۇ، كەتمەن چېپىشنى، ئېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىزدىن ياخشى، نانىنىڭ ئوبدان، يۇمشىقىنى يەيدۇ، قولى پاختىدەك يۇمشاق، كىيىمنىڭ چىرايلىقى، ياخشىسىنى كىيىدۇ، چىرايى پارقىراپ تۇرىدۇ! بىزنىڭچۇ؟... ھەر قېتىم ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇشۇنداق ئوي پەيدا بولسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۇرتداشلىرىنىڭ بىچارە ھالىتى، نامرات، قالاقلىقى نامايان بولاتتى. ئۇلارنىڭ سەمەن خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇشى خۇشلۇقتىن ئەمەس، دەرد ـ ئەلەم، ئازابتىن ئىدى.

XX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا جاھاننىڭ غۇربەتچىلىك ئىچىدىكى دەقىقىلىرى پاچاقلىنىشقا باشلىدى. تارىخ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يەنە بىر مەنزىلگاھنى كۈتۈۋالدى. سىياسىي ھاۋادىكى تۇمانلار تارقاپ، كىشىلەردە ئىدىيىۋى ئەركىنلىك ئاز ـ تولا بىخلاندى، بۇ خىل ئىدىيىۋى ئەركىنلىك تۇيغۇلىرى كىملەرنىڭدۇر قەلبىدە قولۇپلىنىپ قالغان ھاياتلىق گۈلشەنلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان يوللارغا پاياندار ھازىرلىدى، ئەنە شۇ پاياندار قۇرۇق شوئارۋازلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى ياراغەتكە، ئاسايىشلىققا، ھەقىقىي قىممەت يارىتىدىغان سىناق سەھنىسىگە چىقىشقا يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان يەرلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ دەسلەپكى ئۈندۈرمىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

كىشىلەرگە ئۇھ دەيدىغان كۈنلەر كېلىدىغاندەك قىلاتتى. بىز ئەتراپقا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى، ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان ۋە تەلپۈنگەن، بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاشۇ پۇرسەتلەرنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. پۇرسەتنىڭ قەدرىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان ئادەم ئۇنىڭ قەنتىنى چاقالايدۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە، ھاياتىغا خوجا بولالايدۇ. ئىبراھىم مۇسانىڭ تازا

قىران چاغلىرىنىڭ بىرىدە شۇنداق پۇرسەت بىر قېتىم كەلدى، ئۇ دەۋر ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا، يول ئېچىشقا يېڭىدىن- يېڭى ئىمكانلارنى بەرمەكتە ئىدى. يېزا ـ بازارلارمۇ قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللى- نىپ، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرسا بولىدىغان، ئۇنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق ھېسابلىمايدىغان، كىرىمنى كۆپەيتىپ، ئەزالارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل يېڭى ئېقىمنىڭ دەرۋازىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئەترەتنىڭ تامچىلىرىغا ياردەملىشىپ، لاي ئېتىشتىن خىش قۇيۇشقىچە، سۇۋاق سۇۋاشتىن ئۇس- تىگە لاي سېلىشقىچە بولغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كاسىپىغا ئايلانغان ئىبراھىم مۇسادا غۇم پەيدا بولدى.

ــــ نەچچە يىل بولدى، ئەترەتنىڭ بىر نومۇرغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى بىر يۈ- ەنگىمۇ يەتمىدى، تېرىقچىلىقتا ئېسىلىپلا ئۆتسەك، دارامەتنىڭ كۆپ بولۇشىغا بىرنەرسە دېمەك تەس. مېنىڭچە، بىر قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرساقمىكىن دەيمەن. ھازىر قارىسام، بىزنىڭ مۇشۇ ئەترەتتىلا 10 نەچچە تامچى، دىلكا بار ئىكەن، ئۇلار بىردىن شارگىرت ئالسا، ھەرقانداق قۇرۇلۇشنى قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، ھەر يىلى نۇرغۇن ئېتىز- ئېرىق قۇرۇلۇشى بولىۋاتىدۇ، شۇنى باشقىلارغا بەرگۈچە بىز ئۆزىمىز قىلىپ، پۇلىنى ئۆزد- مىزنىڭ ئەترىتىگە كىرىم قىلساق، دارامەت بىر نومۇرغا بىر يۈەن ئەمەس، بىرنەچچە يۈەن ئاشماي قالمايدۇ...

ئىبراھىم مۇسانىڭ بۇ گەپلىرى خېلى كۆپ سانلىق دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىش- تى، ئەمما ئەترەت، كەنت، يېزا مەسئۇللىرىنىڭ پىكرى باشقا، قارىشى باشقا ئىدى. ئىبراھىم مۇسانىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان بۇ ئىش ئۇنى ئۇخلاتمىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشقا كۆزى يېتىدىغاندەك قىلاتتى. سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەمدىلا ئۆزگىرىش بولىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىمۇ مىڭ بىر ئەندىشە بولىدىغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار شۇ بىر مەزگىللىك ھايات مۇساپىسىدە نى ـ نى ئىشلارنى كۆردى. پۇل تاپقانلارنىڭ «پومېشچىك» ، «باي دېھ- قان» ، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر » دەپ سازايى قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا « قال- پاق » كىيدۈرۈلۈپ، ئۇرۇپ ـ دۇمباللىنىپ، ئاللا ـ تۇۋىسىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. مانا بۇ ئىبراھىم مۇسانىڭ تەكلىپىنىڭ توسۇنجىسى بولۇپ قالغان ئاساسىي سەۋەب ۋە ھەل قىلىش زۆرۈر تۈسالغۇ ئىدى. ئۆز يېرىگە، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولال-

مىغان ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئىگە بولالمايدۇ، دەپ قارايدىغان ئىبراھىم مۇسا ئۇ-نىڭ- بۇنىڭغا دەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى يۇمشىتىش ئېلىپ باردى.

ئۇ ئەترەتنىڭ تامچى ـ دىلكا، ياغاچچىلار بىلەن بۇ ھەقتە نەچچە قېتىملاپ مۇڭداشتى، چۈشەندۈردى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى، بۇ ئىشنىڭ پايدىسى بار-لىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئەترەتنىڭ، كەنت، يېزىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بىر قېتىملىق ئەترەت ئەزالىرى يىغىنىدا كىمدۇر بىرى قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇشنى مۇھىم پىكىر دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ تەسىرى خېلى ياخشى بولدى. ئىبراھىم مۇسانىڭ غەملىرى سەل پەسەيدى، ھەر ھالدا ئاز- تولا ئۈمىد تۇغۇلغان ۋە ھەمكارلاشقۇچى ئاۋاز قوشقۇچىلار بار بولغانىدى. ئەترەت باشلىقى ئۇلارغا:

ــ سىلەر بەك خۇش بولۇپ كەتمەڭلار، بىز دېگەن دېھقان، قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرىمىز دېگەن بىلەن تۆت كۈندە جۇلۇقىمىز چىقىدۇ، ئۇ تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىش، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلايلى، 10 ــ 20 ئادەم قۇرۇلۇش قىلىمىز دەپ ئەترەتتىن ئايرىلسا، ئېتىزنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟ پايدا تاپىمىز دەپ، زىيان تارتساق، ئۇنىڭ ئىگىسى كىم؟ ــ دېدى.

ــ ئىگىسى مەن! ــ دېدى ئىبراھىم مۇسا.

بۇ گەپ ئۇچۇن شۇ قېتىم ئۇ بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويغان بولسىمۇ، پۇشايمان قىل-مىدى. دۇنيادا زىددىيەتسىز ھېچقانداق ئىش يوققۇ! ئۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى زىددىيەتنىڭ قوينىغا ئاتتى...

## 3

ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەن ياز ئايلىرىنىڭ بىر چارشەنبە كۈنى ئىدى. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى سەمەن يېزىسى (ھازىر قەشقەر شەھىرىگە تەۋە) غا بارىدىغان ئاسفالت يولدا كۈمۈش رەڭلىك بىر سانتانا يەڭگىل كېتىپ باراتتى. ئاپتوموبىل يېزا مەركىزىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى يول بويىغا سېلىنغان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ئاپتوموبىلدىن قارىماققا ئانچە ئېگىز كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما قاۋۇل، خۇش چىراي كەلگەن، 55 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر كىشى چۈشتى، ئۇ چوڭ

يول بويىغا ئېلىنغان ئۈستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ۋادەكلىك دەرۋازىدىن كىر-گەندە، ئۆي ئىچىدىن بىر ـ بىرلەپ چىققان 10 نەچچە كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بو-لۇپ:

ــــ ئىبراھىم دادىمىز كەپتۇ! ياخشىمۇ سىلى، ئىبراھىم دادا؟! ــــ دەپ تەرەپ ـ تە-رەپتىن توۋلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــــ ھە، قانداق ئەھۋالىڭلار، سالامەت تۇرۇۋاتامسىلەر؟

ــــ سالامەت تۇردۇق. سىلىمۇ سالامەت تۇردىلىمۇ؟ سىلىنى بەك سېغىندۇق!

ــــ خاپا بولماڭلار، شىركەتتىكى ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، سىلەرنى ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم...

شۇ گەپلەردىن كېيىن، ئۇ ھەربىر ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشتىن بىرمۇبىر ئەھۋال سورىدى. 30 نەچچە ياشلاردىكى بىر چوكان ئۆزى تەييارلىغان «سەمەن يولىدا تې-رەك...»، «باققا كىرسەڭ بادام بار، گۈلنى ئۈزمەڭ دادام بار!» دېگەن ناخشىنى ئو-رۇنداپ ئۇسسۇل ئويناپ بەردى، يەنە بىر ئايال ئۆزى ئۈزگەن غورىدىن بىر تەخسە ئې-لىپ كېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى. ئۇ بىر بالىسىنى قۇچاقلاپ بىر چەتتە بويۇن قىسىپ تۇرغان 35 ياشلاردىكى ئىككىلى كۆزىگە ئاق چۈشۈپ، داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىنچىلىكى يوق XX نى كۆرۈپ:

ــــ سىلىنىڭ نېمە قىيىنچىلىقلىرى بار؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ مېنىڭ ھېچقانداق قىيىنچىلىقىم يوق. ئېرىمنىڭ نامەردلىك قىلىپ بىر بالا بىلەن قويۇپ بەرگەنلىكىدىن قاتتىق ئېچىنىمەن، دەردىم شۇ. بۇ يەرگە كەلمەستە كۆڭلۈم بەك قىيىن ئىدى، كۆزۈم كۆرمىگەچكە، بالام بىلەن ئىككىمىز جېنىمىزنى باقالماي تىلەمچى-لىك قىلغان، بالامنى دېمىسەم، دورا يەپلا تۈگىشەتتىم. مانا ئەمدى بەختكە ئېرىشتىم، سىلى ماڭا باش پاناھ بولۇپ، بېشىمنى سىيلاپ، مېنى قايتا ھاياتلىققا ئىگە قىلدىلا، مەن بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، مەن قايتۇرمىسام، بۇ ياخشىلىق خۇدايىمدىن يانار...

ــــ بۇ ئوبدان گەپ بولدى، مەن بىر ئەر تېپىپ سىلىنى شۇنىڭغا ئېلىپ بېرەي، تېگەملا؟

ــــ نومۇس قىلىدىكەنمەن شۇ!

ــــ نېمىشقا نومۇس قىلىلا؟

ــــ مېنى ياراتماي قالارمىكىن ئۇ كىشى!

— ھەي، يارىتىدىغان ئادەمنى تاپىمىز، سىلىگە باش پاناھ بولىدۇ.
— بالامنى باقارمۇ ؟
— باقىدۇ.
— ئەجەبمۇ نومۇس قىلدىم سىلىدىن ؟!
— پۈتۈشتۇق ئەمسە، تېگىدىغان بولدىلا ـ ھە ؟!
— مەيلى...
— مەنمۇ سىلىنى باققۇدەك، ياقتۇرغۇدەك ئادەمدىن بىرنى تاپىمەن. ئۇ ئادەمگە ھەر ئايدا 400 ــ 500 يۈەن پۇل بېرىپ ياكى شىركەتنىڭ دەرۋاسىغا قارايدىغان قىلىمەن، ياكى بولمىسا مېھمانخانىنىڭ گۈل ـ گىياھلىرىنى پەرۋىش قىلىش ئىشىغا قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزىنى ۋە سىلى ئانا ـ بالىنى باقىدۇ...

ئىبراھىم مۇسا بۇ كىشىلەرگە ئاتا بولغىلى بىرقانچە ئاي بولغانىدى. بۇ قورۇ سەمەن ساياھەت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سەمەن يېزا ئاتاغۇ 2 ـ كەنتتىكە قۇرغان «ياشانغانلار شادلىق ئارامگاھى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، سەككىز ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ ئارامگاھنى 2001ـ يىل 6ـ ئايدىن 2002ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنىگىچە ئىبراھىم مۇسا ئۆز يېنىدىن 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ بەرپا قىلغانىدى. ئۇ بۇ قورۇنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە پات ـ پات كېلىپ تۇردى، يېزا تەۋەسىدىكى ياردەمگە موھتاج كىشىلەردىن 20 نى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى شىركەت مالىيەسىدىن پۇل ئاجرىتىپ ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، كېسەل بولسا داۋالاتتى، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، بېشىنى سىلاپ ئۇلارغا ئاتا بولدى.

XXI ئەسىر كىردى، ئاسايىشلىقنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان مۇشۇ چاغدىمۇ سەمەن يېزىسىدا نەچچە ئون ئادەم باش ـ پاناھسىز ئىدى، ئۇلار يەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ياشاش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالمايۋاتاتتى. دېمىسىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ يەككە ئىگىلىكى تازا جانلاندى، ئەمما بىر قىسىم قېرى، ئاجىز كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا قالدى، ھەتتا تۇرمۇشى، ھال كۈنى يامانلاشتى. بۇنى ھەل قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلا بولماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، ئالدى باي بولغانلارنىڭمۇ ئىشى ئىدى. ئىبراھىم مۇسا بۇ يۈكنى ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈشىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى سەزدى. ئۇ پۇلنىڭ

كۆزىگە قارىماي، بىر ساناتورىيە سېلىپ تەقدىم قىلىش نىيىتىگە كەلدى ۋە مەھەللە، كەنت، يېزا مەسئۇللىرى بىلەن پۈتۈشۈپ، تېز تۇتۇش قىلىپ، ساناتورىيىنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى دەرھال پۈتكۈزدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇنىڭغا سانسىز كىشى تەشەككۈر ياغدۇردى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ساناتورىيىگە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرىنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، ھەر يىلى ئۇلارنى بېقىشقا 10 مىڭ يۈەنلەپ پۇل چىقاردى... ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال- خۇرام، بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە پۇرسەت ھازىرلاپ بەردى.

*          *          *

ئىبراھىم مۇسا مۇشۇ بىر ئىش بىلەنلا توختاپ قالغان ئادەم ئەمەس. ئۇ يېقىنقى 20 نەچچە يىل مابەينىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ۋە قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغان ساخاۋەتلىك ئىشتىن نەچچە ئوننى، نەچچە يۈزنى قىلدى، ئۇ بۇلاردىن بىر سىنىمۇ ساناپ باقمىدى، رەتكىمۇ تۇرغۇزمىدى، داۋراڭمۇ سالمىدى. بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كىشىلەر تەشەككۈر ياغدۇرۇپ، قەلبىدىكى چەكسىز ئېھتىرامىنى نامايان قىلسىمۇ، ئۇ «بۇ ئىشنى ھازىرچە مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا يىغىنچاقلاپ، ئۆز قەلبىدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن كۇپايىلەندى.

«قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنغان بىلىدۇ» دېگەندەك، دېھقانچىلىقنىڭ، نامراتلىقنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتقان، ئەسلىنى ئۇنتۇمىغان ئىبراھىم مۇسا كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا شۇنى يېنىغا تارتىپ ياردەم بەردى: سەمەن 5- كەنت 2 - مەھەللىدىكى مۇھەممەت ساۋۇت ئەقلىنى تاپقاندا ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى، نامراتلىقنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، تاكى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىمۇ ئۇنىڭ بېسىمىنى تۈگىتەلمىدى، ئاشۇ نامراتلىق ئۇنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشى، خاتىرجەم ياشىشى، ساپالىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغىمۇ ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئېتىزغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، جان - جەھل بىلەن ئىشلىدى. ئەپسۇسكى، ھەرقانداق بىر ئىشقا ئاز - تولا خۇرۇج بولمىسا، مىڭ تىرىشقان، زورۇققان بىلەنمۇ دېگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايتتى،

ئۇ بىكار كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ كۈندىلىك ئىشلەپ قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىنىمۇ قىلىپ باقتى، ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنىلا قىردىن ئاشالمىدى. ئۇ ئىبراھىم مۇسانىڭ نامرات دېھقان ياشلىرىغا تراكتور ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەلبى بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتتى. كېيىن ئۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بارايمۇ ـ بارمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ، ياخشى ئىشنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولۇشىدىنمۇ گۇمان قىلاتتى. مۇھەممەت ساۋۇت بىر كۈنى ئىبراھىم مۇسانىڭ ئالدىغا بېرىپ «ھال ئۇقۇدى» :

— ماقۇل، سىلى راستىنىلا شۇنداق غەيرەتكە كەلگەن بولسىلا، مەن بىر تراكتور ئېلىپ بېرەي، پۇلى قىممەت بولسىمۇ، ئىشلىتىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ياخشى تراكتوردىن ئالسىلا، نەدىن ئالىدىغان بولسىلا، تاللاپ بولۇپ مېنى چاقىرسىلا!

بۇ ياش يىگىت ھاياجاندىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ يول بويى يۈكسەك نىشان، گۈزەل كېلەچەكنى ئويلىدى، ئۆتمۈشنى يادىغا ئېلىپ بىچارىلىك، قىيىنچىلىق كەلتۈرگەن ئازابلارنى، غۇربەت تۇرمۇش ئىچىدىكى تەڭقىسلىق كەلتۈرگەن روھىي رەئىپلىكنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. ئۇنىسىز، بەكمۇ كۈچلۈك ھاياجان ئارىلاش تۆكۈلگەن بۇ ياش ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى چۆكمە بولۇپ قالغان زەرداپلارنى چىقىرىۋەتكەندەك قىلدى... ئۇ بۇنىڭدىن گۇمان قىلاتتى، راست شۇنداق بولارمۇ؟ دەيتتى ئۇ. چۈنكى، شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بىرەر ئادەم بۇنداق يۆلەك بولۇپ باقمىدى، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ باقمىدى، «نامراتقا پۈتلاش تولا!» دېگەندەك، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا تەتۈر كەلدى، ياردەم بېرىمەن دېگەن كىشىلەرمۇ دەماللىققا شۇنداق دەپ قويىدى... نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ شەھەر ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆزى ئالىدىغان تراكتورنى كۆرۈپ قويىدى، ئىبراھىم مۇسانىڭ يېنىغا بېرىپ تەڭقىسلىق بىلەن دوكلات قىلدى. توۋا، بۇ ئاسانلا ئىش ئىكەنغۇ؟ بىر دەمدىلا 11 مىڭ 400 نەچچە يۈەن پۇل تراكتور ساتقۇچىنىڭ قولىغا، تراكتور ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، خۇددى چۈش كۆرگەندەك بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىش ئۇنى ھەم گاڭگىرىتىپ قويىدى، ھەم چەكسىز ھاياجان قوينىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلەتتى، ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمايتتى، ئۇ تراكتورنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، راستىنىلا ئۆزىنىڭ بولغانلىقىنى كۆردى، ئۇ تراكتورنى سىيلايتتى، تويماي قارايتتى...

بۇ يىگىت قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى توشۇپ كىراكەش-



www.uyghurkitap.com

لىك قىلدى، خىش، قىغ، گەندە توشۇدى، ئېتىزدا بولسا يەر ئاغدۇردى، يەر تېرىدى، سۇلياۋ يوپۇق باستى، خامان تەپتى، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئۆيگە كىرمەي كېچە ـ كۈندۈز، قىش ـ ياز دېمەي ئىشلەپ، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاز ـ تولا ئارام ئېلىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ يانچۇقىغا يىغىلغان تۇتام ـ تۇتام پۇلنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇش بىلەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب بەردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەت ساۋۇت ئۆز ئەجرىنىڭ خامىنىنى ئۇسۇپ باقتى. ئۇ بىرنەچچە يۈەن كەم 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ مۇشۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلدى، ئۆتمۈشتىكى نامراتلىقىنى كۆز ئالدىدىن تەكرار ئۆتكۈزدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئىبراھىم مۇسانىڭ ئۆزىگە قىلغان ساخاۋەت ۋە شاپائىتىدىن چەكسىز بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۆز ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللانغانلىقىنى تىلدا داستان قىلىپ، ھەممىلا يەردە سۆزلەشنى بىر خىل تەبىئىي ئادەتكە ئايلاندۇردى.

بۇ تېپىك بىرلا ئىش ئىدى. يېقىنقى بىرقانچە يىل جەريانىدا ئىبراھىم مۇسا سەمەن يېزىسىدىكى نامرات، قول ـ ئىلكىدە يوق ئائىلىلەردىن 18 نى تاللاپ، ئۆز يېنىدىن 160 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل چىقىرىپ، 18 تراكتور سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھاللىنىشىغا ياردەم قىلدى ھەم ئۇلاردىكى تراكتورلارغا ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ئىش ئورنى ۋە باشقا جايلاردىن ئىش تېپىپ بېرىپ، پۇل تېپىش يوللىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەققەتەن سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، قاتناش ھادىسىلىرى، تراكتورنىڭ بۇزۇلۇش ھادىسىلىرىمۇ يۈز بېرىپ، ئۇنى پاراكەندە قىلدى. ئۇ بۇنى قىسمەنلىك دەپ قاراپ، ئۇلارنى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر سەۋرچان، گىگانت ئاتىنىڭ ئاتىلىق بۇرچىنى نامايان قىلىپ، باشقىلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى.

*　　*　　*

يول ـ كۆۋرۈكلەرنى خالىس ياساپ قويۇش خەلقىمىز ئارىسىدا بىر خىل ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلاتتى ھەم ئۇ بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئىش پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ راۋان، بىخەتەر مېڭىشى، ئوبراز تىكلىشى ئۈچۈن، يول ـ كۆۋرۈك ياسايدىغان بولۇپ قالدى. ھەرقانداق سىياسىي ۋە تەبىئىي «بوھران»

بالدۇر تېگىدىغان سەمەن يېزىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقى تۈپەيلىدىن پۇل تېپىشنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنالمىدى، ئۇنىڭ شېرىن ـ شەربەتلىك مېۋە ـ چېۋە، ئازۇق ـ مەتلىرى شەھەر خەلقىنى بالدۇر ئېغىز لاندۇرسىمۇ، ئۇنىڭ زامانغا خاس جۇلاسىنى نۇرلاندۇرىدىغان بىرەر مەنبە بارلىققا كەلمىدى، ئىبراھىم مۇسانىڭ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى، پۇل تاپسىلا يول ـ كۆۋرۈكلەرنى زامانغا لايىق ياسايمەن، دەيتتى ئۇ ھەر قېتىم تويلىق، چاڭ ـ توزانلىق شۇ يولدا ماڭغاندا.

يېقىنقى تۆت ـ بەش يىلدىن بۇيان، ئىبراھىم مۇسا قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدىكى بىرقانچە شىركەت ۋە شۆبە شىركەتنى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىنى سېتىۋېلىپ، ئەقىل ـ پاراستى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇردى، پۇلمۇ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەمەن يېزىسىنىڭ يوللىرىنى ياساش، ئاسفالتلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى، ناھىيە ۋە يېزا ھەر تەرەپلىمە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى، ساداقەت ۋە ئەقىدىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسى ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلخان بولۇپ ياندى. ئۇ يېزا بىلەن شەھەرگە تۇتىشىدىغان 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆت يولنى ئاسفالتلاشتۇرۇپ ياساپ راۋانلاشتۇردى. يۇرت ئوغلىنىڭ بۇ خىل مەردلىكى، ساخاۋىتى شۇ يەردىكى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى ھاياجانغا سالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ تىكلەندى.

ئىبراھىم مۇسانىڭ يېزىدىكى ئاغرىقلار ۋە داۋالىنالمىغان بىچارىلەرگە داۋالىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، نامراتلارغا ئاشلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئوتۇن ـ كۆمۈر قاتارلىقلارنى ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 20 نەچچە دانە كومپيۇتېر ئېلىپ بەرگەنلىكىنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئىشلارغا 1 مىليوندىن ئارتۇق پۇلنى مىننەتسىز تەقدىم قىلغانلىقىنى ئاۋام خەلق تەرىپلىمەي، تەرەپ ـ تەرەپتىن ماختىماي تۇرالمىدى. مانا بۇ ئادىمىيلىك ۋە كىشىلىك قىممەتنىڭ ھەقىقىتى ئىدى. ئادەم كىچىككىنە بىر ھاياتلىق ئىگىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتلىق قىممىتى، تۇتقان يولى ئوخشىمايدۇ، ئادەم كىشىلىك دۇنيانى يارىتىدىغان، ياشارتىدىغان ۋە گۈزەل دۇنيانى يارىتىپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي خوجا بولىدىغان ئۇلۇغلۇقنىڭ مەركىزىي ئامىلى. مانا مۇشۇ قىممەتنى ئىبراھىم مۇسانىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرگەن خەلق ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئۇتتۇق تىلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي بولغان مېھنەت قەدرى ۋە قىممىتى ئىدى. ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك

بەدەل تۆلىدى؟ بۇمۇ سىرلىق ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ خىل يارىلىش يولىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەسىرلىك ھېكايە، بايانلارنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

## 4

2001 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى، ئىبراھىم مۇسا ئىش بېجىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ ھەم كونا مېھمانسارايلارنىڭ بىرى بولغان قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسىغا باردى. بۇ يەردىكى خېلى كۆپ سانلىق كۈتكۈچى، مۇلازىمەتچى خادىملار ئۇنى تونۇيتتى، شۇ قېتىم ئىبراھىم مۇسا بۇ ئورۇننىڭ باشلىقىنى تاپالمىغانلىقتىن، بېجىرىدىغان ئىشىنى قىلالماي ساقلاشقا توغرا كەلدى. ئۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىلكىدىكى بۇ چوڭ كارخانىنىڭ تاپاۋىتىنىڭ ئانچە ياخشى بولماي، ھالىنىڭ بارا ـ بارا خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ساقلاپ تۇرۇش جەريانىدا، كۈتكۈچى قىزلارنىڭ بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، بېشى چۈشكەن، روھى سولغۇن ھالدا تۇرغانلىقىنى، بىرنەچچىسىنىڭ ياش تۆككەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئىش ئىبراھىم مۇسانى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتتى.

ـــ نېمىگە ياش تۆكىسلەر؟ ياش باللار دېگەن بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ كۈلۈپ تۇرغۇلۇق...

ـــ نېمىگە ياش تۆكمەيمىز، ئىبراھىم ئاكا، پېشانىمىز تەتۈر ئوخشايدۇ؟ ئىش ھەققى ئالمىغىلى نەچچە ئاي بولدى، بۈنى ئاز دەپ، ھازىر ئىش ئورنىمىزدىن قالغۇدەكمىز. 10 ـــ 15 يىل ئىشلەپ، قۇرۇق قول چىقىپ كەتسەك، نەدىن ئىش ئورنى تاپىمىز، قايسى ئىشنى قىلىمىز، تۇرمۇشىمىزنى قانداق تۇرمۇش قىلىمىز؟ كارخانىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى بىز كەلتۈرۈپ چىقارمىساقىيا؟ بىزنىڭ تاپقانلىرىمىزنى يەپ ـ ئىچىپ، بۇزۇپ چېچىپ، ئېلىپ قېچىپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ باي بولغانلارغا سوراق يوق، ئۇنىڭ دەردىنى بىز تارتساق، بىزگە ئۇۋال بولمامدۇ؟

ئۇلارنىڭ بىرىدىن ـ بىرىنىڭ گېپى ئۆتكۈر، جانلىق بولۇپ، باغرى يۇمشاق ئىبراھىم مۇسانىڭ قەلبى چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە غەزەپكە ھەم بىر خىل مايىللىققا تولدى. ئۇ بىرنەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا مۇشۇ ھەقتىكى ئىشلارنى ئاز ـ تولا بىلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ، بۇ ئىشلارغا ئا-

www.uyghurkitap.com

رىلاشمىغان، قىلغان ئىشىنىڭ پۇلىنى ئالالمىغان بولسىمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ رەنجىمىگەنىدى. كۆتكۈچىلەرنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇ بايىقى كىشىلەرنىڭ قەلب يارىسى ۋە ئۇلار ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن تارتىدىغان زىيانلىرى، كەلتۈرىدىغان ھەر خىل دىشۋارچىلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا يەتكۈزىدىغان نۇقسانى، بىر كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاجايىپ چوڭ داۋالغۇش ۋە يامان تەسىرلەرنى بىرمۇ بىر ئويلاپ كۆردى. ئۇنىڭ قەلبى قايتا ـ قايتا زىلزىلىگە كەلدى... ئۇ بۇ كارخانىنى سېتىۋېلىپ قايتا قۇرۇش، تەشكىللەش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، شۇ مەزگىلدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمىدىكى ئۆزگىرىش، يېڭىلىق يارىتىش دولقۇنى شەخسلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا يول قوياتتى. بۇ سىياسەت ۋە دەۋرنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن پۇرسىتى، ھەم خىرىسى ئىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە پۇرسەتنى تۇتۇش، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ۋە مەغلۇپ بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. سىياسەت ۋە دەۋرنىڭ پۇرسىتىنى تىجارەت ۋە روناق تېپىشنىڭ چىقىش يولى قىلىشقا، تىجارەتنى سىياسەت بىلەن دەۋرگە ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بۇ ئادەم قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ كېلەچىكىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ كۆردى. ئۇ مېھمانسارايىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قىلچە ئەنسىرەپ قالمىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىنچىكە ھېسابات قىلىش، مېھمانسارايىنىڭ بېزىلىشى، مۇلازىمىتىنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالىدا نۇرغۇن يوشۇرۇن ئامىل بار: بىرىنچىدىن، تارىخى ئۇزاق، دۇنياغا داڭقى بار، كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت ياراتقىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئىناۋىتى، ياخشى ئوبرازى، تەشۋىق قىلىنىش دائىرىسى، بىلىش كەڭلىكى ئالاھىدە يۇقىرى؛ ئۈچىنچىدىن، ئورۇن جەھەتتە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋات مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقان، كۆلىمى زور، ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر تولۇق، يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە؛ تۆتىنچىدىن، يەرلىك پۇرىقى، ئەنئەنە پۇرىقى كۈچلۈك، ساياھەت ئىگىلىكى تەرەققىيات ئىستىقبالى چوڭ.

بىر ئايلىق جاپالىق سۆھبەت، كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۇ 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەمەن مېھمانسارىيى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە بولغان 24 مىليون يۈەن بانكا قەرزى، 95 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى، بېسىلىپ ھەل بولماي كەلگەن نۇرغۇن چىگىش زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ زىممىسىگە ئۈتكۈزۈۋالدى. ئۇ ئۆمرىدە يەنە بىر قې-

تىم كەسكىن، مۇرەككەپ زىددىيەت ــ توقۇنۇشلارنىڭ قوينىغا غەرق بولۇپ كەتتى. بىرنى ھەل قىلسا، يەنە بىر مەسىلە چىقاتتى ياكى ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى... ئەمما ئۇ، ھېرىپ قالسا، يالتايسا، جىم يېتىۋالسا بولمايتتى، ئۇ ئۇنداق قىلىشنى زادىلا راۋا كۆرمەيتتى. نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇ بىر يىلدىلا كارخانىنىڭ بارلىق غەلدە ــ غەشلىرىنى تۈگەتتى، پايىنى كونترول قىلىش يولى بىلەن ئۆز يېنىدىن 16 مىليون 800 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، بانكا قەرزىنى تۆلىدى، ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتى ــ ۋاقتىدا تارقاتتى. ياتاق، ئەسلىھەلەرنى بىرمۇبىر ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئۇيغۇر مىمارچىلىقى ھۈنەر ــ سەنئىتى بويىچە بېزەپ، پۈتۈن مېھمانخانىنىڭ قىياپىتىنى يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزدى، بارلىق ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنى ياشانغاندا بېقىنىش سۇغۇرتىسى، دۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا تولۇق قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ غەم ــ ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى، ھەتتا پېنسىيىگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان خادىملارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سۇغۇرتا راسخوتىنى ئۆزى تۆلەپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇردى. ئىشچى ــ خىزمەتچىلەر « بىز ھەققىي رەھبەرگە ، خوجايىنغا ئىگە بولدۇق، بىز ھەر قانداق ئەھۋالدا بېرىلىپ ئىشلەپ، كارخانىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن جان پىدا قىلمىساق، يۈز كېلەلمەيمىز » دېدى.

بۇ بىرلا ئىش ئەمەس، ئىبراھىم مۇسا بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مۇشۇ خىل كارخانىلاردىن بىر قانچىنى قوشۇۋېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىشنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى بايراقدارى ۋە يول باشلىغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ قەشقەر ياشلار ساياھەت جەمئىيىتى قاتارلىق بىر قانچە ساياھەت شىركىتى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، سۇ بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قاتارلىقلارنى قوشۇۋېلىپ، قايتا تەشكىللەپ، قەشقەر سەمەن ساياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، يېپەك يولى ئۆي ــ يەر مۈلۈك شىركىتىنى قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بىر خىش پىشۇرۇش زاۋۇتى، ياغاچقا ئىش قوشۇش زاۋۇتى قاتارلىق 10 كارخانىنى قۇرۇپ زورايتتى ۋە سەمەن ساياھەت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت چوڭ پاراۋۇزنى قۇرۇپ چىقىپ، قەشقەردىكى شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم تۇنجى خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىقىدىكى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى.

# 5

ئىبراھىم مۇسا پاراسەتلىك كىشى بولغانلىقتىن، كىشلەر ئۇنىڭ مەردانىلىكى، سېخىيلىقى، جاسارىتى ۋە ئەلسۆيەرلىكىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئىبراھىم سەمەن دېمەپ نام بەردى. سەمەن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، سەمەن يىگىتلىرىگە خاس پاراسەت بىلەن ئەلگە نەپ بەرگەن ئىبراھىم مۇساغا ئەل ئۆزىنىڭ يوقالماس نامى بولغان يۇرت نامىنى ھەدىيە قىلدى. XX ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا بېرىلگەن بۇ نام ئانا تۇپراقنىڭ سېخىيلىقى بىلەن بىرىكىپ كەتتى. ئۇ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش، راھىتىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى ياراتتى، سېخىيلىق ۋە مۇھەببەت، تىرىشچانلىق ۋە سەزگۈرلۈك، ھەققانىيلىق ۋە چىدامچانلىق ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى روناق تاپتۇردى، ئەل ئۇنى يۆلىدى، ئۇ ئەلگە شاپائەت، مېھرىبانلىق ئاتا قىلدى. مەغرۇرلانمىدى، ھازىر بار بولغان 1000 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىغىر يۈكى ئاستىدا، كاللىسىنى كىچە ـ كۈندۈز ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى نايامان قىلىپ، كىشىلىك ھاياتتىكى پاراغىتىنى ئىمكانىغا، كىشىلەر ئارزۇسىدىكى قەدىر ـ قىممىتىنى قىممەتكە ئىگە قىلىشقا پۈرسەت ياراتتى.

ئۇ 1974 ـ يىلى قۇرۇق قول بىلەن بىر كىچىك قۇرۇلۇش ئەترىتىنى قۇرغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ناھايىتى مۇشكۇل ھايات مۇساپىسىنى، قىيىن رىقابەت، خىرىسنىڭ بېسىملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، دەۋر قوينىدا پەرۋاز قىلىش، سىياسەتنىڭ ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، سىياسەتكە، جەمئىيەتكە، دەۋرگە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشتىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى.

ئىبراھىم سەمەننىڭ تۆھپىسى ئالتۇندەك تۆھپە، ئۇنىڭ شەرىپى كىشىلەر قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئورنىغان مەڭگۈلۈك شۆھرەت بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى «ئىبراھىم سەمەن ھەر جايدا ئامان بولسۇن!» دېگەن ئۈمىد، ئارزۇ ـ تىلەككە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

2003 ـ يىل 7 ـ ئاي، قەشقەر











www.uyghurkitap.com





ئىبراھىم سەمەتنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

0998—2585333, 13899146688




本书选录作者近年以来所写的一部分优秀报告文学作品。

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

# بەخت يولى

☆

ئاپتورى: ئابلەت جۇمە تۇپراق

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 8
2006 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 10 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 7500 ___ 5000

---

ISBN 7—5373—1470—5
باھاسى: 19.80 يۈەن

سارەتلىك بول، ئوغلۇم»، «ئەقىدە ئىزلىرى»، «پەخىرلىك ئوغلان»، «ھىممەتنىڭ كۆزىنى ھىممەت ئاچىدۇ»، «ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ»، «ئۇچىنچى كۆز» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان؛ «كامال تاپ، كاملە!»، «بوشلۇق ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش توغرىسىدا»، «پامىر گۇۋاھ»، «مېھىر ـ مۇھەببەت، خالىسلىق ئۆلمىسۇن!» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۇنىڭ يېڭىدىن يازغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مول نەتىجىلىرى، تىپىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى سىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭىزگە ئىلھام ۋە رىغبەت ئاتا قىلىدۇ.

ئابلەت جۇمە تۇپراق ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ئابلەت داۋامەت، ئابدۇرېھىم ئېلى

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر: مۇھەممەت مۇسا، قادىر ئابلىز

تۇراخۇن ئىبراھىم

ISBN 7-5373-1470-5

9 787537 314701 >

ISBN 7–5373–1470 –5
(民文)定价: 19.80 元